بنام خداوند جان آفرین　　حکیم سخن در زبان آفرین

کتاب «آموزش زبان فارسی» را که سرکار خانم «لی» در سی و چهار درس آماده کرده اند، خواندم. کوشش ایشان در تهیه کردن این کتاب، موجب سپاس است. امیدوارم مشتاقان یادگرفتن زبان فارسی از این کتاب بهرهٔ فراوان ببرند، و کتابی که مؤلف محترم فراهم آورده است، پیوند فرهنگی مردم ایران و چین را استوارتر سازد.

خردادماه یکهزار و سیصد و شصت و شش

ژوئن ۱۹۸۸

دکتر سید جعفر شهیدی استاد ادبیات دانشگاه تهران، رئیس مؤسسه لغت نامهٔ دهخدا

这是伊朗德黑兰大学教授、《德胡达大词典》编纂处主任赛义德·贾法尔·沙希迪博士为本书写的题词，他在题词中对本书的作者表示感谢，并祝愿本书进一步巩固中伊两国人民的文化联系。

بۇ ئىران تېهران داشۆسىنىڭ پروفېسسورى، «دەھخۇدا» قامۇسىنى تۈزۈش ۋە نەشر قىلىش باشقارمىسىنىڭ مۇدىرى دوكتور سەييىد جەئفەر شەھىدىنىڭ مۇشۇ كىتابقا يېزىپ بەرگەن بېغىشلىمىسى بولۇپ، بېغىشلىمىدا ئۇ بۇ كىتابنى تۈزگۈچىلەرگە تەشەككۈر ئېيتقان ۋە بۇ كىتابنىڭ جۇڭگو-ئىران خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت ئالاقىسىنى يەنىمۇ چىڭىتىشقا تىلەكداشلىق بىلدۈرگەن.

前　言

本书是一本波斯语自学读本。全书分36课，包括现代波斯语基本语音、基本语法和基本词汇。本书全部注释均用汉、维两种语言，每课后附有练习（并有标准答案），全部课文均附有汉、维两种语言的译文，书后附有8000词汇的波、汉、维词典。为了扩大适应范围，绝大部分课文选自波斯语原文。

我国与伊朗、阿富汗素有传统的友好关系和广泛的文化交流。波斯文化和佛教与伊斯兰教都是经由伊朗、阿富汗传入我国的。我国穆斯林对传播伊斯兰文明的重要语言波斯语怀有深厚的感情和强烈的爱好。早在汉唐时就相继有波斯语高僧东来翻译佛经，他们当然也把他们的民族语言带到中国。在元帝国版图内，波斯语曾经是三种通用语言之一。明清之际，波斯诗人萨迪的《蔷薇园》已作为我国穆斯林经堂教育的材料，口传心授。与此同时，波斯语教学在穆斯林中已开展起来。北京东四清真寺内就藏有编于1660年的手抄本波斯语语法书《学习门径》，作者署名为山东学者扎尼米（zinimi）之子穆罕默德。同一本书抄本在南京太平路清真寺也为我国学者发现。这本语法书流传地域之广也证明当时我国的波斯语教学已具有相当的规模。

从十四世纪到二十世纪初新疆和中亚的突厥语民族，特别是维吾尔族和乌兹别克族共同使用的书面文学语言即察哈台语和用这种语言创造的文学即察哈台文学，这种语言与文学在词汇、句法格式和风格上受到了波斯语和波斯文学很大影响。当时维吾尔等突厥语民族的文人没有一个不精通波斯语的，其中大部分人还能用波斯语创造文学作品，菲尔多西的《王书》、萨迪的《果园》和《蔷薇园》、哈菲兹的抒情诗等波斯文学的名著早已被译成察哈台语，并在群众中广泛流传。居住在帕米尔高原的塔什库尔干塔吉克自治县的人民的语言“萨尔库希”语（意为山上语）就是达里波斯语的一个分支。1985年至1987年该县委托北京大学东语系波斯语专业代培一个波斯语师资班。现在学成返回的学员们已在家乡开办了数个波斯语学习班。可见波斯语在中国的传播与发展不仅有久远的历史渊源，而且有广泛的群众基础。

近年，随着中外经济文化交流日益广泛地开展，迫切需要一本实用的波斯语自学课本，本书就是适应这一需要而编写出版的。

本书编写时间达四年之久。第一稿完成后曾作为北京大学师资培训班教材试用两年，本书是在此基础上修订而成。在1985年本书开始编写时，得到了伊朗讲学专家达毕尔·西亚基博士（دکتر دبیر سیاقی）的帮助，1986年以后，北京大学东方语系波斯语专家赞江尼博士（دکتر برات زنجانی）在审阅书稿过程中提出了宝贵意见。1988年夏伊朗德黑兰大学教授、德胡达大学大字典（百科全书）编纂处主任沙希迪博士（دکتر سید جعفر شهیدی）来华讲学之际，通读本书全稿，并提出若干文字修改建议，最后还为本书题词。对伊朗朋友们的帮助，谨在此一并致谢。

限于编者水平，谬误不当之处，诚恳希望读者指正。

编者

一九八八年

كىرىش سۆز

بۇ كىتاب پارس تىلىنى ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش دەرسلىكى سۈپىتىدە تۈزۈلدى. كىتاب 36 دەرسكە بۆلۈنگەن بولۇپ، هازىرقى زامان پارس تىلىنىڭ ئاساسىي فونېتىكىسى، ئاساسىي گرامماتىكىسى ۋە ئاساسىي سۆزلۈكىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كىتابنىڭ مۇۋاپىقلىشىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، كىتابتىكى چۈشەندۈرۈش ۋە ئىزاھاتلارنىڭ ھەممىسى خەنزۇ تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلىدا بېرىلدى. ھەربىر دەرسنىڭ ئاخىرىغا مەشىق تاپشۇرۇقى ۋە دەرس تېكىستلىرىنىڭ خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى بېرىلدى. كىتابنىڭ ئاخىرىغا مەشىق تاپشۇرۇقىنىڭ ئۆلچەملىك جاۋابلىرى ۋە 8000 سۆزنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پارسچە-خەنزۇچە-ئۇيغۇرچە لۇغەت بېرىلدى. تېكىستلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئەسلى پارسچە مەتبۇئاتتىن ئېلىندى.

ئېلىمىز ئۇزاق تارىختىن بۇيان ئىران ۋە ئافغانىستان بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋىتىدە بولۇپ، كەڭ كۆلەمدە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇپ كەلگەن. پارس مەدەنىيىتى ۋە بۇددا دىنى بىلەن ئىسلام دىنى ئىران ۋە ئافغانىستان ئارقىلىق ئېلىمىزگە كىرگەن. ئېلىمىزدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلام مەدەنىيىتىنى تارقاتقان مۇھىم بىر تىل — پارس تىلىغا بولغان مۇھەببىتى ۋە ھەۋىسى ئىنتايىن كۈچلۈك. خەن، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىلا پارس راھىبلىرى كەينى-كەينىدىن شەرققە كېلىپ بۇددا نوملىرىنى تەرجىمە قىلغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆزلىرىنىڭ مىللىي تىلىنىمۇ جۇڭگوغا ئېلىپ كىرگەن. يۈەن ئىمپېرىيىسىنىڭ دائىرىسىدە پارس تىلى ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلىدىغان تىللارنىڭ بىرى بولۇپ قالغانىدى. مىڭ، چىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە ئىران شائىرى شەيخ سەئدىنىڭ «گۈلىستان» ناملىق ئەسىرى ئېلىمىز مۇسۇلمانلىرىنىڭ مەدرىسلىرىدە ئوقۇلىدىغان دەرسلىكلەرنىڭ بىرى بولۇپ، كەڭ تەسىر قالدۇرغانىدى. بېيجىڭدىكى دۇڭسى مەسچىتىدە 1660-يىلى تۈزۈلگەن «مىنھاجۇتتەلەب» («ئۆگىنىشنىڭ يولى») ناملىق بىر پارس تىلى گراممماتىكىسىنىڭ قول يازمىسى ساقلانغان بولۇپ، ئاپتورىنىڭ نامى "شەندۇڭلۇق ئالىم زىنمىنىڭ ئوغلى مۇھەممەد" دەپ يېزىلغان. ئېلىمىزنىڭ ئالىملىرى شۇ كىتابنىڭ يەنە بىر قول يازمىسىنى نەنجىڭدىكى تىنچلىق يولى مەسچىتىدىمۇ ئۇچراتقان. بۇ گراممماتىكا كىتابىنىڭ شۇنچە كەڭ دائىرىدە تارقىلىشى شۇ مەزگىللەردە پارس تىلى ئوقۇتۇشىنىڭ ئېلىمىزدە خېلى كەڭ كۆلەمدە بولغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

14-ئەسىردىن 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر، بولۇپمۇ ئۇيغۇر ۋە ئۆزبېك خەلقى ئورتاق قوللانغان يازما ئەدەبىي تىل — چاغاتاي تىلى ۋە شۇ تىل بىلەن مەيدانغا كەلگەن چاغاتاي ئەدەبىياتى سۆزلۈك، سىنتاكسىس ۋە ئۇسلۇب جەھەتلىرىدە پارس تىلى ۋە پارسىي ئەدەبىياتنىڭ زور تەسىرىگە ئۇچرىغان. شۇ مەزگىللەردە

ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي تىللىق خەلقلەردىن چىققان ئەدىبلەرنىڭ ھەممىسى پارس تىلىنى مۇكەممەل بىلەتتى ھەم كۆپچىلىكى بۇ تىل بىلەن ئەدەبىي ئەسەرلەرنى يازالايتتى. فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە»سى، شەيخ سەئدىنىڭ «گۈلىستان»، «بوستان»لىرى، ھاپىز شىرازىنىڭ غەزەللىرى قاتارلىق پارسىي ئەدەبىياتىنىڭ نامايەندىلىرى ئاللىبۇرۇنلا چاغاتاي تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، خەلق ئىچىگە كەڭ تارقالغان.

شىنجاڭنىڭ پامىر ئېگىزلىكىدىكى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىدە ياشايدىغان تاجىك خەلقىنىڭ تىلى بولغان ”سەركوھى“ تىلى (تاغ ئۈستى تىلى) دەرى پارس تىلىنىڭ بىر تارمىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. 1985 — 1987-يىللىرى مەزكۇر ناھىيىنىڭ ھاۋالە قىلىشى بىلەن بېيجىڭ داشۆسى شەرق تىللىرى فاكۇلتېتىنىڭ پارس تىلى كەسپىدە بىر تۈركۈم پارس تىلى ئوقۇتقۇچىلىرى تەربىيىلەندى. بۇلار ئوقۇش پۈتتۈرۈپ يۇرتىغا قايتقاندىن كېيىن، پارس تىلى بويىچە بىرقانچە كۇرس ئاچتى.

يېقىنقى پاكىتلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، پارس تىلىنىڭ جۇڭگودا تارقىلىشى ئۇزاق تارىخىي ئەنئەنىگىلا ئىگە بولۇش بىلەن قالماستىن، بەلكى كەڭ ئاممىۋى ئاساسقىمۇ ئىگە.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، جۇڭگونىڭ چەت ئەللەر بىلەن بولغان ئىقتىسادىي، مەدەنىي مۇناسىۋەتلىرىنىڭ كۈنسايىن راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، پارس تىلىنى ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش دەرسلىكىگە بولغان ئېھتىياجمۇ كۈچەيدى. بۇ كىتاب ئەنە شۇ ئېھتىياجغا ئاساسەن تۈزۈلۈپ نەشر قىلىندى.

بۇ كىتابنىڭ تۈزۈلۈشىگە تۆت يىل ۋاقىت كەتتى. كىتابنىڭ بىرىنچى نۇسخىسى يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئوقۇتقۇچىلار كۇرسىنىڭ دەرسلىكى سۈپىتىدە تۈزۈلۈپ، ئىككى يىل سىناق تەرىقىسىدە قوللىنىلدى ۋە شۇ ئاساستا يەنە تۈزىتىلىپ مۇشۇ ھالەتكە كەلدى. 1985-يىلى بۇ كىتاب تۈزۈلۈشكە باشلىغاندا، ئىراندىن دەرس بېرىشكە كەلگەن دوكتور دەبىر سىياقىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشتۇق. 1986-يىلدىن كېيىن بېيجىڭ داشۆسى شەرق تىللىرى فاكۇلتېتىنىڭ پارس تىلى مۇتەخەسسىسى دوكتور زەنجانى كىتاب ئورىگىنالىنى ئوقۇپ چىقىپ نۇرغۇن قىممەتلىك پىكىرلەرنى بەردى. 1988-يىلى يازدا ئىران تېھران داشۆسىنىڭ پروفېسسورى، «دەھخۇدا» قامۇسىنى تۈزۈش باشقارمىسىنىڭ مۇدىرى دوكتور سەييىد جەئفەر شەھىدى جۇڭگوغا دەرس بېرىشكە كەلگىنىدە كىتابنىڭ ھەممە ئورىگىنالىنى ئوقۇپ چىقىپ، بىرقانچە تۈزىتىش پىكىرلىرىنى بەردى ھەم كىتابقا بېغىشلىما يېزىپ بەردى. ئىرانلىق دوستلارنىڭ بۇ ياردەملىرى ئۈچۈن ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمىز.

تۈزگۈچىلەرنىڭ سەۋىيە چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، كىتابنىڭ خاتالىق، كەمچىلىكلەردىن خالىي بولۇشى تەس. كىتابخانلارنىڭ تۈزىتىش بېرىشىنى سەمىمىي قارشى ئالىمىز.

تۈزگۈچى

1988-يىل

波斯语字母表

پارس تىلىنىڭ ئېلىپبە جەدۋىلى

词尾 سۆز ئاخىرىدا	词中 سۆز ئوتتۇرىسىدا	词首 سۆز بېشىدا	ھەرپ نامى 名称		字母 ھەرپ
ـا ـأ	ـا ـأ	ا	[hamze] [alef]	الف، همزه	ا، ء
ـب	ـبـ	بـ	[be]	به	ب
ـپ	ـپـ	پـ	[pe]	په	پ
ـت	ـتـ	تـ	[te]	ته	ت
ـث	ـثـ	ثـ	[se]	ثه	ث
ـج	ـجـ	جـ	[jeem]	جیم	ج
ـچ	ـچـ	چـ	[che]	چه	چ
ـح	ـحـ	حـ	[he]	حه	ح
ـخ	ـخـ	خـ	[Khe]	خه	خ
ـد	ـد	د	[da:l]	دال	د
ـذ	ـذ	ذ	[za:l]	ذال	ذ
ـر	ـر	ر	[re]	ره	ر
ـز	ـز	ز	[ze]	زه	ز
ـژ	ـژ	ژ	[jhe]	ژه	ژ
ـس	ـسـ	سـ	[seen]	سین	س
ـش	ـشـ	شـ	[sheen]	شین	ش
ـص	ـصـ	صـ	[sa:d]	صاد	ص
ـض	ـضـ	ضـ	[za:d]	ضاد	ض
ـط	ـطـ	طـ	[ta:]	طا	ط
ـظ	ـظـ	ظـ	[za:]	ظا	ظ
ع ـع	ـعـ	عـ	[eyn]	عین	ع
غ ـغ	ـغـ	غـ	[gheyn]	غین	غ
ـف	ـفـ	فـ	[fe]	فه	ف
ـق	ـقـ	قـ	[gha:f]	قاف	ق
ـک	ـکـ	کـ	[ka:f]	کاف	ک
ـگ	ـگـ	گـ	[ga:f]	گاف	گ
ـل	ـلـ	لـ	[la:m]	لام	ل
ـم	ـمـ	مـ	[meem]	میم	م
ـن	ـنـ	نـ	[noon]	نون	ن
ـو	ـو	و	[va:v]	واو	و
ـه	ـهـ	هـ	[he]	هه	ه
ـی	ـیـ	یـ	[ye]	یه	ی

波斯语字母和拉丁音标对照表

پارسچە ھەرپلەر بىلەن لاتىنچە ترانسكرىپسىيە بەلگىلىرىنىڭ سېلىشتۇرما جەدۋىلى

拉丁音标 لاتىنچە ترانسكرىپسىيە بەلگىسى	字母 ھەرپ	拉丁音标 لاتىنچە ترانسكرىپسىيە بەلگىسى	字母 ھەرپ
〔z〕	ظ	〔a:〕	آ
〔’〕	ع	〔a〕	أ
〔gh〕	غ	〔e〕	إ
〔f〕	ف	〔o〕	أ
〔gh〕	ق	〔p〕	ب
〔k〕	ك	〔b〕	پ
〔g〕	گ	〔t〕	ت
〔l〕	ل	〔s〕	ث
〔m〕	م	〔j〕	ج
〔n〕	ن	〔ch〕	چ
〔v〕	و	〔h〕	ح
〔o〕	ـُ، و	〔kh〕	خ
〔oo〕	و	〔d〕	د
〔ow〕	وُ	〔z〕	ذ
〔aw〕		〔r〕	ر
〔h〕	ه	〔z〕	ز
〔y〕	ى	〔jh〕	ژ
〔ey〕	ى	〔s〕	س
〔ee〕	ى	〔sh〕	ش
〔’〕	ء	〔s〕	ص
		〔z〕	ض
		〔t〕	ط

词 性 缩 写 形 式 对 照 表

سۆز تۈركۈملىرى نامىنىڭ قىسقارتىلما شەكلى

(名) —— 名 词 (ئى) —— ئىسىم

(代) —— 代 词 (ئا) —— ئالماش

(动) —— 动 词 (پ) —— پېئىل

(形) —— 形容词 (س) —— سۈپەت

(副) —— 副 词 (ر) —— رەۋىش

(介) —— 介 词 (ئالد) —— ئالدى قوشۇلما

(数) —— 数 词 (سان) —— سان

(连) —— 连接词 (ب) —— باغلىغۇچى

(叹) —— 感叹词 (ئىم) —— ئىملىق سۆز

MUNDƏRIJƏ

مۇندەرىجە

قۇتادغۇبىلىك

A

B1 C2

BISMI'LLAḤI'R-RƏḤMANI'R-RƏḤIM

A2

1. ḥəmd-u sipas-u minnət wə ɵküx ɵgdi təņri
2. ‘əzzə wə j̣əlləķa kim uluɋluķ iḑisi tükəl

3. ķudrətliɋ padixah turur yə̣rli kɵkli yarat-

4. ɋan ķamuɋ tïnlïɋlarķa ruzi bə̣rgən nəni
5. kim tilədi ərsə ķïldï yə̣mə nəni tiləsə ķïlur

6. yəf‘əlu’llaḥu ma yəxa’ wə yəḥkumu ma

7. yurid taķï sansïz səlam-u durud həlķlarda
8. yə̣gi yalavaqlarda ɵḑrüntüsi uluɋ savqïsï

9. muḥəmməd-i muṣṭəfa ɵzə bolsun taķï
10. ma anïņ ə̣xləri ‘əziz aɋïrlïɋ ṣəḥabələr ɵzə

11. riẓwanu’ llaḥi ‘ələyḥim əjmə‘in bu kitab
12. yavlaķ ‘əziz turur qin ḥukəmalarïnïņ əm-

A

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

**(ئايغۇچى ۋە كويۇنگۇچى تەڭرىنىڭ
ئېتى بىلەن باشلايمەن)**

1. ھەمدۇ-سانا، مىننەت ۋە سانسىز مەدھىيىلەر
2. ئەزىز ۋە ئۇلۇغ تەڭرىگەكىم، (ئۇ) ئۇلۇغلۇق ئىگىسى ۋە كامال
3. قۇدرەتلىك پادىشادۇر. (ئۇ) يەرنى، كوكنى ياراتقان،
4. بارلىق جانلىقلارغا رىزىق بەرگەن. ئۇ، نىمىنىكى
5. خالىدى، شۇنى قىلدى؛ ھەمدە نىمىنىكى خالىسا، شۇنى قىلۇر.
6. يەفئەلۇللاھۇ مايەشا ۋە يەھكۇمۇ مايۇرىد (خۇدا خالىغىنىنى قىلدۇ ۋە ئىرادىسى بويىچە ھوكۇم قىلدۇ).
7. يەنە سانسىز سالام ۋە دۇرۇتلار ئىنسانلارنىڭ
8. ياخشىسى، پەيغەمبەرلەرنىڭ سەر-خىلى (ۋە تەڭرىنىڭ) ئۇلۇغ ئەلچىسى
9. مۇھەممەت مۇستاپاغا بولسۇن، يەنە
10. ئۇنىڭ يارەنلىرى بولغان ئەزىز ۋە مۇھتەرەم ساھابىلاردىن
11. ئاللا رازى ئولغاي.
12. بۇ بەك ئەزىز بىر كىتاپتۇر، (ئۇ) چىن ھېكمەتلەرنىڭ

13. ŝallәri birlә bәzәnmix maqin 'ulәmalarīnīŋ
14. әx'arlarī birlә arәstә ķīlīnmix turur bu
15. kitabnī oķīɣlī bu bẹyitlәrni mә'lum ķīlīɣlī

16. kitabdīn yaķxī 'әzizraķ turur qin-ü maqin
17. 'alimlәri wә ḥәkimlәri ķamuɣ ittifaķ
18. boldīlar kim mәxriķ wilayәtindә ķamuɣ

A3 B2

19. türkistan ẹllәrindә buɣra han tilinqә türk
20. luɣәtinqә bu kitabdīn yaķxīraķ ḥәrgiz kim

21. әrsә tәşnif ķīlmadī bu kitab ķayu padixaḥ-
22. ķa ya ķayu iķlimķa tәgdi әrsә ɣayәt
23. uzluķīndīn niḥayәttin kәqә kәrklüglükin-
24. dīn ol ẹllәrniŋ ḥәkimlәri 'alimlәri ķәbul

25. ķīlīp tәgmә biri bir türlüg at lәķәb urdīlar
26. qinlīɣlar әdәbü'l- müluk atadīlar maqin

27. mәlikiniŋ ḥukәmalarī ayinu'l-mәmlikә

28. tẹdilәr mәxriķlīɣlar zinәtü'l-ümәra tẹp

29. aydīlar iranlīɣlar xaḥnamә-i türki atamīx-
30. lar bә'ẓīlarī ma pәnḍnamә-li muluk tẹmix-

31. lәr turanlīɣlar ķutaḍɣu bilik tẹp aymīxlar
32. bu kitabnī tәşnif ķīlīɣlī balasaɣun mәw-
33. ludluɣ pәrḥiz iḍisi әr turur әmma bu

13. ھىكمەتلىرى بىلەن بىزەلگەن، ماچىن ئالىملىرىنىڭ
14. شېئىرلىرى بىلەن ياسانغاندۇركى،
15. بۇ كىتاپنى ئوقۇغان ۋە بۇ بېيىتلەرنى (باشقىلارغا)
بىلدۇرگەن (كىشى بۇ)
16. كىتاپتىنمۇ ئەزىزراقتۇر. چىن-ماچىن
17. ئالىملىرى ۋە ھېكىملىرىنىڭ ھەممىسى بىر قارارغا
18. كەلدىلەركى، مەشرىق ۋىلايىتىدە،
19. پۈتۈن تۈركى خەلقلەر ياشايدىغان يەرلەردە،
بۇغراخان تىلىدا
20. تۈركى سوز بىلەن (ھېچكىم) بۇنىڭدىن ياخشى-
راق كىتاپنى ھەرگىز
21. يازغىنى يوق. بۇ كىتاپ قايسى پادىشالىقتا
22. ياكى قايسى ئىقلىمغا يەتسە، غايەت
23. ئۈزلىگى ۋە پەۋقۇلئاددە گۈزەللىكىدىن،
24. ئۇ ئەللەرنىڭ ھېكىملىرى بىلەن ئالىملىرى قوبۇل
قىلىپ،
25. ئۇنىڭغا ھەر بىرى بىر تۈرلۈك ئات ۋە لەقەپ بەردى.
26. چىنلىقلار «ئەدەبۇلمۇلۇك» (شاھلارنىڭ ئەدەپ-
قائىدىلىرى) دەپ ئاتىدى؛ ماچىن
27. مۈلكىنىڭ ھېكىملىرى «ئايىنۇل مەملىكە» (مەملى-
كەتنىڭ دەستۇرى)
28. دىسە، مەشرىقلىقلار «زىننەتۇلئۇمرا» (ئەمىرلەر
زىننىتى) دىدى؛
29. ئىرانلىقلار «شاھنامەئى تۈركى» دەپ ئات قويدى؛
30. بەزىلىرى «پەندنامەئى مۇلۇك» (پادىشالارغا
نەسىھەت) دەپ ئاتىدى؛
31. تۇرانلىقلار «قۇتادغۇ بىلىك» دەپ ئات قويدى.
32. بۇ كىتاپنى يازغۇچى بالاساغۇندا
33. تۇغۇلغان بىر تەقۋادار زاتتۇر؛ ئەمما،

34. kitabnī kaxoqər əlində tükəl kīlīp məxrik
35. məliki tavoqaq buoqra han üskinə kigürmīx
36. turur məlik buoqra han ma anī aoqīrlap
37. uluoqlap əz haş hajiblīkīnī ana bərü yarlī-
38. kamīx turur anīn üqün yusuf uluoq haş
C3
39. hajib təp atī qavī azunda yayīlmīx turur
40. bu 'əziz kitab tərt uluoq aoqīr ul əzə bina
A4
41. kīlīnmīx turur bir 'ədil ikinqi dəwlət
42. üqünqi 'əkil tərtünqi kəna'ət yana təgmə
43. birinə türkqə bir at bərmix turur 'ədilka
44. kün tooqdī əlig at bərip padixah ornīna
B3
45. tutmīx turur dəwlətka ay toldī at bərip
46. wəzir ornīna kodmīx turur 'əkilka əgdül-
47. mix at bərip wəzirnin ooqlī yərində tutmīx
48. turur kəna'ətka odoqurmīx at bərip wəzir-
49. nin karīndaxī təp aymīx turur takī anlar
50. ara munaẑərə suali jəwabī kəqər təg səzlər
51. səzləmix turur okīoqlīnīn kənlī aqīlīp
52. muşannifni ədgü du'a birlə yad kīlsun təp

34. بۇ كىتاپنى قەشقەر ئېلىدە تاماملاپ، مەشرىق

35. شاھى تاۋغاچ بۇغراخان ھوزۇرىغا سۇنغاندۇر.

36. شاھ بۇغراخانمۇ ئۇنى قەدىرلەپ

37. (ۋە) ئۇلۇغلاپ، ئۇنىڭغا خاس ھاجىپلىقنى

38. ئىلتىپات قىلغان (ۋە) شۇنىڭ بىلەن يۇسۇپ ئۇلۇغ خاس

39. ھاجىپ دەپ نام-شوھرىتى دۇنياغا يېيىلغاندۇر.

40. بۇ ئەزىز كىتاپ توت ئۇلۇغ (ۋە) مۇھىم ئۇل ئۇستىگە بىنا

41. قىلىنغان: بىرى، ئەدىل (ئادالەت)؛ ئىككىنچىسى، دەۋلەت (بەخت)؛

42. ئۇچىنچىسى، ئەقىل؛ تۆتىنچىسى، قانائەت بولۇپ، يەنە (ئۇلارنىڭ)

43. ھەر بىرىگە تۈركچە بىر ئات قويۇلغان. ئەدىلگە

44. "كۈنتۇغدى ئېلىگ"[1] ئېتى بېرىلىپ، پادىشا ئورنىغا

45. قويۇلغان؛ دەۋلەتكە "ئايتولدى" دەپ ئات قويۇلۇپ،

46. ۋەزىر ئورنىغا قويۇلغان؛ ئەقىلغە

47. "ئوگدۇلمىش" دەپ ئات قويۇلۇپ، ۋەزىرنىڭ ئوغلى ئورنىغا قويۇلغان؛

48. قانائەتكە "ئودغۇرمىش"ئېتى بېرىلىپ، ۋەزىرنىڭ

49. قېرىندىشى دەپ ئېيتىلغان. شۇنىڭدەك، (مۇئەل-لىپ ئوز پىكىرلىرىنى)

50. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مۇنازىرە ۋە سوئال-جاۋاپلىق سوزلەر ئارقىلىق

51. ئىپادىلىگەن، تاكى (بۇنى) ئوقۇغانلارنىڭ كوڭلى ئېچىلىپ،

52. مۇئەللىپنى ياخشى دۇئا بىلەن ياد قىلسۇن دەپ.

B

1 uoqan bir bayat ol ķamuoqda oza
əküx ḥəmd-u əgdi aņar oķ səza

2 uluoqluķ iḍisi uoqan żü'l-jəlal
yaratoqan tərütgən mə ķadir kəmal

3 ay yə̣r kək iḍisi həlayiķ bilə
ruzinï anutmïx yə̣gil sən külə

4 saķïxsïz bə̣rigli ķamuoqķa ruzi
yə̣türür ķamuoqnï ma yə̣məz əzi

5 aqïn ķoḍmaz ḥərgiz ķamuoq tïnlïoqïoq
yə̣türür iqürür təzü sanlïoqïoq

6 nətəg kim tilədi mə boldï ķamuoq
kimi kim tiləsə ķïlur ol uluoq

7 durud ol əḍürmix rəsulķa səlam
yə̣nə ə̣xləriņə səlam ḥəm ulam

8 muḥəmməd yalavaq həlayiķ baxï
ķamuoq barqalarķa ol ol kəz ķaxï

A5

9 yə̣mə bu kitab ol ə̣ḍi ək 'əziz
bilikligkə boloqay bilikdin təņiz

B

1 قادىر بىر خۇدا ئۇ، جىمىدىن ئۈزا،
تولا كوپ شۈكۈر، مەدھ ئاڭالا سازا[2] .

2 ئۇلۇغلۇق ئىگەسى، قادىر زۇلجەلال[3] ،
ياراتقان، تورەتكەن ۋە قادىر كامال.

3 يەر، ئاسمان ۋە مەخلۇق ئىگەسى يەنە،
تەييار قىلدى رىزقىڭ، يىگىن سەن كۈلە.

4 بىرۈر ئۇ جىمىگە ساناقسىز روزى[4] ،
جىمىگە يىگۈزۈر، يىمەس ئۇ ئۈزى.

5 ئۇ قويماس ئاچ ھەرگىز جىمى تىنغۇچىن،
يىدۈرۈر، ئىچۈرۈر ئۇ زات ھەممىسىن.

6 نىچۈك خالىدى، بولدى شۇنداق قامۇغ[5]
تىلەسە ئۇ كىمنى قىلۇر ئۇ ئۇلۇغ.

7 تاللانغان رەسۇلغا دۇرۇت ھەم سالام،
يەنە يارلىرىغا سالام-ئىھتىرام.

8 مۇھەممەت رەسۇلدۇر خالايىق بېشى،
ئېرۈر ھەممىنىڭ ئۇ كوزى ۋە قېشى.

9 يەنە بۇ كىتاپتۇر ناھايەت ئەزىز،
ئالىملارغا بولغاي بىلىمدىن دىڭىز.

C4

10 bəzənmix aƣïrlïƣ biliklər bilə
ķalï kim xükür ķïl ķəna'ət tilə

11 ķamuƣ barqasïņa bəgülər səzi
tizip yinqüləyü ķamuƣ tüp tüzi

12 bu məxriķ məliki maqinlar bəgi
biliklig uķuxluƣ az̧unda yȩgi

13 ķamuƣ bu kitabnï alïp əzləmix
həzinə iqində urup kizləmix

14 birindin biriņə miraŝlar ķalïp
ad̦ïnlarķa bȩrməz əziņə alïp

15 asïƣlïƣ turur bu yoķ ol ḩiq yasï
əküx türklər uķmaz munïņ mə'nisi

16 kitabdïn əxitgən bilür ux anï
oķïƣan bitigən uķumaz munï

17 əlig kəz tutar kər kitab səzləri
ikigün az̧unda ȩtər ixləri

18 maqinlər ḩəkimi bu qin yumƣïsï
təzü barqa aymïx munïņ yaķxïsï

19 bu məxriķ ȩlində ķamuƣ ţürk-ü qin
munï təg kitab yoķ az̧unda ad̦ïn

20 kitab ķədrini mə biliklig bilir
uķuxsuz kixidin ad̦ïn nə kəlir

21 ay təgmə kixikə kitab bȩrməgü
apaņ dostuņ ərsə əmin bolmaƣu

10 بىزەنگەن ئۇ قىممەت بىلىملەر بىلە،
ئەي كىمسە، شۇكرى قىل، قانائەت تىلە.

11 ھېكىملەر سوزىنى جىمىگە يېزىپ،
گوھەر ـ ئۈنچىلەردەك قويۇپتۇ تىزىپ.

12 ماچىنلار بېگى[6] ، شەرق سۇلتانلىرى،
بىلىملىك، ئاقىل، دۇنيا ياخشىلىرى،

13 جىمىسى كىتاپنى ئۆزىنىڭ قىلىپ،
يوشۇرغان غەزىنە ئىچىگە قويۇپ.

14 بىرىدىن ـ بىرىگە مىراس قالدۇرۇپ،
بولەكلەرگە بەرمەس ئۆزىگە قويۇپ.

15 ئېرۇر پايدىلىق، ھېچ زىيان ئۇندا يوق،
تولا تۈركلەر ئۇقماس مەنىسىن تولۇق.

16 كىتاپنى چۈشەنگەن بىلۇرلەر ئۇنى،
ئوقۇپ، يازسىلا ئۇ بىلەلمەس مۇنى.

17 ئېرۇر يولىيورۇق بۇ كىتاپ سوزلىرى،
ھەر ئىككى جاھاندا تۈزەر ئىشلىرى.

18 ماچىن، چىن ھېكىمى ئۇلار بارچىسى،
گۈزەل دەپ ماختىدى ئۇنى ھەممىسى.

19 پۈتۈن تۈرك، چىن، شەرق ئېلىدە دىمەك،
مۇنىڭدەك كىتاپ يوق جاھاندا بولەك.

20 كىتاپ قەدرىنى ھەم بىلىملىك بىلۇر،
ئەقىلسىز كىشىدىن بولەك نە كېلۇر؟

21 كىتاپنى ھەر ئادەمگە بەرمەس كېرەك،
ئەگەر بولسىمۇ دوست، ئىشەنمەس كېرەك.

22 nətəg kim biliksiz bilüməz munï
uķuxluɋ ukupan küzətür anï

23 bu buɋra han wəķitï iqrə anï
yə̣mə han tilinqə bu aymïx munï

24 munï təg kitabnï kim aymïx oza
kə̣ḍin mə kim ayoɋay munï təg uza

25 kim ərsə munï təg ə̣tərmu ķanï
ə̣tigli bar ərsə egər mən anï

26 ķayu kənd ulux ordu ķarxï yə̣rə
kitabķa eņin at atamïxlara

C5

27 ol ə̣lniņ begüsi ḥekimi turup
at urmïx ol ə̣lniņ terüqə kerüp

28 qinilər ədəbü' l-müluk tə̣p ayar
maqinlar ənisü'l-məmalik atar

29 bu məxrik ə̣lində uluɋlar munï
zinətü' l-ümərа tə̣yürlər keni

A6

30 iranlïɋlar xaḥnamə tə̣rlər muņar
turanlïɋ ķutaḍɋu bilik tə̣p uķar

31 nə türlüg bu sezlər eņin tildəki
kigürmix muņar ker ķamuɋ ə̣ldək

32 yə̣mə bu kitabķa at urmïx uluɋ
bayat yarlïķasu ol əḍgü ķuluɋ

33 ay ol bu kitabķa ķəbul bolduķï
bu türklər tilində 'əjəb kerdükï

22 نىچۈككىم، بىلمىسىز بىلمەس قەدرىنى،
ئەقىللىق ئۇقۇبان كۆزەتۇر ئۇنى.

23 بۇ بۇغراخان ۋاقتى مۇئەللىپ ئۇنى،
يەنە خان تىلى بىرلە ئېيتمىش بۇنى.

24 مۇنىڭدەك كىتاپنى كىم ئېيتقان ئەۋەل،
كېيىن كىممۇ ئېيتار بۇنىڭدەكنى دەل؟

25 كىم ئۇلسا مۇنىڭدەك يازارمۇ، قېنى؟
يازۇچى بار ئۇلسا، مەن ماختاي ئۇنى.

26 كى ھەر بىرساراي-ئوردا، كەنت ھەم شەھەر
كىتاپقا ئالاھىدە نام بەردىلەر.

27 ھەر ئەلنىڭ بىلىملىك ھېكىمى تۇرۇپ،
ئۇتۇپتۇ شۇ ئەل رەسمىچە ئات قويۇپ.

28 بۇ چىنلىق «ئادابۇلمۇلۇك» ئاتىدى،
ماچىنلىق «ئەنىسۇل مەمالىك»[7] دىدى.

29 بۇ شەرق ئەللىرىدە ئۇلۇغلاپ ئۇنى،
«زىننەتۇلئۇمۇرا» دىدىلەر كۈنى[8] .

30 ئىرانلىقلار «شاھنامە» دەپ ئاتىشار،
تۇرانلىق «قۇتادغۇ بىلىك» دەپ ئاتار.

31 نە تۇرلۇك ئەللەردە، تۇرلۇك تىل ئارا،
ئاڭا تۇرلۇك ئاتلار قويۇلمىش، قارا.

32 يەنە بۇ كىتاپقا قويۇچى بۇ ئات
ئۇلۇغ قۇللىرىنى كەچۇرسۇن بايات[9] .

33 ئايا، بۇ كىتاپنى قوبۇل قىلغۇچى،
بۇ تۇركچە ئەسەرگە ئەجەپلەنگۈچى،

34 yẹnə bu kitab kər ḳamuɣḳa yarar
məliklərkə artuḳ ẹlig kənd tutar

35 kim ol ma bu mülkni tutuɣlī ḳayu
kərəklig aṇar bu ḥəkimlər ayu

36 məliklər ḳoruɣī ma əsbab tüzə
bu tərtib-u xərṭī əmarət өzə

37 bu mülkniṇ hərabī bəḳasi nədin
ya mülkət ḳalurī barurī aḍīn

38 yẹmə bu qərik sü ər at ma ḳamuɣ
nəgü təg tirilgü yẹr bulɣu yoluɣ

39 munīṇ tərtibiṇ mə kitabda aqa
aḍīrmīx өḍürmix ḳamuɣnī səqə

40 yana bərk bu mülkni tutuɣlī kixi
yaraɣlīɣ ərənkə buyurdī ixi

41 kərəklig uḳuxluɣ birisi oṇay
yulaḳa nəgü təg aqīɣ ḳīldī ay

42 boḍunnīṇ ḥəḳī bar məliklər өzə
məliknin ḥəḳī ma boḍundīn tüzə

43 ẏẹnə bu rə'iyyət küḍəzgü anī
məlik mə küzətsə təni mə janī

C6

44 ḳayu ol məlik kim toḳix ḳīlɣunī
uruxlar өḍində qərik tüzgüni

45 ayur kər nəgü təg ẹtingü ḥilə
bu duxmən qərikin sīɣuḳa tilə

34 قارا، بۇ كىتاپكى جىمىكە يارار،
بولۇپمۇ شاھلارغا، كى ئەل-يۇرت تۇتار.

35 ئەل-يۇرتنى ئىدارە قىلغۇچىلار كىم،
ئۇڭا نە كېرەكنى دىمىشتۇر ھېكىم.

36 نىمىكى ئۇ قوغدار ھوكۇمدارنى،
كېرەكلىك نىزام ۋە شەرتلەر بارنى؛

37 بۇ شاھلىق خارابى، باقاسى نەدىن،
ئۇنىڭ تۇرۇشى، كېتىشى نىمەدىن؛

38 يەنە چېرىك-لەشكەر، خادىملەر بارى،
نىچۇك توپلىنۇر، قونۇر، سەپەر يوللىرى؛

39 بۇلارنىڭ تەرتىۋىن كىتاپتا ئېچىپ،
سەرەلەپ ئايرىغان بارچىسىن يېشىپ.

40 يەنە ئەلنى مەھكەم تۇتۇچى كىشى،
يارامىلىق كىشىگە بۇيۇرسۇن ئىشى.

41 ئەقىللىق ۋە لايىق كىشىلەر كېرەك،
گويا ئاي چىراقتەك ئېھسان ئۇلغاندەك.

42 خان ئۇستىدە باردۇر خەلقلەر ھەققى،
خەلق ئۇزرە خانىنىڭمۇ ھەققى بار تېخى.

43 يەنە پۇقرالار ھەم كۈزەتسۇن ئۇنى،
شاھلارمۇ كۈزەتسۇن ئۇنىڭ جان-تېنى.

44 بۇ شاھلار نىچۇك ئەيلەسۇنلەر ئۇرۇش،
ئۇرۇشقاندا لەشكەرنى قانداق قۇرۇش.

45 يەنە ئېيتۇر نىچۇك قىلماقنى ھىلە،
يېڭەي دىسە ياۋنى بىر ھىلە بىلە.

46 məlikkə nəgü təg ə̣tingü kərək
ɵzi təg bođunlar kɵnülgü kərək

47 bu yaņlïƣ məlikni bođunlar səvər
yüzini kɵrəy tə̣p ađïnlar ə̣vər

48 ķutï bar yaķïn tə̣p tapuƣ ķïlƣuķa
kimịni yaƣutup yïraķ ķoyoƣuķa

49 bir anqa bəkitip yaķïn tutoƣunï
bu ķutsuz yavuz tə̣p yïraķ saloƣunï

50 yana bir siyasət baxïn kəsgükə
ikiņqi fərasət kɵņül bə̣rgükə

A7

51 uķuxluƣ biliklig toņa alp yürək
həzinə tolulap aķïtƣu kərək

52 rə'iyyətķa bolsa ɵküx ṭaķəti
ķamuƣ ix iqində bulur raḥəti

53 bu ķaq ḥərfķïna mən ķumaru saņa
ķođundum unïtma du'a ķïl maņa

54 baķa kɵr kitabnï bu tə̣rgən kixi
ḥünərliƣ ər ərmix kixilər baxï

55 bu türlüg fəẓayil uķuxlar bilə
arastə ol ə̣rmix yorïmïx külə

56 pütünlük mə ḥurmət bu zuḥdlïƣ ɵzə
saķïnuķ biliklig arïƣlïƣ oza

57 bu təņi turuƣlaƣ ķuz ordu ə̣li
tüp ə̣ṣlï nəsəbdiņ yorïmïx tili

46 بۇ شاھ ھەركىمدە نە ئەتمەك كېرەك،
كى خەلق قىلسا ھەركەت ئۇنىڭ كوڭلىدەك.

47 شۇ ياڭلىغ بولسا شاھ، ئۇنى خەلق سويەر،
يۈزىنى كورەي دەپ كىشى تەلمۈرەر.

48 دىبان كىمنى قۇتلۇق ئاڭا بەرسۇن ئىش،
ئۆزىدىن يەنە كىمنى نېرى قىلىش؛

49 ئۇ كىمنى ئۆزىگە يېقىن تۇتقۇلۇق،
ئۇ كىمنى يامان دەپ يىراق قىلغۇلۇق؛

50 سىياسەتلە كىمنىڭ بېشىن چاپقۇلۇق،
پاراسەتلە قانداق كوڭۈل ئالغۇلۇق.

51 ئەقىللىق، بىلىملىك، باتۇر شىر يۈرەك،
ئىچۈك غەزنە توپلاپ، تاراتماق كېرەك.

52 خەلق ئۆزرە كوپ بولسا بەگ قۇۋۋەتى،
پۈتۈن ئىش ئىچىدە بولۇر راھەتى.

53 بۇ بىرنەچچە سوزنى ۋەسىيەت ساڭا ــ
قىلىپ قويدۇم، ئۇنۇتما، دۇئا قىل ماڭا.

54 كورەرسەن كىتاپنى بۇ يازغان كىشى،
ھۈنەرلىك ئەرەنكەن، كىشىلەر بېشى.

55 بۇ تۇرلۇك پەزىلەت، ئەقىل ـ ئاڭ بىلە
ئۇ ئەرمىش بىزەنگەن، يۈرەرمىش كۈلە.

56 ئۇ توغرا، باھورمەت بىر زاھىت ئېرۈر،
بىلىملىك ۋە تەقۋا، ئېرىغ ـ پاك يۈرۈر.

57 تۇرۇغلۇق ماكانى "قۇز ئوردۇ"[10] ئېلى،
تۇپ ئەسلى نەسەپتىن خەۋەرچى تىلى.

58 bu toƣmīx ə̣lindin qīḳīp barƣanī
kitabnī ḳoxupan tükəl ḳīlƣanī

59 barusīn bitimix yətürmix niẑam
bu kaxƣər ə̣lində ḳoxulmīx təmam

60 məliknin̡ ɵn̡ində oḳīmīx munī
bu tavƣaq ḳara buƣra hanlar hanī

C7

61 aƣīrlamīx artuḳ oküx hil'əti
ḳələmnin̡ ḩəḳī tə̣p uḳux ḩurməti

62 bu has ḩajib atīn təgürmix mun̡a
munī bu ɵzin̡ə yaƣutmīx yana

63 bu mə'ni üqün kɵr aƣīrlar anī
yusuf haş ḩajib tə̣p ayurlar kɵni

64 yana bu kitabnīn̡ bəyanīn ayur
bu tɵrt nik xəriflər ɵzələ ḳīlur

65 birisi mə 'ədl ol kɵnilik ɵzə
ikinqi bu dəwlət ḳut iḳbal tüzə

66 üqünqi hirəd ol uluƣluḳ bilə
tɵrtünqi ḳəna'ət wə 'afyət bilə

67 bu təgmə birin̡ə at urmīx ɵn̡in
bu yan̡līƣ atīnī atamīx kə̣din

68 'ədilḳa kün toƣdī ə̣lig tə̣p atar
anī kɵr məliklik ḳurīn̡a tutar

69 bu ay toldī dəwlət atanur kɵni
wəzirlīḳ yə̣rin̡ə tutar kɵr munī

58 ئۇ تۇققان ئېلىدىن كېتىپتۇ چىقىپ،
كىتابنى نەزمىگە قوشۇپ تۈگىتىپ.

59 پۈتۈن ھەممەسىگە بېكىتكەچ نىزام،
ئۇنى قەشقەر ئىچىندە قىلغان تامام.

60 ھوزۇرىدا خاننىڭ ئوقۇغان مۇنى،
ئۇ تاۋغاچ قارا بۇغراخانلار خېنى—

61 قەدىرلەپ ئۇنى كوپ بېرىپ خىلئىتى[11]،
قەلەم ھەققى دەپ كوپ قىلىپ ھورمىتى.

62 ئۇنىڭغا بېرىپ خاس ھاجىپلىق ئىتىن،
ئۇنى ئەيلەمىشتۇر ئۆزىگە يېقىن.

63 بۇ مەنە ئۈچۈن، كور، قەدىرلەر ئۇنى،
يۈسۈپ خاس ھاجىپ دەپ ئاتارلەر كونى.

64 يەنە بۇ كىتابنىڭ بايانىنى دەر،
بۇنى توت ئۇلۇغ ئۇل ئۇزرە ئۇ تۈزەر:

65 بىرى، توغرۇلۇق ئۇزرە ئادالەت ئېرۇر،
ئىككىنچىسى، دەۋلەت ۋە ئىقبال تۇرۇر.

66 ئۈچىنچى، ئەقىلدۇر ئۇلۇغلۇق بىلە،
توتىنچى، قانائەت، ئاپىيەت ئىلە.

67 بۇنىڭ ھەر بىرىگە بېرىپ باشقا نام،
ئاتاپ باشقا ئات بىرلە قىلمىش تامام.

68 ئادالەتنى كۈنتۇغدى ئېلىگ ئاتار،
ئۇنى كور، بۇ شاھلىق ئورۇندا قويار.

69 بۇ ئايتولدى دەۋلەت ئاتالدى كونى،
ۋەزىرلىك ئورۇندا تۇتار ئۇ مۇنى.

70 hirədka atadī bu ol əgdülmix
muni ma wizirniŋ ooqlī təp təmix

71 kəna'ətka odoqurmix atī bərür
munar ma wəzirniŋ yaoquki təyür

72 muniŋ hikməti kər bu tərt nəŋ əzə
kitabnī tükətmix bularnī tüzə

A8

73 'ərəbqa təzikqə kitablar əküx
biziŋ tilimizqə bu yumoqī ukux

74 biliklig bilür ol muniŋ hurməti
ukuxluoq ukar ol bilik kiyməti

75 bu türkqə koxuoqlar tüzəttim saŋa
okïrda unītma du'a kïl maŋa

76 barur mən azundīn əxit sən əzüŋ
əküx 'ibrət aloqīl ma aqoqīl kəzüŋ

77 ilahi sən ək sən təzü yarlika
ruzi kïl kamuoq mü'minlarka lika

ئەقىلنى ئاتاپ ئۇ دىدى ئۇگدۇلمىش، 70
بۇنى ئۇ ۋەزىرىنىڭكى ئوغلى دىمىش.

قانائەتكە ئودغۇرمىش ئاتىن بىرىپ، 71
بۇنى ھەم ۋەزىرىنىڭ يېقىنى قىلىپ،

بۇنىڭ ھېكمەتىن، كور، مۇشۇ توت ئۇزە، 72
كىتاپنى تۇگەتكەن بۇلارنى تۇزە.

ئەرەپچە، تاجىكچە كىتاپلار تولا، 73
بىزنىڭ تىلىمىزدا بۇ يالغۇز، شۇلا.

ئىلىملىك بىلۇرلەر بۇنىڭ ھورمىتىن، 74
ئەقىللىق ئۇقارلەر بىلىم قىممىتىن.

بۇ تۇركچە قوشاقلارنى تۇزدۇم ساڭا، 75
ئوقۇردا ئۇنۇتما، دۇئا قىل ماڭا.

كېتۇرمەن جاھاندىن، ئىشىت سەن ئوزۇك، 76
تولا ئىبرەت ئالغىن ۋە ئاچقىن كوزۇك.

ئىلاھىم سەنلا سەن، بىزنى يارلىقا[12]، 77
نەسىپ قىلغىن پۇتۇن مومىنگە لىقا[13].

C

FIḤRISTÜ'I-ƏBWAB

C8

C

باپلار مۇندەرىجىسى*

---

* بەزى ئالىملارنىڭ تەتقىق قىلىشىچە، بۇ مۇندەرىجە مۇئەللىپنىڭ ئۆزى تەرىپىدىن ئەمەس، كىتابنى كوچۈرگۈچىلەر تەرىپىدىن قوشۇپ قويۇلغان، شۇڭا، بەزى ماددىلىرى تېكست مەزمۇنىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.

B4

10. bab bilik uķux ərdəmin asïqïn ayur

11. bab kitab atï yərügin yəmə avuqoqalïķïn ayur

12. bab ķïlïķ ķïlïnq artaķï yasïn ayur

13. bab səz baxï kün toqdï əlig ʻədil şifətin ayur

14. bab ay toldï kün toqdï əligkə kəlmixin ayur

15. bab ay toldï kün toqdï əligkə kərünmixin ayur

16. bab ay toldï əligkə əzi dəwlət ərdükin ayur

B5

17. bab dəwlət şifəti ķïlķï ərsəllikin ayur

C9

18. bab kün toqdï əlig ay toldïķa əzin bəlgürtmixin ayur

19. bab kün toqdï ʻədil şifəti nətəg ərdükin ayur

20. bab ay toldï əligkə sual ķïlmïxïn ayur

21. bab əlig jəwabï ay toldïķa

22. bab til ərdəmlərin səz asïqlarïn ayur

23. bab ay toldï wəzir suali əlig jəwabï

B6

24. bab sɵzlɵmɵkmü ədgürək azu xük turmakmu

A9

25. bab kut kïvlikin dəwlət ərsəllikin ayur

26. bab ay toldï ooqlï ɵgdülmixni ɵtləmixin ayur

27. bab ay toldï əligkə kumaru bitik bitmixin ayur

28. bab əlig ɵgdülmixni okïp tapuoqka kɵrünmixin ayur

29. bab əlig suali ɵgdülmixkə

30. bab ɵgdülmix jəwabï əligkə

31. bab ɵgdülmix əligkə ukux şifətin ayur

B7

32. bab bəglər nəgü təg kərəkin ayur

33. bab wəzirlər nəgü təg kərəkin ayur

34. bab sü baxlar ər nəgü təg kərəkin ayur

35. bab uluoq ḩajip nəgü təg kərəkin ayur

36. bab kapuoq baxlar ər nəgü təg kərəkin ayur

C10

37. bab yalavaq nəgü təg kərəkin ayur

38. bab bitikqi ïlïmoqa nəgü təg kərəkin ayur

B8

39. bab aoqïqï nəgü təg kərəkin ayur

40. bab ax baxqïsï han-salar nəgü təg kərəkin ayur

41. bab ïdïxqïlar baxï xərabdar nəgü təg kərəkin ayur

42. bab tapuoqqïlar həkkï bəglər əzə nəgü ərdükin ayur

43. bab əlig suallərinə əgdülmix jəwablarïn ayur

44. bab kün tooqdï əlig odoqurmïxka bitik ïdmïxïn ayur

45. bab əgdülmix odoqurmïx tapa barmïxïn ayur

B9

46. bab əgdülmix odoqurmïx birlə munazərə kïlmïxïn ayur

47. bab əgdülmix odoqurmïxnï okïmïxïn ayur

48. bab dunya ərdəmin asïoqïn yasïn həbər bərür

49. bab odoqurmïx əgdülmixkə dunyanïn münin 'əyïblarïn ayur

50. bab əgdülmix odoqurmïxka fani dunya birlə baki 'ukbi kazoqanoqusïn ayur

51. bab odoqurmïx əligkə pənd bitip ïdmïxïn ayur

52. bab əlig odoqurmïxka ikinq yolï bitik ïdmïxïn ayur

53. bab egdülmix odoqurmix birlə ikinq munažərə kilmixin ayur

B10

54. bab bəglərkə tapinmak tərüsin tokusin ayur

55. bab kapuoqdaki ər at birlə nəgü təg tirilgüsin ayur

C11

56. bab kara bodun birlə nəgü təg katiloqusin ayur

57. bab 'ələwilər birlə nətəg katiloqusin ayur

58. bab 'ilim adamlari birlə katilmakin ayur yəmə otaqilar mu'əzzimlər mu'əbbirlər munəjjimlər xa'irlər tarioqqilar igdixqilər uzlar qioqaylar birlə katilmak nəgü təg kərəkin kərəkməzin ayur

59. bab əvlik almak ooqul kiz igidməkni ayur

60. bab əlig asrakilarioq nətəg tutoqusin ayur

61. bab axka okimak həm baroqu barmaoqusin ayur

62. bab axka barsa nəgü təg yəgüsin yəməgüsin ayur

63. bab yumoqika okimak bəyani kilinur

B11

64. bab odoqurmix dunyani yərip 'əyiblarin aytip kəna'ət egmixin ayur

65. bab oqafilliktin odanmak bəyani kilinur

66. bab əgdülmix oḑoıurmïxnï ziyarət üqün okïoıalï barmïxïn ayur

67. bab oḑoıurmix əlig tapa kəlmixin ayur

68. bab oḑoıurmix əligkə pənd bərmixin ayur

69. bab əgdülmix əligkə əl ətgü tərüsin ayur

70. bab əgdülmix əkünüp təwbəka ooıramï-xïn ayur

B12

71. bab kixilikkə kixilik yanut ķïlmaķïn ayur

72. bab oḑoıürmïx iglig bolup əgdülmixin okïmïxïn ayur

73. bab oḑoıurmïx tüx kərmixin ayur

74. bab oḑoıurmïx tüxinə tə'bir ķïlmïxïn ayur

75. bab oḑoıurmïx əgdülmixkə pənd bərmixin ayur

76. bab əgdülmix əligkə oḑoıurmïx igləmixin ayur

77. bab əgdülmix ķadaxï tapa barmïxïn ayur

C12

78. bab əgdülmix oḑoıurmïxķa yas tutmïxïn ayur

79. bab tiriglik yava ķïlmïxķa əkünməkin ayur

80. bab yusuf qalbaxī yigitlikkə əkünüp avụqọḷalīķīn ayur

81. bab əḍlək artaķīn dostlar jəfasīn ayur

82. bab ķitab iḍīsi eziņə pənd bərip 'użrin ķolur

D

B13

BISMI'LLAḤI'R-RƏḤMANI'R-RƏḤIM

1
TƏŅRI 'ƏZZƏ WƏ JƏLLƏ ƟGDISIN AYUR

1 bayat atï birlə sɵzüg baxladïm
tɵrütgən igiḍgən kəqürgən iḍim

2 ɵküx ɵgdi birlə tümən miņ ŝəna
uƣan bir bayatķa aņar yoķ fəna

3 yaƣïz yə̣r yaxïl kɵk kün ay birlə tün
tɵrütti həlayiķ ɵḍ ɵḍlək bu kün

4 tilədi tɵrütti bu bolmïx ķamuƣ
bir ɵk bol tə̣di boldï ķolmïx ķamuƣ

D

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

(ئايمغۇچى ۋە كويۇنگۇچى تەڭرىنىڭ
ئېتى بىلەن باشلايمەن)

بىرىنچى باپ

ھەممىدىن ئەزىز ۋە ئۇلۇغ بولغان تەڭرىنىڭ مەدھىيەسى باياندا

1 خۇدا ئاتى بىرلە سوزۇم باشلىدىم،
تورەلتكەن، ئوستۇرگەن، كەچۇرگەن ئىزىم[14].

2 تولا مەدھى بىرلە تۇمەن مىڭ سەنا
قادىر بىر خۇداغا، ئاڭا يوق پەنا[15].

3 قوڭۇر يەر، يېشىل كوك، كۇن، ئاي بىرلە تۇن—
ياراتتى زامان، ۋاقىت، مەخلۇق ۋە كۇن.

4 ئۇ خالاپ ياراتتى، يارالدى پۇتۇن،
ئۇ بىرلا دىدى "بول"، بار ئۇلدى پۇتۇن.

5 ķamuƣ barqa muŋluƣ tərütülmixi
muŋī yoķ iḍi bir aŋar yoķ ȩxi

6 ay ərklig uƣan mənü muŋsuz bayat
yaramaz səniŋdiŋ aḍīnķa bu at

7 uluƣluķ saŋa ol bȩḍüklük saŋa
səniŋdin aḍīn yoķ saŋa ṭux təŋə

8 aya bir birikməz saŋa bir aḍīn
ķamuƣ axnuda sən sən eŋdün kȩḍin

9 saķīxķa ķatīlmaz səniŋ birlikiŋ
tezü neŋkə yətti bu ərkligikiŋ

10 sȩziksiz bir ek sən ay mənü aqu
ķatīlmaz ķarīlmaz saķīxķa saqu

A11 C13
11 ay iq tax biligli ay ḥəkku'-ḷyakīn
kezümdə yīraķ sən keŋülkə yaķīn

12 barīŋ bəlgülüg sən kün ay təg yaruķ
nətəglikkə yətgü keŋül egdə yoķ

13 nə ərsədin ərməz səniŋ birlikiŋ
nə ərsələrig sən terüttüŋ səniŋ

14 ķamuƣ sən terüttüŋ nə ərsələrig
yoķaḍur nə ərsə sən ek sən tirig

B14
15 terütgən barīŋa terütmix tanuķ
terimix iki bir tanuķī anuķ

16 anīŋ okxaƣī yoķ azu məŋzəgi
nətəglikkə yətməz həlayiķ egi

5 بۇ بارچە يارالغان مۇھتاجدۇر ئاڭا،
ئۇگەم سەن بىھاجەت، يوق ھەمرا ساڭا.

6 ئەي قادىر ۋە مەڭگۈ بىھاجەت بايات،
سېنىڭدىن بولەككە ياراشماس بۇ ئات.

7 ئۇلۇغلۇق ساڭا ھەم بۈيۈكلۈك ساڭا،
سېنىڭدىن بولەك يوق ساڭا تۇش-تەڭ.

8 ئەي بىر سەن، بىرىكمەس ساڭا باشقا بىر،
بۇرۇن سەن جىمىدىن، جىمىدىن ئاخىر.

9 ساناققا قېتىلماس سېنىڭ بىرلىكىڭ،
پۈتۈن نەرسىگە يەتتى قۇدرەتلىكىڭ.

10 گۇمان يوقكى، بىر سەن، ئەي مەڭگۈ خۇدا،
ئۆزۈڭ ھەر نىچۈك سان-ساناق سىرتىدا.

11 ئىچۇ-تاش بىلۇچى ئەي ھەققۇليەقىن[16]،
كوزۇمدىن يىراقسەن، كوكۇلگە يېقىن.

12 ئېرۇر بارلىغىڭ كۈن ۋە ئايدەك يورۇق،
تېگىڭگە يېتۈچى كوكۇل-ئەقىل يوق.

13 نىمەلىكتىن ئەرمەس سېنىڭ بىرلىكىڭ،
ياراتتىڭ جىمىنى، جىمىسى سېنىڭ.

14 پۈتۈن بار نىمەنى ياراتتىڭ ئۆزۈڭ،
يوقلۇر جىمىسى، تىرىك سەن ئۆزۈڭ.

15 ياراتقان بارلىغا يارالغان تانۇق[17]،
يارالغان ئىككى بىر تانۇقى ئېنىق.

16 ئۇنىڭ ئوخشىشى يوق ۋە ياكى تېڭى،
نىچۇكلۇگىگە يەتمەس خالايىق ئېڭى.

17 yorīmaz nə yatmaz uḑīmaz oḑuɋ
nə məŋzəg nə yaŋzaɋ ketürməz boḑuɋ

18 kẹḑin endün ərməz nə soldīn oŋun
nə astīn nə üstün nə otru orun

19 orun ol terütti orun yoḳ aŋar
anīŋsīz orun yoḳ pütün bol muŋar

20 ay̆ sīrḳa yaḳīn ay keŋülkə əḑiz
tanuḳ ol saŋa barqa şurət bəḑiz

21 terüttüŋ tümən miŋ bu sansīz tirig
yazī taɋ təŋiz ketki oprī yẹrig

22 yaxīl kek bəzədiŋ tümən yulduzun
ḳara tün yaruttuŋ yaruḳ ḳündüzün

23 uquɋlī yorīɋlī tinīɋlī nəqə
tirilgü səniŋdin bulup yẹr iqə

24 əḑiz ʻərxtə altīn ŝəraḳa təgi
tezü barqa muŋluɋ saŋa ay iḑi

25 aya birkə pütmix tiliŋ birlə eg
keŋül pütti xəksiz amul tutɋīl eg

26 nətəglikkə kirmə küḑəzgil keŋül
barīŋa pütün boloɋil amrul amul

27 ḳalī ḳanqaḳa kirmə tutɋīl ezüŋ
ḳalī ḳanqasīz bil uzatma sezüŋ

C14

28 ay muŋsuz iḑim sən bu muŋluɋ ḳuluɋ
suyurḳap kəqürgil yazuḳīn ḳamuɋ

17 ئۇ يۇرمەس، ئۇ ياتماس، ئويغاق، ئۇخلىماس،
ئۇنىڭدىن يىراقتۇر تەسەۋۋۇر-قىياس.

18 نە ئالدا، نە كېيىن، نە ئوڭ-سولدا ئۇ،
نە پەستە، ئېگىزدە، نە ئۇدۇلدا ئۇ.

19 ئورۇن ئول ياراتتى، ئورۇن يوق ئاڭا،[18]
ئۇنىڭسىز ئورۇن يوق، ئىشەنگىن بۇڭا.

20 ئەي سىرغا يېقىن، ئەي كوڭۇلگە ئەزىز،
گۇۋادۇر ساڭا بارچە سۇرەت ۋە ئىز.

21 ياراتتىڭ تۇمەن مىڭ تىرىك، ساناقسىز،
قۇرۇقلۇق، چۇقۇر، تاغ، دالا، دوڭ، دېڭىز.

22 بىزەتتىڭ يېشىل كوكنى يۇلتۇز بىلە،
يورۇتتۇڭ قارا تۇننى كۇندۇز بىلە.

23 ئۇچارلىق، ماڭارلىق، تىنارلىقكى بار،
سېنىڭدىن ئىچىپ، يەپ تىرىكلىك قىلار.

24 ئېگىز ئەرش ئۇستىدىن يەر ئاستىغا تا،
پۇتۇن بارچە مۇھتاج ئەي ئىگەم ساڭا.

25 ئايا ھەققە پۇتكەن، ئاچ ھەمدىگە تىل،
دىلىڭ پۇتسە شەكسىز، يۇرۇتمە ئەقىل.[19]

26 ئۇ قانداق دىمەكتىن كوڭۇلنى كۇزەت،
پۇتۇپ بارلىغىغا ئاسايىشقا يەت.

27 نىچۇك، قانچە دەپ يۇرمە، تۇتقىن ئوزۇڭ،
نىچۇك، قانچىسىز بىل، ئۇزارتما سوزۇڭ.

28 بۇ مۇڭلۇق قۇلۇڭنى، ئەي مۇڭسىز ئىگەم،
كەچۇرگىن گۇنايىنى ئەيلەپ كەرەم.

29 saņar oķ siɑïndïm umïnqïm şaņa
munaḍmïx yərimdə əlig tut maņa

B15
30 səvüg savqï birlə ķopurɑïl mə̣ni
əlig tuttaqï ķïl kənilik küni

31 təzü tərt ə̣x̣iņə tümən miņ səlam
təgürgil kəsüksüz tutaxï ulam

32 uluɑ kündə ķərkit olarnïņ yüzin
əḷig tuttaqï ķïlɑïl əḍgü sezin

A12
33 sə̣ni ərdükün təg egüməz ezüm
sə̣ni sənmət eggil kəsildi sezüm

29 ساڭالا سىغىندىم، ئۈمىدىم ساڭا،
قىيىنلىق يېرىمدە مەدەت قىل ماڭا.

30 سۆيۈملۈك رەسۇل بىرلە تۇرغۇز مېنى،
قولۇم تۇتقۇچى قىل قىيامەت كۈنى.

31 ئۇنىڭ توت يارىغا تۈمەن مىڭ سالام،
يېتىشتۇر مېنىڭدىن داۋام ۋە داۋام.

32 ئۇلۇغ كۈندە كورسەت ئۇلارنىڭ يۈزىن،
قولۇم تۇتقۇچى ئەيلە ياخشى سۆزىن.

33 سېنى ماختىيالمايمەن لايىق ئۆزۈم،
سېنى سەنلا ماختا، كېسىلدى سۆزۈم.

2

YALAVAQ̣ 'ƏLƏYḤI'S-SƏLAM ӨGDISIN AYUR

34 səvüg savqï ïḍtï baɣïrsaḳ iḍi
boḍunda talusï kixidə kəḍi

35 yula ərdi həlḳḳa ḳaraŋḳu tüni
yaruḳluḳï yaḍtï yaruttï sə̣ni

36 oḳïqï ol ərdi bayattïn saŋa
sən өtrü kөni yolḳa kirdiŋ toŋa

37 atasïn anasïn yuluɣ ḳïldï ol
tilək ümmət ərdi ayu bə̣rdi yol

38 künün yə̣mədi kөr tunün yatmadï
sə̣ni ḳoldï rəbda aḍïn ḳolmadï

39 sə̣ni ḳoldï tün kün bu əmgək bilə
anï өg sən əmdi səvinqin tilə

40 ḳamuɣ ḳaḍɣusï ərdi ümmət üqün
ḳutulmaḳ tilər ərdi raḥət üqün

ئىككىنچى باپ

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدھىيەسى بايانىدا

34 ئەۋەتتى رەسۇلنى رەھىملىك ئىگەم،
كىشى ياخشىسى، تاللىنىلغىنى ھەم.

35 چىراق ئىدى خەلقىقە قاراڭغۇ تۈنى،
يورۇقلۇقنى چاچتى، يورۇتتى سېنى.

36 خۇدادىن دەۋەتچى ئىدى ئۇ ساڭا،
يىگىت، توغرا بىر يولنى تاپتىڭ، شۇڭا.

37 ئاتاسىن، ئاناسىن پىدا قىلدى ئول،
تىلەك ئۈممەت ئەردى، بايان قىلدى يول.

38 كېچە ئۇخلىماستىن ۋە كۈندۈز يېمەي،
سېنى سوردى ھەقتىن، بولەكنى دىمەي.

39 تىلەدى سېنى كۈن-تۈن ئەمگەك بىلە،
ئۈنى ماختا ئەمدى، رىزاسىن تىلە.

40 پۈتۈن قايغۇسى ئەردى ئۈممەت ئۈچۈن،
قۇتقۇزماق تىلەر ئەردى راھەت ئۈچۈن.

41 atada anada baɣïrsaḳ bolup
tilər ərdi tutqï bayattïn ḳolup

42 bayat rəḥməti ərdi həlḳï əzə
ḳïlïnqï silig ərdi ḳïlḳï tüzə

B16 C15

43 tüzün ərdi alqaḳ ḳïlïnqï silig
uvutluɣ baɣïrsaḳ aḳï kəŋ əlig

44 yaɣïz yər yaxïl kəktə ərdi kəsüx
aŋar bərdi təŋri aɣïrlïḳ əküx

45 baxï ərdi əŋdün ḳamuɣ baxqïḳa
kəḍin boldï tamɣa ḳamuɣ savqïḳa

46 kəŋül badïm əmdi anïŋ yolïŋa
səvip səzi tuttum pütüp ḳavlïŋa

47 ilaḥi küḍəzgil mənïŋ kəŋlümi
səvüg savqï birlə ḳopur ḳopɣumï

48 ḳiyamətta kərkit tolun təg yüzin
əlig tuttaqï ḳïl ilaḥi əzin

41 ئاتادىن، ئانادىن بولۇپ مېھرىۋان،
تىلەيتتى خۇدادىن شۇنى ھەر زامان.

42 خەلققە ئىدى ئۇ خۇدا رەھمىتى،
قىلىغى سىلىقتۇر، تۈزلۈك خىسلىتى.

43 ئىدى ئۇ مۇلايىم، قىلىغى سىلىق،
ھايالىق، قولى كەڭ، سېخى رەھىملىك.

44 قوڭۇر يەر، يېشىل كوكتە ئەردى ئەزىز،
ئاڭا بەردى تەڭرى قىممەت ئېيتقۇسىز.

45 بۇرۇندىن ئىدى باش پۈتۈن باشچىغا،
كېيىن بولدى تامغا پۈتۈن ساۋچىغا[20].

46 ئۇنىڭ مەن يولىغا كوڭۇل باغلىدىم،
ئىشەندىم، سويۇپ ھەم سوزىن ئاڭلىدىم.

47 ئىلاھا، كۆزەتكىن بۇ كوڭلۈمنى سەن،
قوپاردا رەسۇللە قوپار مېنى تەڭ.

48 قىيامەتتە كورسەت تولۇندەك يۈزىن،
قولۇم تۇتقۇچى قىل ئىلاھا ئۇزىن.

3

TƟRT SƏḤABƏNIŅ ƟGDISIN AYUR

A13

49 anïņ tərt ạxi ol avïnoqu kərüp
kạņəxqi bular ərdi birlə turup

50 iki ķaḍïn ərdi küḍəgü iki
bular ərdi əḍrüm boḍunda iki

51 ‘ətiķ ərdi axnu ķamuoqda oza
bayatķa pütügli kəņül til tüzə

52 yuluoq ķïldï malï təni janïnï
yalavaq səvinqi tilədi kəni

53 basa faruķ ərdi kixi əḍrümi
tili kəņli bir təg boḍun kəḍrümi

54 bu ərdi basutqï kəni dinķa kək
xəri‘ət yüzindin kạtərdi əxük

55 basa ‘usman ərdi uvutluoq silig
kixidə əḍürmix aķï kạņ əlig

ئۈچىنچى باپ
تۇت ساھابىنىڭ مەدھىيىسى باياندا

49 ئۇنىڭ تۇت ھەمرىيى سويۇنچى ئىدى،
ھەر ئىشتا بىللە ھەم كېڭەشچى ئىدى.

50 قېيناتا ئىككىسى، كىياۋ ئىككىسى،
تاللانغان كىشىلەر ئىدى تۇتىسى.

51 جىمىدىن ئابابەكر ئىدى ئەۋۋىلى،
خۇداغا ئىشەنگەن تىلى ۋە دىلى.

52 پىدا قىلدى مالى، تېنى-جانىنى،
رەسۇلنىڭ رىزاسى ئىدى كۆتكىنى.

53 كېيىن پارۇق[21] ئەردى كىشىلەر خىلى،
تىلى ۋە دىلى بىر، خەلق ئىسلى.

54 ئىدى ئۇ ياردەمچى ۋە ھەق دىنغا ئۇل،
كوتەردى توساقنى شەرىئەتتىن ئۇل.[22]

55 ئۇسماندۇر مۇلايىم، ئۇياتچان تېخى،
كىشىلەر خىلى ھەم قولى كەڭ سېخى.

B17

56 fida ḳïldï barïn nəṇin ḥəm ɵzin
yalavaq aṇar bẹrdi iki ḳïzïn

57 'əli ərdi munda basaḳï talu
kür ərsig yürəklig məṇəsi tolu

C16

58 aḳï ərdi əlgi yürəki təḍük
biliklig ṣaḳïnuḳ kɵr atï bəḍük

59 bular ərdi din ḥəm xəri'ət kɵki
bular yüḍti kafir munafiḳ yüki

60 bu tɵrt ẹx maṇa tɵrt tadu təg turur
tüzülsə tadu qïn tiriglik bolur

61 məniṇdin bularḳa ɵküx miṇ səlam
təgürgil iḍim sən kəsüksüz ulam

62 olarnï məniṇdin səvindür tuqï
uluq kündə ḳïlqïl əlig tuttaqï

56 پەيدا قىلدى بارچە مال ھەم ئۆزىنى،
رەسۇل بەردى ئاڭا ئىككى قىزىنى.

57 سوڭ ئاندىن، سەرە-خىل مەردان ئېلىدۇر،
ئەقىللىق يىگىت ئەر، يۈرەكلىك جەسۇر.

58 ئۈچۈق قول ئىدى ئۇ، يۈرەگى سۈزۈك،
بىلىملىك ۋە تەقۋا، ئېتىمدۇر بۈيۈك.

59 ئۇلار ئىدى دىن ھەم شەرىئەت كۆكى[23]،
كۆتەردى مۇناپىق ۋە دىنسىز يۈكى.

60 بۇ تۆت يار ماڭا تۆت . تادۇدەك [24] ئېرۇر،
تۈزۈلسە تادۇ چىن ھاياتلىق بولۇر.

61 مېنىڭدىن ئۇلارغا تۈمەن مىڭ سالام،
يەتكۈزگىن ئىگەم سەن ئۈزۈكسىز داۋام.

62 سۆيۈندۈر مېنىڭدىن ھامان كۆڭلىنى،
قولۇم تۇتقۇچى قىل قىيامەت كۈنى.

4

YARUⱪ YAZ FƏȘLIN ULUƢ BUƢRA HAN ƟGDISIN AYUR

63 toƣardïn əsə kəldi ɵŋdün yẹli
azun ẹtgükə aqtï uxtmah yolï

64 yaƣïz yẹr yïpar toldï kafur kẹtip
bəzənmək tilər dunya kɵrkin ẹtip

65 ẹrinqig kïxïƣ sürdi yazⱪï əsin
yaruⱪ yaz yana ⱪurdï dəwlət yasïn

66 yaxïⱪ yandï boloƣay yana ornïŋa
balïⱪ ⱪuḍruⱪïndïn ⱪozï burnïŋa

A14 B18
67 ⱪurïmïx yïƣaqlar tonandï yaxïl
bəzəndi yipün al sarïƣ kɵk ⱪïzïl

B18
68 yaƣïz yẹr yaxïl torⱪu yüzkə badï
hïţay arⱪïxï yaḍtï tavƣaq ẹḍi

69 yazï taƣ ⱪïr oprï tɵxəndi yaḍïp
ẹtindi ⱪolï ⱪaxï kɵk al kəḍip

تۆتىنچى باپ

پارلاق باھار سۈپىتى ۋە ئۇلۇغ بۇغراخان مەدھىيىسى بايانىدا

63 ئېسىپ كەلدى شەرقتىن باھارنىڭ يېلى،
بىزەشكە جاھان ئاچتى جەننەت يولى.

64 قوڭۇر يەر ئىپار تولدى، كافۇر[25] كېتىپ،
بېزەنمەك تىلەر دۇنيا كۆركەم ئېتىپ.

65 جاپا قىشنى قوغلاپ يازغى ئېسىن،[26]
پارلاق ياز يەنە قۇردى دەۋلەت ياسىن.

66 قۇياش ياندى بولغاي يەنە ئورنىغا،
بېلىق قۇيرۇغىدىن قوزى بۇرنىغا.[27]

57 قۇرۇغان ياغاچلار كىيىندى يېشىل،
بىزەندى يىپۇن[28]، ھال، سېرىق، كۆك، قىزىل.

68 قوڭۇر يەر يېپىندى يېشىل تورقىنى،
تاۋغاچ رەختى يايدى قىتان كارۋىنى.

69 دالا، تاغ، قىر، ئۆيمان توشەندى يېپىپ،
بىزەندى ۋادىلار يېشىل، ھال كىيىپ.

70 tümən tü q̧əq̧əklər yazïldï külə
yïpar toldï kafur azun yïḍ bilə

71 şəba yəli ḳoptï ḳaranfil yïḍïn
azun barqa pütrü yïpar burdï kin

72 ḳaz ərdək ḳuɣu ḳïl ḳalïḳïɣ tudï
ḳaḳïlayu ḳaynar yoḳaru ḳoḍï

73 ḳayusï ḳopar kər ḳayusï ḳonar
ḳayusï qapar kər ḳayu suv iqər

74 kəkix turna kəktə ünün yaṅḳular
tizilmix titir təg uqar yəlkürər

75 ular ḳux ünin tüzdi ündər əxin
silig ḳïz oḳïr təg köṅül bərmixin

76 ünin ətti kəklik külər ḳatɣura
ḳïzïl aɣzï ḳan təg ḳaxï ḳap ḳara

77 ḳara qumɣuḳ ətti sïta tumxuḳïn
üni oɣlaɣu ḳïz üni təg yaḳïn

78 q̧əq̧əkliktə sandvaq ətər miṅ ünün
oḳïr şurï ʻibri tünün həm künün

79 əlik külmiz oynar q̧əq̧əklər əzə
sïɣun muyɣaḳ aɣnar yorïr təp kəzə

80 ḳalïḳ ḳaxï tügdi kəzi yax saqar
q̧əq̧ək yazdï yüz kər külər ḳatɣurar

81 bu əḍtə azun əz əziṅə baḳïp
küvənip səvinip əḍiṅə baḳïp

70 تۈمەن رەڭ چېچەكلەر ئېچىلدى كۆلۈپ،
ئېپار، كافۇر ھىدىغا دۇنيا تولۇپ.

71 ئېسىپ تاڭ شامالى قەلەمپۇر پۇراق،
ئېپار بۇيىغا تولدى دۇنيا بىراق.

72 غاز، ئۆدەك، قىل[29]، ئاققۇ خوشاللىق بىلەن،
قاقىلداپ ئۇچۇشۇر يۇقۇرى-تۆۋەن.

73 ئەنە كور، بىرى قونسا، ئۇچار ئۇ بىرى،
بىرى ئۈزسە ئويناپ، ئىچەر سۇ بىرى.

74 تىزىلغان توگىدەك كوكىش[30] تۇرنىلار،
ئۇچار، يەلپۈنەر ھەم ئۈنىن ياڭرىتار.

75 ئۇلاي قۇش سايرىدى ئۈندەپ يولدىشىن،
گۈزەل قىز قىچىرغان كەبى سويمىشىن.

76 قاقىلدادى كەكلىك، كۆلۈپ قاتىقارا[31]
قىزىل ئاغزى قاندەك، قېشى قاپقارا.

77 قارا قۇچقاچ ئوتتى ستا تۇمشۇغىن،[32]
ئۈنى نازىنىن قىزنىڭ ئۈنىگە يېقىن.

78 چېچەكلىكتە مىڭ خىلدا بۇلبۇل ئۈنى،
ئوقۇر سورى ئەبرىنى[33] كۈن ھەم تۈنى.

79 ئىلىك ۋە جەرەن گۈل ئارا ئوينىشۇر،
ئارقار، تاغ ئوچكىسى جۈپ-جۈپ سەكرىشۇر.

80 قاشىن تۈردى ئاسمان، كوزى ياش چاچار،
چېچەكلەر يۈز ئاچتى، كۆلۈپ قاتقارار.

81 بۇ ۋاقتا جاھان ئوز-ئوزىگە قاراپ،
سويۇنۇپ، قۇۋانىپ مىلىغا قاراپ،

82 ilətü maŋa aqtï dunya səzin
ayur kərmədiŋmü bu hakan yüzin

83 udïr ərdiŋ ərsə tur aq əmdi kəz
əxitmədiŋ ərsə əxit məndə səz

B19
84 tümən yïlda bərü tul ərdim tulas
bu tul tonï suqlup ərüŋ kədtim as

85 bəzəndim bəgim boldï hakan uluq
ətündüm munu kolsa janïm yuluq

86 bulït kəkrədi urdï nəwbət tuqï
yaxïn yaxnadï tarttï hakan tuqï

87 biri kïnda qïktï sunup əl tutar
biri küsi qavï azunka yətər

88 azun tuttï tavqaq uluq buqra han
kutadsu atï bərsü iki jəhan

89 ay din 'izzi dəwlətka naşir mu'in
millətka taj ay xəri'ətka din

90 bayat bərdi barqa tiləmix tilək
bayat ok bolu bərsü arka yələk

91 ay dunya jəmali uluqlukka kərk
ay mülkətka nur ay yayïq kutka ərk

92 bolu bərdi əvrən əlig bərdi təht
tuta bərsü təŋri təht birlə bəht

93 azun tïndï ornap bu hakan əzə
anïn ïdtï dunya taŋuklar tüzə

82 ماڭا كوز يۇگۇرتكەچ ئۇ ئاچتى سوزنى،
دىدى: كورمىدىڭمۇ، بۇ خاقان يۈزنى؟

83 ئەگەر ئۇيقۇلۇقسەن، تۇر، ئاچ ئەمدى كوز،
ئىشتىمگەن ئۇلساڭ، ئىشىت مەندىن سوز:

84 تۇمەن يىل تۇل ئەردىم، سۇلغۇن يۈز ئىدىم،
سىلىپ تۇل كىيىم، كيىدىم ئاق ئاس[34] كىيىم.

85 ئۇلۇغ خان بىگىمدۇر، ياساندىم شۇڭا،
قوبۇل قىلسا، جانىم پىدادۇر ئاڭا.

86 بۇلۇت گۇكرەپ چالدى خان دۇمبىغىن،
چىقىن چاقىندى، تارتتى خاقان تۇغىن.

87 بىرى چىقسا قىنىدىن، ئەل بوي سۇنار،
بىرى شان-شوھرىتىن جاھانغا يايار.

88 جاھان تۇتتى تاۋغاچ ئۇلۇغ بۇغراخان،
قۇتاتسۇن ئىتى، تاپسۇن ئىككى جاھان.

89 ئەي دىن ئىززىتى، دەۋلەتكە يار-مۇئىن[35]،
ئەي مىللەتكە تاج، ئەي شەرىئەتكە دىن،

90 خۇدا بەردى بارچە تىلىگەن تىلەك،
ساڭا بولسۇن ھەق مەڭگۇ يارۇ-يولەك.

91 ئەي دۇنيا جامالى، ئۇلۇغلۇقتا كورك،
ئەي مۇلك نۇرى، ئەي بىۋاپا بەختكە ئورك[36]،

92 زامان بەردى ساڭا دەۋلەت ۋە تەخت،
بىرىۋەرسۇن تەڭرى بۇ تەخت بىرلە بەخت.

93 جاھان تىندى چىققاچ خاقان تەختكە،
جاھان سۇندى سوغات خاقان بەختكە.

94 əsirdin kəligli ḳalïḳ ḳuxlarï
ḳayu ray-i ḩindi ḳayu ḳəyşəri

95 ɵgər atïn ündəp ünin türtüxüp
küvənq birlə avnur səvinqkə tuxup

96 bu türlüg q̣əqək yərdə munqa bəḍiz
yazï taƣ ḳir oprï yaxïl kɵk məņiz

97 ḳayusï yïḍï birlə tapnur tapuƣ
ḳayu kɵrk məņiz birlə aqtï ḳapuƣ

98 ḳayusï əlig sundï tütsük tutar
ḳayu büvkirər kin aẓun yïḍ ḳopar

B20
99 ḳayusï toƣardïn tutar miņ taņuḳ
ḳayusï batardïn tapuƣqï anuḳ

A15
100 tapuƣḳa kəlip ḳut ḳapuƣda turur
ḳapuƣda turuƣlï tapuƣda turur

101 bu yaņlïƣ tapuƣḳa ətindi aẓun
yaƣï boynï əgdi kɵtürdi ɵzün

102 aẓunda qavï bardï haḳan küsi
kɵrüməgli kɵzlərdə kətti usï

103 aẓun inqkə təgdi tüzüldï tɵrü
tɵrü birlə atïn ḳopurdï ɵrü

104 aḳï şurətin kim kɵrəyin təsə
kəlip kɵrsü haḳan yüzini usa

105 jəfasïz wəfalïƣ tiləsə ḳutun
yüzi kɵr ḳïlïnqï wəfa ol pütün

94 پازادىن كېلۇچى ساما قۇشلىرى،
بىرى رايى ھىندى[37]، بىرى قەيسەرى[38].

95 ئېتىن ئاتىشىپ، بەسلىشىپ سايرىشۇر،
سويۇنۇش، خوشاللىق ئارا يايرىشۇر.

96 گۇزەل مەنزىرە، يەردە گۇل خىلمۇ-خىل،
دالا، تاغ، ئېدىر، قىر يۇزى كوك، يېشىل.

97 بىرى خۇش ھىدى بىرلە قۇللۇق قىلار،
بىرى كورك يۇزلە ئىشكنى ئاچار.

98 بىرى قول سۇنۇپ ئاڭا ئىسرىق تۇتار،
ئىپار بىرلە بىرى جاھان تولغۇزار.

99 بىرى شەرقتىن تۇتار مىڭ ئارمىغان[39]،
بىرى غەرپتىن تىكەر خىزمىتگە جان.

100 تۇرار بەخت ئىشكتە خىزمەتكە كېلىپ،
قىلاي دەپ بىر خىزمەت ئۇمىتلەر قىلىپ.

101 شۇ ياڭلىغ خىزمەتكە تەيياردۇر جاھان،
بويۇن ئەگدى دۇشمەن، يوقالدى شۇئان.

102 يېيىلدى جاھانغا خاقان داڭقىسى،
قېچىپ كورمىگەن كوزلەرنىڭ ئۇيقىسى.

103 تۇزەلدى قانۇن ۋە تىنچلاندى جاھان،
قازاندى نام ئۇستۇن قانۇن بىرلە خان.

104 دىسە كىم، كورەيمەن سېخىنىڭ ئوزىن،
كېلىپ كورسۇن ئۇ ئۇشبۇ خاقان يۇزىن.

105 جاپاسىز، ۋاپا، بەخت تىلەسە كىشى،
يۇزىن كورسۇن ئۇنىڭ، ۋاپادۇر ئىشى.

106 asīoq ķolsa barqa ezüņ yassizīn
bərü kəl tapuoq ķīl keņül bər isin

107 tüzün ķīlķī alqaķ baoqīrsaķ keņül
kerəyin tşsə kəl munī ker amul

108 ay əḍgü ķīlīnq əşli əḍgü uruoq
azun ķalmasunī siziņsiz ķuruoq

109 bayat bərdi dəwlət ay tərkən ķutī
anīņ xükri ķīloqu oķīp miņ ,atī

110 iḍi kəqki sez ol məsəldə kəlir
ata ornī atī ooqulķa ķalīr

111 ata orni ķaldī atī ma bilə
aḍīn ma taķī bolsu miņ miņ ula

112 talu nəņ taņuķ tuttī miņ miņ əlig
munu ķīl taņuķī ķutaḍoqu bilik

113 olarnīņ taņuķī kəlir ḥəm barīr
mənin bu taņuķ boldī məņü ķalīr

114 nəqə tərsə dunya tükər alķīnur
bitisə ķalīr sez azun təzginür

B21

115 kitabķa bitindi bu haķan atī
bu at məņü ķaldī ay tərkən ķutī

116 ya rəb üstə dəwlət tükəl ķīl tiləķ
ķamuoq ixtə boloqīl sən arķa yələk

117 səvərin əsən tut yaoqīsīn ketür
səvinqin tolu tut saķīnqīn ķotur

106 زەرەرسىز مەنپەئەت كورەي دىسەڭ گەر،
يېقىن كەل، ئىشىن قىل، ئىسىن، كوڭۇل بەر.

107 ئىسىل، خۇلقى كەمتەر، دىلى مېھرىۋان—
كىشى كىم؟ دىسەڭ، كەل، ئۇنى كور بۇئان.

108 ئەي خۇيى گۇزەل، پاك نەسەپ، پاك ئۇرۇق،
جاھان قالمىسۇن سەندىن ھەرگىز قۇرۇق.

109 ساڭا ھەق بەردى بەخت، ئەي ساھىپقىران،
ئوقۇپ مىڭ ئېتىنى ئاڭا قىل شۇكران.

110 تولا كۇنا بىر سوز مەسەلدە كېلۇر،
ئاتا ئورنى، ئاتى ئوغۇلغا قالۇر.

111 ئاتانىڭ ئېتى، ئورنى قالدى ساڭا،
قوشۇلسۇن يەنە باشقا مىڭ-مىڭ ئاڭا.

112 قىممەتلىك سوغات تۇتتى مىڭ-مىڭچە قول،
قۇتادغۇ بىلىكتۇر مېنىڭ سوغام ئول.

113 ئۇلارنىڭ سوغاتى كېلەر ھەم كېتۇر،
مېنىڭ بۇ سوغاتىم تا مەڭگۇ قالۇر.

114 نىچە يىغسا دۇنيا تۇگەيدۇ يوقاپ،
قالۇر سوز پۇتۇلسە، جاھانغا تاراپ.

115 كىتاپقا يېزىلدى بۇ خاقان ئېتى،
بۇ ئات، ئەي ھوكۇمدار، قالار شۇ پېتى.

116 خۇدايا، ئاشۇر دەۋلەتىن، بەر تىلەك،
پۇتۇن ئىشتا بولغىن سەن ئارقا يولەك.

117 ئېسەن ئەيلە دوستىن، يېغىسىن يوقات،
خوشال قىل دائىما، قايغۇدىن ئازات.

118 yaoɋa tursu yaoɋmur yazïlsu qəqək
kurïŋux yïoɋaqtïn salïnsu küẓək

119 bolu bẹrsü əvrən tuqï əvrilü
kodï bolsu duxman baxï kavrïlu

120 yaoɋïz yẹr bakïr bolmaoɋïnqa kïzïl
ya otta qẹqək enməginqə yaxïl

121 tirilsüni tərkən kutï miŋ kutun
yalïnsunï kermaz karakï otun

122 takï ma nəgü ərsə arzu tilək
bayat ok bolu bẹrsü arka yelək

123 səvinqin avïnqïn küvənqin ẹli
axasu yaxasunï lukman yïlï

يېغسپ تۇرسۇن يامغۇر، چىچەك كۈللسۇن، 118
قۇرىغان دەرەختە بىخلار كوكلسۇن.

پەلەك چاقى تۇرسۇن دائىم ئايلىنىپ، 119
تووەن بولسۇن دۇشمەن بېشى ئېگىلىپ.

قوڭۇر يەر بولمىغۇنچە مىستەك[40] قىزىل، 120
يا ئۇتتا چىچەك ئۇنمىگۇنچە يېشىل،

بۇ ساھىپقىران كوپ ياشاسۇن ئۇزۇن، 121
ھەسەتخور كوزى ئوتتا كويسۇن پۈتۈن.

تېخى بولسا نىمە ئۇنىڭدا تىلەك، 122
ئاڭا بولسۇن داۋام ھەق ئارقا يولەك.

ھوزۇر ۋە ھالاۋەت، ئىشەنچتە ئېلى 123
ئىچىپ، يەپ، ياشاسۇن ئۇ لوقمان يىلى.[41]

5
YƏTI YULDUZ ON IKI ƟKƏKNI AYUR

124 bayat atī birlə sezüg baxladīm
terütgən igiḍgən kəqürgən iḍim

125 terütti tilək təg tezü ‘aləmīƣ
yaruttī aẓunḳa künüg ḥəm ayīƣ

126 yarattī ker əvrən tuqī əvrilür
anīŋ birlə təzginq yəmə təzginür

127 yaxīl kek yarattī ezə yulduzī
ḳara tüŋ terütti yaruḳ kündüzi

B22

128 bu kektəki yulduz bir anqa bəzək
bir anqa ḳulavuz bir anqa yəzək

129 bir anqa yarutmīx həlayiḳḳa ol
bir anqa ḳulavuz bulur yitsə yol

130 ḳayusī erürək ḳayusī ḳoḍī
ḳayusī yaruḳraḳ ḳayu əksüdi

بەشىنچى باپ

يەتتە يۇلتۇز ۋە ئون ئىككى بۇرج بايلندا

124 خۇدا ئاتى بىرلە سوزۇم باشلىدىم،
تورەلتكەن، ئوستۇرگەن، كەچۇرگەن ئىزىم.

125 ياراتتى ئالەمنى ئۇ خالاپ ئوزى،
يورۇتتى كۇن، ئاي بىرلە دۇنيا يۇزى.

126 ياراتتى پەلەك، كور، دائىم ئايلىنۇر،
هايات هەم ئۇ بىرلە تىنىماي چۇرگىلۇر.

127 ياراتتى يېشىل كوكتە يۇلتۇزنى ئۇ،
ياراتتى قارا تۇن ۋە كۇندۇزنى ئۇ.

128 كوكتىكى يۇلتۇزلار بەزىسى بىزەك،
يول باشلار بەزىسى، بەزىسى يەزەك[42]؛

129 كىشىگە يورۇقلۇق بېرۇر بەزىسى،
يول يۇتسە كورسىتۇر يەنە قانچىسى.

130 بەزىسى، ئىگىزدە، بەزىسى تۇۋەن،
غۇۋادۇر بەزىسى، بەزىسى روشەن.

131 bularda əņ üstün səkəntir yorīr
iki yīl səkiz ay bir əvdə ķalīr

132 anīņda basa boldī ikinq oņay
bir əvdə ķalīr on aḑīn iki ay

133 üqünqi kürüd kəldi keksün yorīr
ķayuķa bu baķsa yaxarmīx ķurīr

134 yaxīķ boldī tertinq yarutţī aẓun
yaķīxsa yarutur baķīxsa ezün

135 səvüg yüz urundī bęxinqi səvit
səvə baķtī ərsə sən ezni avīt

136 basa kəldi arzu tilək arzular
ķayuķa yaoquxsa aņar ez ular

137 bularda əņ altīn bu yalqīķ yorīr
yaxīķ birlə utru baķīxsa tolīr

138 on iki ükək ol bularda aḑīn
ķayu iki əvlig ķayu birkə in

139 ķozī yazķī yulduz basa uḑ kəlir
ərəntir ķuqīķ birlə sanqu yorīr

140 ker arslan bilə ķoxnī buoqday baxī
basa ülgü boldī qaḑan ya ęxi

141 basa kəldi ooqlaķ kenək həm balīķ
bular tooqdī ərsə yarudī ķalīķ

142 üqi yazķī yulduz üqi yayķī bil
üqi küzki yulduz üqi ķīxķī bil

131 بۇلاردىن ئەڭ ئۈستۈن سەكەنتىر[43] تۇرۇر،
ئىككى يىل سەككىز ئاي بىر بۇرجدا قالۇر.

132 ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ ئوڭاي[44]،
قالۇر بىر بۇرجدا ئۇ دەل ئون ئىككى ئاي.

133 ئۈچىنچى كۆرۈددۇر[45] غەزەپتە يۈرۈر،
قايان بارسا بارلىق ياشارغان قۇرۇر.

134 تۆتىنچى قۇياشتۇر، يورۇتار جاھان،
يېقىن ھەم ئۇدۇل كەلگەننى ھامان.

135 بەشىنچى سەۋىتتۇر[46]، سويۇملۇك ئوزى،
ئۇ باقسا كورەرسەن خوشاللىق يۈزى.

136 ئۈنىڭدىن كېيىن بۇ ئارزۇ[47] كېلەر،
ئۇ كىمگە يۇقۇشسا، تىلەككە يېتەر.

137 بۇلاردىن توۋەنرەكتە يالچىق[48] تۇرار،
قۇياشقا ئۇدۇل باقسا تولۇن بولار.

138 ئون ئىككى بۇرج باردۇر بۇلاردىن بولەك،
جۇپ ئويلۇك بەزىسى ۋە بەزىسى يەك:

139 قوزى يازغى يۇلتۇز، كېيىن ئۇي كېلۇر،
جەۋزا بىلەن سەرتان تۇرتۇشۇپ يۈرۈر.

140 ئېرۇر خوشنا بۇغداي بېشى. ئارسلان،
كېلەر ئارقىدىن قەۋس، ئەقرەپ، مىزان.

141 كېلەر ئاندىن ئوغلاق، سوغا ھەم بېلىق،
تۇغۇلسا بۇلار كوك بولغۇسى يورۇق.

142 ئۇچ يۇلتۇز باھارنىڭ، ئۇچى يازغىدۇر،
قىشنىڭدۇر ئۇچىسى، ئۇچى كۇزگىدۇر[49].

143 üqi ot üqi suv üqi boldï yə̣l
üqi boldï tupraḳ aẓun boldï ə̣l

144 bụlarda birisi ḅiriṇə yaƣï
yaƣïḳa yaƣï ïḍtï kəsti qoƣï

145 ḳarïxmaz yaƣïlar yaraxtï iqin
kɵrüxməz yaƣïlar kɵtürdi ɵqin

146 ə̣tikli bayatïm ə̣tə bə̣rdi ɵz
ə̣tə bə̣rdi tüzdi yaraxturdï tüz

147 basa aydïm əmdi munu yalṇuḳuƣ
aƣïrliḳï boldï bilik ɵg uḳuƣ

143 ئۆچى سۇ، ئۆچى يەل، ئۆچى بولدى ئوت،
ئۆچى تۇپراق، بۇلاردىن دۇنيا ۋۇجۇت.

144 يىغىدۇر بۇلارنىڭ بىرىگە-بىرى،
قويۇپ ياۋغا ياۋ، قىلدى جەڭنى نىرى.

145 ئۇرۇشماس بۇ ياۋلار، ياراشقان ئۆچۈن،
كۈرەشمەس بۇ ياۋلار كوتەرگەچ ئوچۇن.

146 يېتىشلىك ئىلاھىم سىلىپ ئىزغا ئوز،
ياراتتى ئۇلارنى، ياراشتۇردى تۈز.

147 بۇ ئىنسان بايانىن قىلاي ئەمدى مەن،
قەدىر تاپتى ئەقلى، بىلىم-ئاڭ بىلەن.

6

YALŅUĶ OƢLANÏ AƢÏRLÏĶÏ BILIK UĶUX BIRLƏ ƏRDÜKIN AYUR

148 terütti eḑürdi səqü yalņuķuƣ
anar bərdi ərdəm bilik eg uķuƣ

149 keņül bərdi həm mə yorïttï tilig
uvut bərdi ķïlķ həm ķïlïnqï silig

150 bilik bərdi yalņuķ bəḑüdi bu kün
uķux bərdi etrü yazïldï tügün

151 bayat kimkə bərsə uķux eg bilik
eküx əḑgülükkə uzattï əlig

152 bilikni bəḑük bil uķuxnï uluƣ
bu iki bəḑütür eḑürmix ķuluƣ

153 bu sezkə tanuķï munu kəldi sez
bu sezni əxitgil sezüņ munda üz

154 uķux ķayda bolsa uluƣluķ bulur
bilik kimdə bolsa bəḑüklük alur

ئالتىنچى باپ

ئادەم بالىسىنىڭ قىممىتى بىلىم ۋە ئەقىلدىن ئىكەنلىكى بايانىدا

148 ياراتتى ۋە يۈكسەلتتى تاللاپ ئادەم،
بېرىپ ھۇش-ئەقىل، پەزىل، ئىلىمنى ھەم.

149 تىلىنى چىقارىپ، ئاڭا بەردى دىل،
ئۇيات بەردى يەنە گۈزەل، خۇش پېئىل.

150 بىلىم بەردى، ئىنسان زورايدى بۇ كۈن،
ئەقىل بەردى، شۇڭا يېشىلدى تۈگۈن.

151 خۇدا بەرسە كىمگە ئەقىل-ھۇش، بىلىك،
تولا ياخشىلىققا ئۇزاتۇر ئىلىگ[50].

152 بىلىمنى بۈيۈك بىل، ئۇقۇشنى ئۇلۇغ،
بۇ ئىككى يۈكسەلتۇر قۇلىنى تولۇق.

153 بۇ سۆزگە گۇۋادۇر تۇۋەندىكى سۆز،
بۇ سۆزنى ئىشىتكىن، سۆزۈڭ بۇندا ئۆز:

154 ئەقىل قايدا بولسا، ئۇلۇغلۇق بولۇر،
بىلىم كىمدە بولسا، بۈيۈكلۈك تاپۇر.

155 uḳuxluoq uḳar ol biliklig bilir
bilikli uḳuoqlï tiləkkə təgir

B24

156 bilik mə‘nisi bil nəgü̦ tə̦r bilik
bilik bilsə etrü yïrar ərdə ig

157 biliksiz kixi barqa iglig bolur
igig əmləməsə kixi tərk elür

158 yorï ay biliksiz igiŋni ota
biliksiz otïn sən ay bilgə ḳuta

159 uḳux ol burunduḳ anï yətsə ər
tiləkkə təgir ol tümən arzu yə̦r

160 uḳux bolsa ərkə kər asoqï eküx
bilik bilsə etrü bolur ər kesüx

A17

161 uḳux birlə ixlə ḳamuoq ix küḍük
bilik birlə bəklə bu bulmïx eḍüg

155 ئەقىللىق ئۇقار ئۇل، بىلىملىك بىلۇر،
بىلىملىك، ئەقىللىق تىلەككە يېتۇر.

156 بىلىم مەنىسىن بىل، بىلىم نىمە دەر،
بىلىم ئۇ ساقايتۇر كېسەل بولسا ئەر.

157 بىلىمسىز كىشى بارچە ئاغرىق بولۇر،
داۋالانمىسا ئۇ تىرىكلا ئۇلۇر.

158 كېسەلنى داۋالات، بار، ئەي بىلىمگەن،
ئەي ئالىم نادانغا داۋا ئەيلە سەن.

159 ئەقىلدۇر بۇرۇندۇق، ئاڭا يەتسە ئەر،
تۈمەن مىڭ تىلەگى ھەم بولسا يېتەر.

160 كىشىگە ئىرۇر كوپ ئەقىل پايدىسى،
بىلىم بىلسە ئىنسان ئەزىز بولغۇسى.

161 جىمىكى ئىشىڭنى ئەقىل بىرلە قىل،
بىلىم بىرلە ۋاقتىڭنى ساقلاشنى بىل.

7

TIL ӘRDӘMIN MÜNIN ASÏǪÏN YASÏN AYUR

162 uķuxķa bilikkə bu tïlmaqï til
yaruttaqï ərni yorïķ tilni bil

163 kixig til aǫïrlar bulur ķut kixi
kixig ţil uquzlar barïr ər baxï

164 til arslan turur kөr ixiktə yatur
aya əvlig ər saķ baxïņnï yə̣yür

165 tilin əmgəmix ər nəgü tə̣r əxit
bu sөz ixkə tutǫïl өzüņə ə̣x ə̣t

166 mə̣ni əmgətür til ə̣ḍi өk təlim
baxïm kəsməsüni kəsəyin tilim

167 sөzüņni küḍəzgil baxïņ barmasun
tiliņni küḍəzgil tixiņ sïnmasun

B25
168 biliklig bilik bə̣rdi tilkə pïxïǫ
aya til iḍisi küḍəzgil baxïǫ

يەتتىنچى باپ

تىلنىڭ پەزىلىتى بىلەن قۇسۇرى ۋە پايدىسى بىلەن زىيىنى بايانىدا

162 ئەقىل ھەم بىلىم تەرجىمانى بۇ تىل،
روشەن تىل كىشىنى يورۇتقۇچى، بىل!

163 قەدىرلىك قىلار تىل، تاپار بەخت كىشى،
قىلار ئەرنى تىل خار، كېتەر ھەم بېشى.

164 ئىشكتە تۇرار ئارسلاندۇر بۇ تىل،
ئەي ئۆيلۈك ھەزەر قىل، بېشىڭ يەيدۇ، بىل.

165 نىمە دەيدۇ تىلدىن جاپا كورگەن ئەر،
قۇلاق سال، ئەمەل قىل، دىققىتىڭنى بەر:

166 جاپا سالدى تىلىم ماڭا كوپ قېتىم،
كېسىلمەستە باشىم، كېسەي مەن تىلىم.

167 سوزۇڭنى كۆزەتكىن، بېشىڭ كەتمىسۇن،
تىلىڭنى كۆزەتكىن، چىشىڭ سۇنمىسۇن.

168 بىر ئالىم دىدى تىل ئۈچۈن پۇختا سوز،
ئايا تىل ئىگەسى كۆزەت باشىنى ئوز.

169 əsənlik tiləsə sənin̡ bu əzün̡
tilin̡də qīkarma yaraqsïz sezün̡

170 bilip sezləsə səz bilikkə sanur
biliksiz sezi əz baxïnï yəyür

171 əküx sezdə artuk asïq kərmədim
yana sezləmixtə asïq tulmadïm

172 əküx sezləmə səz birər sezlə az
tümən səz tügünin bu bir sezdə yaz

173 kixi sez bilə kopti boldï məlik
əküx səz baxïq yərkə kïldï kəlik

174 əküx sezləsə yan̡xadï tər bilik
yana sezləməsə aqïn tər tilig

175 kalï mundaq ərsə yorïk utru ur
yorik utru ursa kixig yoklatur

176 tilig kəd küdəzgil küdəzildi bax
sezün̡ni kïsurqïl uzatïldï yax

177 til asqï təlim bar yasï ma əküx
ara əgdilür til ara min̡ səküx

178 kalï mundaq ərsə bilip sezlə səz
səzün̡ bolsu kəzsüz karaquka kəz

179 biliksiz karaqu turur bəlgülüg
yorï ay biliksiz bilik al ülüg

180 toqquqlï əlür kər kalïr bəlgü səz
səzün̡ ədgü sezlə əzün̡ əlgüsüz

169 ئىسەنلىك تىلەسەڭ ئەگەر سەن ئۆزۈڭ،
تىلىڭدىن چىقارما ياراقسىز سوزۈڭ.

170 بىلىپ سوزلىسە سوز، بىلىم سانىلۇر،
بىلىمسىز سوزى ئۆز بېشىنى يېيۇر.

171 تولا سوزدە ئارتۇق پايدا كورمىدىم،
يەنە سوزلىمەيمۇ پايدا تاپمىدىم.

172 تولا سوزلىمە سوز، بىرەر سوزلە ئاز،
تۈمەن سوز تۇگۈنىن بۇ بىر سوزدە ياز[51].

173 كىشى بولغۇسى شاھ ئۇسۇپ سوز بىلەن،
تولا سوز بېشىڭنى قىلار يەر تۇۋەن.

174 بىلىم دەر "مەمەدانە"، كوپ سوزلىسەڭ،
گاچا دەيدۇ سوزنى ئەگەر دىمىسەڭ.

175 پاساھەت[52] بىلە قىل شۇڭا سەن سوزۈڭ،
پەسىھ بولسا تىلىڭ، ئۇسەرسەن ئۆزۈڭ.

176 تىلىڭنى كۈزەت بەك، كۈزىتىلەر باش،
سوزۈڭنى قىسقا قىل، ئۈزارتىلار ياش.

177 بۇ تىل پايدىسى كوپ، زىيانمۇ تولا،
ئارا ماختىلۇر، مىڭ سوكىلۇر ئارا.

178 ئەگەر مۇنداغ ئولسا، بىلىپ سوزلە سوز،
سوزۈڭ بولسۇن كوزسىز قارغۇ ئۈچۈن كوز.

179 ئېنىقكى، بىلىمسىز بىر قارغۇ ئېرۇر،
بىلىمدىن نەسىپ ئال، بىلىمسىز، يۈگۈر.

180 تۇغۇلغان ئولەر، كور، قالۇر بەلگۈسىز،
سوزۈڭ ياخشى بولسا، ئۆزۈڭ ئولگۈسىز.

181 iki naņ bilə ər ķarīmaz ezi
bir əḑgü ķīlīnqī bir əḑgü sezi

182 kixi toɣdī eldi sezi ķaldī ker
ezi bardī yalņuķ atī ķaldī ker

B26
183 tiriglik tiləsə ezüņ elməgü
ķīlīnqīņ sezüņ əḑgü tut ay begü

184 tilig egdüm anqa ara sektüküm
tiləkim sez ərdi saņa yerdüküm

185 ķamuɣ sezni yīɣsa uķux taplamaz
kərək sezni sezlər kixi kizləməz

186 sezüm oɣluma sezlədim mən toņa
oɣul məndə altīn maņa nə təņə

187 saņa sezlədim mən sezüm ay oɣul
saņa bərdi bu pənd ezüm ay oɣul

188 kümüx ķalsa altun məniņdin saņa
anī tutmaɣīl sən bu sezkə təņə

A18
189 kümüx ixkə tutsa tükər alķīnur
sezüm ixkə tutsa kümüx ķazɣanur

190 kixidin kixikə ķumaru sez ol
ķumaru sezüg tutsa asɣī yüz ol

* * *

191 bu kün tügmə ķaxīņ ay bilgə begü
ezüm 'użrin aysa yəmə əymənü

181 ئەر ئىككى نىمەدىن قېرىماس ئۆزى،
بىرى ياخشى ئىش، بىرى ياخشى سۆزى.

182 كىشى تۇغدى، ئۆلدى، سۆزى قالدى، كۆر،
ئۆزى كەتتى ئىنسان، ئېتى قالدى، كۆر.

183 ئۆلۈمسىز ھاياتنى تىلەسەڭ ئۆزۈڭ،
قىل ياخشى، ئەي ھېكىم، خۇلقۇڭ ھەم سۆزۈڭ.

184 قىلىپ مەدھى تىلنى، ئارا سۆكمىگىم،
ساڭا سۆز ئۆگىتۈرۈش ئىدى تىلىگىم.

185 پەقەت سۆزلىمەسلىكنى ئەقىل خالىماس،
كېرەك سۆزنى سۆزلەر كىشى، يوشۇرماس.

186 سۆزۈمنى دېدىم مەن بالاغا، باتۇر،
مېنىڭدىن توۋەن ئۇ، نېچۈك تەڭ بولۇر؟

187 ئەي، ئوغلۇم دېدىم مەن ساڭا بۇ سۆزۈم،
ساڭا بۇ ناساتىمنى بەردىم ئۆزۈم:

188 كۆمۈش قالسا ئالتۇن مېنىڭدىن ساڭا،
ئۇنى تۇتمىغىن سەن بۇ سۆزگە تەڭا.

189 كۆمۈشنى ئىشلەتسە، تۈگەر، يوقىلۇر،
سۆزۈمنى ئىشلەتسە، كۆمۈش قازىنۇر.

190 كىشىدىن ـ كىشىگە مىراس سۆز قالۇر،
مىراس سۆزنى تۇتساڭ يۈز پايدا بولۇر.

191 قاۋاق تۇرمە بۈگۈن، ئەي دانا ماڭا،
يەنە ئۆزۈر ئېيتسام ئەيمىنىپ ساڭا.

8

KITAB IḌISI ƟZ 'UZRIN AYUR

192 tiləkim səz ərdi ay bilgə bəgü
kəḍin kəldəqikə əzüm səzləgü

193 uḳux kəldi utru ayur pütrü kər
səzüŋ bolsa yaŋluḳ saŋa bolqa ḳor

194 boḍun tili yavlaḳ səni səzləgəy
kixi ḳilḳi kirtüq ətiŋni yəgəy

195 baḳa kərdüm ərsə yənik boldi yük
əzüm aydi səzlə səzüŋ bari tək

B27
196 nəgülük təsə sən ayayin saŋa
əxitgil səzümni ay ərsig toŋa

A-
197 bu yalŋuḳ ati boldi yaŋluk üqün
bu yaŋluḳ uruldi bu yalŋuḳ üqün

198 yaŋilmaz kixi kim ayu bər maŋa
yaŋilmix tümən miŋ ayayin saŋa

سەككىزىنچى باپ

مۇئەللىپنىڭ ئۆز ئۆزرىنى ئېيتقانلىقى باياندا

192 تىلەگىم ئىدى، ئەي ھېكىم، سۆزلىمەك،
كېيىنكىلەرگە بىر يادىكار قالغىدەك.

193 ئەقىل كەلدى قارشى، دىدى دىققەت ئەت،
سۆزۈڭ بولسا يېگىلىش، بولۇر ساڭا سەت.

194 ياماندۇر خەلق تىلى سېنى سۆزلىگەي،
كىشى خۇلقى قىزغانچ، ئېيتگىنى يىگەي.

195 قاراپ كۆرگىنىمچە يېنىكلەندى يۈك،
ئۆزۈمگە دىدىم سۆزلە، بار سۆزنى تۆك.

196 نىمىشقا دىسەڭ مەن ساڭا ئېيتايىن،
سۆزۈمنى ئەي ھوشيار يىگىت ئاڭلىغىن:

197 كىشى ئاتى يالغۇق[53]، يېگىلگاق ئۈچۈن،
دېيىلدى ئۇ يالغۇق، يېگىلگان ئۈچۈن.

198 يېگىلمەس كىشى كىم، دىگىن سەن ماڭا،
تۈمەن مىڭ يېگىلگانىنى دەيمەن ساڭا.

199 biliklig əḍi az biliksiz ekü̈x
ukuxsuz ekü̈x bil ukuxluoq kesü̈x

200 biliksiz bilikligkə boldï yaoqï
biliksiz biliklïgkə ķïldï qooqï

201 kixidə kixi aḍrukï bar təlim
bu aḍruķ bilikdin ayur bu tilim

202 bilikligkə sezlədim ux bu sezüm
biliksiz tilini bilüməz ezüm

203 biliksiz bilə hiq sezüm yoķ mənin̦
ay bilgə ezüm ux tapuoqqï sənin̦

204 sezüm sezləmixkə san̦a əymənü
ezüm ʻużri ķoldï san̦a ux munu

205 sezüg sezlədəqi azar həm yazar
uķuxluoq əxitsə on̦arur tüzər

206 burundukluoq ol sez təvə burnï təg
barur ķanqa yətsə titir boynï təg

207 bilip sezlədəqï kixi bar ekü̈x
anï bildəqi ər man̦a kəḍ kesüx

208 ķamuoq əḍgülüklər bilik asoqï ol
bilik birlə buldï məŝəl kekkə yol

209 bilik birlə sezlə ķamuoq sezni sən
bilikin bəḍük bil ķamuoq ezni sən

210 yaxïl kektin indi yaoqïz yərkə sez
sezi birlə yaln̦uķ aoqïr ķïldï ez

199 بەك ئازدۇر بىلىملىك، تولا بىلىمسىز،
ئەقىلسىز تولادۇر، ئەقىللىق ئەزىز[54].

200 بىلىمسىز بىلىملىككە بولدى يېغى،
نادانلار ئالىمغا قارشى ھەر چېغى.

201 كىشىدىن ـ كىشىنىڭ تولا پەرقى بار،
بىلىمدۇر بۇ پەرق، سوز شۇ ئۇززە بارار.

202 بىلىملىككە سوزلىدىم مەن بۇ سوزۇم،
بىلىمسىز تىلىنى بىلمەيمەن ئۇزۇم.

203 بىلىمسىز بىلەن ھىچ سوزۇم يوق مېنىڭ،
ئەي ئالىم، ئۇزۇم بىر قۇلۇڭمەن سېنىڭ.

204 سوزۇمنى دىلگەلى سەندىن ئەيمىنىپ،
قويارمەن بۇ ئۇزرۇمنى ئۇمىت قىلىپ.

205 سوز ئېيتقان كىشىلەر ئازار، ئالدىرار،
ئەقىللىق ئىشىتسە، تۇزەتىپ بارار.

206 بۇرۇندۇقلۇق ئۇل سوز توگە بۇرنىدەك،
ماڭار نەگە تارتسا ھىڭگان توگىدەك.

207 بىلىپ سوزلىگۇچى كىشى كوپ ئېرۇر،
ئۇنى بىلگۇچى ئەر ماڭا خوپ ئېرۇر.

208 پۇتۇن ياخشىلىقلار ئىلىم نەپئى ئۇل،
بىلىم بىرلە تاپتى مىسال كوككە يول.

209 بىلىم بىرلە سوزلە پۇتۇن سوزنى سەن،
بۇيۇك بىل بىلىمى بىلەن ئەرنى سەن.

210 يېشىل كوكتىن ئىندى[55] قوڭۇر يەرگە سوز،
كىشى تاپتى قىممەت سوزى بىرلە ئۇز.

B28

211 kixi kөŋli tüpsüz təŋiz təg turur
bilik yinqü sanï tüpində yatur

212 təŋizdin qïķarmasa yinqü kixi
kərək yinqü bolsun kərək say taxï

213 yaɣïz yə̣r ķatïndaķï altun tax ol
ķalï qïķsa bəglər baxïnda tux ol

214 biliklig qïķarmasa bilkiŋ tilin
yarutmaz anïŋ bilki yatsa yïlïn

215 uķuxlï bilikli ə̣ḍi əḍgü nəŋ
ķalï bulsa ixlət uqup kөkkə təŋ

216 nəgü tə̣r əxitgil bu ə̣l kənd bəgi
uķuxķa bilikkə yətürmix өgi

217 aẓun tutɣuķa ər uķuxluɣ kərək
boḍun basɣuķa өg kərək ḥəm yürək

218 uķux birlə tuttï aẓun tutɣuqï
bilik birlə bastï boḍun basɣuqï

219 aẓunķa apa inmixində bərü
uķuxluɣ uru kəldi əḍgü tөrü

220 ķayu өḍtə ərsə bu kündə burun
bilikligkə təgdi bədükrək orun

221 uķux birlə aslur kixi artaķï
bilik birlə süzlür boḍun bulɣaķï

222 bu ikin ə̣tüməsə ķoḍɣïl bilik
ķïlïqķa təgürgil sən өtrü əlig

211 كىشى كوڭلى تولۇپسىز دېڭىزدەك ئېرۇر،
بىلىم ئۇنچە ئوخشاش تۇۋىدە ياتۇر.

212 دېڭىزدىن چىقارمىسا ئۇنچە كىشى،
قالۇر پەرقسىز بولۇپ ئۇنچە ساي تېشى.

213 قوڭۇر يەر تېگىدە ئالتۇن ئىدى تاش،
گەر چىقسا بەگلەرگە بولۇر باشقا تاج.

214 گەر ئالىم ئىلمىنى چىقارمىسا تىل،
يورۇتماس ئۇنىڭ ئىلمى ياتسىمۇ يىل.

215 ئەقىل ۋە بىلىم ئول ئۆز نەرسىدۇر ئەڭ،
ئەگەر بولسا ئىشلەت، ئۇچۇپ كوككە تەڭ.

216 نىمە دەيدۇ ئەلنىڭ بېگى ئاڭلىغىل،
ئۇقۇشقا، بىلىمگە يۈگۈرتۈپ ئەقىل:

217 جاھان تۇتقىلى ئەر ئۇقۇشلۇق كېرەك،
كېرەك يۇرت سوراشقا ئەقىل ۋە يۈرەك.

218 ئەقىل بىرلە تۇتتى جاھان تۇتقۇچى،
بىلىم بىرلە تۇتتى ئەلنى سورغۇچى.

219 قاچانكىم جاھانغا چۈشۈپتۇ ئادەم،
ئاقىللار تۈزەپ كەلدى ياخشى نىزام.

220 قايۇ ۋاقتتا بولسۇن، بۇ كۈندىن بۇرۇن،
بىلىملىككە تەگدى بۈيۈكرەك ئورۇن.

221 ئەقىللە ئېسىلغاي ئادەم ئەسكىسى،
بىلىملە بېسىلغاي خەلق پەتنىسى.

222 بۇ ئىككى يول بىلەن ئىش پۈتمىسە ھېچ،
بىلىمنى قويۇپ ئال قولۇڭغا قىلىچ.

223 bəgü bilgə bəglər boḍunḳa baxï
ḳïlïq birlə ẹtmix biliksiz ixi

224 aẓun tutoɋuḳa ər uḳux bilsə kəḍ
boḍun basoɋuḳa ər bilik bilsə kəḍ

225 bu iki biriksə bolur ər tükəl
tükəl ər aẓunuoɋ təmam yẹr tükəl

B29
226 apaņ iki aẓun ḳolur ərsə sən
otï əḍgülük ol ḳïlur ərsə sən

227 ḳalï əḍgü bolmaḳ tiləsə ɵzüņ
yorï əḍgülük ḳïl kəsildi sɵzüņ

228 kixi məņü bolmaz bu məņü atï
aniņ məņü ḳaldï bu əḍgü atï

A18
229 ɵzüņ məņü ərməz atïņ məņü ol
atïņ məņü bolsa ɵzüņ məņü ol

223 بىلىملىك، ئاقىل بەگ بولسا ئەل بېشى،
قىلىچ بىرلە تۈگەر بىلىمسىز ئىشى.

224 جاھان تۇتماق ئۈچۈن ئەرگە ئاڭ كېرەك،
ئەل-يۇرتنى سوراشقا بىلىم ئەڭ كېرەك.

225 بۇ ئىككى بىرىكسە بولۇر ئەر تولۇق،
تولۇق ئەر جاھان نېمەتىن يەر تولۇق.

226 ساڭا ئىككى دۇنيا گەر ئولسا تىلەك،
ئامالى ياخشىلىق ئېرۇر ئەيلىمەك.

227 ئەگەر ياخشى بولماق تىلەسەڭ ئۆزۈڭ،
يۈرى، ياخشىلىق قىل، قوي ئۆزگە سوزۈڭ.

228 كىشى مەڭگۈ بولماس، كى مەڭگۈ ئېتى،
شۇڭا مەڭگۈ قالدى بۇ ياخشى ئېتى.

229 ئۆزۈڭ مەڭگۈ ئەرمەس، ئېتىڭ مەڭگۈ ئول،
ئېتىڭ مەڭگۈ ئولسا، ئۆزۈڭ مەڭگۈ ئول.

9

ƏḌGÜLÜK ĶĪLMAĶ ƟGDISIN ASĪƢLARĪN AYUR

230 ķalī bolsa əlgiņ boḍunķa uzun
ķamuɋ əḍgülük ķīl ķīlīnqīn sɵzün

231 yigitlik ķaqar ol tiriglik uqar
bu tüx təg az̦undīn ɵzüņ tərk kəqər

232 tiriglikni mün ķīl asīɋ əḍgülük
yarīn boloɋa əḍgü yə̣gü kəḍgülük

233 nəgü tə̣r əxitgil kixi əḍgüsi
yorīp tīn toķīɋlī ahir ɵlgüsi

234 az̦unda nə yaņlīɋ ərən toɋdī kɵr
ƀir anqa yorīdī y̦ana ɵldi kɵr

235 kərək bəg kərək ķul nə əḍgü ə̣siz
ɵzi ɵldi ərsə atī ķaldī iz

236 saņa təgdi əmdi kəzikqə orun
ķamuɋ əḍgülük ķīl sən əḍgü burun

توققۇزىنچى باپ

ياخشىلىق قىلماقنىڭ مەزىيىتى ۋە پايدىسى يىلىندا

230 ئەگەر بولسا، خەلق ئۆزرە قولۇڭ ئۈزۈن،
ئەمەل سوزدە قىل ياخشىلىقنى پۈتۈن.

231 يىگىتلىك قاچار ئۇ، تىرىكلىك ئۇچار،
بۇ چۈشتەك جاھاندىن كىشى تېز كېچەر.

232 ھايات — دەسمىيە، پايدا - ئەزگۈلۈك[56]،
بولۇر ساڭا تاڭنا يىمەك - كەيگۈلۈك.

233 نىمە دەيدۇ ئاڭلا كىشى ياخشىسى:
تىنارلىق، ماڭارلىق ئاخىر ئۆلگۈسى.

234 جاھانغا نە ياڭلىغ ئەر تۇغۇلدى، كور،
بىر ئازلا يۈردى - دە، يەنە ئۆلدى، كور!

235 بەگ ئۆلسۇن ۋە يا قۇل يا ياخشى - يامان،
ئۆزى ئۆلدى، قالدى ئېتىدىن نىشان.

236 ساڭا تەگدى ئەمدى بۇ نوۋەت ئورۇن،
قىلىپ سەن ياخشىلىق، ياخشى بول بۇرۇن.

237 tirig ɵlgü ahir tɵxəngü yə̣rig
kịxi ɵlsə əḍgün kɵr atī tirig

238 iki tụrlīg aţ ol bu tildə yorīr
bir əḍgü bir ə̣siz aẓunda ķalīr

B30
239 ə̣sizkə sɵküx əḍgü ɵgdi bulur
ɵzüņkə baķa kɵr ķayusīn ķolur

240 ɵzüņ əḍgü bolsa atīņ ɵgdilig
ķalī bolsa ə̣siz sɵküx ay silig

241 sɵküxlüg nəlük boldī ẓəḥḥak otun
nəlük ɵgdi buldī fəridun ķutun

242 biri əḍgü ərdi anī ɵgdilər
biri ə̣siz ərdi anī sɵktilər

243 ə̣sizmü saņa yə̣g azu əḍgümü
sɵküxmü ķolur sən azu ɵgdimü

244 ķayusīn tiləsə üḍürgil birin
ə̣siz əḍgü bolsa ɵkünmə yarīn

245 muņar məņzətür sɵz sīnamīx kixi
sīnamīx kixi bildi ə̣l kün ixi

246 kixi əḍgü atīn kɵr alķīx bulur
atīķmīx ə̣siz ɵlsə ķaroqīx bulur

247 nəqə mə sīnadīm ə̣siz ķīloquqī
ķə̣tə bardī kündə üzüldi küqi

248 nəqə kɵrdüm ərsə ə̣sizlər ixi
ozu bolmadī ay biliklig kixi

237 تىرىك ئۆلۈر ئاخىر، توشەك بولۇر يەر،
تىرىكتۈر ئېتى، ياخشى بولسا ئەگەر.

238 كىشىدە ئىككى ئات، بۇ تىلدا يۈرۈر،
بىر ياخشى، بىر ئەسكى جاھاندا قالۇر.

239 يامانى سوكۇلۇر، ياخشى ماختىلۇر،
قاراپ كور ئۆزۈڭگە قايۇسى ياقۇر!

240 ئۆزەڭ ياخشى بولساڭ، ئېتىڭ ماختىلۇر،
ئەي ھۇشيار،يامان ئات بولسا سوكىلۇر.

241 يامان خۇيلۇق زاھهاك[57] سوكۇلدى نىچۈن؟
نىچۈن ماختىنىلدى قۇتلۇق پەرىدۇن[58]؟

242 بىرى ياخشى ئەردى، ئۇنى ماختىدى،
يامان ئەردى بىرسى، ئۇنى قاغىدى.

243 يامانلىق كېرەكمۇ، ياخشىلىق ساڭا؟
قاغىشلىق كېرەكمۇ، ماختاشلىق ساڭا؟

244 قايۇسىن تىلەسەڭ، بىرىن تاللىغىن،
يامان ـ ياخشىلىققا ئۇكۇنمە كېيىن.

245 بۇ ياڭلىغ سوز ئېيتتى سىناغان كىشى،
سىناغان كىشى ئۇ بىلەر ئەل ئىشى:

246 كىشى ياخشى ئات بىرلە ئالقىش ئالۇر،
يامان ئاتلىق ئولسا، ئۇ قارغىش ئالۇر.

247 نىچە مەن سىنادىم يامان قىلغۇچى
ئۇتۇپ كۇنمۇ ـ كۇنلەر ئازايدى كۇچى.

248 كورۇپ قانچە ئۇتتۇم، يامانلار ئىشى ـــ
راۋاج تاپمىدى، ئەي بىلىملىك كىشى.

249 ə̦sizlik ot ol ot kəyürgən bolur
yolïnda kəqik yoķ etülgən bolur

250 kerü tursa bizdə oza baroɋuqï
ķara tut ya bəglər aẓun tutoɋuqï

251 bularda ķayu buldï ərsə bilik
olar urmïx eḍ kün aẓunķa əlig

A19

252 bilik kimdə ərsə aẓun bəgləri
terü əḍgü urmïx kixi yə̦gləri

253 bu kün mə kim əḍgü atansa kixi
olar boldï axnu ol əḍgü baxï

B31

254 begü bəg kim ərsə bilikkə yaķïn
biliklig kixig ķïlmïx ezkə yaķïn

255 əlig urmïx ixkə baķïp ixləmix
bilik ixkə tutmïx boḍun baxlamïx

256 ə̦lin ə̦tmix etrü bayumïx ķara
ķara baylïķïn ķïlmïx ezkə tura

257 atï əḍgü bolmïx atanmïx aķï
aķï elsə atï tirig tə̦p uķï

258 elürin bilip ķïlmïx ezkə ə̦tik
bitip ķoḍmïx atïn tirigkə bitik

259 bu kün kim oķïsa olarïoɋ bilir
aɋar etgünür andïn əḍgü kəlir

260 nəgü bar aẓunda bilikdə kesüx
biliksiz tə̦sə ərkə kerksüz seküx

249 يامانلىق ئېرۇر ئوت، بۇ ئوت كويدۇرۇر،
ئوتتۇشكە يولدا كىچىك يوق ئېرۇر.

250 كورەرسەڭكى، بىزدىن بۇرۇن ئوتكۇچى،
ئاۋام خەلق ۋە يا بەگ جاھان تۇتقۇچى،

251 ئۇلاردىن بىلىملىك بولۇر قايسىسى،
بولۇپ ئوتتى دۇنيا-زامان ئىگىسى.

252 جاھان بەگلىرىدىن كىم ئالىم ئىكەن،
ئۇلار ياخشى قانۇن تۈزەپ، ئورلىگەن.

253 بۇ كۈندىمۇ ياخشى ئاتالغان كىشى،
ئەڭ ئاۋال ئېرۇر ئۇ ياخشىلار بېشى.

254 كىم ئاقىل خان ئولسا، بىلىمگە يېقىن،
قىلىپتۇر بىلىملىكنى ئوزگە يېقىن.

255 تۇتۇنغان ئىشنى بىلىپ ئىشلەر ئۇ،
بىلىمنى ئىشلىتىپ ئەلنى باشلار ئۇ.

256 تۈزەدى ئەلنى ئۇ، بېيىدى قارا،
خەلق بايلىغىن قىلدى ئوزگە تۇرا[59].

257 چىقاردى ياخشى ئات، ئاتالدى سېخى،
سېخى ئولسە، ئېتىن تىرىك بىل تېخى.

258 ئۇلۇشنى بىلگەچ تەييارلىق قىلىپ،
قويۇپتۇر تىرىككە پۈتۈك، ئات يېزىپ.

259 بۇ كۈن، كىم ئوقاركەن ئۇلارنى بىلەر،
ئالۇر ئۇلگە ئۇندىن ياخشىلىق كېلەر.

260 جاھاندا نىمە بار بىلىمدىن قىممەت،
بىلىمسىز دىسە ئەر ئۇچۇن بەكمۇ سەت.

261 nəgü tə̣r əxitgil biliklig kixi
azunda sïnayu yətilmix yaxï

262 biliksizkə tərdə orun bolsa kər
bu tər ə̦lkə sandï ə̦lig buldï tər

263 ķalï bilgəkə təgsə ə̦ldə orun
ol ə̦l boldï tərdə taķï kəḍ burun

264 bilikkə turur bu aɣïrlïķ ķamuɣ
azunķa kərək tər kərək ə̦l ķapuɣ

265 iki türlüg ol kər bu əṣlï kixi
biri bəg biri bilgə yalņuķ baxï

266 anïņda naru barqa yïlķï sanï
tiləsə munï tut tiləsə anï

267 səņ əmdi ķayu sən maņa ay aqa
ikidə biri bol üqünqtə ķaqa

268 ķïlïq aldï biri boḍunuɣ tüzər
ķələm aldï biri yorïķ yol süzər

B32
269 olardïn ķalu kəldi əḍgü tərü
ķumaru turur təgsə ķoprur ərü

270 əlügdin tirigkə ķumaru səz ol
ķumaru səzüg tutsa asɣï yüz ol

271 biliksiz ķaraɣu turur bəlgülüg
ay kəzsüz ķaraɣu bilik al ülüg

272 kixi kərki səz ol bu səz ək təlim
yorï əḍgü səzlüg kixig əg tilim

261 نىمە دەيدۇ ئاڭلا بىلىملىك كىشى،
جاھاندا سىنالغان، يېتىلگەن يېشى:

262 بىلىمسىزگە توردە ئورۇن بولسا، كۆر،
بۇ تور بولدى پەگا، پەگا بولدى تور.

263 بولۇپ قالسا پەگا ئالىمغا ئورۇن،
بۇ پەگا بولۇر تور تېخى ئەڭ بۇرۇن.

264 بۇ ھورمەت پۇتۇنلەي بىلىمگە ئېرۇر،
ئۇ مەيلى ئىشىكتە يا توردە تۇرۇر.

265 ئىككى خىل ئېرۇر، كۆر، بۇ ئىسىل كىشى،
بىرى بەگ، بىرى ئالىم—ئىنسان بېشى.

266 بۇلاردىن بولەكنى سەن يىلقى سانا،
تىلەسەڭ بۇنى تۇت، ئۇنى سەن ۋە يا.

267 ئۇزۇڭ قايسىسى سەن ماڭا تىلىڭ ئاچ،
ئىككىدىن بىرى بول، ئۈچىنچىدىن قاچ!

268 ئېلىپ قولغا قىلىچ، بىرى ئەل تۈزەر،
قەلەم بىرلە بىرسى، ھەق يول كۆرسىتەر.

269 ئۇلاردىن قىلىپ كەلدى ياخشى نىزام،
مىراس بۇ، كىم ئالسا، ئۇ ئۇرلەر تامام.

270 ئۇلۇكتىن تىرىككە مىراستۇر بۇ سوز،
مىراس سوزنى تۇتسا بولۇر پايدا يۈز.

271 بىلىمسىز ئېرۇر ئۇ قارغۇ بەلگۇلۇك،
ئەي كوزسىز، بىلىمدىن سەن ئالغىن ئۇلۇگ[60]

272 كىشى كوركى سوزدۇر، كوپتۇر سوز تۇرى،
تىلىم، ماختا خۇش سوز كىشىنى، يۇرى!

273 məŝəl kəldi türkqə mun̡ar mən̡zətür
anï sezlədim mən munu yan̡zatur

274 uk̡ux kerki til ol bu·til kerki sez
kix̡i kerki yüz ol bu yüz kerki kez

275 tili birlə yaln̡uk̡ sezi sezlənür
sezi yak̡xï bolsa yüzi suvlanur

276 kerü barsa əmdi bu türk bəgləri
az̡un̡ bəglərində bular yə̣gləri

277 bu türk bəglərində atï bəlgülüg
ton̡a alp ər ərdi k̡utï bəlgülüg

278 bəḍük bilki birlə eküx ərdəmi
biliklig uk̡uxluoq boḍun keḍrümi

279 nə eḍrüm nə keḍrüm nə ərsig ərən
az̡unda tətik ər yə̣di bu jəh̡an

280 təz̡iklər ayur anï əfrasiyab
bu əfrasiyab tuttï ə̣llər talap

281 ə̣ḍi artuk̡ ərdəm kərək eg bilik
az̡un tutoquk̡a etrü sunsa əlig

282 təz̡iklər bitikdə bitimix munï
bitikdə yok̡ ərsə kim uk̡oqay anï

A20
283 ə̣ḍi yak̡xï aymïx azïoqlïoq kür ər
azïoqlïoq ərən bərk tügünlər yazar

284 min̡ ərdəm kərək bu jəh̡an tutoquk̡a
ker arslan kərək̡ bu k̡ulan basoquk̡a

273 كېلۇر بۇڭا ئوخشاپ تۈركچە مەسەل،
بۇنى ئېيتايىن مەن مۇشۇ يەردە دەل:

274 ئەقىل كۆركى تىلدۇر، بۇ تىل كۆركى سۆز،
كىشى كۆركى يۈزدۇر، بۇ يۈز كۆركى كۆز.

275 كىشى تىل بىلەن دەر سۆزىنى ئۆزى،
سۆزى ياخشى بولسا، يورۇيدۇ يۈزى.

276 بۇ تۈرك بەگلىرىگە سېلىنسا نەزەر،
جاھان بەگلىرىنىڭ ياخشىسى شۇلەر.

277 بۇ تۈرك بەگلىرىدىن ئېتى بەلگۈلۈك،
توڭا ئالپ ئەر[61] ئىدى بەختى بەلگۈلۈك.

278 ئىلىمدە بۈيۈك، كۆپ پەزىللىك دىلى،
بىلىملىك، ئەقىللىق، خەلقنىڭ خىلى.

279 ئىدى ئۇ سەرە-خىل، زىرەك ئەر ئوغلان،
دۇنياغا زىرەكلەر بولۇر ھۆكۈمران.

280 تاجىكلار ئۇنى دەيدۇ ئەفراسىياپ،
بۇ ئەفراسىياپ تۇتتى ئەللەر تالاپ.

281 جاھاننى تۇتاي دەپ سۇنۇشقا ئىلىك،
كېرەك كۆپ پەزىلەت بىلەن كۆپ بىلىك.

282 تاجىكلار كىتاپتا پۈتۈپتۇ بۇنى،
كىتاپقا پۈتمىسە، كىم ئۇققاي ئۇنى.

283 ئەجەپ ياخشى ئېيتقان جەسۇر باتۇر ئەر،
جاسارەتلىك ئەر چىڭ تۈگۈنىنى يېشەر.

284 پەزىلەت كېرەك مىڭ تۇتۇشقا جاھان،
قۇلان تۇتقىلى، كۆر، كېرەك ئارسلان.

B33

285 aẓunqïḳa ərdəm kərək miņ tümən
anïn tutsa ə̣l kün kə̣tərsə tuman

286 ḳïlïq ursa pïqsa yaoqï boynïnï
tərü birlə tüẓsə ə̣li boḍnïnï

285 هوكۇمدارغا خىسلەت كېرەك مىڭ تۈمەن،
ئۇنۇڭلە تۇتسا ئەل، يوقالۇر تۇمان.

286 قىلىچ بىرلە كەسسۇن يېغى بويىنىنى،
قانۇن بىرلە تۈزسۇن ئېلى—خەلقىنى.

10

BILIK UĶUX ƏRDƏMIN ASÏƢÏN AYUR

287 tiləkim səz ərdi ay bilgə bəgü
ukuxuƣ bilikig əzüm səzləgü

288 uķux ol yula təg ķaraņķu tüni
bilik ol yaruķluķ yarutti-sə̣ni

289 uķuxun aƣar ol bilikin bəḍür
bu iki bilə ər aƣïrlïķ kərür

290 muņar pütməsə kər bu nuxin rəwan
uķux kəzi birlə yaruttï jəḥan

291 tərü tüz yorïttï bayudï boḍun
atïn əḍgü ķïldï ol əḍgü əḍün

292 muņar təgdi mundaƣ biliklig səzi
tamudïn yïrar tə̣p tamuluķ əzi

293 kiqig oƣlanïƣ kər uķuxķa ulam
yaxï yətməginqə yorïmaz ķïlam

ئونىنچى باپ

بىلىم بىلەن ئەقىلنىڭ پەزىلىتى ۋە پايدىلىرى بايانىدا

287 تىلەگىم ئىدى سوز، ئەي ئالىم ھېكىم،
ئەقىل ۋە بىلىمدىن سوزلەش مەقسىدىم.

288 ئەقىلدۇر چىراقتەك قاراڭغۇ تۈنى،
بىلىم — ئۇ يورۇغلۇق، يورۇتقاي سېنى.

289 ئۇسەر ئەر ئەقىلدىن، بىلىمدىن بۈيۈر،
بۇ ئىككى بىلەن ئەر قەدىرلىك بولۇر.

290 بۇڭا پۈتمىسەڭ كوركى، نوشىن راۋان[62]،
ئەقىل كوزى بىرلە يورۇتتى جاھان.

291 بېيىدى ئېلى، تۈز يۈرۈتكەچ نىزام،
ئەجىپ ياخشى ۋاقتا قويۇپ ياخشى نام.

292 دىمىش بىر ھېكىم سوز ئۇنىڭغا ئاتاپ،
دەۋزىخى بولسىمۇ ئاڭا يوق ئازاپ.

293 كودەككە قارا، ئۇ تاپۇر ئەقىل ھەم،
يېشى تولمىغۇنچە يۈرۈتمەس قەلەم.[63]

294 ukuxluoq kixi kər karïsa munar
ukux kətti təp həm kələm mə tïnar

295 kalï təlvə urşa kər əlsə kixi
əlüm yok anar həm bərilməz xixi

296 nəgülük təsə sən ukuxsuz turur
ukuxsuz kixilər ülügsüz turur

297 ukuxka turur bu aoqïrlïk ətik
ukuxsuz kixi bir avuqqa tətïk

298 kərü barsa yakxï ayur bu səzüg
ukuxsuz biliksiz bədütməz əzüg

B34
299 kərü barsa barqa urur bu kədük
ukuxluoq biliklig kər əşlï kəd ək

300 ukux bolsa əşlï bolur bolsa ər
bilik bolsa bəglik kilur kïlsa ər

301 kimində ukux bolsa əşlï bolur
kayuda bilik bolsa bəglik bulur

302 yaoqïz yər əzə yalnuk ooqlï əlig
kətürdi kamuoqka yətürdi bilik

303 ukux birlə əşlï atanur kixi
bilik birlə bəglər ətər əl ixi

304 tümən min tü ərdəm əküx əgdilər
ukux birlə kïlmïx üqün əgdilər

305 ukux azïn azlanma asoqï əküx
bilik azïn azlanma ərkə kəsüx

294 ئەقىللىق كىشى ھەم قېرىسا ئازار،
ئەقىل كەتتى دەپ ھەم قەلەممۇ تىنار.

295 ئەگەر تەلۋە بىر ئەرنى ئۆلتۈرسە راس،
ئۇنىڭغا ئۆلۈم يوق، ئېلىنماس قىساس.

296 نىمىشقا دىسەڭ، ئۇ ئەقىلسىز ئېرۇر،
ئەقىلسىز مۇكاپات، جازاسىز ئېرۇر.

297 ئەقىلدىن بولەككە ھورمەت بولمىغاي،
ئەقىلسىز ئادەم ئۇ بىر ئۇچۇملا لاي.

298 قاراپ كور، مۇنۇ سوز ياخشى ئېيتىلغان:
ئوزىنى بۇيۇتمەس ئەقىلسىز نادان.

299 ھەر كىمنىڭ كېيىمى بولۇر ئۇستىدە،
ئەقىللىق، بىلىملىك ئەزىز ئەسلىدە.

300 ئەقىل بولسا، ئىسىل بولۇر بولسا ئەر،
بىلىم بولسا، بەگلىك قىلۇر قىلسا ئەر.

301 ئەقىل كىمدە بولسا، بولۇر ئۇ ئىسىل،
بىلىم كىمدە بولسا، بولۇر خان ئۇ، بىل.

302 كىشى ئوغلى سۇندى قوڭۇر يەرگە قول،
بىلىم بىرلە تاپتى ھەر نەرسىگە يول.

303 ئەقىل بىرلە ئىسىل ئاتىلۇر كىشى،
بىلىم بىرلە بەگلەر قىلۇر ئەل ئىشى.

304 تولا ئالقىش ئالغان تۇمەن پەزىللەر،
قىلىنغاچ ئەقىل بىرلە ماختالدىلەر.

305 ئەقىل ئازىنى ئاز دىمە، نەپئى كوپ،
بىلىم ئازىنى ئاز دىمە، قەدرى خوپ.

306 bu tərt nəņ azïn azķa tutma nəgü
bəgü sezləmix səz əxitgü əgü

307 bu tərttə biri ot birisi yaɣï
ụqünqi ig ol ķər tiriglik aɣï

308 basasï bilik ol bularda biri
bu tərt nəņ uquz tutma yüksək təri

309 bu təgmə biri asɣï yasï təlim
ķayusï bərim təg ķayusï alïm

310 bilik kimya təg ol nəņ irklü turur
uķux ordusï ol nəņ üglü turur

311 yïparlï bilikli təņi bir yaņï
tutup kizləsə bolmaz əzdə əņi

312 yïpar kizləsə sən yiḍi bəlgürər
bilik kizləsə sən tilig ülgülər

A21
313 bilik baylïķ ol bir qïɣay bolɣusuz
təgip oɣrï təvlig anï alɣusuz

314 kixən ol kixikə bilik həm uķux
kixənlig yaraɣsïzķa barmaz əküx

B35
315 səvügrək atïn ər kixənlig tutar
kərəklig atïn kər küḍəzlig tutar

316 kixənlig kürəməz kərəkqə yorïr
tuxaɣlïɣ yïramaz tiləkqə barïr

317 uķux ol saņa əḍgü andlïɣ adax
bilik ol saņar kəḍ baɣïrsaķ ķadax

306 ھېكمەتلەر سۆزىنى ئىشىت ۋە چۈشەن،
بۇ تۇت نەرسە ئازىنى ئاز دېمە سەن:

307 بۇ تۇتىنىڭ بىرى ئوت، بىرىدۇر يېغى،
ئۈچىنچى، كېسەللىك ــ ھايات تۈزىغى.

308 ئۇلاردىن كېيىنكى بىرىدۇر ئىلىم،
بۇ تۆتىنى بوش كۆرمە، بەكمۇ مۇھىم.

309 بۇلاردا بولۇر كۆپ پايدا يا زىيان،
بېرىم يا ئېلىمدەك بولۇر ھەر قاچان.

310 بىلىم كىمسىيادەك[64] يىغار نەرسىنى،
ئەقىلدۇر سارايى، يىغار ھەممىنى.

311 ئىپار بىرلە بىلىم كېتەر ئۆخشىشىپ،
تۇتۇپ بولماس ئۇنى ئۆزدە يوشۇرۇپ.

312 ئىپارنى يوشۇرساڭ، بويى بىلدۇرەر،
بىلىمنى يوشۇرساڭ، تىلىڭ كۆرسىتەر.

313 بىلىم بايلىق ئول، گادايلاشمايدىغان،
قاراقچى ۋە ئوغرى ئالالمايدىغان.

314 كىشىگە ئەقىل ۋە بىلىمدۇر كىشەن،
يامانلىق قىلالماس ئەر كىشەن بىلەن.

315 كىشى ياخشى ئاتنى كىشەنلەپ تۇتار،
كېرەكلىك ئېتىنى كۆزەتىپ تۇرار.

316 كىشەنلىك قاچالماس، كېرەكچە يۈرۈر،
تۇشالىق كېتەلمەس، تىلەكچە بولۇر.

317 ئەقىلدۇر ساڭا ئانت قىلىشقان ئاداش،
بىلىم چىن مېھرىۋان ساڭا قېرىنداش.

318 biliksizkə bilki kïlïnqï yaoqï
aḑïn bolmasa tap bu iki qooqï

319 muņar mənzətü kəldi türkqə məŝəl
okïoqïl munï sən keņül egkə al

320 ukuxluoq kixikə əxi tap ukux
biliksiz kixikə atï tap seküx

321 bilikligkə bilki tükəl ton ax ol
biliksiz kïlïnqï yavuz koldax ol

322 ukuxluoq kəḑ ər evkə ezdin yïrat
biliklig bəg ər puxma əḑgü kïl at

323 bu iki bilə ixkə yakma əvə
kalï yaksa kïldïņ tiriglik yava

324 eküņlüg bolur tutxï evkə ixi
yazukluoq bolur ixtə puxsa kixi

325 amulluk kərək ərkə kïlkï oņay
erüglük kərək bəgkə tooqsa kün ay

326 tüzünlük kərək ḩəm biliklig kərək
ukuxluoq kərək ḩəm biliklig kərək

327 ukuxluoq kərək kəḑ eḑürsə kixig
biliklig kərək kəḑ pütürsə ixig

328 yaraoqlïoq yaraoqsïznï tətrü kerüp
kərəklig kərəksizni kərtü sorup

329 aḑïrsa eḑürsə səqə bilsə ez
kamuoq ix iqində yitig tutsa kez

318 نادانغا يېغىدۇر بىلگەن-ئەتكىنى،
يېتەر شۇ ئىككىنىڭ جېدەل-غەلىينى.

319 بۇڭا ئوخشاپ كېلەر تۈركچە مەسەل،
ئوقى ھەم كوڭۇلدە بۇڭا قىل ئەمەل:

320 ئاقىلغا ئوز ئەقلى ئەشلىككە[65] يارار،
نادانغا ئېتى بەس، قاغىش ياغدۇرار.

321 بىلىملىككە ئىلمى تولۇق تون ۋە ئاش،
بىلىمسىزگە قىلقى يامان بىر ئاداش.

322 ئەي ئاقىل، غەزەپنى قىل ئوزدىن يىراق،
ئاچچىقتىن يىراق بول، ئال ياخشى ئاتاق.

323 بۇ ئاچچىق، غەزەپتىن سەن ئەيلە ھەزەر،
يېقىن كەلسەڭ ئولغاي ھاياتىڭ خەتەر.

324 غەزەپلىك ئىشىڭ ئۇ پۇشايمان بېرۇر،
قىزىققانلىق ئولساڭ ئىشىڭ بۇزۇلۇر.

325 كىشىگە چىداملىق، ئېغىرلىق كېرەك،
كۆن-ئاي تۇغسا بەككە تەمكىنلىك كېرەك.

326 يۇمشاقلىق كېرەك ھەم سىلىغلىق كېرەك،
ئاقىل ھەم بىلىملىك بولماغلىق كېرەك.

327 ئەقىل كوپ كېرەكتۇر، تاللاشقا كىشى،
بىلىم بەك كېرەكتۇر، قىلىشقا ئىشى.

328 ياراملىق، يارامسىزنى ئايرىپ كورۇپ،
كېرەكلىك، كېرەكسىزنى ئوبدان تونۇپ،

329 راسا تاسقىسا چىڭ، ئېنىق تاللىسا،
پۇتۇن ئىشقا ئوتكۇر نەزەر تاشلىسا؛

B36

330 bolur ətrü ixlər pütün ḩəm pïxïɋ
biliklig kixilər pïxïɋ yə̧r axïɋ

331 tiləkkə təgir ol bu.yaņlïɋ kixi
ikigü aẓunda ə̧tiklig ixi

332 puxaķlïķ bilə ərkə əvkə yavuz
bu iki bilə tutqï əmgər ət əz

333 əxitgil nəgü tə̧r bəgü bilgə təņ
bu səz ixkə tutɋïl aya ķïzɋu əņ

334 puxï bolsa yalņuķ biliksiz bolur
ķalï əvkə kəlsə uķuxsuz ķïlur

335 puxïlïķ yavuz ərkə ə̧ltür bilik
otunluķ ķïlur puxsa ķïlķï silig

336 əxitgil nəgü tə̧r biliklig kixi
biliklig səzi qïn səvüg jan tuxï

337 bu bir ķaq nəņ ol kər kixikə yavuz
munï bilsə yalņuķ ïlïķar ət əz

338 bularda birisi bu til yaloɋanï
munïņda basasï səzüg ķïyoɋanï

339 üqünqi taķï bir bor iqsə səvə
sə̧ziksiz bu ər boldï birtəm yava

340 taķï biri ərkə bu arķuķ ķïlïnq
bu arķuķ ķïlïnqlïɋķa bolmaz səvinq

341 yana bir arïɋsïz bu ķïlķï otun
kixilər əvində bu ķoprur tütün

330 شۇ چاغدا بولۇر ئىش پۈتۈن ۋە پىششىق،
بىلىملىك كىشى يەر ئىشنى پىششىق.

331 يېتەدۇر تىلەككە ئاشۇنداق كىشى،
چۇشەر ئىككى دۇنيادا يولغا ئىشى.

332 غەزەپ بىرلە ئاچچىق كىشىگە يامان،
چېكەر تەن ھەمىشە بولاردىن زىيان.

333 ئىشتىكىن، نىچۇك قىلدى ئالىم خىتاپ،
بەختلىك كىشى ماڭ بۇ سوزگە قاراپ:

334 قىزىققان بولسا ئىنسان بىلىمسىز بولۇر،
غەزەپلەنسە ئادەم ئەقىلدىن قالۇر.

335 غەزەپ ئەرگە يامان، بىلىم كەتكۈزۇر،
غەزەپتە يۇمشاقمۇ قوپاللىق قىلۇر.

336 نىمەدەر بىلىملىك كىشى ئاڭلىغىن،
بىلىملىك سوزى تەڭ شىرىن جانغا چىن:

337 بۇ بىر نەچچە نەرسە كىشىگە ياۋۇز[66]،
بۇنى قىلسا كىشى بۇزار ئوزنى-ئوز:

338 بىرى يالغان ئېيتماق ئېرۇر سوزىدە،
ئىككىنچى، تۇرماسلىق قىلغان ۋەدىدە؛

339 ئۇچىنچى، ھاراقىقا بولۇش مۇپتىلا،
بۇ ئەر ئومرى شەكسىز كېتەر بوشقىلا.

340 يەنە بىرسى كاجلىق، جاھىللىق قىلىش،
جاھىللىق جاھاندا ياشاتمايدۇ خوش.

341 ئېرىنگىسىز قىلىقىنىڭ بىرى قوپاللىق،
قىلۇر ئۇ كىشىلەر ئويىن توزانلىق.

342 yana bir tili ə̣l puxī ɵvkəlig
ulītur kixig səksə aqsa tilig

343 bu ḳaq nəṇ biriksə birəgü ɵzə
anīṇdīn yīrar ol īḍuḳ ḳut təzə

344 bolu bə̣rməz əvrən baxī təzginür
anīṇ birlə ḳīlḳī yaṇī təzginür

B37
345 yorī əḍgülüḳ ḳīl ay əḍgü kixi
ə̣tiḳlig bolur tutqī əḍgü ixi

A22
346 nəgü tə̣r əxit əmdi ḳilḳī silig
sīnayu təgip ə̣lkə sunmīx əlig

347 ḳarīmaz bu əḍgü nəqə yīllasa
ə̣sizlik əḍikməz nəqə əḍləsə

348 yaxī ḳīsoq̦a ə̣siz ɵkünqün ḳarīr
uzun yaxlīoq̦ əḍgü ɵkünqsüz yorīr

349 tiləkin bulur əḍgü kündə yaṇī
ə̣sizniṇ küniṇə miṇ artar muṇī

342 بىكارغا چېچىلىپ، ئاچچىغلاش بىرى،
تىلىن ئاچسا يارا بولۇر ئەل دىلى.

343 كىشىدە يىغىلسا بۇ نەرسىلەر گەر،
مۇبارەك سائادەت ئۇنىڭدىن تېزەر.

344 پەلەكمۇ يار ئولماس، بېشى ئايلىنار،
بۇنىڭلە خۇلقىمۇ ئىزىدىن چىقار.

345 يۇرى، ياخشىلىق قىل ئەي ياخشى كىشى،
ئوگۇشلۇق هامانە ياخشىنىڭ ئىشى.

346 نىمە دەر ئىشىتكىن مۇلايىم كىشى،
سىناپ ئالغۇچى قولىغا دولەت ئىشى:

347 قېرىماس ياخشىلار يىل ئوتكەن بىلەن،
تۇزەلمەس يامان، مىڭ تۇزەتكەن بىلەن.

348 يامان—ئومرى قىسقا، ئوكۇنىچتە قېرۇر،
ئۇزۇن ياشلىق، ياخشى ئوكۇنچسىز يۇرۇر.

349 تىلەككە يېتەر ياخشى كۇندە يېڭى،
كۇنىگە مىڭ ئارتار يامانىنىڭ مۇڭى.

11

KITAB ATÏ YƟRÜGIN YƏ̣MƏ AVUQƢALÏĶÏN AYUR

350 kitab atï urdum ķutaḍƣu bilik
ķutaḍsu oķïƣlïķa tutsu əlig

351 sөzüm sөzḷədim mən bịtidim bitik
sunup iki aẓunnị tutƣu əlig

352 kixi iki aẓunnï tutsa ķutun
ķutaḍmïx bolur bu sөzüm qïn pütün

353 bu kün toƣdï ə̣lig tə̣dim sөz baxï
yөrügin ayaẏịn ay ədgü kixi

354 basa aydïm əmdi bu ay toldïnï
anïṇdïn yaruyur ïḍuķ ķut küni

355 bu kün toƣdï tə̣gli tөrü ol kөni
bu ay toldï tə̣gli ķut ol kөr anï

ئون بىرىنچى باپ

كىتابنىڭ نامى، مەنىسى ۋە مۇئەللىپنىڭ ئۆز قېرىلىقىنى ئېيتقانلىقى باياندا

350 كىتاپ نامى قويدۇم قۇتادغۇ بىلىك،
قۇتاتسۇن ئوقۇغۇچىغا تۇتسۇن ئىلىك.

351 سوزۇم سوزلىدىم مەن، پۇتىدىم بىتىك،
سۇنۇپ ئىككى دۇنيانى تۇتسۇن ئىلىگ.

352 كىشى تۇتسا بەخت بىرلە ئىككى جاھان،
بەختلىك بولۇر، بۇ سوزۇم چىن ھامان.

353 بۇ كونتۇغدي ئىلىگنى قىلدىم سوز بېشى،
ئىزاھلاي بۇنى ھەم، ئەي ياخشى كىشى.

354 ئۇنىڭ كەينىدىن ئېيتتىم ئايتولدىنى،
يورۇيدۇ ئۇنىڭدىن سائادەت كۈنى.

355 بۇ كۈنتۇغدى توپ-توغرا قانۇن ئوزى،
بۇ ئايتولدى—بەخت ھەم سائادەت سوزى.

356 basa aydïm əmdi kər əgḍülmixig
ukux atï ol bu bəḍütür kixig

357 anïṇda basasï bu oḍoƣurmïx ol
munï ‘aḳibət tə̣p əzüm yormïx ol

B38
358 bu tərt nəṇ əzə səzlədim mən səzüg
oḳïsa aqïloƣay yitig ḳïl kəzüg

359 səvinqin yorïoƣlï ay əḍgü yigit
səzümni yava ḳïlma kəṇlün əxit

360 ḳatïoƣlan yaṇïlma kənilik yolïn
yigitlik yava ḳïlma asoƣïn alïn

361 kəsüx tut yigitlik kəqər sə̣ndə tərk
ḳaqar bu tiriglik nəqə tutsa bərk

362 səninḍə bar ərkən yigitlik küqi
yava ḳïlma ta‘ət tapuoƣ ḳïl tuqï

363 küsərmən yigitlikkə əknür əzüm
əkünqüm asïoƣ yoḳ kəsər mən səzüm

364 kimiṇ ḳirḳta kəqsə tiriglik yïlï
əsənləxti ərkə yigitlik tili

365 təgürdi maṇa əlgin əlig yaxïm
ḳuoƣu ḳïldï ḳuzoƣun tüsi təg baxïm

366 oḳïr əmdi altmïx maṇar kəl tə̣yü
pusuoƣ bolmasa bardïm əmdi naru

367 kimiṇ yaxï altmïx tükətsə saḳïx
tatïoƣ bardï andïn yayï boldï ḳïx

356 كېيىن ئېيتتىم ئەمدى ئوگدۇلمىشنى،
ئەقىلنىڭ ئېتى ئۇ، زورايتۇر كىشىنى.

357 كېيىن ئېيتتىم ئودغۇرمىش ئۇزرە سوزۇم،
ئۇنى ئاتىدىم "ئاقىۋەت" دەپ ئوزۇم.

358 سوزۇم ئۇشبۇ توت نەرسە ئۇستىدەدۇر،
ئوقۇساڭ دىققەتلە، مەنا ئاچىلۇر.

359 خوشاللىقتا يۇرگەن ئەي ياخشى يىگىت،
سوزۇمنى زايا قىلما، ئوبدان ئىشىت.

360 تىرىش، توغرا يولدىن ئاداشما ھامان،
يىگىتلىك كەتمىسۇن بىكار، پايدىلان!

361 ئەزىز تۇت يىگىتلىكنى، تېز كەتكۇسى،
تۇتساڭمۇ قانچە چىڭ، ئاخىر قاچقۇسى.

362 سېنىڭدە بار ئىكەن يىگىتلىك كۈچى،
زايە قىلما، بول تائەت، خىزمەت قىلغۇچى.

363 بۇ ياشلىقتا ھەسرەتتە پۇشايمان ئوزۇم،
پۇشايماندا يوق پايدا، كەستىم سوزۇم.

364 قىرىقتىن ئوتسە كىمنىڭ تىرىكلىك يىلى،
ۋىدالاشتى ئۇندىن يىگىتلىك تىلى.

365 تەككۇزدى ماڭا قولىن ئەللىك يېشىم،
قوغۇ[67] قىلدى قۇزغۇن تۇسىدەك بېشىم.

366 مېنى قىچقىرىپ ئاتمىش، دەيدۇ ئۇ كەل!
بارارمەن ئەگەرچە يەتمىسە ئەجەل.

367 ئەگەر تولسا ئاتمىشقا ئادەم يېشى،
كېتىپ زەۋق، ئۇنىڭ يازى بولۇر قىشى.

368 otuz yïƣmïxïn yandru alḍï əlig
nəgü ⱪïlƣay altmïx təgürsə əlig

A23

369 nəgü ⱪïldïm ərki əlig mən saņa
nəlük türdüņ əmdi bu ɵqkə maņa

370 tatïƣ ərdi barqa yigitlik ixim
aƣu ⱪilḍï əmdi maņa yẹr axïm

371 boḍum ərdi oⱪ təg kɵņül ərdi ya
kɵņül ⱪilƣu oⱪ təg boḍum boldï ya

372 yigitlik nəgü yïƣdï ərsə maņa
ⱪarïlïⱪ kəlip aldï kəlgəy saņa

B39

373 aya qərgüqi kəl mẹni qərgülə
yïl ay tutƣunï boldum əmgək bilə

374 kixənsiz küləndi maņumaz aḍaⱪ
tünərdi yarumaz kɵrügli ⱪaraⱪ

375 tatïƣ bardï ɵqti ⱪuruƣsaⱪ otï
yïradï məniņdin yigitlik atï

376 oḍunƣil ay kɵkqin ɵlümkə anun
bu kəqmix künüņkə sïƣït ⱪil ünün

377 kəqip bardï ɵḍ kün yavalïⱪ bilə
bu ⱪalmïx künüņ birlə ʻużrüņ tilə

378 ay muņsuz iḍim məņü tutqï tirig
ɵlümkə tərüttüņ bu sansïz tirig

379 tilər mən səniņdin du'am bu sɵzün
tirig tutƣil anqa yaxïm ⱪil uzun

368 ئۇتتۇز يىققاننى ئالدى ئەللىك مانا،
قولىن ئۇرسا ئاتمىش نەقىلغاي تاڭا.

369 نىمە قىلغان ئەردىم ئەي ئەللىك ساڭا،
نىمە شۇنچە سەن ئۇچ ساقىلدىڭ ماڭا.

370 يىگىتلىكتە تاتلىق ئىدى ھەر ئىشىم،
ئوغا قىلدى ئەمدى مېنىڭ يەر ئېشىم.

371 بويۇم ئىدى ئوقتەك، كوكۇل ئىدى يا،
كوكۇلنى قىلغۇچە ئوق، بويوم بولدى يا.

372 يىگىتلىك نىمە يىققان بولسا ماڭا،
قېرىلىق كېلىپ ئالدى، كەلگەي ساڭا.

373 ئايا، كەل نىجاتچىم، قۇتۇلدۇر مېنى،
بولۇپمەن جاپادا يىل، ئاي تۇتقۇنى.

374 كىشەنسىز پۇكۇلدى، ماڭالماس پۇتۇم،
قارايدى—يورىماس بولۇپ نۇر كوزۇم.

375 كېتىپ زەۋق، ئوچتى ھەم كوكۇلنىڭ ئوتى،
ئۇزاقلاشتى مەنـدىن يىگىتلىك ئېتى.

376 ئويغان ئەي بوز چاچـلىق، ئولۇمگە ئىشەن،
بۇ كەچمىش كۇنىگە يىغلا ھەم ئوكەن.

377 ئوتۇپ كۇن بىكارغا، تۇگىدى ھايات،
بۇ قالمىش كۇنىڭنى تەۋبىلە ئۇزات.

378 ئەي ئىگەم سەنلا مەڭگۇ مۇڭسىز تىرىك،
ياراتتىڭ ئولۇمگە بۇ سانسىز تىرىك.

379 دۇئا بىرلە سەندىن تىلەيمەن شۇنى،
ئۇزارتىپ يېشىمنى، تىرىك قىل مېنى.

380 səniņdin ķolup küq bu səz baxladīm
təkəl ķīləƣuķa küq sən ək bir iḍim

381 tilim tīnma əggil yaratīƣlīnī
yaraƣsīznī məndin yīratīƣlīnī

382 əḍürdi tərütti yarutti kəņül
kəni yol əzə tutti kəņlüm amul

383 ķaraņķuda ərdim yarutti tünüm
tünəriktə ərdim toƣurdī künüm

384 azīp yügrür ərdim ayu bərdi yol
kəyər ərdim otķa küḍəzməsə ol

385 əḍürdi aḍīrdī kətürdi məni
azuķlar yolīndīn kətərdi məni

386 kəņülüg bəzədi yaruķluķ bilə
tilimni bəzədi tanuķluķ bilə

B40

387 kəņül bərdi kəz ḥəm uķux əg bilik
aqa bərdi səzüm yorïttï tilig

388 ḥəbib savqï yolï məni yəttəqi
ol ol savqï bolsu əlig tuttaqï

389 bu barqa iḍim fəẓlï ərdi ķamuƣ
aƣirladī məntəg tapuƣsuz ķuluƣ

390 muniņ xükri əmdi nətəg ətəyin
tirig bolsa əzüm yïlïn ḥəm ayïn

391 ilaḥi bilür sən bu ʻajizlïķim
saņar ok aqar mən muņum ḥəm taķïm

380 بۇ سوز باشلىدىم سەنـدىن تىلەپ مەدەت،
تاماملاشقا سوزۇم ماڭا بەر قۇۋۋەت.

381 تىلىم تىنما، ماختا ياراتقۇچىنى،
يامانلىقنى مەندىن يوقاتـقۇچىنى.

382 ئۇ تاللاپ ياراتتى، يورۇتتى دىلىم،
ئىمان بىرلە تېچ يولنى تاپتى دىلىم.

383 قاراڭغۇدا ئەردىم، يورۇتتى تۇنۇم،
زۇلمەتتە ئىدىم مەن، تۇغۇلدى كۈنۈم.

384 يۈرەتتىم ئېزىپ مەن، ئۇ كورسەتتى يول،
كويەتتىم مەن ئوتتا، قۇتۇلدۇردى ئول.

385 كوتەردى، تاللىدى، ئايىردى مېنى،
ئازغىنلار يولىدىن قايىردى مېنى.

386 بىزەتتى دىلىمنى يورۇقلۇق بىلە،
تىلىمنى بىزەتتى گۇۋالىق بىلە.

387 ئۇ بەردى كوڭۇل، كوز، بىلىم، ئاڭ، ئەقىل،
سوزلەشكە يول ئاچتى، راۋان قىلدى تىل.

388 ھەبىب[68] ئەلچى يولى كىپايە ماڭا،
شۇ ئەلچىلا بولسۇن ماڭا باشپانا.

389 بۇ ھەممە ئىگەمنىڭكى پەزلى ئىدى،
مېنىڭدەك ئاسى قۇلنى قەدىرلىدى.

390 بۇنىڭ شۇكرىنى مەن نىچۇكمۇ ئوتەي،
ئەگەرچە ياشاسامۇ يىللار ۋە ئاي.

391 ئىلاھا بىلەرسەن بۇ ئاجىزلىغىم،
ئاچارمەن ساڭا بار مۇشكۇلۇم، غېمىم.

392 ḳïlumaz ma xükrüņ saņa mən birə
məniņdin xükür kïl saņa sən sira

393 kəni yol əzə tüz tuta bə̣r mə̣ni
suqulma məniņdin bu iman tonï

394 tənimdin qïḳarda məniņ bu janïm
xəḥadət bilə kəsgil ahir tïnïm

395 əzüm ḳalsa yalņuz ḳara yə̣r ḳatïn
maņar ïḍƣïl anda əküx rəḥmətin

396 tapuƣsuz ḳuluņ mən yazuḳum əküx
əzuņ fəẓlï birlə kəqür ay kəsüx

397 ḳamuƣ mü'minïƣ sə̣n təzü yarlïḳa
yarïnḳï bəḳadïn bu kün ḳïl liḳa

392 قىلالمايمەن ساڭا مەن لايىق شۈكۈر،
مېنىڭچۈن ئۆزەڭ قىل مۇۋاپىق شۈكۈر.

393 مۇشۇ توغرا يول ئۈزرە تۇتقىن مېنى،
مېنىڭدىن چۈچۈلما[69] بۇ ئىمان تونى.

394 تېنىمدىن چىقاردا مېنىڭ بۇ جېنىم،
شاھادەت بىلە كەس ئاخىرقى تىنىم.

395 ئۆزەم يەر ئاستىدا قالغاندا تەنها،
تولا رەھمىتىڭنى ماڭا توك خۇدا.

396 تائەتسىز قۇلۇڭمەن گۇنايىم تولا،
ئۆزۈڭ پەزلى بىرلە كەچۈر ئەي خۇدا!

397 مومىنلەر بارىنى ئۆزۈڭ ئەپۇ ئەت،
ئۇ باقى جاھاننىڭ دىدارىن كورسەت.

12

SƟZ BAXÏ KÜN TOƢDÏ Ə̣LIG ƟZƏ

398 uķux etgünür kər bilik·bildürür
yayïƣ dunya ķïlķïn saņa uķturur

399 bu ə̣rsəl yayïƣ ķïlķï ķurtƣa aẓun
ķïlïnqï ķïz ol kersə yaxï uzun

400 ara ķïlķï ķïz təg ķïlïnqï silig
səvitür sunup tutsa bə̣rməz əlig

B41
401 səviglini səvməz kəyik təg ķaqar
ķaqïƣlïķa yapqur aḍaķïn ķuqar

402 ara kersə yügrür bəzənip uḍu
ara kermədük təg ķilur yə̣r ķoḍu

403 ara kersə əvrər yana tərk yüzin
avaƣlar nəqə tutsa bə̣rməz ezin

404 eküx bəg ķarïttï ķarïmaz ezi
təlim bəg kəqürdi kəsilməz sezi

ئون ئىككىنچى باپ

سوزبېشى كۈنتۇغدى ئېلىگ ھەققىدە

ئەقىل ئەرز ئېتەر، كور، بىلىك بىلدۈرۈر، 398
قارارسىز جاھاننى ساڭا ئۇقتۇرۇر.

قېرى بۇ قارارسىز، ۋاپاسىز جاھان، 399
قىلىقى قىز كەبى، ئۆزى قېرىغان.

ئېرۈر بەزى خۇلقى قىز خۇلقىدەك خوپ، 400
ئوزىن سويدۇرەر، قولنى بەرمەس تۇتۇپ.

ئۇ، سويگەننى سويمەس، كېيىكتەك قاچار، 401
قاچقانغا يېپىشىپ، پۇتىنى قۇچار.

ياسانىپ ئۇ بەزى ئارقاڭدىن چاپار، 402
سېلىپ بەزى كورمەسكە تەتۇر قارار.

قاراساڭ ئۇ بەزەن تېز ئورەر يۈزىن، 403
قىلىپ نازنى نەچچە تۇتقۇزماس ئوزىن.

تالاي بەگنى قېرىتتى، قېرىماس ئوزى، 404
كەچۈردى تالاي بەگنى، تۈگمەس سوزى.

* * *

405 bəg ərdi az̦unda bəgü bilgə bax
bu bəglik ɵzələ uzun boldī yax

406 bu kün toɣdī ərdi atī bəlgülüg
az̦unda qavīḳmīx ḳutī bəlgülüg

407 ḳīlīnqī kəṇi ərdi ḳīlḳī oṇay
tili qīn pütün ḥəm kəzi kəṇli bay

408 biliklig bəg ərdi uḳuxluɣ oḍuɣ
əsizkə ot ərdi yaɣīḳa yoḍuɣ

409 yana kür küvəz ərdi ḳilḳī kəni
küniṇə kətürdi bu ḳilḳī anī

410 bu yaṇlīɣ bəg ərdi bu bilki ɵzə
tirildi yoridī ḳīlīnqīn tüzə

411 siyasət ḳīlur ərdi ḥimmət bilə
bu ḥimmət yaraxur mürüwwət bilə

412 muṇar mənzətü kəldi xa'ir səzi
oḳīsa aqīlɣay oḳīɣlī kəzi

413 kərək ərkə ḥimmət mürüwwət təṇi
yavuz yunqīɣ andīn yīrasa əṇi

414 kixilikkə ḥimmət mürüwət kərək
kixi ḳədri ḥimmət mürüwwət yaṇī

415 bu kün toɣdī əlig bu ḳilḳī bilə
yarudī az̦unḳa kün ay təg yala

* * *

405 بەگ ئەردى جاھاندا بىلگىچ، ھېكىم، باش،
بۇ بەگلىكتە بولدى ئۇزۇن ئاتا ياش.

406 بۇ كۈنتۇغدى ئەردى، ئېتى بەلگۈلۈك،
جاھان ئىچرە مەشھۇر قۇتى بەلگۈلۈك.

407 مىجەزى ئىدى تۈز ۋە خۇلقى ئوڭاي[70]،
سوزى چىن، پۈتۈن ھەم كوزى، كوڭلى باي.

408 ئەقىللىق ۋە ئويغاق بىلگىچ زات ئىدى،
يامانغا بىر ئوت، ياۋغا ئاپەت ئىدى.

409 جەسۇر، مەغرۇر ئەردى ۋە قىلقى كونى،
يۈكسەلتتى كۈندىن-كۈن بۇ خۇلقى ئۇنى.

410 مۇشۇنداق بەگ ئەردى بىلىمى بىلە،
ياشادى ۋە يۈردى تۈز خۇلقى بىلە.

411 سىياسەت قىلۇر ئەردى ھىممەت بىلە،
بۇ ھىممەت ياراشۇر مۇرۇۋۋەت بىلە.

412 بۇڭا ئوخشاپ كېلۇر بىر شائىر سوزى،
ئوقۇسا ئېچىلغاي ئوقۇچى كوزى:

413 مۇرۇۋۋەت ۋە ھىممەت بىردەك كېرەك،
يىراقلاش ئۈچۈن پەس- ياماندىن دىمەك.

414 مۇرۇۋۋەت، ھىممەتلە قەدىر ئولچىنۇر،
كىشىلىككە ھىممەت، مۇرۇۋۋەت كېرەك.

415 مۇشۇ قىلقى بىرلە بۇ كۈنتۇغدى خان—
كۈن-ئايدەك چېچىپ نۇر، يورۇتتى جاھان.

416 uķuxluƣ kim ərsə oķïttī anī
biliklig kim ərsə bəḑütti anī

B42
417 yumïttī aņar bək aẓun əḑrümi
uķuxluƣ biliklig boḑun kəḑrümi

418 əzi ətti tüzdi kər ə̧l kün ixi
taķï ma tilər ərdi əḑrüm kixi

419 əziņə basut ķïlsa ix baxlasa
əzi tinsa anqa ol ix ixləsə

* * *

A25
420 muņaḑïp ayur bir kün oldrup əzi
bəḑük ix bu bəglik ixi ḩəm səzi

421 bax aƣrïƣ kəp ol kərsə ixi əküx
əküx ixni süzgən uķuxluƣ kəsüx

422 ķïlumaz əzüm bu ķamuƣ ə̧l ixin
maņa ər kərək tə̧r bilir ix baxïn

423 kərək tə̧r maņa əmdi əḑrüm kixi
uķuxluƣ biliklig kixilər baxī

424 baƣïrsaķ pütün qïn ķïlïnqï kəni
tili kəņli tüz bolsa bilsə munï

425 ķïlu bə̧rsə ərdi mənin̡ ixlərim
kərü barsa ərdi iqim taxlarïm

426 nəgü tə̧r əxit bu sïnamïx kixi
baxïnda kəqürmix yətürmix yaxī

416 ئاقىل بولسا كىم، ئۇ چاقىرتتى ئۇنى،
كىم ئالىم بولسا ئۇ، بۆيۈتتى ئۇنى.

417 يىغىلدى يېنىغا جاھان خەلقلىرى،
ئەقىل ھەم ئىلىمدە تاللانغانلىرى.

418 ئۆزى ئىشلىدى، تۈزدى ئەل ئىشىنى،
تىلەيتتى يەنە ئۇ سەرخىل كىشىنى.

419 كى ياردەم قىلسا، ئىش باشلىسا ئۇلار،
ئۆزى تىنسا بىر ئاز، ئىشلىسە ئۇلار.

* * *

420 دىدى ئولتۇرۇپ غەمدە بىر كۈن ئۆزى:
بۆيۈك ئىش بۇ بەگلىك ئىشى ھەم سوزى.

421 كورەرسەن، ئېرۇر كوپ باش ئاغرىق ئىشى،
سۈزەر بۇ كوپ ئىشنى ئەقىللىق كىشى.

422 قىلالىماسمەن يالغۇز پۈتۈن ئەل ئىشىن،
كېرەك ماڭا بىر ئەر بىلۇر ئىش بېشىن.

423 كېرەكتۇر ماڭا بىر سەرە-خىل كىشى،
ئەقىللىق، بىلىملىك، كىشىلەر بېشى.

424 كويۈمچان بولسا، راست ھەممە قىلغىنى،
تىلى، كوڭلى تۈز بولسا، بىلسە بۇنى.

425 قىلىپ بەرسە ئەردى مېنىڭ ئىشلىرىم،
كورۇپ تۇرسا ئەردى ئىچۇ-تاشلىرىم.

426 نىمە دەيدۇ، ئاڭلا، سىناغان كىشى،
تولا ئىش كەچۈرۈپ چوڭايغان يېشى:

427 basutqï kərək ərkə yarïqïlar
uḳuxluqï biliklig bəgü əlqilər

428 basutqï kərək barqa ixni bilir
bilip ixləsə ər tiləkkə təgir

429 basutqï təlim bolsa bəg əmgəməz
ixi barqa ətlür tərü artamaz

430 basutqï kərək barqa ixtə bilin
bu bəglik ixiŋə taḳï kəp kïlïn

431 basutqï tiləp bulmadï kər əlig
təgürdi əzi barqa ixkə əlig

B43
432 təgir boldï ḳündə kər əmgək əküx
ərəz ḳolsa əmgək təgir ol ülüx

433 kərü barsa yaḳxï ayur ux bu səz
sïnap səzləgüqi ïḍuḳ ḳutluqï əz

434 ərəz ḳolsa əmgək tutaxï barïr
səvinq ḳolsa ḳaḍoqu tutaxï yorïr

435 nəqə ər bəḍüsə bax aoqrïoq bəḍür
nəqə bax bəḍüsə bəḍük bərk kəḍür

436 əlig kəz ḳulaḳ tuttï əldə ḳamuoq
aqïldï aŋar barqa bəklig ḳapuoq

437 yaraoqsïznï booqdï əligdə urup
əsizig yïrattï əlindin sürüp

438 bu saḳlïḳ biləkər əlin baxladï
ḳutï kündə arttï ərü yoḳladï

427 كېرەك ئەرگە قولداش ۋە ياردەمچىلەر،
ئەقىللىق، بىلىملىك دانا ئەلچىلەر.

428 كېرەكتۇر ئىش بىلەر ياردەمچى دېمەك،
بىلىپ ئىشلىسە قولغا كەلگەي تىلەك.

429 ياردەمچى كوپ ئولسا، بەككە جەۋر كام،
ئىشى يولغا چۇشكەي، بۇزۇلماس نىزام.

430 كېرەكتۇر ھەر ئىشتا ياردەمچىلەر، بىل،
بۇ بەگلىك ئىشىدە ئۇنى تولا قىل.

431 تىلەپ ياردەمچىنى تاپالماي ئېلىگ،
پۇتۇن ئىشقا سۇندى ئۇ ئاخىر ئىلىگ.

432 قىينالدى ئۇ شۇنداق ئەمگەك ئىچرە كوپ،
ھالاۋەت ئىستىگەن ئەمگەك چېكەر خوپ.

433 بۇ ھەقتە سوزىنى سىناپ سوزلىگەن—
بىر قۇتلۇق ئەزىز ئەر مۇنۇنى دېگەن:

434 ھالاۋەت ھەمىشە جاپا بىرلەدۇر،
سويۇنۇش قايغۇلە دائىم تەڭ يۇرۇر.

435 باش ئاغرىق چوڭايۇر، چوڭايسا كىشى،
يوغان بوك كيۇر گەر زورايسا بېشى.

436 پۇتۇن ئەلگە سالدى كوز-قۇلاق ئېلىگ،
ئېچىلدى ئۇنىڭغا بېكىگلىك ئىشىك.

437 يارامسىزنى قولدىن تۇتۇپ باغلىدى،
يامانىنى ئېلىدىن سۇرۇپ قوغلىدى.

438 زىرەكلىك بىلەن ئۇ باشقۇردى ئېلىن،
يۇكسەلدى، ئېشىپ ھەم بەختى كۇنمۇ-كۇن.

439 ḳamuoq yərdə ərkə bu saḳlīḳ kərək
bu bəglik ixiṇə taḳī saḳ kərək

440 bu saḳlīḳ oḍuoqluḳ bu əl ixiṇə
təzü asoqī boldī uzun yaxīṇa

441 muṇar məṇzəyü kəldi xa'ir tili
bu xa'ir tili boldī səzkə ulī

442 oḍuoqluḳ bu saḳlīḳnī əgdi ərən
usallīḳ bilə əldi ər miṇ tümən

443 usal bolma saḳlan ḳamuoq ixtə sən
bu saḳlīḳ bilə iki aẓun tilən

444 kixi əmini kər usallīḳ ḳīlur
yaoqī yətsə əṇdün usallar əlür

445 nəgü tər əxit bu aẓun tutmīx ər
tükəl saḳlap ətrü yaoqīoq utmīx ər

A26
446 əlig ḳolsa saḳlan aẓunqī kixi
bu saḳlīḳ ərür ḥəm xəri'ət ixi

447 usal ər təgər kəz usalīṇ uḍīr
usal bolma saḳlan ay ḳīlḳī ḳaḍīr

448 əlig saḳlīḳī ḳīldī əlkə asīoq
bu saoqī bilə boldī əldə tatīoq

B44
449 əlin ətti tüzdī bayudī boḍun
bəri ḳoy bilə suvladī ol əḍün

450 səvigli səvinqin anī əgdilər
yaoqīlarī əxtip boyun əgdilər

439 دېمەك، ئەرگە دائىم ھوشيارلىق كېرەك،
بۇ، بەگلىك ئىشىغا كېرەك يەنە بەك.

440 ھوشيارلىق، ئويغاقلىق بىلەن ئەل ياشار،
بۇنىڭ بىرلە دولەت ئۇزۇن چاغ تۇرار.

441 ئوخشايدۇ بۇنىڭغا بىر شائىر تىلى،
بۇ شائىر تىلىدۇر بۇ سوزنىڭ ئۇلى:

442 ئويغاقلىق ۋە ساقلىقنى ماختىدى ئەر،
غاپىللىق بىلەن ئەر تۇمەنلەپ ئولەر.

443 غاپىل بولما ساقلان، پۇتۇن ئىشتا سەن،
تىلە ئىككى دۇنيا بۇ ساقلىق بىلەن.

444 كىشى بولسا بىغەم، ئۇ غاپىل قالۇر،
يېغى كەلسە ئاۋۋال غاپىللار ئولۇر.

445 نىمە دەيدۇ ئاڭلا، جاھان تۇتقان ئەر،
يېغىنى سەگەكلىك بىلەن ئۇتقان ئەر:

446 دېمەك ئەل تاپاي، ساق بول ئەي ھوكۇمدار،
ساق ئولماق شەرىئەت يولىدىمۇ بار.

447 يۇمۇپ كوزنى غاپىل غەپلەتتە ئۇخلار،
غاپىل ئولما، ساقلان، ئەي پەيلى ناچار.

448 ساق ئولسا ئەگەر خان، پايدا ئەلگەدۇر،
بۇ پايدا بىلەن ئەر ھوزۇرغا تولۇر.

449 ئېلى بولدى باي، يۇرتنى تۇزگەچ خاقان،
بورى، قوي سۇ ئىچتى بىر جايدا شۇئان.

450 سويۇپ دوستلىرى ماختىدىلار ئۇنى،
بۇنى ئاڭلاپ يېغى ئەگدى بوينىنى.

451 ķayu sïoqnu kəldi tilədi kexik
ķayu kəldi epti əligkə ixik

452 nəgü tər əxit əmdi kenli oḍuoq
sezi ker qəqək təg tümən tü boḍuoq

453 bu bəglik uluoqluķ əḍi əḍgü nəŋ
yorïķï keŋi ərsə ay ķïzoqu əŋ

454 əḍi əḍgü bəglik taķï əḍgürək
terü ol anï tüz yorïtoqu kərək

C17
455 nə ķutluoq bolur eḍ boḍunķa küni
bəgi əḍgü bolsa yorïsa keni

456 nə ķutluoq ķut ol ərkə əḍgü atï
bu əḍgü atï bardï məŋü ķutï

457 nə əḍgü bolur bəg ol əḍgü kixi
kixilik bilə ətsə əl kün ixi

458 tezü əlkə təgdi əlig əḍgüsi
azunķa yaḍïldï bu qavï küsi

459 du'a arttï əldə ker əḍgü atï
bəḍüdi küniŋə atï həm ķutï

460 azun boḍnï əxtip anï arzulap
ava yïoqlu kəldi aŋar ez ulap

461 azunķa badï ker tügəl ķut ķurï
ķozï birlə ķatlïp yorïdï beri

451 سىغىنىپ بېرى كەلدى، ئىستەپ پانا،
بېرى ئۆپتى كېلىپ ئىشىگىن يانا.

452 نىمەدەر، ئىشىت، ئەمدى كوڭلى ئويغاق،
سۆزىدە چېچەكتەك تۈمەن مىڭ بوياق:

453 بۇ بەگلىك، ئۇلۇغلۇقنى خوپ نەرسە بىل،
يۈرۈشى تۈز ئولسا، ئەي مەڭزى قىزىل.

454 بولاتتى بۇ بەگلىك تېخى ياخشىراق،
گەر يولغا قويۇلسا قانۇن توغرىراق.

455 بېگى ياخشى بولسا ھەم خۇلقى كونى،
شۇ چاغدا نە قۇتلۇق بولۇر خەلق كۈنى.

456 نە قۇتلۇق بەخت ئەرگە بۇ ياخشى ئېتى،
بۇ ياخشى ئېتىدۇر مەڭگۈلۈك قۇتى[71].

457 نە ياخشى بولۇر بەگ ئۇ ياخشى كىشى—
كىشىلىك بىلە قىلسا ئەلنىڭ ئىشى.

458 پۈتۈن ئەلگە يەتتى ئېلىك خىسلىتى،
يېيىلدى جاھانغا ئۇنىڭ شۆھرىتى.

459 كۆپەيدى دۇئا ئەلدە، ياخشى ئېتى،
زورايدى كۈنمۇ-كۈن ئېتى، دۆلىتى.

460 جاھان خەلقى ئاڭلاپ ئۇنى ئارزۇلاپ،
توپلاشتى ئەتراپقا ئوزىنى ئۇلاپ.

461 جاھان باغلىدى، كور، تولۇق بەخت قۇرى،
قوزى بىرلە قېتىلىپ يۈرۈشتى بورى.

13

AY TOLDÏ KÜN TOƢDÏ Ə̣LIG TAPUƢÏŅA KƏLMIXIN AYUR

462 bïr ay toldï atlïƣ ər ərdi tətik
əxitti bu qavïƣ ə̣tindi ə̣tik

463 yigit ərdi oƣlan ķïlïnqï amul
uķuxluƣ biliklig ḩəm əglüg kəņül

B45
464 yüzi kərklüg ərdi kərüp kəz ķamaṙ
səzi yumxaķ ərdi tili tüz tamar

465 ķamuƣ türlüg ərdə̣m tükəl əgrənip
yorïr ərdi ərdəm əligkə alïp

* * *

466 əziņə baķïp aydï mən mə bu kün
tümən ərdəmim birlə ə̣ldə burun

467 nəgükə yorïr mən bu yə̣rdə ķuruƣ
ə̣ligkə barayïn ķïlayïn tapuƣ

ئون ئۈچىنچى باپ

ئايتولدىنىڭ كۆنتوغدى ئىلىك خىزمىتىگە كىرگەنلىكى بايانىدا

462 بار ئەردى ئايتولدى ئاتلىق تىتىك،
بۇ شوھرەتنى ئاڭلاپ ئىتىندى ئىتىك[72].

463 يىگىت ئوغلان ئەردى مىجەزى بېسىق،
بىلىملىك، ئۇچۇق دىل، ئاڭلىق، ئەقىللىق.

464 چىرايلىق يۈز ئەردى، كورۇپ كوز قامار،
سوزى يۇمشاق، تىلىدىن توغرىلىق تامار.

465 پۈتۈن پەزىلەتنى تامام ئۆگىنىپ،
يۇرەتتى پەزىلەتنى قولغا ئېلىپ.

* * *

466 ئوزىگە قاراپ ئېيتتى: مەنمۇ بۇ كۈن،
ئېرۇرمەن پەزىلەتتە ئەلدىن بۇرۇن.

467 نىمىشقا يۇرۇرمەن بۇ يەردە قۇرۇق؟
بارايىن ئېلىككە، خىزمەت قىلغۇلۇق.

468 ə̧ligkə tusulsun bu ərdəmlərim
aqīnsun məniņ ķȩtsü əmgəklərim

469 uķuxluǫ biliklig bəg ərmix amul
tilər ərmix ərdəm iḑilərin ol

A27 C18
470 uķux ķədrini həm uķuxluǫ bilir
bilik satsa bilgə bilklig alīr

471 sezin aydī xa'ir munar məņzətü
tili ləfžī birlə aņar yaņzatu

472 bilik ķiymətini biliklig bilir
uķuxķa aǫīrlīķ bilikdin kəlir

473 nəgü bilgə ȶəlvə bilik ķədrini
bilik ķayda bulsa biliklig alīr

* * *

474 bu ay toldī ȩtti kər at ton tolum
ayur kəndürəyin tapuǫķa yolum

475 ezinə kərəkin ȩtindi ȩtik
ə̧ligkə yüz urdī bu bilgə tətik

* * *

476 yana aydī mundīn barur mən turup
ə̧lig tapǫīņa bu ezüm yüz urup

B46
477 ǫəriblīķ yȩrində kərək bolǫa nəņ
bu əlgim tarusa sarīǫ ķilǫa əņ

468 ئېلىككە يار ئولسۇن پەزىلەتلىرىم،
ئېچىنسۇن[73] ماڭا، سىڭسۇن ئەمگەكلىرىم.

469 ئەقىللىق، بىلىملىك خان ئەرمىش بېسىق،
تىلەرمىش پەزىلەت ئىگىسىن ئېنىق.

470 ئەقىل قەدرىنى ھەم ئەقىللىق بىلۇر،
بىلىم ساتسا ئالىم، بىلىملىك ئالۇر.

471 مۇشۇ خىلدا بىر سوزنى شائىر دېدى،
تىلى، لەۋزى بىرلە شۇ خىلدا ئىدى:

472 بىلىم قىممىتىنى بىلىملىك بىلۇر،
ئەقلنى قەدىرلەش بىلىمدىن كېلۇر.

473 نىچۈك تەلۋە بىلگەي بىلىم قەدرىنى؟
بىلىم نەدە بولسا، بىلىملىك ئالۇر.

* * *

474 بۇ ئايتولدى ئات، تون، قورال راسلىدى،
سالاي خىزمىتىگە يولۇمنى، دېدى.

475 ئۇزىگە كېرەكنى ئىتىندى ئىتىك،
يۈزلەندى ئېلىككە، بۇ ئالىم تىتىك.

* * *

476 يەنە ئېيتتى: مۇندىن بارۇرمەن تۇرۇپ،
ئېلىگ خىزمىتىگە ئۆزۈمنى ئۇرۇپ.

477 غېرىپلىق يېرىدە بۇ مال بەك زورۇر،
قولۇم قىسقا بولسا، يۈزۈم سارغىيۇر.

478 ə̣ḍi kəḍ ķatīƣ bu ƣəriblīķ ixi
ƣəriblīķta yaņlur talu ər baxī

479 sə̣ziksiz kərək bolƣa altun kümüx
ɵzüm ixlətəyin tə̣sə mən ɵküx

480 nəgü tə̣r əxit əmdi bilki təņiz
sɵzin yaņzatur kɵrsə ķīzƣu məņiz

481 kim ərsə tapuƣķa kirəyin tə̣sə
iki nəņ kərək bil sɵẓ aydīm kəsə

482 tiriglik kərək bir tuqī igsizin
tapīnsa ķīyīķsīz yarutsa yüzin

483 taķī bir sav altụn kərək ay tətik
anī ixlətip ə̣tsə ɵzkə ə̣tik

484 anīņda basala yarar bu tapuƣ
munī bilsə bolmaz bu bəklig ķapuƣ

485 kɵtürdi sav altun kümüx nəņ tavar
ayur ɵz munaḍsa maņa bu yarar

* * *

486 əvindiņ turup qīķtī kəldi bərü
bir anqa yorīyu bir anqa turu

C19
487 kəlip təgdi ə̣lig turur orduķa
ɵgi kɵņli ķolmīx tilək arzuķa

488 kirip kənd iqində tilədi tüxün
tüxün bulmadī kɵr tarudī aẓun

478 ناھايەتمۇ قاتتىق غېرىپلىق ئىشى،
غېرىپلىقتا قاتقاي تولا ئەر بېشى.

479 كېرەك بولغاي ئالتۇن-كۈمۈش بىگۇمان،
ئۇنى خەرج قىلايىن دىسە ھەر قاچان.

480 بۇڭا ئوخشتىپ ئۇ، ئاڭلا، نىمە دەر،
بىلمى دېگىزدەك، مەگزى قىزىل ئەر:

481 دىسە كىمكى خىزمەت قىلىشقا كىرەي،
كېرەك ئىككى نەرسە، سوزۇمنى كېسەي:

482 بىرىنچى، كېرەكتۇر كېسەلسىز ھايات،
يۈزىنى ئاقارتقاي قىلىپ ئىشنى راست.

483 ئىككىنچى، ساپ ئالتۇن كېرەك، ئەي تىتىك،
ئۇنى ئىشلىتىپ قىل ئوزۇڭگە ئىتىك.

484 ئاشۇ چاغدا خىزمەت ياراملىق بولۇر،
ئۇنىڭغا ئېتىكلىك ئىشىك ئېچىلۇر.

485 ئۇ ساپ ئالتۇن ئالدى كۈمۈش ھەم تاۋار،
دىدى: باشقا كۈن چۈشسە بۇ ئەسقاتار.

* * *

486 ئۇيىدىن چىقىپ ماڭدى يولغا چۈشۈپ،
يۈرۈپ يول گاھىدا ۋە گاھى تۇرۇپ.

487 كېلىپ يەتتى ئېلىگ تۇرار ئوردىغا،
يېتىپ كوڭلى كۈتكەن تىلەك-ئارزۇغا.

488 شەھەرگە كىرىپ ئۇ سوراشتى ماكان،
تاپالماي، كوزىگە تار ئولدى جاھان.

489 muŋaḍtī muyanlīķta tüxti barīp
kə̧qə yattī anda tünədi sərip

490 nəgü tə̧r əxitgil uķuxluƣ bilip
saŋa sezlədi sez bilikdin alīp

491 ə̧ḍi tərs bolur ker bilixməz kixi
ķalīn yat ara kirsə yalŋuz baxī

492 ə̧ḍi sarp bolur bu yaŋī kəlgüqi
bilixi yoķ ərsə muŋaḍsa tuqī

B47

493 bilixməz kixilər ķaraƣu sanī
ķaraƣu yorīķ yazsa sekmə anī

494 kixi kirmədük ə̧lkə kirsə ķalī
kəlin təg bolur ər aƣīn təg tili

A28

495 yatīƣ yarlīķaƣīl iqür bə̧r yə̧gü
üməg əḍgü tutƣīl ay bilgə begü

496 yatīƣ əḍgü tutsa yarur ər kezi
üməg əḍgü tutsa yaḍīldī sezi

497 kixikə kərək təgmə yə̧rdə bilix
bilix birlə ə̧tlür ķamuƣ türlüg ix

498 bu ay toldī anqa yorīdī bu yaŋ
ƣəriblīķ saķīnqī sarīƣ ķīldī əŋ

499 bilixti yə̧mə ol kixlər bilə
otaƣ tuttī ezkə yarudī külə

500 yə̧mə tuttī ə̧x tux yaķīn ķīldī ez
uluƣķa kiqigkə aquķ tuttī yüz

489 مۇساپىرخانىغا چۈشۈپ، مۈگلۈنۈپ،
تۈنەدى قىلىپ سەۋر، ئۇ يەردە قونۇپ.

490 نىمە دەر، ئاڭلىغىن، ئەقىللىق بىلىپ،
ساڭا سوز سوزلىدى بىلىمدىن ئېلىپ:

491 تولا قىينىلۇر، كور، تونۇشسىز كىشى،
كىرىپ قالسا يات ئىچرە يالغۇز بېشى.

492 تولا كوپ كۈچەنۈر يېڭى كەلگۈچى،
قالۇر غەم ئارا، يوق ئۇلسا بىلگۈچى.

493 تونۇشسىز كىشىنى بىر قارغۇ سانا،
يول ئازسا ئەگەر قارغۇ، سوكمە يانا.

494 كىشى كىرمىگەن ئەلگە كىرسە ئەگەر،
كېلىن يا كىكەچكە ئوخشاپ قالۇر ئەر.

495 كەچۈر يات كىشىنى، يىگۈز، بەر ئىچىم،
مۇساپىرنى خۇش تۇت، بىلىملىك ھېكىم.

496 مۇساپىرنى كۈتسە يورۇيدۇ يۈزى،
مۇساپىر كۈتكەنىنىڭ يېيىلۇر سوزى.

497 كىشىگە كېرەكتۇر ھەر يەردە تونۇش،
تونۇشلار بىلەن ھەل بولۇر تۇرلۇك ئىش.

498 شۇ خىل تۇردى ئايتولدى بىر قانچە ۋاخ،
غېرىپلىقتا سارغايدى رەڭگى بىۋاخ.

499 تونۇشتى كىشىلەر بىلەن ئاخىر ئۇ،
ماكانىنى تېپىلدى، كۇلدى يۈزىمۇ.

500 تۇتۇپ دوست-يولداش، بولۇشتى يېقىن،
ئوچۇق تۇتتى چوڭ ھەم كىچىككە يۈزىن.

501 bu ay toldï ezkə ker ətti əxig
adaxtï kənəxti bir atlïq kixig

* * *

502 adax tuttï ay toldï ədgü kixi
küsəmix atï ərdi ədgü ixi

503 anar aqtï ay toldï kenli sezi
nə ərmix tiləki kim ərmix ezi

C20
504 yərindin bu əlkə nəlük kəlmixin
ayu bərdi barqa ezi bilmixin

* * *

505 əligkə yakïn has hajib ərdi bir
ayï ərsig əlig bilə sezkə sïr

506 küsəmix anar bardï bir kün turup
sezin sezlədi sezkə ul tüp urup

507 ayïttï bu hajib sezin yətrürək
tiləki nə ərmix takï pütrürək

508 küsəmix ayu bərdi barqa sezin
nə ərdi tiləki kim ərmix ezin

HAJIB JƏWABÏ KÜSƏMIXKƏ

B48
509 hajib aydï axnu mana kəlsüni
kerəyin anï mən məni kersüni

510 yana ukturayïn əligkə bu sez
kayu kün kerüngü kaqan kəlgü ez

501 ئۇزىگە ئايتولدى ئاپتى بىر قاياش،
تۇتۇپ دوست كېچەشتى، بولۇشتى ئاداش.

502 ئاداش تۇتتى ئايتولدى ياخشى كىشى،
كۆسەمىش ئىدى ئاتى، ياخشى ئىشى.

503 ئاتا ئاچتى ئايتولدى كوڭلى-سوزى،
تىلەگى نىمەدۇر، ئىرۇر كىم ئوزى.

504 يىبەردىن بۇ ئەلگە نىچۇك كەلگىنىن،
ئاتا بەردى ئىيتىپ جىمى بىلگىنىن.

* * *

505 ئىلىككە يېقىن خاس هاجىپ بار ئىدى،
ئوزى مەرت، ئىلىككە هەم ئەسرار ئىدى.

506 كۆسەمىش ئاتا باردى بىر كۈن تۇرۇپ،
كىپىنى باشلىدى، سوزگە يول ئىيىپ.

507 بۇ هاجىپ ئۇنىڭ هەر سوزىن ئاڭلىدى،
تىلەگى نىمە دەپ، ئىنىق سورىدى.

508 ئاتا ئىيتتى كۆسەمىش بارچە سوزى،
تىلەگى نىمە هەم كىمىكەن ئوزى.

هاجىپنىڭ كۆسەمىشكە جاۋابى

509 دىدى هاجىپ: ئاۋال ماڭا كەلسۇن ئۇ،
كورەيىن ئۇنى مەن، مىنى كورسۇن ئۇ.

510 يەنە مەن ئىلىككە بۇنى ئۇقتۇراي،
كورۇنگەي ۋە كەلگەي قاچاندا، سوراي.

KÜSƏMIX SӨZI AY TOLDÏĶA

511 küsəmix turup qïķtï andïn yana
kəlip aydï ay toldï tooɋdï künə

512 yorï bar bilix əmdi ḥajib bilə
tiləkin nəgü ərsə andïn tilə

513 sə̧ni kөrsü bilsü əxitsü sөzüņ
tiləkiņ nə ərsə tilin ay өzüņ

514 aņar sөzlədim mən sөzüņni nəqə
taķï mə̧ndə yə̧grək sən ayoɋïl aqa

515 ə̧ḍi yaķxï aymïx tili kөņli tüz
kөrü barsa yətrü kөni өk bu sөz

516 kixi sөzlər өk kөr kixiniņ sөzi
kixidə baoɋïrsaķ өz ixkə өzi

517 nəqə kəḍ kixi bolsa өzkə yaķïn
өzində baoɋïrsaķ bolurmu saķïn

518 baoɋïrsaķ tiləsə өzüņkə өzüņ
өzüņdə baoɋïrsaķ yoķ ol kəs sөzüņ

* * *

519 tonïn kəḍti ay toldï turdï өrü
küsəmix bilə qïķtï bardï naru

520 ķapuoɋķa təgip tüxti kirdi yorïp
kөrü aldï ḥajip kixisi kəlip

كۆسەمىشنىڭ ئايتولدىغا ئېيتقانلىرى

511 كۆسەمىش يېنىپ چىققاچ ئاندىن يانا،
دېدى: ئايتولدى تۇغدى كۈنۈڭ مانا.

512 قېنى، مالىڭ، تونۇش ئەمدى ھاجىپ بىلەن،
تىلەگىڭ نە ئولسا، ئۇنىڭدىن تىلەن.

513 سېنى بىلسۇن كورۇپ، ئىشەنسۇن سوزۇڭ،
تىلەگىڭ نە ئولسا، ئۇنى ئېيت ئوزۇڭ.

514 سوزۇڭنى دىدىم مەن ئۇنىڭغا، بىراق—
ئوزەڭ سوزلە، مەندىن ئېچىپ ياخشىراق.

515 ئەجەپ ياخشى دەپتۇ دىلى-كوڭلى تۈز،
كورەرسەنكى، بەكمۇ توغرى ئۇشبۇ سوز:

516 كىشىنىڭ سوزىنى كىشىمۇ قىلار،
كىشى ئوز ئىشىغا مېھرىۋان بولار.

517 ھەرقانچە بولسىمۇ يېقىن ئۇ كىشى،
ئوزەڭدىنمۇ كويۇمچان بولۇرمۇ كىشى؟

518 كويۇمچان تىلەسەڭ ئوزۇڭگە-ئوزۇڭ،
ئوزەڭدىن كويۇمچان يوق، بەس قىل سوزۇڭ.

* * *

519 تونىن كىيدى ئايتولدى، تۇردى شۇئان،
كۆسەمىش بىلەن چىقتى، ماڭدى ئۇيان.

520 قوۋۇققا يېتىپ كەلدى ئاخىر يۈرۈپ،
قارشى ئالدى ھاجىپ كىشىسى تۇرۇپ.

* * *

C21

521 küsəmix kirip tuxtï yandru qïkïp
alïp kirdi ḥajib taparu okïp

* * *

522 kərü aldï ḥajib orun bərdi tər
isig sezlədi sez tilin yakxï kər

ḤAJIB SUALI AY TOLDÏKA

A29

523 ayïttï ḥajib əmdi kenlün nətəg
kəlip kayda tüxtün nə ornun nətəg

B49

524 bilixin nə barmu adax ya kadax
kerügli nə barmu yəgü iqgü ax

525 yana ma ayïttï tiləkin nə ol
nəgü ix kïlur sən kərəkin nə ol

AY TOLDÏ JƏWABÏ ḤAJIBKA

526 bu ay toldï aydï ay ḥajib kutï
əxittim bu kün toqdï əlig atï

527 əxittim yïraktïn anïn qavïnï
bilikin ukuxïn silig savïnï

528 ezüm arzuladï anïn tapqïna
tapïnqalï kəldim anïn kapqïna

* * *

521 كۆسەمىش ھاجىپلە ئۇچرىشىپ چىقىپ،
كورۇشتۇردى ھاجىپلە باشلاپ كىرىپ.

* * *

522 ھاجىپ قارشى ئالدى، ئورۇن قىلدى تور،
مۇلايىم سوزلىدى، ئېغىز ئېچىپ، كور.

ھاجىپنىڭ ئايتولدىغا سوئالى

523 ھاجىپ سورىدى: ئەمدى كوڭلۇڭ نىچۇك؟
قونالغۇڭ قەيەر، چۈشكەن ئورنۇڭ نىچۇك؟

524 تونۇشۇڭ بارمۇ يا قېرىنداش، ئاداش،
كۈتكۈچىڭ بارمۇ، يەپ-ئىچمىسىڭگە ئاش؟

525 يەنە ئېيتتى: سەندە نىمەدۇر تىلەك،
نىمە ئىش قىلۇرسەن، ساڭا نە كېرەك؟

ئايتولدىنىڭ ھاجىپقا جاۋابى

526 بۇ ئايتولدى ئېيتتى: ئەي ھاجىپ قۇتى،
ئىشىتتىم كۇتتۇغدى ئېلىگنىڭ ئېتى.

527 ئىشىتكەچ يىراقتىن ئۇنىڭ شوھرىتىن،
ئەقىللىق، بىلىملىك، نادىر خىسلىتىن،

528 قىلىپ ئارزۇ مەن ئۇنىڭ خىزمىتىن،
ئىشىگگە كەلدىم قىلاي دەپ ئىشىن.

529 tilək bu ə̣ligkə tapïnsa ɵzüm
yaraƣ kɵrsə ḥajib ɵtünsə sɵzüm

* * *

530 kɵrüp səvdi ḥajib bu ay toldïnï
tilində yorïttï ḳamuƣ ɵgdini

531 yüzi kɵrki ḳïlḳï ḳïlïnqï ɵzi
ḳamuƣ yaḳxï kɵrdi tili uz sɵzi

532 ə̣di səvdi kɵṇlün anï tapladï
ə̣lig topƣïṇa bu yaraƣay tə̣di

533 nəgü tə̣r əxitgil səvitmix kixi
səvitsə kixi kɵr mün ərdəm baxï

534 kimi səvsə ‘əybï kɵr ərdə̣m bolur
kimi səvməsə ərdəm ɵktəm bolur

535 bu sɵzkə tanuḳï munu kəldi sɵz
oḳïƣïl munï sən aya ə̣dgü ɵz

536 kɵṇül kimni səvsə mün ərdəm bolur
ḳamuƣ tətrüsi oṇ ḳoḳuzï tolur

537 kɵṇül kimni səvsə ḳamuƣï səvüg
kɵrür kɵzkə ursa kɵrünməz bolur

ḤAJIB JƏWABÏ AY TOLDÏḲA

C22
538 yanut bə̣rdi ḥajib kɵr ay toldïḳa
ayur əmdi ə̣vmə maṇa tur baḳa

529 تىلەگىم ئېلىككە ئىشلىسەم ئۆزۈم،
لايىق كورسە ھاجىپ دېسىكەن سوزۈم.

* * *

530 ھاجىپ ياخشى كوردى بۇ ئايتولدىنى،
دېدى ئۇز سوزىدە تولا مەدھىيىنى.

531 يۈزى، كوركى، خۇلقى-مىجەزى ئۆزىن،
ئۇز كوردى ھەممىنى، تىلىن ھەم سوزىن.

532 ئۇنى چىن يۈرەكتىن سويۇپ قوللىدى،
ئېلىگ خىزمىتىگە لايىقكەن، دېدى.

533 نەدەيدۇ ئىشىتكىن، سويدۇرگەن كىشى،
سويدۇرسە بولۇر ئەيىپ پەزىلەت بېشى:

534 سويۇلسە كىشى ئەيىبى پەزىل سېزىلۇر،
سويۇلمىسە، پەزلى قۇسۇر تۇيۇلۇر.

535 بۇ سوزنىڭ گۇۋاسى ئېرۇر ئۇشبۇ سوز،
ئوقۇغىن بۇ سوزنى سەن ئەي ياخشى-ئۇز:

536 كوڭۇل كىمنى سويسە مۇن[74] ئەردەم[75]بولۇر،
ئەتۇرى بولۇر ئوك، كېمىمۇ تولۇر.

537 كوڭۇل كىمنى سويسە، ھەر ئىشىن سويۇر،
كورەر كوزگە ئۇرسا، كورۇنمەس بولۇر.

ھاجىپنىڭ ئايتولدىغا جاۋابى

538 بۇ ئايتولدىغا بەردى ھاجىپ جاۋاپ،
دېدىكىم، قاراپ تۇر، كەتمە ئالدىراپ.

539 mǝn axnu ayayïn ǝligkǝ sezüŋ
nǝ ǝrmix tilǝkiŋ kim ǝrmix ezüŋ

B50
540 sǝni bilsü etrü yüzüŋ kersüni
uquz tutmasunï aɣïr tutsunï

541 saŋa mǝn kǝrǝkiŋ baḳa turɣa mǝn
ḳamuɣ ixlǝriŋni sǝvǝ ḳïlɣa mǝn

* * *

542 eküx ǝḍgü sezlǝr tilin sezlǝdi
ixiŋ ǝtgǝ mǝn tǝp ḳatïɣ ḳur badï

543 bu yaŋlïɣ bolur bu kixi ǝḍgüsi
kixi ǝḍgüsi ol boḍun yüḍgüsi

544 nǝgü tǝr ǝxitgil boḍun baxlar ǝr
ḳamuɣ ixni yǝtrü kerüp ixlǝr ǝr

545 kimiŋ dǝwlǝti bax ketürsǝ erü
ḳamuɣ ǝḍgü ḳïlɣu boḍunḳa terü

546 kimiŋ ǝlgi bolsa boḍunḳa uzun
silig boloɣu ḳïlḳï ḳïlinqï tüzün

547 yorïḳ bolsa kimiŋ boḍunḳa sezi
süqig tutɣu til sez mǝ ḳoḍḳï ezi

548 yayïɣ ol bu dǝwlǝt ǝtǝr hǝm buzar
nǝ ǝrsǝl turur tǝrk iriksǝ tǝzǝr

549 bu ḳutḳa ïnanma usa ǝḍgü ḳil
bu kün munda ǝrsǝ yarïn anda bil

539 ئېلىككە مەن ئېيتاي ئەڭ ئاۋال سۆزۈڭ،
تىلەگىنىڭ نىمە، كىم ئېرۇرسەن ئۆزۈڭ.

540 يۈزۈڭنى كۆرۈپ ئۇ، سېنى تونۇسۇن،
سېنى خارلىماستىن؛ ئەزىز ئەيلىسۇن.

541 كېرەكلىكلىرىڭگە تۇرارمەن قاراپ،
قىلۇرمەن ئىشىڭنى سويۇپ ياخشىلاپ.

* * *

542 شۇ ياڭلىغ تولا ياخشى سۆز سۆزلىدى،
ئىشىڭ ھەل قىلاي دەپ بېلىن باغلىدى.

543 كىشىلەر ياخشىسى مۇشۇنداق بولۇر،
ياخشى ئەر خەلقنىڭ يۈكىن كۆتىرۇر.

544 ئىشتىكىن، نىمەدەر ئېلىن باشلار ئەر،
پۈتۈن ئىشنى ئوبدان كۆرۈپ ئىشلەر ئەر:

545 ئەل ئىچرە كىم ئالسا بىر ئۈستۈن ئورۇن،
تۈزسۇن ئەل ئۈچۈن بىر ياخشى قانۇن.

546 قولى بولسا كىمنىڭكى ئەلدە ئۇزۇن،
سىلىق بولسۇن قىلىقى، خۇلقى تۈزۈن[76].

547 ئوتەر بولسا كىمنىڭ خەلققە سۆزى،
چۈچۈك بولسۇن تىلى، مۇلايىم ئۆزى.

548 ۋاپاسىز بۇ دەۋلەت بۇزار ھەم تۈزەر،
تۇراقسىز بولغاچقا زېرىكسە تېزەر.

549 ئىشەنمە بۇ بەختكە، ياخشىلىقلا قىل،
بۇ كۈن مۇندا بولسا ئەتە ئاندا، بىل،

550 bu ķutķa küvənmə ay ķut bulƣuqī
kəligli turur ķut yana barƣuqī

A30

551 ay dəwlət əḑisi bu dəwlət bilə
turayīn tȩsə tur sən əḑgü tilə

552 saņa təgsə bəglik uluƣluķ oķa
kiqiglik anuķ tut ərüņ bolƣuķa

553 yana aydī ḩajib sən əmdi yorī
səvinqin tirilgil badīņ ķut ķurī

554 sən az ȩvmə ixlər əḑiņə tapuƣ
əḑi kəlsə aqlur bu bəklig ķapuƣ

B51 C23

555 yȩmə yaķxī aymīx biliklig səzi
biliklig səzi kərsə barqīn təzi

556 ķayu ixkə ȩvsə uzar kȩq ķalur
ȩvə ķīlmīx ixlər əkünqlüg bolur

557 əḑiņə küḑəzgü ixig ȩvməgü
ķamuƣ ix əḑində bolur ay bəgü

AY TOLDĪ JƏWABĪ ḨAJIBĶA

558 əxitti bu ay toldī barqa səzüg
ayur sərnəyin mən tutayīn əzüg

559 mȩni kərdi ḩajib səzüm tiņladī
yaraƣī kərü tursu wəķtī əḑi

560 ķayu əḑtə ḩajib tiləsə mȩni
ol əḑtə kələyin tȩdi səz küni

550 گۈۋەنمە بۇ بەختكە ئەي بەخت تاپقۇچى،
بۇ بەخت كەلگۈچىدۇر يەنە كەتكۈچى..

551 ئەي دەۋلەت ئىگىسى بۇ دەۋلەت بىلە—
تۇراي مەن دىسەڭ سەن، ياخشىلىق تىلە.

552 ساڭا تەگسە بەگلىك، ئۇلۇغلۇق نوقۇل،
ئاقارغىچە باشىڭ، كىچىك پېئىل بول.

553 يەنە ئېيتتى ھاجىپ: سەن ئەمدى يۈرى،
خوشال ياشا، باغلاندى بەختىڭ قۇرى[77].

554 سەن ئالدىرما، خىزمەتكە بىر پەيت كېلۇر
پەيت كەلسە ئېتىگلىك قوۋۇق ئېچىلۇر.

555 ئەجەپ ساز دىيىلگەن بىلىملىك گېپى،
بىلىملىك گېپىدۇر يىپەك رەخ كەبى:

556 ئۇزارسىپ قالۇر كەچ، ئالدىرالسا ئىش،
ئالدىراش ئىش بولۇر پۇشايمان يېيىش.

557 ئالدىرماي كۈتكۈلۈك ئىشقا پەيتنى دەل،
ئەي ھېكىم، ئىش بولۇر ئۆز پەيتىدە ھەل.

ئايتولدىنىڭ ھاجىپقا جاۋابى

558 ئايتولدى بۇ سوزنى تولۇق ئاڭلىدى،
ئۇ ھالدا قىلىپ سەۋر، كۈتەي مەن، دىدى.

559 سوزۇم تىڭشىدى، كوردى ھاجىپ مېنى؛
ئۆزى بىلسۇن بۇ ئىشنىڭ ۋاقت-چېغىنى.

560 قايۇ ۋاقتا قىچقىرسا ھاجىپ مېنى،
كېلەي مەن شۇ ۋاقتا—دېيىلگەن كۈنى.

* * *

561 turup qiktī ay toldī andīn yana
əviņə kəlip kirdi yazdī tona

* * *

562 ḥajib kerdi ay toldī ķīlķī yaņī
ərəndə aḑīnsīoq kixidə eņi

563 ayur kermixim yoķ bu yaņlīoq ķixi
biliklig uķuxluoq boḑunda baxī

564 bu mundaoq kixilər bolur əḑi ķīz
bu ķīz ķīzlīķī ķīldī ķīz atī ķīz

565 ķayu nəņ ķīz ərsə ux ol nəņ kesüx
kesüx nəņ tiləp bulmaz əmgər eküx

566 bu mundaoq kixilər əligkə kərək
əligkə kərək nəņ ker əlkə kərək

567 ķamuoqķa tusulur ker ərdəmlig ər
bu ərdəm bilə ər tilək arzu yər

* * *

568 eḑi boldī ḥajib əligkə sezin
aqa aydī ay toldī ķīlķī tezin

569 ayu bərdi ķīlķīn ķīlīnqī yaņīn
sayu bərdi bilkin uķuxī təņin

* * *

561 تۇرۇپ چىقتى ئايتولدى ئۈندىن يانا،
ئۆيىگە كىرىپ سالدى تونىنى مانا.

* * *

562 كورۇپ ھاجىپ ئايتولدىنىڭ قىلىقلىرىن،
كىشىلەردىن بولەكچە پەرق بارلىغىن،

563 دىدى: كورگىنىم يوق بۇ ياڭلىغ كىشى،
بىلىملىك ــ ئەقىللىق، خەلقىنىڭ بېشى.

564 مۇشۇنداق كىشلەر بولۇر بەكمۇ قىز،
بۇ قىز قىزلىغى قىلدى قىز ئاتى قىز[78].

565 ئەزىزدۇر شۇ نەرسە ئۇ گەر بولسا كەم،
تېپىلماس ئەزىز كوپ قىلسا ئەجىر ھەم.

566 مۇشۇنداق كىشلەر ئىلىككە كېرەك،
ئىلىككە كېرەك نەرسە ئەلگە كېرەك.

567 پەزىللىك كىشىدىن ئۇمۇم نەپ ئالۇر،
بۇ پەزلى بىلەن ئەر تىلەككە يېتۇر.

* * *

568 ئىلىككە ئېيتتى ھاجىپ ۋاقىت تېپىپ،
بۇ ئايتولدىنى تولا تەۋسىپ ئېتىپ،

569 ئۇنىڭ ھالى، ھەركىتى، خۇلقىنى دىدى،
ئەقىلغە مۇناسىپ ئىلمىنى دىدى.

ӘLIG JӘWABÏ ḤAJIBḲA

B52

570 әxitti әlig aydï kәldür ḳanï
ḳayuda turur bir kerәyin anï

571 tilәr әrdim әmdi bu yaņlïɣ kixig
uḍu barsa ḳïlsa bu bәglik ixig

C24

572 tilәk barqa buldum bu ol bir sezüm
bu yaņlïɣ kixikә muņaḍur ezüm

573 yorï bar oḳïɣïl anï sәn maņa
tapuɣḳa keründür ay әrsig toņa

* * *

574 turup qïḳtï ḥajib ḳapuɣḳa tәgip
bir oɣlan yügürtti tilin sez iḍïp

575 bu oɣlan yügürdi tәgürdi sezi
tonïn kәḍti turdï sәvinqin ezi

576 atïn mindi kәldi ḳapuɣḳa tüxüp
yorïp utru ḥajib oḳïdï tuxup

577 aɣïrladï ḥajib orun bәrdi tәr
әdәb birlә ay toldï oldurdï kәr

* * *

578 ḥajib kirdi әlig tapa yüz urup
әligkә etündi aḍaḳïn turup

ئېلىگنىڭ ھاجىپقا جاۋابى

570 ئىشتكەچ ئېلىگ، دېدي: كەلتۈر قېنى،
ئېرۈر قانچىلىك، مەن كورەيىن ئۇنى.

571 تىلەر ئەيدىم ئەمدى مۇشۇنىڭداق كىشى،
كۆزەتسە، بېجىرسە بۇ بەگلىك ئىشى.

572 تىلەگىمنى تاپتىم، لېكىن بىر سوزۇم
كى، شۇنداق كىشىگە مۇھتاجدىم ئۆزۈم.

573 يۈگۈر، ماڭ قىچقىرغىن ئۇنى سەن ماڭا،
كەلتۈر خىزمىتىمگە، ئەي جەسۇر توڭا.

* * *

574 چىقىپ ھاجىپ ئۆيدىن، ئىشىككە كېلىپ،
يۈگۈرتتى بىر ئوغلان خەۋەرچى قىلىپ.

575 يۈگۈردى بۇ ئوغلان خەۋەر يەتكۈزۈپ،
ئايتولدى كىيىندى سويۈنچكە تولۇپ.

576 ئېتىن مىندى، كەلدى قوۋۇقتا چۈشۈپ،
بېرىپ ھاجىپمۇ، ئۇنى ئالدى كۈتۈپ.

577 قەدىرلەپ ھاجىپ توردىن بەردى ئورۇن،
ئەدەپ بىرلە ئايتولدى ئالدى ئورۇن.

* * *

578 ئېلىگ قېشىغا كىردى ھاجىپ يېنىپ،
ئېلىكتىن ئوتۇندى ئۇ ئورە تۇرۇپ.

Ə̣LIG JƏWABĪ ḤAJIBḲA

579 ə̣lig aydī üṇḍə maṇa kirsüni
kərəyin anī mən mə̣ni kərsüni

✱ ✱ ✱

580 ḥajib qīḳti ạydī ay ay toldī tur
tapuqḳạ kərüngil ḳutuṇ badī ḳur

ئېلىگنىڭ ھاجىپقا جاۋابى

579 ئېلىگ ئېيتتى: قىچقار، ماڭا كىرسۇن ئۇ،
كۆرەيىن ئۇنى مەن، مېنى كۆرسۇن ئۇ.

* * *

580 ھاجىپ چىقتى، ئېيتتى: ئەي، ئايتولدى تۇر،
ئېلىككە كۆرۈنگىن، بەختىلىق تاپتى قۇر.

14

AY TOLDÏ KÜN TOƢDÏ ƏLIG TAPUƢÏŅA KƟRÜNMIXIN AYUR

581 bu ay toldï kirdi kɵründi sɵküp
aqïldï əlig kɵņli ol yüz kɵrüp

582 yükündi əligkə kɵr aqtï sɵzin
süqitti sɵzi həm səvitti ɵzin

ƏLIG SUALI AY TOLDÏĶA

583 əlig aydï kim sən nəgü ol atïņ
ķayudïn kəlir sən nəgü ol yatïņ

* * *

B53
584 amulluķ bilə aqtï ay toldï til
siliglik bilə ẹz sɵzin aydï bil

* * *

ئون تۆتىنچى باپ

ئايتولدىنىڭ كۈنتوغدى ئېلىك ھوزۇرىغا كىرگەنلىكى بايانىدا

581 بۇ ئايتولدى كىردى، كۆرۈندى چۆكۈپ،
ئېچىلدى ئېلىگ كۆڭلى ئۇنى كۆرۈپ.

582 يۈكۈندى ئېلىككە، كۆر، ئاچتى سۆزىن،
قىلىپ سۆزنى شېرىن، سۆيدۈردى ئۆزىن.

ئېلىگنىڭ ئايتولدىغا سوئالى

583 ئېلىگ ئېيتتى: كىم سەن، نىمەدۇر ئېتىڭ؟
قايەردىن كېلۇرسەن، قايەردە يۇرتۇڭ؟

* * *

584 بېسىقلىق بىلەن ئاچتى ئايتولدى تىل،
سىلىقلىق بىلەن ئۇ سۆزىن ئاچتى، بىل،

* * *

A31

585 amulluķ siliglik uķux ķīlķī ol
uķuxsuz kixilər ķamuƣ yīlķī ol

586 muņar mənzətü aydī xa'ir bu bəyt
ixiņ tüxsə əvmə şəbir birlə ayt

C

587 əvə kirmə ixkə şəbir ķīl sərin
əvə ķīlmïx ixlər өkünqi yarīn

588 ķamuƣ ixtə əvmə sərin өz tutun
sərinsə bulur ķul bu bəglik ķurīn

AY TOLDĪ JƏWABĪ ƏLIGKƏ

589 bu ay toldī aydī ay əlig ķutī
tapuƣ birlə hox boldī ķulluķ atī

590 atīm ķul tapuƣqī kөr ornum ķapuƣ
ķīlīnqīm kөnilik mə ķīlķīm tapuƣ

591 saņa kəldim oƣrap uzun yol yorīp
tiləkkə bu kün təgdim arzum ķanīp

592 tiləkim bu ol sən məni yərmədin
tapuƣķa yaķīn tut maņa ərmədin

* * *

593 əxitti bu sөz kөr səvindi əlig
tilək təg buluIdī sīnadī ərig

585 بىسقىلىق، بىلىغلىق ئاقىل خۇلقى ئول،
ئەقىلسىز كىشىلەر تامام يىلقى ئول.

586 بۇڭا ئوخشىتىپ ئېيتتى شائىر بۇ بېيت،
ئىشىڭ بولسا شاشما، سەۋر بىلەن ئېيت:

587 ئالدىراش قىلما ئىش، سەۋر بىرلە قىل،
ئالدىراپ قىلغان ئىش تاڭنا پۇشمان، بىل.

588 تۇتۇپ ئۆزنى، ئالدىرما، ئىشتا پۇتۇن،
تاپار قۇل سەۋرلە بۇ بەگلىك ئورۇن.

ئايتولدىنىڭ ئېلىككە جاۋابى

589 بۇ ئايتولدى ئېيتتى: ئەي ئېلىگ قۇتى،
بولۇر خىزمەتلە ياخشى قۇللۇق ئېتى.

590 ئېتىم — قۇل، تاپۇغچى[79]، ماكانىم قوۋۇق،
ئادىتىم ئىشلەشتۇر، خۇيۇم — توغرۇلۇق.

591 ساڭا كەلدىم ئۆزۈم ئۇزۇن يول بېسىپ،
مۇرادىمغا يەتتىم بۇ كۈن مەن قېنىپ.

592 تىلەگىم شۇ: مېنى يامان كۆرمىسەڭ،
سېلىپ ئىشقا، لېكىن ئۆزۈڭ بەزمىسەڭ.

* * *

593 سويۇندى ئېلىگ ئاڭلاپ، ئۇنىڭ بۇ سوزىن،
سىناپ كۆردى ھەم بەگ ياقتۇردى ئۆزىن.

ƏLIG JƏWABÏ AY TOLDÏⱩA

594 əlig aydï ay toldï kɵrdüm səni
səvitti bu kɵrkün bu kïlkïn məni

595 tapïn ɵz oƣurluƣ baƣïrsaⱪlïⱪïn
ⱪapuƣda asunƣïl mana bol yaⱪïn

596 məninḍin aqïƣ bolsu səndin tapuƣ
tapuƣ bolsa ɵtrü aqar ⱪut ⱪapuƣ

597 bu kündə naru sən kïyïlma tapïn
tapïnsa ɵtər bəg tapuƣƣï ⱨəkin

AY TOLDÏ JƏWABÏ ƏLIGKƏ

598 yər ɵpti kɵr ay toldï aydï əlig
yarutsa kɵzin bərdi dəwlət əlig

B54
599 tapïnmaⱪ üqün kəldim əvdin turup
uzun yol yorïdïm sana yüz urup

600 bayat bərsü küq bu tapuƣ kïlƣuⱪa
küdəzsü sanar ɵz tapuƣ yazƣuⱪa

* * *

601 turup qiⱪtï səvnü ⱪapuƣⱪa külə
ɵgi kɵnli aqïlïp yarudï yula

602 nəgü tər əxit bu ⱪutun ⱪopmïx ər
ⱪutï birlə arzu tilək bulmïx ər

* * *

ئېلىگنىڭ ئايتولدىغا جاۋابى

594 ئېلىگ ئېيتتى: ئايتولدى كۆردۈم سېنى،
سۆيۈندۈردى كۆركىڭ، قىلىقىڭ مېنى.

595 ساداقەت بىرلە ئىشلە، بول مېھرىۋان،
ئىشىكتە تۇر، ماڭا يېقىن بول ھەرئان.

596 مېنىڭدىن سېخىلىق، سېنىڭدىن تاپۇغ،
بۇ خىزمەت تۇپەيلى ئاچار بەخت قوۋۇغ.

597 كىرىشكىن سەن ئىشقا بۇ كۈندىن كېيىن،
ئۆتەر بەگ ئىشلىگەن خىزمەتچى ھەققىن.

ئايتولدىنىڭ ئېلىككە جاۋابى

598 يەر ئۆپتى ئايتولدى، دىدى: گەر ئېلىگ —
سۆيۈنسە، بېرۇر بەخت ئىشچىغا ئېلىگ.

599 بۇ خىزمەتنى دەپ كەلدىم ئۆيدىن تۇرۇپ،
ئۇزۇن يولنى يۈردۈم ساڭا يۈزلىنىپ.

600 بۇ خىزمەت ئۈزە ھەق مەدەت ئەيلىسۇن،
خىزمەتتە خاتادىن مېنى ساقلىسۇن.

* * *

601 خوشال چىقتى ئايتولدى ئىشىككە كۈلۈپ،
ئەقىل ـ كۆڭلى ئېچىلىپ چىراقتەك يورۇپ.

602 نىمە دەيدۇ، ئاڭلا، بەخت قۇچقان ئەر،
قۇتى بىرلە ئارزۇسىغا يەتكەن ئەر:

603 külə baksa bəglər kixikə kezün
egi kenli tirlür küvənür ezün

604 yaruk tutsa bəglər kixikə yüzi
yarur ər kezi həm yarayur sezi

605 kimi tutsa bəglər ezinə yakin
kamuoq nən yakinlik kilur ker bakin

606 kut ol bəg yakin bolsa kutka kixi
tiləkin bulur barqa ətlür ixi

* * *

607 tapindi bu ay toldi anda naru
tapuoqda kiyilmadi ərtə turu

608 künün turdi turoqak tünün yatoqakin
tapindi kiyiksiz baoqirsaklikin

609 əligkə kirü həm qika türqidi
əlig ədgü kezün baka türqidi

610 tapuoq arturu bardi kündə yani
aoqirladi əlig kuninə eni

611 tapuoq birlə bəglər aoqirlar kuluoq
tapuoq sinsə boldi kiqig ez uluoq

612 tapuoq kil tapuoq birlə kul bəg bolur
tapuoq sinməginqə tilək kim bulur

613 əxit əmdi bilgə sezi nə təyür
sezin yanzatur sezkə yinqkə ayur

603 كىشىگە كۆلۈپ باقسا بەگلەر كوزى،
دىلى، ئەقلى تىرىلىپ گۈۋىنۇر ئوزى.

604 كىشىگە ئوچۇق بولسا بەگلەر يۈزى،
يورۇيدۇ كوزى ھەم يارايدۇ سوزى.

605 بەگ كىمنى ئوزىگە يېقىن تۇتسا گەر،
كورەرسەن، يېقىنلىق قىلۇر ئوزگىلەر.

606 بەگ بىر بەخت، يېقىن بولسا بەختكە كىشى،
يېتىپ ھەممە مەقسەتكە، پۈتكەي ئىشى.

* * *

607 چۈشۈپ ئىشقا ئايتولدى شۇندىن بۇيان،
سەھەر تۇردى، قايماي ئىشدىن ھامان.

608 قوۋۇقچى، گۈزەتچى بىلەن كۈن ۋە تۈن—
بولۇپ قىلدى خىزمەت ئۇ سادىق پۈتۈن.

609 كىرەتتى، چىقاتتى ئېلىك يېنىغا،
ئېلىكمۇ ئىشەنچلە قارايتتى ئۇڭا.

610 ئۇ خىزمەت ئاشۇردى كۈنىدە يېڭى،
ئېلىكمۇ قەدىرلەپ تۇردى ھەر تېڭى.

611 بېگى قۇلنى خىزمەت بىلە قەدىرلەر،
ئەگەر سىڭسا خىزمەت كىچىكمۇ ئوسەر.

612 خىزمەت قىل، خىزمەت بىلە قۇل بەگ بولۇر،
كىم ئەمگەك سىڭدۈرمەي تىلەككە يېتۇر؟

613 ئىشىت ئەمدى ئالىم سوزىن، نىمە دەر،
بۇ گەپنى ئىنچىكە ئىپادە ئېتەر:

BSS

614 təgimsiz tapuγ birlə tөrkə təgir
yaraγsïz yaransa kөr ə̣lkə təgir

615 tapïnγu ķïyïķsïz tapuγ ķïlγuqï
tapuγ siņsə өtrü tiləkkə təgir

616 bu ay toldï kündə yətürdi tapuγ
ə̣lig mə aqïγ birlə aqtï ķapuγ

617 küniņə өrü bardï iqrək`bolu
ķoķuz boldï ķaḍγu səvinqi tolu

618 tapuγķa süqindi bu ay toldï kəḍ
ə̣lig mə aqïndï yarï arttï əḍ

A32

619 ķamuγ türlüg ixkə sïnadï ə̣lig
tilək təg tükəl buldï tapnur ərig

614 تىگمسز خزمەت بىرلە توركە چىقۇر،
يارامسز نە قىلسا ئىشكتە قالۇر.

615 خزمەتنى قايماستىن راست ئىشلەش كېرەك،
قوبۇل بولسا خزمەت تىلەككە يېتۇر.

616 بۇ ئايتولدى كورسەتتى كۇندە تاپۇغ،
ئېلىگمۇ سېخلىكلە ئاچتى قوۋۇغ.

617 ئېلىككە يېقىشلاشتى بۇ كۆڭۈلبىرى،
ئېشىپ خۇشلىقى كەتتى قايغۇ نېرى.

618 بېرىلدى خزمەتكە بۇ ئايتولدى بەك،
ئېلىگ قىلدى ئېھسان، كوپەيدى يولەك.

619 ئېلىگ ھەممە ئىشتا سىنادى ئۇنى،
كوڭۇلدە كۆتكىندەك بىلدى ئۇنى.

15

AY TOLDĪ Ə̣LIGKƏ ƟZI DƏWLƏT ƟRDÜKIN AYUR

620 ə̣lig bir kün oldurup ɵzi yalņuzun
okīp kirdi ay toldī səvnür ɵzün

621 kirip turdī ay toldī utru ɵrü
ə̣lig imlədi kəlgil oldur bərü

622 qīķardī topīķ ķoḍtī ay toldī kɵr
anī ystanīp ɵtrü oldurdī kɵr

623 ayītti ə̣lig təgmə türlüg bilik
yanuţ bə̣rdi ay toldī aqţī tilig

624 səvindi ə̣lig kɵr yarutti yüzin
anī kɵrdi ay toldī yumdī kɵzin

625 sɵzin kəsti ə̣lig ḥiq ündəmədi
kɵzin yumdī ay toldī ḥiq aqmadī

626 yana ayţu kirdi ə̣lig ɵz sɵzin
yanuţ bə̣rdi ay toldī tügdi yüzin

ئون بەشىنچى باپ

ئايتولدىنىڭ ئۆزىنىڭ بەخت سائادەت ئىكەنلىگىنى ئېيتقانلىغى بايانىدا

620 ئېلىگ تەنها بىر كۈن ئۆزى ئولتۇرۇپ،
چاقىردى، ئايتولدى كىردى خوش بولۇپ.

621 كىرىپ تۇردى ئايتولدى ئۇدۇلدا تىك،
كەل ئولتۇر، دېدى ئۇنى ئىملەپ ئېلىگ.

622 چىقاردى بۇ ئايتولدى بىر توپنى، كور،
ئۇنى قويۇپ ئاستىغا ئولتۇردى، كور.

623 بىلمىدىن سوز ئاچتى ئېلىگ قانچىلاپ،
ئېچىپ سوز ئايتولدىمۇ بەردى جاۋاپ.

624 سويۇندى ئېلىگ، كور، يورۇتۇپ يۇزىن،
كورۇپ ئايتولدى بۇنى يۇمدى كوزىن.

625 دېمەي ھېچنىمە، كەستى ئېلىگ سوزىن،
بۇ ئايتولدى ئولتۇردى ئاچماي كوزىن.

626 ئېلىگ باشلىدى سوزنى بىردەم تۇرۇپ،
جاۋاپ بەردى ئايتولدى تەرىن تۇرۇپ.

B56

627 baḳa kərdi ạlig ḳamuoq türlügün
tükəl buldï bilki uḳuxï əgün

628 səvə baḳtï ạlig avïttï əzin
bu ay toldï tərkin əvürdi yüzin

ẠLIG SƏZI AY TOLDÏḲA

629 ạlig puxtï artuḳ ḳararttï mənịz
ayur ay ạvəklik kixikə ạsiz

630 yanịldï bu tüxtə məninị bu əzüm
nạgü təg aqayïn kixikə səzüm

631 nəgü tạr əxitgil biliklig tilin
ạvə ḳïlmïx ixlər əkünqi yïlïn

632 ạvə ḳïlmïx ixlər nəqə yig bolur
ạvə pïxmïx axnï yạsə ig bolur

633 ạvəklik turur barqa yanịluḳ baxï
amụlluḳ turur barqa əḍgü ixi

634 ạvəklik bu ərdi sạni bilmədin
yaḳïn tuttụm əzkə tapïndurmadïn

635 ḳayu ərsə bəglər tapuoqqï ḳulïn
tapïnduroqu ətrü aqïnsa yolïn

636 pïxïroqu tapuoqda sïnaoqu kərü
aoqïrlasa ətrü kətürgü ərü

627 ئېلىگ ئاڭا كوز سالدى ئوبدان قاراپ،
تولۇق تاپتى ئەقىل-ھۇش، ئىلمىنى سىناپ.

628 خوشال باقتى ئېلىگ ئاۋۇتتى ئوزىن،
بۇ ئايتولدى بەك تېز ئورىدى يۈزىن.

ئېلىگنىڭ ئايتولدىغا ئېيتقانلىرى

629 ئېلىگ كايىپ ئارتۇق، قارايدى يۈزى،
دىدى: ئالدىراڭغۇلۇق يامان ئىش ئوزى.

630 بۇ نوۋەت بۇ ئىشتا يېڭىلدىم ئوزۇم،
نىمىشقا كىشىگە مەن ئاچتىم سوزۇم.

631 نىمە دەر بىلىمىلىك، سوزىن ئاڭلا، بىل،
شىبشىپ[80] قىلغان ئىشنىڭ پۇشايمانى يىل.

632 شىبشىپ قىلغان ئىشلار ھامان خام قالۇر،
چالا پىشقان ئاشتىن كېسەللىك كېلۇر.

633 ئېرۇر بۇ شاشماقلىق، يېڭىلىش بېشى،
تەمكىنلىك بىلەنىدۇر ياخشىلىق ئىشى.

634 بولۇپ ئالدىراقسان، سېنى تونۇماي،
تۇتۇپمەن يېقىن، ئىشلىتىپ قارىماي.

635 نىچۈك بولسىمۇ بەگلەر خادىم قۇلىن—
سىلىپ ئىشقا سوڭ، ئاچقاي ئېھسان يولىن.

636 ئاۋال پۇشۇرۇپ ئىشتا، كورسۇن سىناپ،
قەدىرلەپ كوتەرسۇن بۇنىڭغا قاراپ.

AY TOLDÏ SUALI Ə̧LIGKƏ

637 bu ay toldï aydï ay ə̧lig ķutï
nəgükə puxar ərki toldï otï

638 yazuķum nə ərki bilüməz өzüm
ayu bə̧rsü əvrə əxitsü sөzüm

639 bar ərsə yazuķum ķïna ərk saņa
yoķ ərsə yüzüņni ķaratma maņa

640 nəgü tə̧r əxitgil uķux məņzətü
ķïyas mə'ni birlə aņar yaņzatu

641 tapuɋqï yaņïlsa oķïtɋu kərək
nəgükə yaņïlmïx ayïtɋu kərək

B57
642 yazuķï bar ərsə ķïnaɋu tutup
yoķ ərsə miņ əḑgün avïtɋu kərək

Ə̧LIG JƏWABÏ AY TOLDÏĶA

643 yana oķ puxup aydï ə̧lig sөzi
ayur ay biliksiz kixi munduzï

644 өzüņkə baķa kөr kim ərdiņ maņa
ķayudïn kəlir bu fuzulluķ saņa

645 tapuɋluɋ tə̧sə mən өzüņ tapɋï yoķ
tusuɋluɋ tə̧sə mən yana asɋï yoķ

646 tapuɋsuz aɋïrlap aqïndïm sə̧ni
orun bə̧rdim ərsə basïndiņ mə̧ni

ئايتولدىنىڭ ئۆلمىشكە سوئالى

637 بۇ ئايتولدى ئېيتتى: ئەي، ئۆلمىش قۇتى،
نېمىشقا كايىپ مۇنچە تاشتى ئوتى؟

638 گۇنايىم نېمىكىن، بىلمىدىم ئۆزۈم،
دېسە ئۇنى، سوگرە ئېشىتسە سوزۇم.

639 گۇنايىم بار ئولسا، قىينا، ئەرك ساڭا،
يوق ئولسا، يۈزۈڭنى قارايتما ماڭا.

640 نېمە دەيدۇ ئاڭلا، ئەقىل ئوخشۇتۇپ،
قىياس مەنا بىرلە ئۇنى ئۇقتۇرۇپ:

641 خاتا قىلسا خادىم چاقىرتماق كېرەك،
نېمىشقا ئېگىلدى، سورىماق كېرەك.

642 گۇنايى بار ئولسا، تۇتۇپ قىينسۇن،
يوق ئولسا، دىلىنى ئاۋۇتماق كېرەك.

ئۆلمىشنىڭ ئايتولدىغا جاۋابى

643 ئۆلمىش قىلدى سوزنى تېشىپ ئاچچىغى،
دېدى: سەن بىلمىسىز، كىشى ئاخمىغى.

644 ئۆزۈڭگە قاراپباق، كىم ئەردىڭ ماڭا،
بۇ گۇستاخلىق كەلدى قەيەردىن ساڭا؟

645 دېسەم خىزمىتىڭ بارمۇ، يوق خىزمىتىڭ،
دېسەم تەگدى پايداڭ، يوق مەنپەتىڭ.

646 كورمەي خىزمىتىڭنى قەدىرلەپ سېنى،
ئورۇن بەردىم ئەرسە، سەن باستىڭ مېنى

C25

647 topïķ yastadïņ əmdi olduroquķa
nə oldruoq yəri bu ma keņlün uķa

A33

648 saņa sezlədim mən sezüņ tïņladïm
kezüņ yumduņ ərsə ezüm taņladïm

649 kəqürdüm yana sezlədim sez saņa
nəlük yüz əvürdüņ ayu bər maņa

650 əxitməzmü ərdiņ begüdin bu sez
yaķin bolsa bəgkə küḍəzgü kəḍ ez

651 ayu bərmədimü ataņ ya anaņ
ay oqlum bəgiņkə ezüņ ķïlma təņ

652 tutuzmaḍïmu ker saņa hil baxïņ
basïnma bəgiņni küḍəzgil baxïņ

653 bu bəglər ot ol otķa barma yaquķ
ķalï bardïņ ərsə keyürmək anuķ

654 usal bolma bəglər keyər ot turur
keyər otķa yaķsa aņar yut turur

655 baķa kersə bəglər keyər ot sanï
basïnsa üzər bax sorar ez ķanï

656 baķa tursa artuķ anïn ķorķu tur
ķalï ķorķmasa sən küqün ķorķïtur

647 قويۇپ توپنى ئۇلتۇردۇڭ ئۈستىدە سەن،
بۇ توپ ئۇلتۇرۇر يەرمۇ، ئۇبدان چۈشەن.

648 ساڭا سوزلىدىم ھەم سوزۇڭ ئاڭلىدىم،
كوزۇڭ يۇمغىنىڭدا ئۇزۇم تاڭلىدىم[81].

649 كەچۇردۇم، يەنە سوز سوزلىدىم ساڭا،
نىچۇن ئورىدىڭ يۇز، قىنى ئېيت ماڭا؟

650 ئىشتىمەيمىدىڭ سەن ھېكمىنىڭ سوزىن،
يېقىن بەككە بولساڭ، كوزەتكىن ئوزۇڭ.

651 ساڭا دىمىگەنمۇ ئاتاڭ يا ئاناڭ،
ئەي ئوغلۇم بېگىڭگە ئوزۇڭ قىلما تەڭ.

652 نەسىھەت بەرمىدىمۇ ساڭا توپ بېشىڭ،
بېگىڭنى باسما سەن، كوزەتكىن بېشىڭ.

653 بۇ بەگلەر ئېرۇر ئوت، يېقىن بارما ئەر،
كويۇشۇڭ ئېنىقتۇر، بارارسەن ئەگەر.

654 غاپىل بولما، بەگلەر كويەر ئوت ئېرۇر،
يېقىنلاشماق ئوتقا پالاكەت بولۇر.

655 دىققەت قىلسا بەگلەر كويەر ئوتتەك ئول،
غادايسا ئۇزەر باش، شورار قاننى ئول.

656 ساڭا باقسا ئارتۇق قورقۇنچ ئىچرە تۇر،
ئەگەر قورقمساڭ، كۇچ بىلەن قورقىتۇر.

16

AY TOLDÏ ỌLIGKƏ DƏWLƏT ṢIFƏTIN AYUR

B58
657 külə aydï ay toldï uḳtï ezüm
ayïttïŋ munï sən əxitgil sezüm

658 uḳup kïldïm əmdi bu ixlərni mən
kərək ərdi sən mə munï uḳsa sən

659 munu mən mə əmdi saŋa kəldüküm
məniŋ kïlkïm ərdi bu kerkittüküm

660 orun bẹrdiŋ axnu mən oldurmadïm
orun yoḳ maŋa sən munï uḳ tẹdim

661 topïḳ yẹrdə urdum bu sez bərkitü
ezüm yaŋzaɣïnï saŋa kerkitü

C26
662 nətəg kim orunsuz topïḳ yuvlunur
anï təg mə dəwlət ezüm yolunur

ئون ئالتىنچى باپ

ئايتولدىنىڭ ئىلىگكە بەخت-دۆلەتنىڭ سۈپىتى توغرىسىدا ئېيتقانلىرى

657 كۆلۈپ دېدى ئايتولدى: ئۇقتۇم ئۇزۇم،
بۇنى سەن دېدىڭ، ئەمدى ئاڭلا سۆزۈم.

658 بىلىپ قىلغان ئەردىم بۇ ئىشلارنى مەن،
كېرەك ئەردى بىلسەڭ بۇ ئىشلارنى سەن.

659 مانا ئەمدى مېنىڭ ساڭا كەلمىشىم،
ئىدى خۇي ۋە پەيلىمنى كۆرسەتتىشىم.

660 ئورۇن بەردىڭ ئاۋال مەن ئولتۇرمىدىم،
ئورۇن يوق ماڭا، ئۇق دېمەكچى ئىدىم.

661 بۇ توپ يەرگە قويدۇم سۆزۈم بېكىتىپ،
ئۆزۈمنىڭ ئوخشىشىنى ساڭا كۆرسىتىپ.

662 نېچۈككىم دومىلار ئۇزىچە بۇ توپ،
بۇ دۆلەتمۇ شۇنداق كېتەر سۇرۇلۇپ.

663 səvə bak̡tïn̡ ərsə kezüm yümdüküm
sana̡ kərkitür mən nəgü ərdüküm

664 bu kün mən mə dəwlət k̡araoqu sanï
mana̡ kim ilinsə tutar mən anï

665 yana sezlədin̡ sən yəmə sezlədim
səvə bak̡tïn̡ ərsə yüzüm kizlədim

666 ezüm kərkitür ez k̡ïlïnqïn sana̡
ayur k̡ïlk̡ïm ərsəl ïnanma mana̡

667 nəgü tər əxit əmdi türkqə məŝəl
baxïnda kəqürmix bu kekqin sak̡al

668 küvənmə ezün̡ k̡utk̡a k̡utluoq kixi
ïnanma ezün̡ k̡utk̡a atlïoq kixi

669 ak̡ar suv yorïk̡ til bu k̡ut turmadï
azun təzginürlər yorïp tïnmadï

B59
670 ïnanqsïz turur k̡ut wəfasïz yayïoq
yorïrda uqar tərk adak̡ï tayïoq

ƏLIG SUALI AY TOLDÏK̡A

671 əlig aydï uk̡tum aqïldï sezün̡
yazuk̡ 'uẕri k̡oldun̡ k̡utuldï ezün̡

672 mana̡ ayoqïl əmdi nə ol ərdəmin̡
bədük sezlədi sez bu ektəm tilin̡

663 سويۈپ باقىنىڭدا كوزۇم يۇمسۇغۇم،
ساڭا كورسىتىشتۇر نىمە مەن ئۇزۇم.

664 بۇ كۈن مەنىڭ دەۋلەت، دىگىن كور مىنى،
ماڭا كىم ئىلىنسا تۇتارمەن ئۇنى.

665 يەنە سوزلىدىڭ سەن، مەنىڭ سوزلىدىم،
خوشال باقىنىڭدا، يۈزۈم ئورىدىم.

666 بۇ ئەردى كورسەتمەك ئۆزۈمنى ساڭا،
دىمەك مەن تۇراقسىز، ئىشەنمە ماڭا.

667 نىمە دەر، ئىشىت ئەمدى تۇركچە ماقال،
كوپ ئىشلار بېشىدىن كەچكەن ئاقساقال:

668 گۇۋەنمە بۇ بوش بەختكە، قۇتلۇق كىشى،
ئىشەنمە بۇ بەختكە ئاتاقلىق كىشى.

669 ئاقار سۇ، گۈزەل سوز، بۇ بەخت توختىماي —
كېزەرلەر جاھاننى، يۈرۈپ تىنمىغاي.

670 ئىشەنچسىز، ۋاپاسىز بەخت بىقارار،
يۈرەر ھەم ئۇچار تېز، ئاياغى تايار.

ئېلىگنىڭ ئايتولدىغا سوئالى

671 ئېلىك ئېيتتى: ئۇقتۇم ئېچىلدى سوزۈڭ،
كۈنا ئوزىرىن ئېيتتىڭ، قۇتۇلدۇڭ ئوزۈڭ.

672 ماڭا ئېيتقىن ئەمدى نەدۇر ئەردىمىڭ،
يوغان سوزنى قىلدى بۇ ئوكتەم تىلىڭ.

AY TOLDİ JƏWABİ ƏLIGKƏ

673 bu ay toldi aydi kər ərdəm əküx
mənindin təgir təgsə ərkə ülüx

674 kilinqim onay kərsə yaxim kiqig
kamuoı bəg bədükkə mənindin kəqik

675 yüzüm kərki kərklüg nə kilkim silig
tiləmix tiləkkə yətürdüm əlig

676 əzüm kayda bolsa kamuoı arzular
mənin birlə yügrür mana əz ular

677 ərəz məndə əmgək mənindin təzər
səvinq məndə sakinq mana yol azar

678 mana əznəsə kim əzəlip əlür
mana kim boyun əgsə arzu bulur

C27
679 urayin təgüqi əzi ursukar
basayin təgüqi əzi bassikar

A34
680 munar mənzətü kəldi əmdi bu səz
muni əxtip uksu biliklig kəd əz

681 bu kut kayda bolsa boyun bər yarax
kali əznəsə kutka kadoıun kürəx

682 bu kut kəlsə yalnuk kutadur kəni
tümən arzu birlə talulap yər ax

ئايتولدىنىڭ ئېلىككە جاۋابى

673 دىدى ئەردىمىم كوپ، — بۇ ئايتولدى، كور،
كىشىلەرگە مەندىن نەسىبە تېگۇر.

674 خۇيۇمدۇر مۇلايىم، يېشىمدۇر كىچىك،
پۈتۈن بەگ، بۇيۇككە ئېرۇرمەن كېچىك.

675 يۇزۇم كوركەم مېنىڭ، مۇلايىم خۇيۇم،
تىلەگەن تىلەكلەرگە يەتتى قولۇم.

676 ئۇزۇم قايدا بولسام، پۈتۈن ئارزۇلار —
يۇرەر مەن بىلەن ھەم ماڭا باغلىنار.

677 ھوزۇر مەندە، مېھنەت مېنىڭدىن قاچار،
سويۇنچ مەندە، قايغۇ مەندە يول ئازار.

678 ماڭا كىم غادايسا يوقالۇر، ئولۇر،
كىم ئەگسە بويۇن، ئۇ، ئۇمىدىن تاپۇر.

679 ئۇرايمەن دىگۇچى ئوزى ئۇرىلۇر،
باسايمەن دىگۇچى ئوزى بېسىلۇر.

680 بۇ سوز كەلدى ئەمدى بۇڭا ئوخشىشىپ،
بىلىملىك چۇشەنسۇن بۇنى ئىشتىپ:

681 بۇ بەخت قايدا بولسا بويۇن ئەگ، ياراش،
قېرىشساڭ ئۇنىڭلە قاتار غەمدە باش.

682 بۇ بەخت كەلسە ئىنسان كونى قۇتلىنىپ،
تۇمەن مىڭ تىلەككە يېتىپ، يەيدۇ ئاش.

Ə̧LIG SUALI AY TOLDÏĶA

683 ə̧lig aydï uķtum bu ərdəmləriŋ
münüŋ barmu ayƣïl biləyin səniŋ

AY TOLDÏ JƏWABÏ Ə̧LIGKƏ

684 bu ay toldï aydï maŋa yas ķïlur
münüm yoķ wəlikin kixilər ayur

B60
685 münüm bu mə̧ni yalŋuķ ə̧rsəl tə̧yü
ayïƣlap yorïrlar kixikə ayu

686 mün ərməz maŋa kɵr bu ə̧rsəllikim
yaŋï nəŋ talular ma ɵzkə bəkim

687 ķamuƣ əski nəŋlər ə̧rinqig bolur
ə̧rinqig yüki kɵr yə̧rinqig bolur

688 yaŋï nəŋ bolurda bu əski nərək
talu nəŋ bolurda yavuz nə kərək

689 yaŋïda bolur kɵrsə barqa tatïƣ
tatïƣnï tiləp ər kɵr əmgər ķatïƣ

690 yayïƣ tə̧p sɵkərlər bu ķïlķïm üqün
maŋa mün ururlar bu atïm üqün

A38
691 muŋar məŋzətü aydï alp ər aquķ
anïŋ mə'nisi kɵr bu sɵzkə tanuķ

692 tɵrümix nəŋ ərsə yoķalƣu turur
tɵrütügli haliķ nə ķolsa ķïlur

ئېلىگنىڭ ئايتولدىغا سوئالى

683 ئېلىگ ئېيتتى: ئۇقتۇم بۇ ئەردەملىرىڭ،
قۇسۇرۇڭ بارمۇ، ئېيت، بىلەي مەن سېنىڭ.

ئايتولدىنىڭ ئېلىككە جاۋابى

684 دىدى ئايتولدى: توھمەت ماڭا قىلىشۇر،
قۇسۇرۇم يوق، لېكىن بار دەپ ئېيتىشۇر.

685 قۇسۇرۇم شۇدۇركى، تۇراقسىز ئاتاپ،
يۇرەرلەر كىشىلەر ئارا يامانلاپ.

686 تۇراقسىز بولۇشۇم ماڭا ئەيىپ ئەمەس،
تاللايمەن ئۆزۈمگە يېڭى نەرسە، بەس.

687 پۈتۈن كونا نەرسە يېقىمسىز بولۇر،
يېقىمسىز يۈكى، كور، كوڭۈلسىز كېلۇر.

688 يېڭى نەرسە بولسا، كونا نە كېرەك،
سەرە نەرسە بولسا، يامان نە كېرەك.

689 پۈتۈن تەم ۋە لەززەت يېڭىدا بولۇر،
بۇ لەززەتنى ئىستەپ كىشى قىينىلۇر.

690 تۇراقسىز دەپ ئېيتار بۇ قىلىقىم ئۈچۈن،
ماڭا ئەيىپ قويۇرلەر شۇ ئاتىم ئۈچۈن.

691 بۇڭا ئوخشتىپ ئېيتتى بىر قەھرىمان،
بۇ سوزگە گۇۋادۇر مەنىسى ھامان:

692 تورەلگەن نىمەلەر بارى يوقىلۇر،
تورەلتكەن بىر ئاللا، نە قىلسا قىلۇر.

693 tiriglik tə̧dükün bu yə̧l təg kəqər
ķaqar tutsa bolmaz anï kim bulur

694 küvənmə bu ķutķa kəlir ḩəm barïr
ïnanma bu dəwlət bə̧rür ḩəm alïr

C28
695 yayïƣ ərməz ərsə bu dəwlət ɵzi
nə əḑgü nəņ ərdi bu ķuţ ay ķozï

696 kəlip barmaz ərsə bu dəwlət yana
tünərməgəy ərdi yȧrumïx künə

ƏLIG SUALI AY TOLDÏĶA

697 ə̧lig aydï uķtum bu ə̧rsəllikiņ
ə̧rip kə̧tgü yə̧rdə bolurmu bəkiņ

AY TOLDÏ JƏWABÏ ƏLIGKƏ

698 bu ay toldï aydï məniņ bu ɵzüm
kəyik təg turur ķïlķï kəstim sɵzüm

699 mə̧ni tərk bulumaz tiləgli səvə
ķalï bulsa tutmaz ķïlur tərk yava

A39 B61
700 mə̧ni buldaqï ər tutup bəkləsə
ķaqumaz mən andïn sɵz aydïm kəsə

ƏLIG SUALI AY TOLDÏĶA

701 ə̧lig aydï ayƣïl bu bərkiņ ķayu
nəgü təg kixən ol sə̧ni bərkləgü

693 تىرىكلىك دېگەن ئۇ شامالدەك كېتەر،
قاچار، تۇتسا تۇرماس، ئاڭا كىم يېتەر؟

694 گۆۋەنمە بەختكە، كېلەر ھەم كېتەر،
ئىشەنمە، بۇ دەۋلەت ئالار ھەم بېرەر.

695 تۇراقسىز ئەمەس بولسا دەۋلەت ئۆزى،
نە ياخشى ئىدى بۇ بەخت ئەي قوزى[82].

696 كېلىپ كەتمەس ئولسا بۇ دەۋلەت يانا،
يورۇق كۆن قارايماس ئىدى، كور، مانا.

ئېلىگنىڭ ئايتولدىغا سوئالى

697 ئېلىگ دېدى: بىلدىم تۇراقسىزلىغىڭ،
بولۇرمۇ كېتىپ يەنە كەلمەكلىگىڭ؟

ئايتولدىنىڭ ئېلىككە جاۋابى

698 بۇ ئايتولدى ئېيتتى: مېنىڭ بۇ ئۆزۈم—
قىلىغىم كىيىكتەك، قىلاي بەس سوزۇم.

699 سويۇپ ئىستىگەن تېز تاپالىماس مېنى،
قاچۇرسا ئەگەر، تېز تۇتالماس مېنى.

700 مېنى تۇتسا چىڭ گەر كىشىلەر تېپىپ،
سوزۇم شۇكى، كەتمەيمەن ئۇندىن قېچىپ.

ئېلىگنىڭ ئايتولدىغا سوئالى

701 دېدى خان: نەدۇر سېنى باغلاش يولى،
كېرەك نە كىشەن سېنى چىڭ تۇتقىلى؟

AY TOLDÏ JӘWABÏ ȨLIGKӘ

702 bu ay toldï aydï maŋa bərk kixən
bu bir ķaq nəŋ ol kөr bȩrəyin nixan

703 mȩni buloɣuqï ķïlķï alqaķ kərək
kөŋül ķoḑķï til sөzdə yumxaķ kərək

704 өzini küḑəzsə ayï ərtməsə
yavuz yuŋqïɣ ixkə ayķïn turmasa

705 təŋi birlə tutsa tȩrilmix nəŋin
yorïķ tüzsə ķïlķï ķïlïnqï yaŋïn

706 өzində uluɣķa tapuɣ ķïlsa өz
өzində kiqigkə süqig tutsa sөz

707 kixig satoɣamasa küvəzlik bilə
basïtmasa өzdə kiqigkə külə

708 yavalïķ bilə borķa bax soķmasa
yavalïķķa boxlaɣ nəŋin saqmasa

709 oyunķa ķatïlmasa əlgin tilin
ķөnilik өzə tutsa ķïlķï yaŋïn

710 yayïɣ ķut kixəni bu nəŋlər turur
bu yaŋlïɣ basa ķutnï ķaqmaz ķalur

711 bu sөzkə tanuķï bu xa'ir sөzi
bu xa'ir sөzi sөzkə ķattï tuzï

C29
712 kəyik sanï dəwlət kixikə təzik
ķalï kəlsə bəklə tuxa ḩəm tizig

ئايتولدىنىڭ ئېلىككە جاۋابى

702 بۇ ئايتولدى ئېيتتى: ماڭا چىلىڭ كىشەن—
ئېرۇر قانچە نەرسە، بېرەيمەن نىشان:

703 تاۋازۇلۇق ئولسۇن مېنى تاپقۇچى،
كىچىك پېئىل هەم سۆزنى يۇمشاق قىلغۇچى.

704 ئۆزىنى تۇتسا ئۇ ئاشماي هەددىدىن،
يامان-ئەسكى ئىشلارغا بارماي يېقىن.

705 يىغىلغان مېلىنى بۇزۇپ چاچمىسا،
تۈزەپ خۇلقىنى ئۇ، پەيلىن بۇزمىسا.

706 ئۆزىدىن ئۇلۇغقا خىزمەت قىلسا ئۆز،
ئۆزىدىن كىچىككە چۈچۈك قىلسا سۆز.

707 كىشىنى كىبىر بىرلە رەنجىتمىسە،
كىچىكلەر كۈلۈپ هەم بوزەك ئەتمىسە.

708 بىكاردىن هاراققا بېشىن تىقمىسا،
بىكاردىن-بىكارغا مېلىن چاچمىسا.

709 ئويۇنغا بەرمىسە تىلۇ-قولىنى،
دۇرۇس قىلسا دائىم خۇيى-پەيلىنى.

710 تۇراقسىز بەختكە شۇلاردۇر كىشەن،
مۇشۇ خىلدا باغلانسا، قاچماس، چۈشەن.

711 بۇ سۆزنىڭ گۇۋاسى شائىرنىڭ سۆزى،
شائىرنىڭ سۆزىدۇر بۇ سۆزنىڭ تۈزى:

712 سائادەت كىشىگە هۈرككەك كېيىكتەك،
ئەگەر كەلسە ساقلا چۈشەپ تېز ۋە بەك.

713 tuta bilsə dəwlət təzüməz turur
ķalī təzsə təgməz yana tərk kəzik

Ə̧LIG JƏWABĪ AY TOLDĪĶA

B62
714 ə̧lig aydī uķtum aya ķut sə̧ni
ķatïoq səvdim ərdi ə̧rər sən mə̧ni

715 yayïoqlīķ yoķ ərsə bu ə̧rsəllikiņ
nə əḍgü ix ərdi səniņ kəlməkiņ

716 wəlikin yayïoq sən ɵzüņ bi-wəfa
wəfa kɵrkitür sən ķīlur sən jəfa

717 anada atada baoqīrsaķ bolup
ayada tutar sən külər yüz urup

718 ara kɵrmədük təg yüz əvrər ɵzüņ
aḍīnsïoq bolur barqa ķīlķīņ sɵzüņ

719 tə̧rər sən yumītsa saqar sən ķamuoq
oķīr sən yüz ursa yapar sən ķapuoq

AY TOLDĪ JƏWABĪ Ə̧LIGKƏ

720 bu ay toldī aydī ay ə̧lig ķutī
münüm ərdəmim barqa aydīm atī

721 mə̧ni kim bulup bərk tutayīn tə̧sə
ayu bə̧rdim ol nəņni tutsun usa

722 maņa urmasa ɵrk mə̧ni tuttaqī
kəyik təg ķaqar mən kim ol yəttəqi

713 تۇتۇشنى بىلسە دەۋلەت قاچماي تۇرۇر،
قېچىپ كەتسە كەلمەس يېنىپ تېز كېزەك.

ئېلىگنىڭ ئايتولدىغا جاۋابى

714 ئېلىگ ئېيتتى: ئەي بەخت ئۇقتۇم سېنى،
سېنى بەك سۆيۈپتىم، تاشلارسەن مېنى.

715 ئەگەر بولمىسا بۇ تۇراقسىزلىغىڭ،
نە ياخشى ئىش ئىدى سېنىڭ كەلمىكىڭ.

716 لېكىن سەن تۇراقسىز، تۇرۇزۇڭ بىۋاپا،
ۋاپا كورسىتىپ، قىلسەتكەن جاپا.

717 ئاتادىن، ئانادىن بولۇپ مېھرىۋان،
ئالقاندا كوتەرىپ، كۈلۈپ باقىبان؛

718 گەھى كورمىگەندەك ئۆرۈيسەن يۈزۈڭ،
بولەكچە بولۇپ ھەر قىلىغىڭ، سوزۈڭ.

719 تېرەرسەن، يىغارسەن، يەنە چاچارسەن،
ھەم چىللاپ، يۈزگە ئىشىك ياپارسەن.

ئايتولدىنىڭ ئېلىككە جاۋابى

720 ئايتولدى ئېيتتى: ئەي، ئېلىگ بەختىيار،
دېگەنتىم مېنىڭ پەزىل، قۇسۇرۇمۇ بار.

721 مېنى كىم تېپىپ چىڭ تۇتايىن دېسە،
ئېيتتىم چىڭ تۇتۇشنىڭ يولىنى، بىلسە.

722 مېنى تۇتقۇچى گەر يۈگەن سالمىسا،
كېيىكتەك قاچارمەن، يېتەر كىم ماڭا؟

723 nəgü tẹr əxitgil sīnamïx̣ ḳarī
sīṇamïx̣ ḳarīlar sọzi səz ḳurī

724 kəlir ḳut tuta bilməsə sən barīr
bẹrür nəṇ yẹyü bilməsə sən alīr

725 yayïoı ḳutnī bulsa ẹḍi bəkrü tut
ḳalī bəkləməsə yana bardī püt

726 ḳutaḍmïx kixi̇ ḳer saḳīnmïx kərək
ḳamuoı təṇsiz ix̣tin yīramïx kərək

727 arioı bolsa ẹzi yorīsa kẹni
munīṇ baoıï mundaoı bilingü munī

ƏLIG SUALI AY TOLDĪḲA

C30
728 ẹlig aydī uḳtum münüṇ ərdəmiṇ
bu ay toldī atīṇ nə ol bu səniṇ

729 nəgü ol munīṇ mə'nisi ay maṇa
biləyin uḳayīn pütəyin saṇa

AY TOLDĪ JƏWABĪ ƏLIGKƏ

A40
730 bu ay toldī aydī məniṇ atīmī
bəgü məṇzətür ayḳa bu ḳilḳīmī

B63
731 bu ay tooısa axnu ẹḍi az tooıar
küniṇə bẹḍüyür yoḳaru aoıar

732 toluṇ bolsa tolsa azunḳa yarur
azun həlḳi andīn yaruḳluḳ bulur

723 نېمەدەر ئېشىت، كۆپنى كۆرگەن قېرى،
قېرىلار سۆزىدۇر ئۇ سۆز گۆھىرى:

724 كېلۇر بەخت، تۇتۇشنى بىلمىسەڭ، كېتۇر،
بېرۇر مال، يېيىشنى بىلمىسەڭ، ئالۇر.

725 تۇراقسىز بەختنى تاپساڭ مەھكەم تۇت،
تۇتمىساڭ ئەگەر چىڭ، كېتەر يەنە، پۇت.

726 بەختلىك كىشى ئۆزنى ساقلاش كېرەك،
پۇتۇن ئەسكى ئىشتىن يىراقلاش كېرەك.

727 ئۆزى پاكىزە، توغرا بولسا ئىشى،
بەختنىڭ باغى[83] شۇدۇر، بىلسە كىشى.

ئېلىگنىڭ ئايتولدىغا سوئالى

728 ئېلىگ ئېيتتى: ئۇقتۇم قۇسۇر ئەردەمىڭ،
بۇ ئايتولدى ئىسمىڭ نەدىمەك سېنىڭ؟

729 نېمەدۇر مەنىسى بۇنىڭ، ئېيت ماڭا،
بىلەي مەن، ئۇقاي ھەم پۇتەي مەن ساڭا.

ئايتولدىنىڭ ئېلىككە جاۋابى

730 بۇ ئايتولدى ئېيتتى: مېنىڭ بۇ ئېتىم،
خۇيۇم ئوخشىتىپ ئايغا قويمىش ھېكىم.

731 ئاي ئاۋال تولامۇ كىچىك تۇغۇلۇر،
كۈندىن-كۈن چوڭىيىپ يۇقۇرى چىقۇر.

732 تولۇن بولسا تولۇپ، جاھان يورۇتار،
جاھان خەلقى ئۇندىن يورۇقلۇق ئالار.

733 tükəl bolsa kər ay bu aqsa ədiz
yana ərlü türqir kətər kərk məniz

734 yarukluki əksür yana yok bolur
toqar kəqə azin yana ok tolur

735 mənin bu əzüm mə bu yanliqi turur
ara bar bolur ma ara yok bolur

736 nəqa yunqiqi əzkə yüz ursa əzüm
baru kərki artar kəsər mən səzüm

737 bayusa bədüsə yadilsa qavi
kətər mən anindin kətər yüz suvi

738 yana saqlur andin tərilmix nəni
səki təg bolur yandru kilki yani

739 munar mənzətü kəldi xa'ir səzi
bu xa'ir səzi ol biliksiz kəzi

740 kəlir kut kixikə ati qavlanur
yani ay təg artar yaruki tolur

741 yayiqi təlvə dəwlət kənül bamaqil
tolun təg bu dəwlət yana ərilür

742 taki bir bu mə'ni ayayin sana
əxitgil ani sən munu püt mana

743 bu ay orni boldi əvi münkəlib
orunsuz bolur münkəlib nən kilip

C31
744 bu ay burqi sərtan bu əv əvrilür
əvi əvrilür həm əzi qəvrilür

733 تولۇپ ئاي ئىگىزگە ئۆرلىگەچ، كېيىن—
كېمىپ ئاستا، كوركى كېتەر يۈزىدىن.

734 يورۇغى ئاز-ئازدىن يەنە يوقىلۇر،
تۇغۇلۇپ كىچىك ئۇ، قايتىدىن تولۇر.

735 مېنىڭ بۇ ئۆزۈممۇ شۇنداق ئېرۇرمەن،
بەزى بار، بەزىدە يوقاپ كېتۈرمەن.

736 ھەرقانچە ئاجىزغا قاراتسام يۈزۈم،
ئاشار كوركى ئۇنىڭ، قىلاي بەس سوزۇم.[84]

737 بېيىسا، چوڭايسا، ئاشسا شوھرىتى،
كېتەرمەن ئۇنىڭدىن تۈگەر ھورمىتى.

738 ئۇ يىققان جىمى مال چېچىلىپ كېتەر،
ئۆزىمۇ بۇرۇنقى ھالىغا چۈشەر.

739 بۇڭا ئوخشۇشۇپ كەلدى شائىر سوزى،
بۇ شائىر سوزىدۇر بىلىمسىز كوزى:

740 بەخت كەلسە ئەرگە، ئېتى يېيىلۇر،
يېڭى ئايدەك ئېشىپ يورۇغى تولۇر.

741 تۇراقسىز تەلۋىدۇر بەخت، بەرمە دىل،
بۇ دەۋلەت تولۇنئاي كەبى كېمىيۇر.

742 يەنە بىر مەنىنى مەن ئېيتاي ساڭا،
بۇنى سەن ئاڭلىغىن، ئىشەنگىن ماڭا:

743 بۇ ئاينىڭ ئۇيى ھەم ئورنى مۇنقەلىپ[85]،
مۇنقەلىپ قالۇر ئۇيىسىز ئاخىر بېرىپ.

744 بۇ ئاي بۇرجى سەرتان، بۇ بۇرج ئوزگىرۇر،
ئۇيى ئوزگىرۇر ھەم ئوزى چورگىلۇر.

745 kayu əvkə kirsə bu ay tərk qīkar
qīkarī üqün tərk yatarīn yīkar

B64
746 mənin mə øzüm kør anar okxadī
ara kīlkīm ildi ara yokladī

747 kəlir mən barīr mən yorīr mən burun
azunuq kəzər mən mana yok orun

748 bu mə'ni üqün atīm ay toldī təp
atadī biliklig søzin yinqkə yip

749 munu mən mə dəwlət münüm ərdəmim
ayu bərdim əmdi igim həm əmim

750 aqa søzlədim søz mana əmdi püt
īdayīn təsə īd kalī tutsa tut

ƏLIG JƏWABĪ AY TOLDĪKA

751 əlig aydī barqa əxittim søzün
yaruttī søzün həm yaradī øzün

752 tilər ərdim əmdi səni təg kixī
bayat bərdi arzu ay ərdə baxī

753 bayat kimkə bərsə tilək arzusī
anīn xükri boldī yanut kīlqusī

754 bu kündə naru bu øzüm tīnmadīn
munīn xükri kīlqu kərək ərmədin

755 nəgü tər əxit əmdi bilgə tətik
øzi bardī kodtī bizinə bitik

745 قايۇ ئۇيگە كىرسە بۇ ئاي تېز چىقار،
چىقىشقا ئالدىراپ ئۇيىن تېز بۇزار.

746 ئۇزۇممۇ ئاڭا ئوخشىشۇرمەن، قارا،
گەھى مەن ئىگىزدە، تۇۋەندە ئارا.

747 كېلۇرمەن، كېتەرمەن، يۇرۇرمەن بۇرۇن،
كېزەرمەن جاھاننى ماڭا يوق ئورۇن.

748 شۇ مەنا ئۇچۇن ئاتىم ئايتولدى دەپ،
ئاتادى بىلىملىك سوزىن ئىنچىكلەپ.

749 مانا مەنمۇ دەۋلەت، پەزلىم، قۇسۇرۇم،
كېسەلىم، داۋايىمنى ئېيتتىم ئۇزۇم.

750 ئوچۇق ئېيتتىم سوزۇم، ماڭا ئەمدى پۇت،
قاچۇرساڭ قاچۇر، گەر تۇتاي دىسەڭ تۇت.

ئېلىگنىڭ ئايتولدىغا جاۋابى

751 ئېلىگ ئېيتتى: بارچە ئىشىتتىم سوزۇڭ،
يورۇتتى سوزۇڭ ھەم يارادىڭ ئۇزۇڭ.

752 تىلەر ئەردىم ئەمدى سىنىڭدەك كىشى،
خۇدا بەردى ئارزۇ، ئەي، ئەرلەر بېشى.

753 خۇدا كىمگە بەرسە تىلەك-ئارزۇنى،
كېرەكتۇر جاۋابەن دىمەك شۇكرىنى.

754 بۇ كۇندىن كېيىن مەن ئۇزۇم تىنمايىن،
زېرىكمەي ئۇنىڭكىم شۇكرىن ئېيتايىن.

755 نىمە دەر ئىشىت ئەمدى ئالىم تىتىك،
ئۇزى كەتتى، قويدى ئۇ بىزگە بىتىك:

756 xükür ķīl əy ni'mət iḑisi unur
xükür ķīlsa ni'mət bayat arturur

757 bu ni'mət iḑisi unītur ɵzin
munīņ xükri ķīlsa əvürməz yüzin

C32
758 az əḑgükə artuķ ɵküx xükri ķīl
ɵküx bolsa ni'mət anīņ ķədri bil

759 xükür ķīlsa ni'mət biri on bolur
biri on bolup ķɵr əvi nəņ tolur

* * *

760 əlig bərdi alķīx ķɵr ay toldīķa
ayur tünlə kündüz maņa tur baķa

B65
761 təlim nəņ tavar bərdi ɵgdi ɵküx
aƣīrladī bərdi ķɵr altun kümüx

A41
762 aņar sɵzlədi sɵzni barqa əlig
anīņdīn tilədi ķamuƣ ɵg bilik

763 ķɵr ay toldī ma bu aƣīrlik bulup
tapīndī pütün qīn baƣīrsaķ bolup

764 bir anqa yorīdī sīnadī əlig
ķamuƣdīn tükəl boldī bulmīx ərig

756 ئەي نېمەت ئىگىسى سەن قىلغىن شۈكور،
شۈكۈر قىلسا نېمەتنى ھەق ئارتتۇرۇر.

757 بۇ نېمەت ئىگىسى ئۇنتۇر ئۇزىن،
شۈكۈر قىلسا نېمەت ئۇرىمەس يۈزىن.

758 كىچىك ياخشىلىققا تولا شۈكۈر قىل،
تولا بولسا نېمەت، ئۇنىڭ قەدرىن بىل.

759 شۈكۈر قىلسا، نېمەت بىرى ئون بولۇر،
بىرى ئون بولۇپ ھەم ئۆي مالغا تولۇر.

* * *

760 كور، ئايتولدىنى ئېلىگ ئالقىشلىدى،
ماڭا قارىغىن كېچە-كۈندۈز، دىدى.

761 تولا مال-تاۋار بەردى ماختاپ ئۇنى
ھەم ئالتۇن-كۈمۈش بەردى، قەدىرلەپ ئۇنى.

762 ئاڭا ئېيتتى ھەممە سوزنى ئېلىگ،
ئۇنىڭدىن سورادى ئەقىل ھەم بىلىك.

763 بۇ ئايتولدى بۇ قەدىر-ھورمەتنى كورۇپ،
خىزمەت قىلدى ئۇ چىن كويۈمچان بولۇپ.

764 ئېلىگ بىرنەچچە ۋاق سىناپ كوردى ئۇ،
تېپىلغان كىشىنى كامىل تاپتى ئۇ.

17

KÜN TOĞDÏ ƏLIG AY TOLDÏKA 'ƏDIL ŞIFƏTIN AYUR

765 əlig bir kün oldurup ezi yalnuzun
əvin ḳildi hali ərikti ezün

766 oḳidi ker ay toldïḳa ḳildi yol
bu ay toldï kirdi ḳavuxturdï ḳol

767 əlig etrü turdï aḍakin erü
əlig sezləmədi bir anqa turu

768 baḳïp kerdi əlig kezin imlədi
ixarət bilə kəlgil oldur tədi

769 bu ay toldï oldurdï akru amul
kezin yərkə tikti yaruttï kenül

770 əligkə baḳa kerdi yaxru kezin
ḳaxï kezi tügmix aqïtmïx yüzin

771 kümüx kürsi urmïx ezə oldurur
bu kürsi aḍaḳï üq aḍrï turur

ئونتىنچى باپ

كۈنتۇغدى ئېلىگنىڭ ئايتولدىغا ئادالەت سۈپەتلىرى ھەققىدە ئېيتقانلىرى

765 ئېلىگ ئولتۇرۇپ يالغۇز بىر كۈنى،
زېرىكتى ۋە قىلدى خالى ئۆيىنى.

766 بۇ ئايتولدىنى قىچقىرىپ بەردى يول،
بۇ ئايتولدى كىردى، قوۋۇشتۇردى قول.

767 ئۇ تۇردى ئېلىگنىڭ ئۇدۇلىدا تىك،
ئولتۇردى سوزلىمەي بىر مەھەل ئېلىگ.

768 قاراپ بىردەم ئېلىگ، كوزىن ئىملىدى،
ئىشارەت بىلە كەلگىن، ئولتۇر، دېدى.

769 بۇ ئايتولدى ئولتۇردى تىپ-تىنچ، كېلىپ،
يورۇپ كوڭلى، كوزىنى يەرگە تىكىپ.

770 ئېلىككە يۇگۇرتتى يوشۇرۇنچە كوز،
تۇرۇلگەن قاش-قاپاق، پۇرۇشتۇرمە يۈز.

771 كۈمۈش كۇرسى ئۈستىدە جىم ئولتۇرۇر،
بۇ كۇرسىنىڭ پۇتى ئۈچ، چېتىقسىز تۇرۇر.

772 bedük bir piqekig eligde tutar
solindin uraoqun onindin xeker

C33
773 ani kerdi erse bu ay toldi qin
katiq korkti ezke kodi aldi tin

ƏLIG SUALI AY TOLDIKA

B66
774 bir anqa turup bax keturdi elig
bu ay toldika aydi teprat tilig

775 nelük sezlemez sen aoqin teg bolup
meni munda yalnuz bu yanliq bulup

AY TOLDI JƏWABI ƏLIGKƏ

776 bu ay toldi aydi ay elig kuti
menin sezlegüke ezüm yok xati

777 adinsiq kerür men bu kün kilk etik
anar eymenür men ay bilge tetik

778 karaka bilik berdi bilki aquk
puxar edte beglerke barma yaoquk

779 taki yakxi aymix biliklig begü
puxar edte begler bolur ot aqu

780 kaii bolsa begler puxup evkelig
yakin turma anda ay kilki silig

781 puxar bolsa begler kelip evkesi
yirak turoqil anda tegürgey yasi

772 قولىدا تۇتۇقلۇق يوغان بىر پىچاق،
شېكەر تۇگىدا، سولدا تۇراغۇن[86] بىراق.

773 كورۇپ قورقتى ئايتولدى، ئاشتى غېمى،
ئۇنى باستى تىترەك، كېسىلدى دېمى.

ئېلىگنىڭ ئايتولدىغا سوئالى

774 ئېلىگ باش كوتەردى بىر ئازدىن كېيىن،
دېدى ئايتولدىغا: قېنى سوزلىگىن.

775 نېچۈك سوزلىمەيسەن ئاچچادەك بولۇپ،
مېنى مۇندا يالغۇز بۇ ياڭلىغ كورۇپ؟

ئايتولدىنىڭ ئېلىككە جاۋابى

776 بۇ ئايتولدى ئېيتتى: ئەي ساھىپقىران،
سوزلەشكە مادار يوق مەندە بۇ زامان.

777 كورەرمەن بۇ كۈن سەندە يات ھال ئۆزۈم،
ئەيمەندىم ئەي ئاقىل، شۇڭا يوق سوزۇم.

778 بىر ئالىم خەلققە بېرىپ بىر ساۋاق،
دەپتۇ بەگ غەزەپلىك چاغدا بول يىراق.

779 بىلىملىك بىر دانا خوپ ئېيتمىش تېخى،
بولۇر بەگ زەھەر، ئوت-غەزەپلىك چېغى.

780 غەزەپتە قىزىشسا ئەگەر ھوكۇمدار،
ئۇنىڭغا سەن يېقىن بارما، ئەي ھوشيار.

781 غەزەپكە كېلىپ بەگ كايىغان زامان،
يىراق تۇر ئۇنىڭدىن، تېگۇر كوپ زىيان.

782 muņar mənzətü kəldi əmdi bu sez
kəņülkə alinoqil küdəzgil kəd ez

783 puxar ədtə bəglərkə batma yaoquķ
ķali bardiņ ərsə uquzluķ anuķ

784 kər arslanķa oķxar bu bəglər ezi
puxursa kəsər bax ay bilki yaruķ

ƏLIG SUALI AY TOLDİĶA

785 əlig aydi kəldür maņa ay sezüņ
nəgüni taņirķadi əmdi ezüņ

AY TOLDİ JƏWABİ ƏLIGKƏ

786 bu ay toldi aydi taņim bu məniņ
kümüx kürsi ornuņ nə ol bu səniņ

787 bu oldruoq nə kürsi yəri ol saņa
bu mə'ni ukayin ayu bər maņa

788 ikinqi əligdə nə ol bu piqək
muni ma ezüm yətrü bilgü kərək

A42 B67 C34

789 üqünqi oņuņdin nəgü ol xəkər
soliņdin uraoqun nə ol bu saņar

790 baķa kerdüm ərsə ezüņ evkəlig
muni kərdüm ərsə yitürdüm bilik

791 bu yaņlioq kərüp bu ezüm əymənip
etüg etnüməz mən tilimni yazip

782 بۇ سوز كەلدى ئەمدى بۇڭا ئوخشۇشۇپ،
كۈزەت بەك ئوزۇڭنى، كوڭۇلدە تۇتۇپ؛

783 يېقىن بارما بەككە غەزەپلەنسە گەر،
ئېنىق خارلىنۇرسەن، بارۇرسەن ئەگەر.

784 بۇ بەگلەر خۇددى بىر ئارسلان ئوزى،
ئەي ئالىم، غەزەپلەنسە باشنى كېسەر!

ئېلىگنىڭ ئايتولدىغا سوئالى

785 ئېلىگ ئېيتتى: كەلگىن ماڭا ئېيت سوزۇڭ،
نىمىشقا تېگىرقاپ تۇرۇرسەن ئوزۇڭ؟

ئايتولدىنىڭ ئېلىككە جاۋابى

786 بۇ ئايتولدى ئېيتتىكى، ھەيرىتىم مېنىڭ،
نىچۇندۇر كۇمۇش كۇرسى ئورنۇڭ سېنىڭ؟

787 بۇ كۇرستا ئولتۇرۇش نالايىق ساڭا؛
ئۇنىڭ مەنىسىنى دىگىن سەن ماڭا.

788 ئىككىنچى، قولۇڭدا پىچاق نە دىمەك،
بۇنى ھەم ياخشىراق بىلىشىم كېرەك.

789 ئۇچىنچى، ئوڭۇڭدا نىمىشقا شېكەر،
سولۇڭدا ئۇزاغۇن، نە مەنا بېرەر؟

790 سېنى مەن غەزەپلىك شۇ ھالدا كورۇپ،
يۇتتۇردۇم بىلگىنىم تامام ئۇنۇتۇپ.

791 بۇ ھالنى كورۇپ مەن ئوزۇم ئەيمىنىپ،
ئوتۇنچ قىلمىدىم مەن تىلىمنى يىغىپ.

18

KÜN TOƢDÏ Ə̣LIG AY TOLDÏĶA ‘ƏDIL ŞIFƏTI NƏTƏG ƏRDÜKIN AYUR

792 ə̣lig aydï uķtum səzüņ bəlgüləp
aqayïn səzümni saņa ülgüləp

793 sə̣ni mən oķïdïm əņ axnuķï kün
aƣïrlïķ bilə bə̣rdim ol kün orun

794 bu taņ taņsuķ ixlər maņa kərkitip
puxurduņ mə̣ni sən ixiņ bərkitip

795 kərüp puxtum ərsə iləndi əzüņ
sərildim saņa mən tügüldi yüzüņ

796 sən aydïņ maņa ķut mən bilgil mə̣ni
saņa uķturu ķildïm uķƣïl munï

797 nəgü ķilmixïņnï sən aḑra saqə
yora bə̣rdiņ uķtum ķamuƣnï aqa

ئون سەككىزىنچى باب

كۈنتۇغدى ئېلىگنىڭ ئايتولدىغا ئادالەت سۈپىتىنىڭ

قانداقلىغىنى ئېيتقانلىغى بايانىدا

792 ئېلىك ئېيتتى: ئۇقتۇم سۆزۈڭ بىر-بىرلەپ،
ئاچايمەن سۆزۈمنى ساڭا شەرھلەپ.

793 قىچقىردىم سېنى مەن ئەڭ ئاۋۋالقى كۈن،
قەدىرلەپ شۇ كۈن ھەم بەردىم مەن ئورۇن.

794 ئەجەپ تاڭسۇق ئىشلار ماڭا كۆرسىتىپ،
كايىتتىڭ مېنى سەن، ئۆزۈڭ بەك تۇرۇپ.

795 كۆرۈپ قەھرىلەنسەم، رەنجىتتىڭ ئۆزۈڭ،
چىداپ تۇرسام يەنە تۇرۇلدى يۈزۈڭ.

796 دېدىڭ سەن ماڭا: مەن بەخت، بىل مېنى،
ئۇقتۇراي دەپ قىلدىم، سەن ئۇققىن بۇنى.

797 نىمە قىلغىنىڭنى سەن ئايرىم يېشىپ—
دېدىڭ ماڭا، مەنمۇ چۈشەندىم يېتىپ.

798 kəqürdüm mən anda sənin̡ 'użrün̡i
aƣirladim ətrü ol ərdəm tən̡i

799 bu kün mə mənin̡ bu əzüm kīlk̡larīn
san̡a kərkitür barqa ərdəmlərin

800 munu mən mə kərgil kənilik tərü
tərü k̡ilk̡larī bu bak̡a tur kərü

801 bu kürsi əzələ əz oldurduk̡ī
ad̡ak̡ī üq ol kər ay kən̡lüm tok̡ī

B68
802 k̡amuƣ üq ad̡ak̡lïƣ əmitməz bolur
üqəgü turur tüz k̡amītmaz bolur

803 k̡alī üq ad̡ak̡ta əmitsə biri
ikisi k̡amītar uqar ol əri

C35
804 k̡amuƣ üq ad̡ak̡lïƣ kəni tüz turur
k̡alī bolsa tərt kər bir əgri bolur

805 k̡ayu nən̡ tüz ərsə k̡amuƣī uz ol
k̡amuƣ uz kərü barsa k̡ilk̡ī tüz ol

806 k̡ayu nən̡ əmitsə kər əgri bolur
k̡amuƣ əgirilər əsiz uruƣī bulur

807 k̡ayu tüz əmitsə turumaz tüxər
k̡ayu nən̡ kəni bolsa tüxməz sərər

808 mənin̡ k̡ilk̡im ol kər əmitməz kəni
kəni əgri bolsa kənilik küni

809 kənilik əzələ kəsər mən ixig
ad̡īrmaz mən bəgsig ya k̡ulsïƣ kixig

798 کەچۈردۈم ئاشۇ چاغدا ئۈزرۈڭنى مەن،
قەدىرلەپ بۇ پەزلىڭنى ھۆرمەت بىلەن.

799 بۇگۈن كۆرستەي مەنمۇ ئەمدى ساڭا ـ
قىلىق، ئەردەممنى، قاراپ تۇر ماڭا.

800 ئادالەت ۋە قانۇن ئۆزۈم مەن، قارا،
قانۇننىڭ ۋەسپىنى بۇلاردىن سورا:

801 مۇنۇ مەن ئولتۇرغان بۇ كۆرسىگە باق،
ئەي كۆڭلۈم توقى، بار ئۇندا ئۈچ ئاياق.

802 پۈتۈن ئۈچ ئاياقلىق قىڭغايماس بولۇر،
تۇرۇر ئۈچ پۇتى تۈز ھەم قايماس بولۇر.

803 قىڭغايسا بىرى ئۈچ ئاياقنىڭ ئەگەر،
قايار ئىككىنسى، ئولتۇرۇچى چۈشەر.

804 پۈتۈن ئۈچ ئاياقلىق تۇغرا، تۈز تۇرۇر،
ئەگەر بولسا تۇت، كور، بىر ئەگرى بولۇر.

805 نىمىكى تۈز ئولسا، پۈتۈن ئۆز بولۇر،
نىمىكى ئۆز ئولسا، دىمەك تۈز بولۇر.

806 نىمىكى ئېگىلسە، ئۇ ئەگرى بولۇر،
پۈتۈن ئەگرى، يامانلىق ۋۇرۇغى بولۇر.

807 قايسى تۈز ئېگىلسە، تۇرماس، يىقىلار،
نىمىكى تۈز ئولسا، يىقىلماي تۇرار.

808 مېنىڭ ھەم قىلىقىم ئېگىلمەس ئېرۇر،
ئېگىلسە دۇرۇسلۇق، قىيامەت بولۇر.

809 قىلۇرمەن ئادالەت بىلەن ھەل ئىشىن،
ئايرىماسمەن بەگ ۋە قۇل دەپ ھېچ كىشىن.

810 bu bəgdə piqək kim əligdə turur
piqiqlï kəşigli turur ay unur

811 piqək təg biqar mən kəsər mən ixig
uzatmaz mən də'wi ķiliqlï kixig

812 xəkər ol kixi bir aņar küq təgip
tərü bulsa məndin ķapuqķa kəlip

813 xəkər təg süqiyü barïr ol kixi
səvinqlig bolur anda yazlur ķaxï

814 uraqun yəmə ol kixilər iqər
ezi küqkəy ərsə kenidin ķaqar

815 maņa kəlsə tütxü tərü bərsə mən
uraqun iqər təg aqïr kərsə mən

816 bu ķaxïm tügüki bu kərksüzlüküm
küqəmqi kəlirkə bu yüzsüzlüküm

B69

817 kərək oqlum ərsə yaķïn ya yaqu ķ
kərək barķïn ərsə kəqikli ķonuķ

818 tərüdə ikigü maņa bir sanï
kəsərdə adin bolmaqay ol məni

819 bu bəglik ulï kər kenilik turur
keni bolsa bəglər tiriglik bolur

820 muņar mənzətü sezlər eglüg kixi
kim eglüg sezin tutsa ətlur ixi

A43 C36

821 kenilik ezə boldï bəglik ulï
bu bəglik keki ol kenilik yolï

810 بۇ خەنجەر ـ پىچاقىم، قولۇمدا تۇرۇر،
پىچار ھەم كېسەر بىر قورال، ئەي غەيۇر

811 پىچاقتەك كېسەرمەن، پىچىپ ئىشىنى،
ساقلاتماي دەۋاغا كەلگەن كىشىنى.

812 شىكەر شۇكى، بىركىم زۇلۇم يەتتى دەپ —
ئىشىگىمگە كەلسە ئادالەت تىلەپ،

813 شىكەردەك لەززەتلە يانۇر ئۇ كىشى،
سويۇنۇپ ئىچىلۇر يۇزى ھەم قېشى.

814 بۇ تۇرغان ئۇراغۇن شۇنداقلار ئىچەر،
كى زورلۇق ئىشلىتىپ، ئەدىلدىن كېچەر.

815 تۇتۇشۇپ ماڭا كەلسە قىلسام ھوكۇم،
ئۇراغۇن ئىچكەندەك بولۇرلەر چوقۇم.

816 بۇ قاشىم تۇرۇگى، بۇ كوركسىزلىگىم،
زۇلۇم قىلغۇچىغا بۇ يۈزسىزلىگىم.

817 كېرەك ئوغلۇم ئولسۇن، يېقىن تۇققىنىم،
يولۇچى، ئوتكۇنچى، بىرەر قونىغىم،

818 ماڭا تەڭ ئىككىسى قانۇن ئالدىدا،
بولەكچە بولماسمەن ھوكۇم ۋاقتىدا.

819 بۇ بەگلىك ئاساسى ئادالەت ئىرۇر،
ئادىل ئولسا بەگلەر، تىرىكلىك بولۇر.

820 مۇنىڭدەك دىدى سوز ئەقىللىق كىشى،
كىم ئاقىل سوزىن تۇتسا تۇزلەر ئىشى:

821 ئادالەت ئۇستىدە بۇ بەگلىك ئولى،
بۇ بەگلىك ئاساسى ئادالەت يولى.

822 tərü ķïlsa ə̧lkə kəni bolsa bəg
tilək arzu buloɋay bu ķolsa ķalï

AY TOLDÏ SUALI Ə̧LIGKƏ

823 yana aydï ay toldï ə̧lig ķutï
nəlük boldï kün tooɋdï ə̧lig atï

Ə̧LIG JƏWABÏ AY TOLDÏĶA

824 ə̧lig aydï bilgə məniņ ķïlķïmï
kərüp məņzətü urdï bu atïmï

825 künüg kər ə̧rilməz tolu oķ turur
yaruķluķï bir təg talu oķ turur

826 məniņ mə ķïlïnqïm aņar okxadï
kənilik bilə toldï əksüməədi

A34
827 ikinqi tooɋar kün yarur bu az̧un
təzü həlķķa təgrür yoķalmaz əzün

828 məniņ mə tərüm bu yoķalmaz əzüņ
ķamuoɋ həlķķa bir təg nə ķïlķïm səzüm

829 üqünqï bu kün tooɋsa yə̧rkə isig
qə̧qək yazlur anda tümən miņ tüsig

830 ķayu ə̧lkə təgsə məniņ bu tərüm
ol ə̧l barqa ə̧tlür tax ərsə ķorum

831 tooɋar kün arïoɋ ya arïoɋsïz tə̧məz
ķamuoɋķa yaruķluķ bə̧rür əksüməz

822 ھوكۇم قىلسا ئەلگە ئەدىل بىرلە بەگ،
تىلەك ـ ئارزۇسىغا بولۇر يەتكىلى.

ئايتولدىنىڭ ئېلىككە سوئالى

823 يەنە ئېيتتى ئايتولدى: ئېلىگ قۇتى،
نېچۈن بولدى كۈنتۇغدى ئېلىگ ئېتى؟

ئېلىگنىڭ ئايتولدىغا جاۋابى

824 ئېلىگ دېدى: ئالىم بۇ قىلىغىم كورۇپ،
قويدى بۇ ئېتىمنى كۈنگە ئوخشۇتۇپ.

825 قارا، كۈن ئۈۋالماس ــ ھەمىشە پۈتۈن،
يورۇغى بىردەكلا ۋە پارلاق تولۇن.

826 مېنىڭمۇ قىلىغىم ئاڭا ئوخشىدى،
ئادالەت بىلەن تولدى، كەم بولمىدى.

827 ئىككىنچى، تۇغار كۈن، يورۇر بۇ جاھان،
ئومۇمغا چاچار نۇر، كېمەيمەس ھامان.

828 مېنىڭمۇ ھوكمۇم شۇ، يوقالماس ئۆزۈم،
پۈتۈن خەلققە بىردەك قىلىغىم سوزۇم.

829 ئۈچىنچى، ئىسسىدۇ يەر، تۇققاندا كۈن،
چېچەك ئاچىلۇر ئاندا تۈمەن مىڭ تۈسۈن.

830 قايۇ ئەلگە كىرسە، مېنىڭ قانۇنۇم،
ئۇ ئەل تۈزىلەر بولسا تاش يا قۇرۇم[87].

831 تۇغار كۈن ئېرىغ يا ئېرىغسىز دېمەس،
ئومۇمغا يورۇقلۇق بېرەر كېمەيمەس.

B70

832 mənin̡ mə kïlïnqïm bu ol bəlgülüg
tezükə təgir barqa məndin ülüg

833 yana ma bu kün burjï šabit turur
bu šabit tədüküm tüpi bərk bolur

834 bu kün burjï arslan bu burj təprəməz
əvi təprəməzi üqün artamaz

835 mənin̡ kïlkïmï kər yəmə bir yan̡ïn
ezüm təgxürülməz yarukta en̡ün

AY TOLDÏ SUALI ƏLIGKƏ

C.

836 bu ay toldï aydï ay əlig kutï
axasu azun əl yadïlsu atï

837 mənin̡ mə ezüm bu uzun yol yorïp
san̡a kəldi əmgəp həm artuk arïp

838 bu kïlkïn̡ bu ərdəmlərin̡ bar üqün
kesəp kəldim əmdi tapuqka küqün

839 ayu bər man̡a sən nətəg tapnayïn
səvinqin̡ kayu ol anï tutnayïn

840 tapuq bəg tapïsï ezə bolmasa
yaramaz bu tapqï nəqə əmgəsə

841 nəgü tər əxitgil ïla atlïqï
tapuqun bədümix kixi kutluqï

842 tapïnsa tapuqqï bəgin̡ə kalï
katïq tutqu bəglər səvinqi yolï

832 مېنىڭمۇ قىلىقىم مۇشۇنداق بولۇش،
مېنىڭدىن جىمىكە تېگەر تەلك ئۇلۇش.

833 يەنە بۆرجى كۈننىڭ ئۇ سابىت[88] ئېرۇر،
بۇ سابىت دېگەنىم تېگى چىڭ بولۇر.

834 بۇ كۈن بۆرجى ئارسلان، ئۇ تەۋرىمەس،
تەۋرىمەس بولغاچ ئويى ھەم بۇزۇلماس.

835 مېنىڭمۇ قىلىقىم، تۇرقۇمغا قارا،
يورۇغۇم مېنىڭ ئۆزگىرىشسىز بارا.

ئايتولدىنىڭ ئېلىككە سوئالى

836 بۇ ئايتولدى ئېيتتى: ئەي ساھىپقىران،
يېيىلسۇن ئېتىڭ ھەمدە تۇتقىن جاھان.

837 ئۆزۈممۇ بۇ ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ،
ساڭا ئەمگىنىپ كەلدىم ئارتۇق ھېرىپ.

838 شۇ خۇلقۇڭ، بۇ ئەردەملىرىڭ بار ئۈچۈن،
ئۈمىت بىرلە خىزمەتكە كەلدىم كۆچۈن[89].

839 دېگىن خىزمىتىڭنى نىچۈك مەن قىلاي،
سۆيۈنچۈك سېنىڭ قايسى، شۇنى مەن تۇتاي.

840 خىزمەت بولمىغاندا، بۇ بەگ مەيلىچە،
ئىشى يورىماس ئىشلەسىمۇ نىچە.

841 ئىشىتكىن، نىمە دەر ئىلا ئاتلىغى[90]،
ئىش ئىشلەپ چوڭايغان كىشى قۇتلۇغى:

842 خادىم بەگ ئىشىكە باغلاركەن بېلىن،
قاتتىق تۇتقۇلۇق بەگ سۆيۈنچى يولىن.

843 bu bəg̊lər tapisī ezə ķil tapuƣ
bəgi taplasa tapƣī aqtī ķapuƣ

844 tapuƣçī tapuƣ bilsə terkə təgir
tapuƣ bilməsə terdiꞑ əlkə kəlir

B71
845 bəgin ķəḍ səvindürsə tapnur ķulī
aqīldī bu ķulķa aƣirlik yolī

ƏLIG JƏWABĪ AY TOLDĪĶA

846 əlig aydī uķtum mən əmdi sezüꞑ
səvinqim tilə ķəḍ küḍəzgil ezüꞑ

847 saꞑa mən ayayin yaraƣsizlariƣ
yaraƣsizķa yaķma yorīƣil arīƣ

848 ezüm taplamaz nəꞑ biri yalƣan ol
muniꞑda basasī bu küq ķilƣan ol

849 suķ ərsə ķilinqī yig ərsə ezi
əvək ərsə ķilķi uvutsuz kezi

850 puxī ərsə ixtə yəmə evkəlig
yava ərsə borqī ya ķiyƣan əlig

A35
851 bu yaꞑliƣ kixilər yaramaz maꞑa
ayu bərdim əmdi aquķluƣ saꞑa

852 yarayin təsə sən maꞑa bəlgülüg
bu ķaq nəꞑ ezüꞑdin yīrat ay külüg

853 yaķin bolƣa sən kündə etrü maꞑa
aƣirlik aqiƣ artƣa məndin saꞑa

843 بۇ بەگلەر ئۈمىدىچە قىلغىن تاپۇغ،
رىزا بولسا بەگلەر ئاچار بەخت قوۋۇغ.

844 تاپۇغچى تاپۇغ بىلسە تورگە چىقۇر،
تاپۇغ بىلمىسە توردىن پەسكە چۈشۈر.

845 سۈيۈندۈرسە خىزمەتتە بەگنى قۇلى،
ئېچىلار ئۇڭا قەدىر—ھۆرمەت يولى.

ئېلىگنىڭ ئايتولدىغا جاۋابى

846 ئېلىگ ئېيتتى: ئۇقتۇم مەن ئەمدى سۆزۈڭ،
سۆيۈنچۈم تىلە، بەك كۆزەتكىن ئۆزۈڭ.

847 مەن ئېيتاي يارامسىز نىمەنى ساڭا،
ئۆزەڭ پاكىزە يۈر، يولۇما ئاڭا.

848 ئۆزۈم خالىماسنىڭ بىرى يالغان ئول،
ئۇنىڭدىن كېيىنكى زۇلۇم قىلغان ئول.

849 بىرى ئاچكۆز، تاماخور ۋە تويماس ئۆزى،
بىرى ئالدىراڭغۇ، ئۇياتسىز كۆزى.

850 ھەر ئىشتا غەزەپكار، ئاچچىغى يامان،
قول ئەگرى، ھاراقتا بىرىلسە ھەر ئان.

851 بۇ ياڭلىغ كىشلەر ياراماس ماڭا،
بۇنى ئېيتتىم ئەمدى ئۇچۇقلا ساڭا.

852 يارايمەن دېسەڭ سەن ماڭا بەلگۈلۈك،
ئەي نامدار بۇلاردىن يىراق يۈرگۈلۈك.

853 بولۇرسەن كۈنۈ-كۈن يېقىن سەن ماڭا،
ئاشار قەدىر-ئېھسان مېنىڭدىن ساڭا.

AY TOLDĪ SUALI ǪLIGKƏ

854 bu ay toldī aydī əxittim munī
taķī bir sezüm bar ayu bər anī

855 bu əḑgü ķayu ol nətəg ol ezi
nəgü təg bolur əḑgü ķilķī təzi

ǪLIG JƏWABĪ AY TOLDĪĶA

B72
856 ǫlig aydī əḑgü bu ķīlķī yaņī
tusulur bolur həlķķa asoŋī oņī

857 təzü həlķķa barqa ķilur əḑgülük
yana minnət urmaz kixikə kəlük

858 ez asoŋīn tiləməz kixikə asïoŋ
bǫrür ol asïoŋdīn bu ķolmaz yanïoŋ

AY TOLDĪ SUALI ǪLIGKƏ

859 yana aydī ay toldī uķtum bu səz
taķī bir tiləkimni aytur bu ez

860 maņa ay kənilik ķayu ol kəni
anīņ birlə yalņuķ yarutsa küni

861 ķayunī ayurlar kənilik yolī
nəgü təg bolur bu kənilik ulī

ئايتولدىنىڭ ئېلىككە سوئالى

854 بۇ ئايتولدى ئېيىتتى: ئىشتتىم بۇنى،
يەنە بىر سوزۇم بار يېشىپ بەر ئۇنى.

855 نەدۇر ھەم نەخىلدا ئېرۇر ياخشىلىق،
نىچۇكتۇر ئۇنىڭدا تەبىەت ـ قىلىق؟

ئېلىگنىڭ ئايتولدىغا جاۋابى

856 ئېلىگ ئېيىتتى: ياخشىلىق سۇپاتى شۇدۇر،
كى خەلققە ئۇنىڭدىن پايدىلار يېتۇر.

857 قىلۇر ياخشىلىق ئۇ پۈتۈن ئېلىگە،
يەنە مىننەت ئۇرماس كىشى يۈزىگە.

858 تىلەر نەپ ئۇ ئەلگە ئۆز نەپسىن دىمەس،
يەتكۆزگەن نەپسىچۇن بەدەل كوزلىمەس.

ئايتولدىنىڭ ئېلىككە سوئالى

859 يەنە ئېيىتتى ئايتولدى: ئۇقتۇم بۇنى،
تېخى بىر تىلەك باركى، ئېيىتاي ئۇنى.

860 ماڭا ئېيت، دۇرۇسلۇق نىچۇك نەرسىدۇر،
ئۇنىڭدىن كىشى كۇنى قانداق يورۇر؟

861 قايۇ نەرسىنى دەر دۇرۇسلۇق يولى،
نىمەدەك بولۇر بۇ دۇرۇسلۇق ئۇلى؟

ƏLIG JƏWABÏ AY TOLDÏĶA

862 əlig aydï kergil keni ər ezi
tili keņli birlə birikər sezi

863 taxï təg iqi ol iqi təg taxï
bu yaņlïq bolur ol keni qïn kixi

864 keņülin qïķarsa ayada urup
yorïsa uyaḍmasa yalņuķ kerüp

B73
865 kenilik kərək ərkə ķopsa ķutun
kenilik atï ol kixilik pütün

866 ķïz ərməz bu yalņuķ kixilik ķïz ol
az ərməz bu yalņuķ kenilik az ol

867 muņar məņzətü aydï xa'ir bu sez
saņa sezlədi əmdi kergil bu ez

868 yorïqlï bu yalņuķ əḍi ek eküx
keni qïn pütün ər maņa kəḍ kesüx

869 ķïz ərməz kixi ker kixilik ķïz ol
keni qïn kixilərni egdi uķux

AY TOLḌÏ ṢUALI ƏLIGKƏ

870 yana aydï ay toldï əlig ķutï
maņa aqsa əmdi bu sez bük ķatï

871 bu əḍgü kixilər bolurmu əsiz
əsiz mə ururmu ker əḍgükə iz

ئېلىگنىڭ ئايتولدىغا جاۋابى

862 ئېلىگ ئېيتتى: شۇدۇر دۇرۇس ئەر ئۆزى،
تىلى، كوڭلى بىرلە بىرىكەر سوزى.

863 تېشىدەك ئىچىمۇ، ئىچىدەك تېشى،
بۇ ياڭلىغ بولۇر چىن ۋە توغرا كىشى.

864 چىقارىپ يۈرەكنى ئالقاندا تۇتۇپ،
ئۇياتماي يۈرەلىسە ئەلنى كورۇپ.

865 بەختلىك ياشاشقا دۇرۇسلۇق كېرەك،
كىشىلىك ئېتىدۇر دۇرۇسلۇق دېمەك.

866 كىشى قىس ئەمەستۇر، كىشىلىك قىس ئول،
ئەمەس ئاز بۇ ئىنسان، دۇرۇسلۇق ئاز ئول.

867 بۇ ھەقتە شائىرنىڭ دېگەن بىر سوزى—
ئوخشايدۇ مەن ئېيتقان سوزۇمگە ئۆزى:

868 مېڭىپ يۈرگەن ئىنسان بەكمۇ كوپ ئېرۇر،
دۇرۇس، چىن، پۈتۈن ئەر ماڭا خوپ ئېرۇر.

869 كىشى قىس ئەمەستۇر، كىشىلىك قىس ئول،
دۇرۇس، چىن كىشى ئۇ، تولا ماختىلۇر،

ئايتولدىنىڭ ئېلىككە سوئالى

870 يەنە ئېيتتى ئايتولدى: بەختىيار خان،
بۇ سوزنىڭ سىرىنى ماڭا قىل ئايان.

871 بۇ ياخشى كىشىلەر بولۇرمۇ يامان،
يامانلار بولۇرمۇ ياخشى بىر زامان؟

ƏLIG JƏWABÏ AY TOLDÏḲA

872 əlig aydï əḍgü iki türlüg ol
muniṇda biri qïn tutar əḍgü yol

873 bir əḍgü bolur kər anadïn tooɣup
yorïr ol keni qïn kər əḍgü bolup

874 taḳï biri əḍgü kər etgünq bolur
əsizkə ḳatïlsa ol əsiz ḳïlur

875 iki türlüg ol kər bu əsiz yəmə
ikigüni bir təp əsizkə sama

B74
876 tooɣa əsiz ol kər muniṇda biri
bu ər elməginqə arïmaz kiri

877 taḳï biri etgünq bolur bu əsiz
əxi əḍgü bolsa tüzər bu ma iz

A36
878 tooɣa əḍgüdin tutqï əḍgü kəlir
aẓun boḍnï andïn asïɣlar alïr

879 tooɣa əsiz ərsə aṇar yoḳ otï
aẓunḳa bəla ol boḍunḳa yutï

880 muṇar məṇzətü aydï türkqə məŝəl
əxitgil munï sən uḳup ezkə al

881 erüṇ süt bilə kirsə əḍgü ḳiliḳ
elüm tutmaɣïnqa əvürməz yorïḳ

882 tadu birlə ḳatlïp terümix ḳïlïnq
elüm buzmaɣïnqa buzulmaz ərinq

ئېلىگنىڭ ئايتولدىغا جاۋابى

872 ئېلىگ ئېيتتى: ياخشى ئىككى تۈرلۈك ئول،
بۇنىڭدىن بىرى چىن، تۇتار ياخشى يول.

873 بىرىدۇر ئانادىن ياخشى تۇغۇلۇپ،
يۈرەر ئۇ دۇرۇس ۋە ياخشى بولۇپ.

874 بىرى دورىماق بىرلە ياخشى بولۇر،
يامانغا قوشۇلسا، يامانلىق قىلۇر.

875 يامانمۇ ئىككى خىل بولۇر دائىما،
ئىككى خىل يامانىى بىردەك سانىما.

876 يامان بوپ تۇغۇلۇر ئۇنىڭدىن بىرى،
بۇ ئەر ئۆلمىگۈنچە ئېرىمەس كىرى.

877 يەنە بىرسى دوراپ يامانلىق قىلۇر،
ئەشى ياخشى بولسا، ئۇ ياخشى بولۇر.

878 كېلۇر تۇغما ياخشىدىن دائىم ياخشىلىق،
جاھان خەلقى ئالۇر ئۇندىن پايدىلىق.

879 يامان بولسا تۇغما، ئاڭا يوق داۋا،
خەلققە ئاپەتتۇر، جاھانغا بالا.

880 كېلۇر بۇڭا ئوخشاپ تۈركچە ماقال،
ئىشتكىن بۇنى سەن، ئۇقۇپ ئۇلگە ئال:

881 ئەگەر كىرسە ئاق سۈت بىلەن ياخشى خۇلق،
ئۇلۇم تۇتمىغۇنچە ئۆزگەرمەس قىلىق.

882 قىلىقكىم تەبىى تورەلگەن ئىكەن،
ئۇلۇم بۇزمىغۇنچە بۇزۇلمايدىكەن.

883 ḳarīnda tərümix ḳīlīnq əgrətik
yaoqīz yə̧r ḳatīnda kə̧tər ay tətik

884 ḳalī əḍgükə bolsa ə̧siz ə̧xi
ə̧siz boldī ḳīlḳī ol ə̧siz tuxī

885 ə̧siz mə ḳatīlsa kər əḍgü bilə
ḳamuoq əḍgülükkə bu buldī yula

886 taḳī bir səbəb kər bu əḍgü ə̧siz
yaḳīnlīḳ yolīndīn tüzər tüzsə iz

887 bəgi əḍgü bolsa boḍun barqa tüz
bolur ḳilḳī əḍgü yorīḳlarī uz

888 yaḳīn tutsa bəglər kər əḍgü kixig
ə̧siz barqa əḍgü ḳīlur ol ixig

889 ə̧sizlər yaḳīn bolsa bəglər tapa
uzadī ə̧siz əlgi ə̧lkə tüpə

890 ə̧siz bax kətürsə kər əḍgü yitər
bu əḍgü əlig bulsa ə̧siz kə̧tər

B75
891 ḳalī əḍgü bolsa bu bəglər ḳutun
ḳamuoq əḍgü boldī ḳarasī pütün

892 bu bəglər ə̧siz bolmaoqīnqa ə̧siz
ol ə̧ldə səvinqin ḳīzartmaz məņiz

893 nə əḍgü tərü urdī bəglər bəgi
ə̧sizkə bu ḳīn bərgə zindan yə̧gi

894 ḳalī əḍgü bolsa boḍun baxqīsī
ḳamuoq əḍgü boldī anīņ ixiqisi

883 قوساقتا تورەلمىش خۇلقى، ئەي چىۋەر،
قوڭۇر يەر قېتىغا كىرگەندە تۈگەر.

884 ئەگەر ياخشىغا بولسا ھەمرا يامان،
يامان بولدى قىلقى يامانلارسىمان.

885 يامانىمۇ قوشۇلسا ياخشىغا بىراق،
پۈتۈن ياخشىلىققا تاپار ئۇ چىراق.

886 يەنە بىر سەۋەپ شۇ بۇ ياخشى-يامان،
يېقىنلىق يولىدىن تاپار ئىز ھامان.

887 بېگى ياخشى بولسا، پۈتۈن خەلقى تۈز—
بولۇر ھەم قىلىغى، يۈرۈشلىرى ئۈز.

888 يېقىن تۇتسا بەگلەر، قارا، ياخشىنى،
يامانلارمۇ ياخشى قىلار ئىشىنى.

889 ئەگەردە يېقىن بولسا بەككە يامان،
يامان قولى ئەلگە بولۇر ھوكۇمران.

890 يامان باش كوتەرسە، ياخشىلار تۈگەر،
گەر ياخشى بەگ ئولسا، يامانلار بىتەر.

891 ئەگەر بولسا بەگ ياخشى ھەممە قۇتتۇن[91]،
تامام ياخشى بولغاي ئاۋام خەلق پۈتۈن.

892 يامان بولمىغۇنچە بۇ بەگلەر ئۆزى،
ئۇ ئەلدە يامانىنىڭ سويۇنمەس يۈزى.

893 نە ياخشى نىزام قويدى بەگلەر بېگى،
يامانغا جازا بەردى زىندان تېگى.

894 ئەگەر ياخشى بولسا خەلق باشچىسى،
پۈتۈن ياخشى بولۇر ئۇنىڭ ئىشچىسى.

895 apaŋ əḑgü bolsa bu bəglər ezün
bayur boḑnї barqa ker ẹtlür azun

AY TOLDЇ SUALI ẸLIGKƏ

896 yana aydї ay toldї uķtum munї
ẹlig yarliķadї bu sezlər keni

897 bu əḑgüg bilir ol kixi əḑgü tẹp
asїɣlїɣ ərürin munї ķїlɣu tẹp

898 səvər barqa yalŋuķ tilər arzular
anї ķoldaqїlar nəlük buldїlar

ẸLIG JƏWABЇ AY TOLDЇĶA

899 ẹlig aydї əḑgü talu nəŋ turur
talu nəŋni tutqї talular ķolur

900 ķayu nəŋ talu bolsa eḑrüm aɣїr
aniŋ ķїlmaķї barqa ezkə aɣїr

901 ẹsizlik uquz ol anї ķїldaqї
yavuz ix uquz ol ẹsiz boldaqї

902 ķayu nəŋ uquz bolsa yẹrdə yatur
aɣї quz aɣїr boldї tərdə yatur

903 bu əḑgü aɣїx təg aɣїr aɣɣuķa
yavuz nəŋ inix ol uquz bulɣuķa

B76
904 muŋar məŋzətü sezlədi ker uķux
uķuxluɣ sezi tutsa asɣї eküx

895 ئۆزى ياخشى بولسا بۇ بەگلەر ئەگەر،
بىيىپ ھەممە خەلقى، جاھان تۈزۈلەر.

ئايتولدىنىڭ ئېلىككە سوئالى

896 يەنە ئېيتتى ئايتولدى: ئۇقتۇم بۇنى،
ئېلىگ ئېيتتى سوزنىڭ توغرىسىنى.

897 بۇ ياخشىنى كىشى بىلۇر ياخشى دەپ،
تونۇپ پايدىسىنى ھەم ئەيلەر تەلەپ.

898 سويۇپ ھەممە ئادەم ئۇنى ئارزۇلار،
لېكىن ئىستىكەنلەر نىچۇكمۇ تاپار؟

ئېلىگنىڭ ئايتولدىغا جاۋابى

899 ئېلىگ ئېيتتى: ياخشى — ئۇ نادىر ئېرۇر،
نادىرنى نادىرلارلا ئۈمىت قىلۇر.

900 نىمكى نادىر بولسا، ئۇ خىل بولۇر،
ئۇنى قىلماقمۇ ئانچە مۇشكۇل تۇرۇر.

901 يامانلىق قەدىرسىز، قىلغان خار ھامان،
يامان ئىشنى قىلغان ھەمىشە يامان.

902 نىمكى قەدىرسىز ئۇ، يەردە ياتۇر،
ئاغى[92]-چۈز[93] قىممەتلىك ئۇ تورنى ئالۇر.

903 ئېرۇر ياخشىلىق ئۇرلىگەندەك ئېغىر،
يامان ئىش چۈشۈشتەك، ئاساندۇر ئاخىر.

904 ئەقىل ئېيتتى بىر سوز ئۇڭا ئوخشۇتۇپ،
ئەقىلنىڭ سوزىن تۇت، ئۇنىڭ نەپى كوپ:

A37

905 aɋïx təg bu əḑgü aɋumaz kixi
təgip təgmə yalņuķ ķïlumaz ixi

906 aɋïr nəņ ķamuɋï aɋïr ķïloɋuķa
ķïlumaz bu ixni biliksiz puxi

AY TOLDÏ SUALI Ə̧LIGKƏ

907 bu ay toldï aydï ay ə̧lig kutï
bu egdi bilə munqa əḑgü atï

908 müni barmu yalņuķ anï sezləgü
uķuxluɋ uķarmu bilirmü nəgü

Ə̧LIG JƏWABÏ AY TOLDÏĶA

909 ə̧lig aydï əḑgü tuqï egdilür
müni bu ə̧sizlər ara savlanur

910 yaķïnlïķ ķïlur ər kixikə tuxï
yavuz bolmasa ķïlmaz əḑgü ixi

911 bu satoɋaɋ basïnqaķ üqün əḑgüni
ə̧sizlər yorïp ker yarutmaz keni

912 kim əḑgü tilər ərsə əḑgü ķïlur
basïnqaķ ya satoɋaoɋķa baķmaz bolur

913 kim ərsə bu künlük tiləsə səvinq
ə̧sizlik ķïlur ol yarïn yə̧r saķïnq

914 bu əḑgü tiləgli nəgü tə̧r əxit
ķamuɋ əḑgülük ķïl ezüņkə ə̧x ə̧t

905 ياخشىلىق ئۇرلەشتەك، چىقالماس كىشى،
قىلالمايدۇ ھەركىم بۇ ئۇرلەش ئىشى.

906 قەدىرلىك ئىشلارنى قىلماقلىق قىيىن،
قىلالماس بۇ ئىشنى بىلىمسىز كىشى.

ئايتولدىنىڭ ئېلىككە سوئالى

907 بۇ ئايتولدى ئېيتتى: ئەي ئېلىگ قۇتى،
ئىكەن شۇنچە ماختاشتا ياخشىلىق ئېتى.

908 قۇسۇرى بارمىكىن كىشى دەيدىغان؟
ئاقىللار بىلىپ بايقىيالايدىغان؟

ئېلىگنىڭ ئايتولدىغا جاۋابى

909 ئېلىگ ئېيتتى: ياخشى ھامان ماختىلۇر،
يامانلار بۇنى بىر قۇسۇر دەپ بىلۇر.

910 يېقىندۇر كىشىگە كىشى ھەر زامان،
ئىش يوقتۇر ياخشىغا، بولمىسا يامان.

911 يامانلار كۆرەشتە يېڭىلگەن ئۈچۈن،
قىلار قەست يورۇتماسقا ياخشىغا كۈن.

912 ياخشىلىق تىلەگەن ياخشىلىق قىلۇر،
زەئىپ، پەس—خۇنۇكلەرگە باقماس بولۇر.

913 كىمكى تىلەسە بۇ كۈن خوشلىنىن،
يامانلىق قىلىپ تاڭنا يەر قايغۇسىن.

914 نىمە دەر ياخشىلىق تىلەگەن كىشى،
پۈتۈن ياخشىلىقنى قىل ئۆزىنىڭ ئەشى:

B77

915 yaş ərməz bu əḍgü bu kụnlük saṇa
yarïn boloɋa asoɋïṇ bu kün püt maṇa

916 asïoɋ kərnür ərsə əsizlik bu kün
yarïn yas ḳïlur anda ukoɋïl egün

917 bu əḍgü on ol kər əsizlik bu sol
soluṇdïn tamu ornï uxtmah oṇ ol

918 nəqə mə ərəẓlənsə əsiz bu kün
eküṇq birlə əmgək yarïnḳï künün

919 nəqə satoɋaoɋ ərsə bu əḍgü kixi
ekünməz yarïn anda ətlür ixi

920 ḥəḳiḳət muni bil ay ay toldï sən
eküṇqsüz mən əḍgü atïn elsə mən

921 nə əḍgü səz aymïx kəni ər tili
kəni ər tili urdï səzkə ulï

922 kim əḍgüg yərər ərsə əsiz bolup
tilər mən ay əḍgü səni mən ḳolup

923 ay əḍgü saṇar kim toḍar ay maṇa
bərü kəlgil əmdi mən aq mən saṇa

924 nəqə satoɋaoɋ ərsə bu əḍgü kixi
tapï mən bolayïn bu əḍgü əxi

925 əsizlik bilə ərsə bəglik maṇa
kərəkməz bu bəglik ḳoḍur mən saṇa

926 kixi ḳïlḳï əsiz kərür mən kezün
ərəẓi az ol kər eküṇqi uzun

915 زىيان يوق بۈگۈن ياخشىلىقتىن ساڭا،
بولۇر تاڭنا پايدا، بۈگۈن پۈت بۇڭا.

916 كورۈنسە يامانلىق بۈگۈن پايدىلىق،
ئۇ تاڭنا زىياندۇر، بۇنى ئۇق ئېنىق.

917 ئېرۇر ياخشىلىق ئوڭ، يامانلىق ئۇ سول،
جەھەننەم سولىڭدا، بېيىش ئوڭدا ئول.

918 ھوزۇرلانسا قانچە يامانلار بۈگۈن،
قىينىلار پۇشايمان بىلەن تاڭنا كۈن.

919 خار ئولسا نىچەكىم، بۇ ياخشى كىشى،
ئوكۈنمەس، تاڭنا كۈن بولۇر ھەل ئىشى.

920 بۇنى بىل ھەقىقەت، ئەي ئايتولدى سەن،
ئوكۈنچىسىز مەن ئولسەم ياخشى ئات بىلەن.

921 نە ياخشى دىدى توغرا ئەرنىڭ تىلى،
دۇرۇس ئەر تىلىدۇر ئۇ، سوزنىڭ ئۇلى:

922 كىمكى يامانلاپ خارلار ياخشىنى،
ئەي ياخشى، مەن خالاپ ئىستەيمەن سېنى.

923 ئى ياخشى ساڭا كىم تويار، ئېيت ماڭا،
يېقىن كەل، مەن ئەمدى ئاچتۇرمەن ساڭا.

924 ھەر قانچە خارلانسا ئۇ ياخشى كىشى،
رىزا مەن بولايىن ئۇنىڭ يولدىشى.

925 يامانلىق بىلە كەلسە بەگلىك ماڭا،
كېرەكمەس بۇ بەگلىك، قويارمەن ساڭا.

926 كورەرمەن كىشىنىڭ قىلىقى گەر يامان،
ھوزۇرى ئېرۇر ئاز، كوپى پۇشايمان.

927 muṇar mənẓətü aydī xa'ir bu səz
okīsa aqīloqay yiti kīl bu kəz

928 kayu əḍgü əknür kər əḍgü üqün
atīkmīx əsiz ahir əknür küqün

929 əsiz kīlsa əsiz yanutī əkünq
usa əḍgülük kīl əsizkə əqün

B78
930 nəgü təg egəyin bu əsiz kixig
nəgü təg tiləyin bu əsiz ixig

931 otunluk bivalīk yavalīk kamuoq
əsizlər kīlīnqī bolur ay uluoq

932 bəla miḥnət əmgək əkünqün sïoqït
əsizlik yanutī bolur ay yigit

933 kalī səvməyin kər bu əḍgü kixig
kalī əgməyin mən bu əḍgü ixig

A38
934 akīlīk kixilik asïoq əḍgülük
bu əḍgü kixidin kəlir bəlgülüg

A37
935 bu əḍgü kixi barqa əx əḍgüsi
bu əḍgü ix ol barqa ix əḍgüsi

A38
936 əxin əḍgü bolsa nəgü kolsa kol
əx əḍgü kərək ol əzüṇ bulsa yol

937 ərəẓ arzu ni'mət küvənqin avïnq
bu əḍgü yanukī bolur bu səvinq

* * *

227 بۇڭا ئۇخشىتىپ ئېيتتى شائىر بۇ سوز،
چوڭايغاي ئۇقساڭ، ئىنتىكلىنىپ كوز:

928 ياخشىلىق قىلىپ كىم ئۇندىن ئوكىنۇر،
يامان ملىڭ ئاتانسا، پۇشايمان قىلۇر.

929 يامانلىققا مۇمكىنچە قىل ياخشىلىق،
يامان قىلسا يامانلىق، پۇشايمان يانۇر.

930 نىچۇكمۇ مەدھىيلەي يامان كىشىنى،
نىچۇكمۇ تىلەيىن يامان ئىشىنى.

931 قوپاللىق، گۇستاخلىق، تەتۇرلۇك بولار،
ئى ئۇلۇغ، يامانلار ئىشمدۇر ئۇلار.

932 بالا، مېھنەت، پۇشايمان، زەخمەت، يىغا،
يامانلىق جاۋابى بولۇر، ئەي توڭا.

933 شۇڭا ياخشىنى مەن نىچۇك سويمەيىن؟
نىچۇن ياخشى ئىشنى مەدھى ئەتمەيىن؟

934 سېخىلىق، كىشىلىك، پايدا، ئەزگۇلۇك —
كېلۇرلەر ياخشىدىن بۇلار بەلگۇلۇك.

935 بۇ ياخشى كىشى بارچە ئەش ياخشىسى،
ئېرۇر ياخشى ئىش ھەممە ئىش ياخشىسى.

936 ھەمرا ياخشى بولسا نىمە كۇتسەڭ كۇت،
تاپايىن دېسەڭ يول، ھەمرا ياخشى تۇت.

937 راھەت، نېمەت، ئاررزۇ، قۇۋانچ ھەم ھوزۇر،
بۇلارغا جاۋاپ شۇ، خوشاللىق بولۇر.

* * *

938 əlig aydï ay toldï uⱪƣïl bu sɵz
ayïtmïx sɵzüꞑkə yanut ⱪïldï ɵz

AY TOLDÏ JƏWABÏ ƏLIGKƏ

939 yər ɵpti kɵr ay toldï turdï ɵrü
ayur ay ïḍuⱪ ⱪut ay əḍgü tɵrü

940 aẓun ərki bulduꞑ uzun bolsu yax
ərəẓ əḍgü birlə əsən bolsu bax

941 buzulmasu bəglik bəḍüklük bilə
avïnqïꞑ tirilgil səvinqin külə

942 uluƣluƣ bilə bul ɵküx əlkə ərk
bu ərk birlə bəglik ulï bolsu bərk

943 aⱪa kəlsü arzu ⱪurumaz bolup
ⱪapuƣ tutsu dəwlət ⱪarïmaz bolup

944 səvinq barqa yumoƣï saꞑa kəlsüni
saⱪïnq birlə duxman sïzïp ɵlsüni

945 səza ol saꞑa kim tapïnsa tapuƣ
səzaⱪa tapïnsa aqar ⱪut ⱪapuƣ

B79
946 nəgü tər əxitgil tapuƣ ⱪïlmïx ər
tapuƣ birlə arzu tilək bulmïx ər

947 tapuƣ ⱪïlma ⱪïlsa səzaⱪa tapïn
səza bəg bilir ol tapuƣqï ḥəⱪïn

948 tapïnma tapïnsa aⱪï tapoƣï ⱪïl
aⱪï əvi altun kümüx ⱪapoƣï bil

938 ئېلىگ ئېيتتى: ئايتولدى، ئۇققىن سوزۇم،
جاۋاپ قىلدىم ئېيتقان سوزۇڭگە ئۇزۇم.

ئايتولدىنىڭ ئېلىككە جاۋابى

939 يەر ئۆپتى ئايتولدى، تىك تۇردى شۇئان،
دېدى:ئەي ياخشى قانۇن، ساھىپقىران،

940 جاھان قۇدرىتىن تاپتىڭ، ئۇزارسۇن يېشىڭ،
ھوزۇر ياخشىلىقتا تېچ ئولسۇن بېشىڭ.

941 ساق ئولسۇن بەگلىگىڭ بۇيۇكلۇك بىلە،
ياشا سەن ھوزۇردا سويۇنۇپ كۇلە.

942 ئۇلۇغلۇق بىلەن بول تولا ئەلگە بەگ،
بۇ كۆچ بىرلە بەگلىك ئۇلى بولسۇن بەك.

943 ئېقىپ كەلسۇن ئارزۇ قۇرىماس بولۇپ،
تۇرسۇن ئىشىكتە دەۋلەت قېرىماس بولۇپ.

944 يىغىلسۇن ساڭا ھەممە خوشلۇق كېلىپ،
ئەلەم ئىچرە دۈشمەنلەر ئولسۇن سىزىپ.

945 لايىقتۇر خىزمىتىڭ كىم قىلسا ساڭا،
ئېچىلۇر بەختىنىڭ ئىشىگى ئاڭا.

946 نىمە دەيدۇ، ئاڭلا، خىزمەت قىلغان ئەر،
خىزمەت بىرلە ئارزۇ-تىلەك تاپقان ئەر:

947 خىزمەت قىلما، قىلساڭ لايىق بەككە قىل،
لايىق بەگ بىلۇر ئۇ خادىم ھەققىن، بىل.

948 خىزمەت قىلما، قىلساڭ سېخىلەرگە قىل،
سېخى ئويى ئالتۇن، كۈمۈش ئىشىگى بىل.

949 saranķa tapïnma ay tapnur kixi
tiriglik yava bolƣa ə̣siz baxï

950 ezüŋə əsirkər saran ez nəŋin
kixiķə ķaqan bə̣rgə ayƣïl təŋin

* * *

951 sezin kəsti ay toldï qïķtï turup
əviŋə yüz urdï səvinqlig bolup

952 ķïyïķsïz tapuƣ ķïldï anda naru
tüni yattï yatƣaķta kündüz erü

953 ḥəķiķət tapïndï baƣïrsaķlïķïn
ə̣lig tuttï kündə eziŋə yaķïn

954 yə̣mə kəqti eḍlər bir anqa bu yaŋ
bu ay toldï tapƣun ķïzïl ķïldï əŋ

949 بېخىل خىزمىتىن قىلما سەن ھېچ زامان،
ھاياتىڭ كېتەر بوش، بولۇرسەن يامان.

950 بېخىل ئۆز مېلىدىن ئۆزى قىزغىنار،
قاچان كىشى ھەققىن بېرىشكە ئۇنار؟!

* * *

951 سوزىن كەستى ئايتولدى چىقتى تۇرۇپ،
ئۆيىگە يۈرۈپ كەتتى، خوشال بولۇپ.

952 قۇسۇرسىز خىزمەت قىلدى شۇندىن بېرى،
يېتىپ كەچ، تۇرۇپ ئورە كۈندۈزلىرى.

953 كويۇمچان بولۇپ قىلدى ئۇ ئىشنى چىن،
ئېلىگ كۆنسايىن تۇتتى ئۆزگە يېقىن.

954 ئۆتۈپ كەتتى بىر قانچە ۋاقت ئۇشبۇ خىل،
ئىشى قىلدى ئايتولدىنى مەگزى قىزىل.

19

AY TOLDÏ Ə̣LIGKƏ TIL ƏRDƏMIN SӨZ ASÏƢLARÏN AYUR

955 ə̣lig bir kün ay toldïnï ündədi
orun bə̣rdi oldur tə̣yü imlədi

A43
956 bu ay toldï oldurdï aķru silig
kɵzin yə̣rkə tikti bəkütti tilig

Ə̣LIG SUALI AY TOLDÏĶA

C37
957 ə̣lig aydï ay toldï sɵzlə sɵzüŋ
nəlük xük turur sən nə boldï ɵzüŋ

AY TOLDÏ JƏWABÏ Ə̣LIGKƏ

958 bu ay toldï aydï bu bəglər bəgi
ķulï bəg yüzin kɵrsə yitrür ɵgi

B80
959 ə̣lig yarlïķamaz nəgü sɵzləyin
ayïtmazda axnu nəgü ɵtnəyin

ئون توققۇزىنچى باپ

ئايتولدىنىڭ ئېلىگكە تىلنىڭ پەزىلىتى ۋە سۆزنىڭ پايدىلىرىنى ئېيتقانلىغى باياندا

955 ئېلىگ بىر كۈن ئايتولدىنى ئۈندىدى،
ئورۇن بەردى، ئولتۇر دىبان ئىملىدى.

956 بۇ ئايتولدى ئولتۇردى ئاستا كېلىپ،
كۆزىن يەرگە تىكتى، تىلىنى يىغىپ.

ئېلىگنىڭ ئايتولدىغا سوئالى

957 ئېلىگ ئېيتتى: ئايتولدى سۆزلە سۆزۈڭ،
نىچۈن شۈك تۇرۇرسەن، نە بولدۇڭ ئۆزۈڭ؟

ئايتولدىنىڭ ئېلىككە جاۋابى

958 بۇ ئايتولدى ئېيتتى: ئەي بەگلەر بېگى،
كېتەر بەگ يۈزىن كۆرسە قۇلنىڭ ئۆگى[94].

959 ئېلىگ بۇيرۇماستىن نىچۈك سۆز قىلاي،
سورىماستىن ئاۋال نىچۈك تىل ياراي؟

960 biliklig sɵzin sən əxit ɵznəmə
ayïtmazda axnu sɵzüņ sɵzləmə

961 kixig kim oķïsa kərəkləp tiləp
ol oķ sɵzləgü axnu sɵzni ulap

962 ayïtmazda axnu sɵzüg sɵzləsə
kɵni sɵzlədi kim ay yïlķï tə̣sə

963 taķï tə̣lvə munduz kixi bu bilin
ayïtmadï bəglərkə̣ aɣsa tilin

964 ķïzïl til ķïlur ķïsɣa yaxlïɣ sə̣ni
əsənlik tiləsə ķatïɣ ba anï

965 nəgü tə̣r əxitgil ɵzin ķïsɣan ər
əsən tirlür inqin ɵzin basɣan ər

966 ķara bax yaɣïsï ķïzïl tïl turur
nəqə bax yə̣di bu taķï ma yə̣yür

967 baxïņnï tiləsə tiliņni küḍəz
tiliņ təgmə kündə baxïņnï yanur

Ə̣LIG JƏWABÏ AY TOLDÏĶA

968 ə̣lig aydï uķtum sɵzüņni tükəl
tirig sɵzləməsə ə̣ḍi ɵk muḥal

969 məgər iki türlüg kixi ol bilin
birisi biliksiz birisi aɣïn

970 aɣïn kəndü bərklig tili sɵzləməz
biliksiz tili ol sɵzin kizləməz

960 بىلىملىك سۆزىنى ئاڭلا، ياق دېمە،
سورىماستىن ئاۋال ئۆزۈڭ سۆزلىمە.

961 كىشى كىمنى قىچقارسا لازىم تېپىپ،
كېرەك سۆزلىشى ئۇ ئاۋال سۆز ئېچىپ.

962 سوراماي تۇرۇپلا ئاۋال سۆزلىسە،
بولۇر توغراكىم، ئۇنى مايىۋان دېسە.

963 تېخى تەلۋە، ئەخمەق كىشى بىل ئۇنى،
بېگى سۆزلىمەستە، ئاچسا تىلىنى.

964 قىزىل تىل قىلۇر قىسقا ياشلىق سېنى،
تىلەسەڭ ئېسەنلىكنى، چىڭ تۇت ئۇنى

965 نىمە دەر ئېشىتكىن ئۆزىن يىققان ئەر،
ئېسەن-تېچ ياشايدۇ ئۆزىن باسقان ئەر

966 قارا باش دۈشمىنى قىزىل تىل ئېرۇر،
يىدى قانچە باشنى، يەنە ھەم يېيۇر.

967 بېشىڭنى تىلەسەڭ تىلىڭنى كۈزەت،
تىلىڭ ھەر كۈنىدە بېشىڭنى يونۇر.

ئېلىگنىڭ ئايتولدىغا جاۋابى

968 ئېلىگ ئېيتتى: ئۇقتۇم سۆزۈڭنى تۈگەل،
تىرىك سۆزلىمىسە، بۇ ئەمرى مۇھال.

969 ئىككى خىل كىشى سۆزلىمەس ئۆزلىرى،
بىرىدۇر بىلىمسىز، گاچادۇر بىرى.

970 گاچانىڭ تىلى يوق، قىلالمايدۇ سۆز،
بىلىمسىز تىلى ساقلىيالمايدۇ سۆز.

971 biliksiz tili tutqï bərklig kərək
biliklig kixi tilkə ərklig kərək

C38
972 biliklig sezi yərkə suv təg turur
akïtsa suvuqï yərdə ni'mət enür

973 biliklig kixiniñ savï əksüməz
akïqlï süzük yul suvï əksüməz

B81
974 üyük qim osuqluqï bolur bilgələr
qïkar suv kayuda adak təpsələr

975 biliksiz kixi kenli kum təg turur
egüz kirsə tolmaz ap ot yəm enür

AY TOLDÏ JƏWABÏ ƏLIGKƏ

976 yana aydï ay toldï əlig ukar
bu til yasï təgsə tiriglik tükər

977 tirig bolsa yalnuk kalï sezləməz
kərəkligni sezlər kixi kizləməz

978 ayïtqu kərək sez kixi sezləsə
ayïtmasa sezni katïqï kizləsə

979 ayïtmaklik ərkək turur ay əlig
jəwabï tixi ol yətürsə bilik

980 tixikə bir ərkək bolur ker əri
anïndïn toqar toqsa iki urï

971 بىلىمسىز تىلنى دائىم بەك تۇتماق كېرەك،
بىلىملىك تىلغا ھاكىم ئۇلماق كېرەك.

972 بىلىملىك سوزى يەرگە سۇدەك بولۇر،
ئېقىتسا سۇنى يەردە نېمەت ئۇنۇر.

973 بىلىملىك كىشىنىڭ سوزى ئازلىماس،
ئاقار ساپ بۇلاقنىڭ سۇيى كاملىماس.

974 چىم ئۇسكەن سۇلۇق يەر كەبىدۇر ئالىم،
چىقار سۇ، قەيەرگە ئاياق باسسا كىم.

975 بىلىمسىز كىشى كوڭلى قۇمدەك ئېرۇر،
دەريا كىرسە تولماس، ئوت ئۇنمەس بولۇر.

ئايتولدىنىڭ ئېلىككە جاۋابى

976 يەنە ئېيتتى ئايتولدى:ئېلىگ ئۇقار،
زىيان يەتسە تىلدىن ھاياتلىق يوقار.

977 تىرىك بولسا ئىنسان نىچۇك سوزلىمەس،
كېرەكلىكنى سوزلەر، ئۇنى يوشۇرماس.

978 كىشى سوزلىمەككە سورالماق كېرەك،
سورالمىسا، سوزنى دىمەسلىك كېرەك.

979 ئەي ئېلىگ، سورىماق—بۇ ئەركەك ئېرۇر،
چۇشەنسە بۇنىكىم، جاۋاپ چىشىدۇر.

980 چىشىغا بىر ئەركەك كىشى ئەر بولۇر،
ئۇلاردىن ئىككى ئوغۇل بالا تۇغۇلۇر.

ƏLIG SUALI AY TOLDİKA

981 əlig aydī uktum sezüņ barqa qīn
ayītoqu sezüm bar takī bir ađīn

982 bu til yasīn aydīņ əxittim anī
anīņ asoqī barmu ayu bər keni

A44
983 bu til yasīņa korksa əmdi ezüņ
yatu kaloqa barqa asīoqlīoq sezüņ

AY TOLDĪ JƏWABĪ ƏLIGKƏ

984 bu ay toldī aydī sez asoqī təlim
kalī sezləyü bilsə ux bu tilim

B82
985 yava sez biliksiz tilindin qīkar
biliksiz kixig bilgə yīlkī atar

986 kara kīlkī təņsiz yava sezləgən
yava sez turur bu kara bax yəgən

C39
987 yava sezləsə sez nəqə yas kilur
əgər sezləyü bilsə asoqī bolur

988 kara karnī tođsa ker uđ təg yatur
yava sezkə avnur ezin səmritür

989 yəsə tođsa yatsa bu yīlkī turur
bu yīlkī tədüküm bu kīlkī turur

990 biliklig kixilər ət ez yavrītur
bilik birlə avnur janīn səmritür

ئېلىگنىڭ ئايتولدىغا سوئالى

981 ئېلىگ ئېيتتى: ئۇقتۇم سوزۇڭ بارچە چىن،
سوزۇم بار تېخى دەيدىغان باشقىدىن.

982 دىدىڭ تىل زىيانىن، ئىشىتتىم بۇنى،
ئۇنىڭ نەپئى بارمۇ، راست ئېيتقىن، قېنى؟

983 بۇ تىل زەرەرىدىن گەر قوقساڭ ئۇزۇڭ،
يوشۇرۇن قالۇر ھەر پايدىلىق سوزۇڭ.

ئايتولدىنىڭ ئېلىككە جاۋابى

984 دىدى ئايتولدى: سوزدە پايدا تولا،
ئەگەر سوز قىلىشنى تىلىم بىلسىلا.

985 بىكار سوز بىلىمسىز تىلىدىن چىقار،
بىلىمسىزنى ئالىملار "ھايۋان" ئاتار.

986 ئاۋام خەلق قىلىغى بىكار سوزلىگەن،
بىكار سوز ئۇلارنىڭ بېشىنى يىگەن.

987 بىكار سوزلىسە سوز زىيانلىق بولۇر،
ئەگەر بىلسە سوزلەشنى پايدا ئالۇر.

988 ئاۋام خەلق قارنى تويسا ئۇيدەك ياتۇر،
بىكار سوزگە ئاۋىنىپ، ئوزىنى سەمرىتۇر.

989 يىسە-تويسا، ياتسا ئۇ بىر يىلقىدۇر،
بۇ يىلقا دىگەنىم ئۇنىڭ قىلىقىدۇر.

990 بىلىملىك كىشىلەر تېنىنى جۇدىتۇر،
بىلىملە ئاۋىنىپ جانىنى سەمرىتۇر.

991 ət ez ülgi barqa booquzdīn kirür
bu jan ülgi qīn sez kulaktīn kirür

992 bilik bəlgüsi ker iki nən turur
bu iki bilə ər kīzil ən urur

993 biri til turur ker birisi booquz
bu iki basa tutsa asoqī egüz

994 biliklig booquz tilkə ərklig kərək
booquz til küdəzgən biliklig kərək

ƏLIG SUALI AY TOLDĪKA

995 əlig aydī uktum bu sez bəlgülüg
sez əşlī nəqə ol nəgü ol ülüg

996 kayudīn qīkar sez kayuka barīr
munī ma ayu bər mana ay bilir

997 nəqə sezləməgü nəqə sezləgü
nəgü tər biliklig ukuxluoq begü

AY TOLDĪ JƏWABĪ ƏLIGKƏ

B83
998 bu ay toldī aydī sez ornī sīr ol
sez ülgi on ol sezləgüsi bir ol

999 biri sezləgü ol tokuzī tīdīoq
tīdīoq sez tüpi əşlī barqa yīdīoq

991 بەدەننىڭ ئۇلۇشى ئېغىزدىن كىرۇر،
بۇ جان ئۇلۇشى چىن سوز، قۇلاقتىن كىرۇر.

992 بىلىم بەلگىسى ئىككى نەرسە ئېرۇر،
ئۇ ئىككى بىلەن ئەر قىزىل ئۇڭ بولۇر:

993 بىرى تىل، ئۇ بىرسى بوغۇز-گال ئېرۇر،
ئەگەر ئۇتسا چىلىڭ، نەپسى دەريا بولۇر.

994 بىلىملىك بوغۇز، تىلنى ساقلاش كېرەك،
بوغۇز، تىل ساق ئالىمنى تاللاش كېرەك.

ئېلىگنىڭ ئايتولدىغا سوئالى

995 ئېلىگ ئېيتتى: ئۇقتۇم بۇ سوز بەلگۈلۈك،
نەدۇر سوزنىڭ ئەسلى، ئۇ نەچچە تۇرلۇك؟

996 قەيەردىن چىقىپ سوز، قەيەرگە يېتەر؟
بۇنى ھەم ماڭا ئېيت، ئەي بىلگۈچى ئەر.

997 دىمەسلىك قانچىلىك، قانچىلىك دىيىش،
بۇ ھەقتە بىلىملىك ھېكىم نە دىمىش؟

ئايتولدىنىڭ ئېلىككە جاۋابى

998 بۇ ئايتولدى ئېيتتى: سوز ئورنىدۇر سىر
سوز ئون بولسا، سوزلەشكە لازىمى بىر.

999 بىرىن سوزلىسە، توققۇزىدۇر ياساق،
ياساق سوز تېگىدىن بولۇر بەد پۇراق.

ƏLIG SUALI AY TOLDİKA

1000 yana aydī əlig səz asoqī nəqə
yasī ma nəqə ol maṇa ay aqa

AY TOLDĪ JƏWABĪ ƏLIGKƏ

C40
1001 bu ay toldī aydī səz asoqī uluoq
yərinqə tüxürsə bədütür kuluoq

1002 səz asoqī bilə ker yaoqīz yərdəki
yaxīl kekkə yoklar bolur tərdəki

1003 kalī səzləyü bilməsə til səzüg
yaxīl kektə ərsə ker indrür əzüg

ƏLIG SUALI AY TOLDĪKA

1004 yana aydī səznüṇ əküxi nəqə
azī ma nəqə ol maṇa ay aqa

AY TOLDĪ JƏWABĪ ƏLIGKƏ

B84
1005 bu ay toldī aydī əküx səz oī ol
ayītmadī səzləp əriksə keṇül

1006 bu az səz ol ol kim ayītmīxka əz
jəwap bərsə səzkə yanut kīlsa səz

1007 muṇar mənzətü aydī xa'ir səzin
tilin səz bilə tüzdi aqtī yüzin

ئېلىگنىڭ ئايتولدىغا سوئالى

1000 ئېلىگ ئېيتتى: سوز پايدىسىدۇر نىچە،
ئېچىپ ئېيت ماڭا ھەم زىيانى نىچە؟

ئايتولدىنىڭ ئېلىككە جاۋابى

1001 بۇ ئايتولدى ئېيتتى: بۇ سوز نەپئى زور،
يېرىدا دىيىلسە، قۇلنى بۇيۇتۇر.

1002 بۇ سوز نەپئى بىرلە قوڭۇر يەردىكى—
يېشىل كوككە ئورلەپ، بولۇر توردىكى.

1003 نىچۇك سوز قىلىشنى گەر تىل بىلمىسە،
ئوزىنى پەسلىتەر، ئاسماندا ئىسە.

ئېلىگنىڭ ئايتولدىغا سوئالى

1004 يەنە ئېيتتى: سوزنىڭ كوپىدۇر نىچۇك،
ئېچىپ ئېيت بۇ سوزنىڭ ئېزىدۇر نىچۇك؟

ئايتولدىنىڭ ئېلىككە جاۋابى

1005 بۇ ئايتولدى ئېيتتى: تولا سوزدۇر ئول،
سورالماستا سوزلەپ، زېرىكسە كوڭۇل.

1006 بۇ ئاز سوز شۇدۇركىم، سورالغاندا ئوز،
جاۋاپ بەرسە سوزگە ۋە ياندۇرسا سوز.

1007 بۇڭا ئوخشۇتۇپ ئېيتتى شائىر سوزىن،
بېرىپ تىلگە بىزەك ھەم ئاچتى يۈزىن:

1008 sezüg yaḳxï sezlə ə̣di saḳnu ez
ayïttuḳta sezlə yana tərkin üz

1009 eküx sez əxitgil təlim sezləmə
uḳux birlə sezlə biliḳ birlə tüz

ƏLIG SUALI AY TOLDÏḲA

1010 ə̣lig aydï uḳtum bu sezni yə̣mə
taḳï bir sezüm bar sən ay kizləmə

1011 kimiṇdin əxitgü kərək sez qïnï
sezüg kimkə ayoq̣u maṇa ay munï

AY TOLDÏ JƏWABÏ ƏLIGKƏ

C41
1012 bu ay toldï aydï sezüg bilgədin
əxitgü biliksizkə aysa kə̣din

1013 uluoq̣dïṇ əxitgü kərəklik sezüg
kiq̣igkə ayu bə̣rgü tutsa ezüg

B85
1014 eküx tïṇlaoq̣u sez birər sezləgü
maṇa mundaoq̣ aydï biliklig begü

1015 ẹküx sẹzləyü bilgə bolmaz kixi
eküx əxtü bilgə bulur̤ ter baxi

A45
1016 ạoq̣ïr bolsa yalṇuḳ bilir ḥəm bilik
tuṇu bolsa təgməz bilikkə əlig

1008 ئۆزۈڭنى كۆزەت بەك، ياخشى سۆزلىگىل،
سورالغاندا سۆزلە، يەنە قىسقا قىل.

1009 كۆپ ئاڭلا بۇ سۆزنى، تولا سۆزلىمە،
بىلىم بىرلە سۆز تۈز، ئىشلىتىپ ئەقىل.

ئېلىگنىڭ ئايتولدىغا سوئالى

1010 ئېلىگ ئېيتتى: ئۇقتۇم بۇ سۆزنىڭ بارىن،
يەنە بىر سۆزۈم بار، يوشۇرماي دېگىن:

1011 ئىشىتمەك كېرەك كىمدىن سۆزنىڭ چىنى،
بولۇر سۆزنى كىمگە دېسە، ئېيت مۇنى.

ئايتولدىنىڭ ئېلىككە جاۋابى

1012 بۇ ئايتولدى ئېيتتى: بىلىم ئەھلىدىن—
ئىشىت سۆز، بىلىمسىزگە ئېيتقىن كېيىن.

1013 كېرەك سۆزنى چوڭدىن ئىشىتمەك كېرەك،
كىچىككە دېگۈلۈك، ئۇ قىلسۇن كېرەك.

1014 بىرەر-بىر سۆزلە، كۆپ ئاڭلا سۆزنىكىم،
ماڭا مۇنداق ئېيتتى بىلىملىك ھېكىم:

1015 تولا سۆز بىلەن بولماس ئالىم كىشى،
كۆپ ئاڭلاپ بولۇر ئۇ ئالىم تور بېشى.

1016 گاچا بولسا ئىنسان بىلەر ھەم بىلىم،
پەقەت ساگرو كىشى تاپالماس ئىلىم.

ƏLIG SUALI AY TOLDİKA

1017 yana aydï əlig ukuldï bu səz
takï bir səzüm bar anï aysun əz

1018 tilig xükmü tutoqu azu səzləsə
səzüg aqsamu yəg azu kizləsə

AY TOLDÏ JƏWABÏ ƏLIGKƏ

1019 bu ay toldï aydï əxitsü əlig
tilin səzləməsə kalur bu bilik

1020 tilig səksə bolmaz təlim əggüsi
səzüg əggüsi bar yəmə səkgüsi

1021 kamuoq təprənigli bu sansïz kalïn
tanukluk bərür bir bayatïoq tilin

1022 tərütti tümən min halayiklarïoq
tili birlə tənrig əgərlər arïoq

1023 ət əzlüg kixikə kərəki bu ol
birisi tilin səz birisi kənül

1024 kənül til tərütti kəni səz üqün
səzi əgri bolsa kəyər ol küqün

B86
1025 kəni səzləsə səz kər asoqï əküx
kalï səzləsə əgri barqa səküx

1026 kəni səzlər ərsə tilin təprəsü
səzün əgri ərsə əzün kizləsü

ئېلىگنىڭ ئايتولدىغا سوئالى

1017 يەنە ئېيتتى ئېلىگ: ئوقۇلدى سۆزۈڭ،
يەنە بىر سۆزۈم بار، جاۋاپ بەر ئۆزۈڭ.

1018 بۇ تىل تۇرسا شۈك خوپمۇ يا سۆزلىسە،
دېسە سۆزنى خوپمۇ ۋە يا دېمىسە؟

ئايتولدىنىڭ ئېلىككە جاۋابى

1019 بۇ ئايتولدى ئېيتتى: ئېشىتسۇن ئېلىگ،
تىلىڭ سۆزلىمىسە قالۇر بۇ بىلىك.

1020 سۆكۈۋمە تىلنى، ماختىۋىمۇ بار،
بۇ سۆز سۆكۈلەر ھەم يەنە ماختىلار.

1021 بۇ سانسىز مىدىرلاپ تۇرغان ھەممە جان،
تىلى بىرلە ئېيتار خۇداغا ئىمان.

1022 ياراتتى خالايىقنى مىڭ-مىڭ تۈمەن،
ماختايدۇ تەڭرىنى ئۇلار تىل بىلەن.

1023 تېنى باركىشىگە كېرەكلىكى شول:
بىرى تىل ۋە سۆزدۇر، بىرىدۇر كوڭۇل.

1024 كوڭۇل، تىل يارالدى دۇرۇس سۆز ئۈچۈن،
سۆزى ئەگرى بولسا كويەر ئۇ كۈچۈن.

1025 دۇرۇس سۆزلەنىسە سۆز كۆپتۇر پايدىسى،
سۆكۈلەر ھەمىشە سۆزنىڭ ئەگرىسى.

1026 تىلىڭ تەۋرىسۇن گەر دۇرۇس سۆزلىسە،
يوشۇرغىن سۆزۈڭنى گەر ئەگرى ئىسە.

C42

1027 tilin sezləməsə aqīn tər kixi
ekük sezləsə atī yanxak baxī

1028 kixidə uquzī kixi yanxakī
kixidə aqīrī kixi ol akī

* * *

1029 bu sezlər əxitti səvindi əlig
kezün kekkə tikti ketürdi əlig

1030 bayatka xükür kildī egdi ekük
ayur ay idim sən baqīrsak kesük

1031 kamuq ədgülük təgdi səndin mana
tapuqsuz kulun mən yazukluq sana

1032 tiləkimni bərdin kamuq arzular
ərəz dunya dəwlət ekük ədgülər

1033 bu xükruq nəgü təg etəy ez ezün
munīn xükri sən kīl sana ay tüzün

* * *

1034 sezin kəsti aqtī aqī kaznakī
üledi ekük nən qīqaylar həkī

1035 aqīrladī əlig bu ay toldīnī
aqīq bərdi əlgin tilin egdini

1036 wəzirlik anar bərdi tamqa ayaq
tuqī kevrügi birlə bərdi kuyaq

1027 كاچا دەر خالايىق تىل سوزلىمىسە،
مەمەدانە بېشى دەر كوپ سوزلىسە.

1028 بىھۇدە سوز ئېيتقان كىشى قەدىرسىز،
قەدىرلىك كىشىدۇر سىخى، شۇبھىسىز.

* * *

1029 بۇ سوزنى ئىشىتىپ سويۈنىدى ئېلىگ،
كوزىنى تىكتى كوككە، كوتەردى ئىلىگ.

1030 خۇداغا شۇكۇر قىلدى، كوپ ماختىدى،
ئەزىز مېھرىۋان بىر ئىگەمسەن، دىدى.

1031 پۇتۇن ياخشىلىق تەگدى سەندىن ماڭا،
ئۇتۇقسىز، گۇنالىق قۇلۇڭمەن ساڭا.

1032 تىلەك-ئارزۇلىرىمنى بەردىڭ پۇتۇن،
بۇ دەۋلەت، ھوزۇر ھەم ياخشىلىق، ئاجۇن[95].

1033 نىچۇك مەن ئۇتەلەي بۇلار شۇكرىنى،
ئۇزەڭگە ئۇزەڭ قىل ئادا شۇكرىنى.

* * *

1034 سوزىنى توختىتىپ ئۇ ئىچىپ غەزنىنى،
ئۇلەشتۇردى يوقسۇلغا كوپ نەرسىنى.

1035 بۇ ئايتولدىنى ئېلىگ ئىززەتلىدى،
قولى بەردى ئېھسان، تىلى ماختىدى.

1036 ۋەزىرلىك ئۇنۋانى ۋە تامغا ئاڭا —
تۇغ، ناغرا ھەم ساۋۇت بەردى يانا.

1037 ķamuoq əlkə ķildi kər əlgi uzun
boyun əgdi duxman ķətərdi ezün

* * *

1038 bu ay toldi sordi ķamuoq ix küḑük
küvənq ķildi ezkə bu bulmix eḑüg

1039 bayudi boḑun həm ətildi əli
əligkə du'a ķildi boḑni tili

B87
1040 ķutuldi boḑun ķətti əmgəkləri
ķozi birlə ķatlip yoridi bəri

1041 ətildi əli həm tüzüldi tərü
əlig dəwləti boldi kündə ərü

1042 yoridi bir anqa bu yanlioq ķutun
tüzüldi əli boḑni barqa pütün

1043 təlim artti əldə yanī kənd ulux
əlig ķaznaķi toldi altun kümüx

C43
1044 səvindi əlig inqkə təgdi ezi
azunda yaḑildi kər atī sezi

1037 پۈتۈن ئەلگە قىلـدى قولنى ئۇزۇن،
چىقىپ چەتكە دۈشمەن ئېگىشتى بويۇن.

* * *

1038 بۇ ئايتولدى سۆردى پۈتۈن ئىش كۆچەپ،
بۇ ئىقبال دەۋرىنى غەنىمەت ساناپ.

1039 بېيىدى خەلقىمۇ، يېتىلدى ئېلى،
ئېلىككە دۇئا قىلدى خەلقنىڭ تىلى.

1040 قۇتۇلدى خەلق، كەتتى زەخمەتلىرى،
قوزى بىرلە يۇردى قوشۇلۇپ بورى.

1041 يېتىلدى ئېلى ھەم تۈزەلدى قانۇن،
ئېلىگنىڭ دەۋلـىتى ئۆستى كۈنمۇ-كۈن.

1042 شۇ ياڭلىغ ھوزۇردا ئۆتتى بىر زامان،
تۈزەلدى ئېلى ھەم خەلـقى ھەر تامان.

1043 تولا ئارتتى ئەلدە شەھەر-كەنت قورۇش،
جۇغلاندى غەزىنگە ئالتۇن ھەم كۈمۈش.

1044 سۆيۈندى ئېلىگ، تاپتى ئارام ئۆزى،
جاھاندا يېيىلدى ئېتى ھەم سۆزى.

20

ĶUT ĶÏVLÏĶÏN DƏWLƏT ƏRSƏLLIKIN AYUR

1045 tükəl buldï ay toldï arzu tilək
ķïvï ķut ķarïp yïķtï arķa yələk

A46
1046 yə̣mə yaķxï aymïx bïliklig bəgü
tükəl bolsa ni‘mət bulumaz yə̣gü

1047 taķï mụnda yə̣grəķ bilik səzləmix
tükəl bolsa ni‘mət tükər yax tə̣mix

1048 ə̣ḍi yaķxï aymïx biliklig səzi
bu bilgə səzi ol biliksiz kəzi

1049 inigli aŋar ol aŋïŋlï inər
yaruŋlï tunar ol yorïŋlï tïnar

1050 nə kim ixlər ərsə tükəlin küḍər
tükəgli tükəsə inixkə yanar

1051 bu ay toldï buldï tiləkin tükəl
tükətti tiriglig turu ķaldï mal

يىگىرمىنچى باپ
بەختنىڭ داۋامسىزلىغى ۋە دۆلەتنىڭ تۇراقسىزلىغى بايانىدا

1045 تولۇق قۇچقاندا ئايتولدى ئارزۇ-تىلەك،
قىرىپ بىۋاپا بەخت، يىقىلدى يۈلەك.

1046 ئەجەپ ياخشى ئېيتمىش دانا-بىلگۈچى:
تەل بولغاندا نېمەت، يوقار يىگۈچى.

1047 بىر ئالىم بۇندىنمۇ ياخشىراق دېمىش:
تولۇق بولغاندا نېمەت، ئۆمۈر تۈگەرمىش.

1048 ئەجەپ خوپ دېيىلمىش بىلىملىك سۆزى،
بىلىملىك سۆزىدۇر بىلىمسىز كۆزى:

1049 ئۆرلىگەن چۈشەر ھەم چۈشكەنلەر چىقار،
يورىغان ئۆچەر ھەم يۈرگەنلەر تىنار.

1050 نەئىشكىم قىلىنسا تولۇقلۇق كۈتەر،
تولۇقلۇققا يەتسە چۈشۈشكە يانار.

1051 بۇ ئايتولدى يەتكەندە تىلەككە تۈگەل،
تۈگەدى تىرىكلىك، قىلىپ قالدى مال.

1052 yana ərlü kirdi bu tolmïx ayï
kaḍïr kïxka yandï yarumïx yayï

B88
1053 yaraxïķ tadular ķarïxtï iqin
küqəndi biri tuttï bastï üqin

1054 tadu təgxürüldi axï boldï yig
aoɪïr boldï kenli ķatïoɪ tuttï ig

1055 tadu ərtədi kər küqi əksüdi
ķaoɪïl təg keni boḍ əgildi ķoḍï

1056 tutup qaldï yərkə aoɪïr ig kəlip
təxəkkə kirip yattï munluoɪ ulïp

1057 otaqï tərildi tamur kərdilər
ol ig kəm nə ərmix ayu bərdilər

C44
1058 ķayu aydï ķan tutmïx əmdi munï
aqa bərgü əkqək aķïtoɪu ķanï

1059 ķayu aydï ətrüm iqürgü kərək
əzi ķatmïx əmdi boxutoɪu kərək

1060 ķayusï sooɪïķ ətti ķattï julab
ķayu ķïldï bərdi kərəklig xərab

1061 ot əm ķalmadï kər nəqə ķildilar
yaraxïķ nə ərsə anï bərdilər

1062 asïoɪ ķilmadï kündə arttï igi
ķoradï küqi kündə yitti əgi

1063 nəgü tər əxitgil saķïnuķ kixi
saķïnuķ kixi ol kixilər baxï

1052 كىچىكلەپ قايتىدىن ئۇ تولغان ئايى،
قەھرلىك قىشقا ياندى يورىغان يايى[98].

1053 جىدەل باشتى يارىشىق تادۇ ئىچىنى،
يېگىنىپ بىرى باستى كېلىپ ئۇچىنى.

1054 مىزاجى ئۆزگەردى، تاماق بى تېتىق،
كوڭۇل بولدى غەش، تۇتۇپ بەك ئاغرىق.

1055 مىزاجى بۇزۇلغاچ كۈچى كەملىدى،
چىۋىقتەك ئېگىلدى قامىتى-قەددى.

1056 ئېغىر بىركېسەللىك يىقىتتى كېلىپ،
ئۇ ياتتى مۇڭ ئىچرە توشەككە كىرىپ.

1057 تېۋىپلار يىغىلىپ تۇتۇشتى تومۇر،
دېيىشتى ئۇلار: بۇ كېسەل نىمەدۇر؟

1058 بىرى دىدى: قانى تۇتۇلمىش بۇنىڭ،
ئېلىپ قان، تومۇرىن ئاچايلى ئۇنىڭ.

1059 بىرى دىدى: سۇرگە ئىچۇرمەك كېرەك،
ئىچى قاتقان ئەمدى بوشاتماق كېرەك.

1060 بىرى شەرۋەت ئەتتى ۋە قوشتى جۇلاپ،
ياساپ بەردى بىرسى كېرەكلىك شاراپ.

1061 داۋا-دورا قالماي، بارىن قىلدىلەر،
نىمىكى ياراشسا ئۇنى بەردىلەر.

1062 ئېشۋەردى ئاغرىق، پايدا قىلمىدى،
خوراپ كۈچ كۈندىن-كۈن، ھۇشى قالمىدى.

1063 نىمە دەيدۇ ئاڭلا ئۇزى پاك كىشى،
ئۇزى پاك كىشى ئۇ كىشىلەر بېشى:

1064 kərək ķat xəlišə kərək tiryaķ ə̣t
kərək matridus ķat ya qurnï egit

1065 kərək tut otaqï kərək ərsə ķam
elüglikə ḫərgiz asïƣ ķïlmaz əm

1066 usal bolmaƣïl ay tirig boldaqï
tirig bolduņ ərsə ezüņ eldəqi

* * *

1067 bu ay toldï ḫalïn əxitti ə̣lig
elüm tutƣaķï ig təgürmix əlig

B89
1068 ə̣lig aytu kəldi bu ay toldïnï
kəlip kerdi ə̣lig yatur ḫalini

Ə̣LIG SUALI AY TOLDÏĶA

1069 ayïttï ə̣lig əmdi keņlüņ nətэg
nəgü oḷ igiņ əmdi uḍķuņ nətəg

AY TOLDÏ JƏWABÏ Ə̣LIGKƏ

1070 bu ay toldï aydï ay ə̣lig ķutï
mə̣ni tuttï ol ig aņar yoķ otï

1071 tolu ə̣rdi ayïm ə̣rildi tolu
talu ərdi ķïlķïm barïr bu talu

1072 səvinqin toƣar ərdi toƣmïx künüm
künüm patoƣalïr təg yarumaz tünüm

1064 تەرياك[97] بەر ۋە مەيلى قات شەلسە[98]،
قوشۇپ ماترىدۇس[99] يا سۇركە ئىچۈرسە؛

1065 تىۋىپنى قىچقىرغىن ۋە خامى داخان،
ئۆلۈمگە داۋا نەپئى بەرمەس ھامان.

1066 غاپىل بولمىغىن ئەي تىرىك يۈرگۈچى،
ئەگەرچە تىرىكسەن ئۆزۈڭ ئۆلگۈچى.

* * *

1067 بۇ ئايتولدى ھالىن ئىشىتتى ئېلىگ،
ئۆلۈم خەۋەرچىسى سۇنۇپتۇ ئىلىگ.

1068 سوراشقا ئېلىگ كەلدى ئايتولدىنى،
كېلىپ كوردى ئۇنىڭ ياتۇر ھالىنى.

ئېلىگنىڭ ئايتولدىغا سوئالى

1069 ئېلىگ ئېيتتى: ئەمدى ئەي ھالىڭ نىچۈك،
نىچۈكتۇر كېسەلىڭ ھەم ئۇيقۇڭ نىچۈك؟

ئايتولدىنىڭ ئېلىككە جاۋابى

1070 بۇ ئايتولدى ئېيتتى: ئېلىگ دەي ساڭا،
مېنى تۇتتى ئاغرىق، داۋا يوق ئۇڭا.

1071 ئايىم تولغان ئەردى، كىچىكلىدى ئۇ،
ئىسىل ئەردى خۇلقۇم، كېتەر بولدى ئۇ.

1072 خوشال تۇققان ئەردى بۇ تۇققان كۈنۈم،
كۈنۈم پاتقان كەبى يورۇماس تۈنۈم.

1073 küvənqlik tiriglik kətürdi ezin
yayīoq dunya məndin əvürdi yüzin

1074 səvinq arzu ni'mət turu kaloqalīr
sakīnq kadoqu mihnət mana kəlgəlir

C45
1075 munu adrīlur mən səniņdin bu kün
ulīyu barīr mən ekünqün muņun

1076 nəgü tər əxitgil bəgü əl bəgi
bodun baxlaoquqī kixidə yəgi

1077 nə ədgü nəņ ərdi bu dəwlət kəlip
yaņa barmaz ərsə tiləkqə yəlip

1078 nə yakxī nəņ ərdi bu bəglik ixi
elüm tutmaz ərsə yorīsa kixi

1079 nə kerklüg kün ərdi yigitlik küni
karīlik yok ərsə yorīsa keni

ƏLIG JƏWABĪ AY TOLDĪKA

A47
1080 əlig aydī ay toldī kodoqīl bu səz
bu səz sezləməgil aya keņli tüz

B90
1081 kixi barqa iglər kər ədgü bolur
saņa yalņuz ərməz bu ig ay unur

1082 nəlük tildə kerksüz yorīr bu sezüņ
nəlük keņlüņi artatur sən ezüņ

1083 saņa əmdi avnīp yorīr ərdi ez
maņa tətgü təg sən adīn boldī səz

1073 ئېلىپ قاچتى قوۋانچلىق، تىرىكلىك ئۆزىن،
ۋاپاسىز جاھان ئۆرۈپ مەندىن يۈزىن.

1074 سۆيۈنچ، ئارزۇ، نېمەت قويۇپ كەتكىدەك،
ئەلەم ـ قايغۇ، مېھنەت ماڭا كەلگىدەك.

1075 سېنىڭدىن بۇ كۈن ئايرىلۇرمەن مانا،
كېتەرمەن ئىڭراپ، ئۆكۈنچتە يانا.

1076 ئىشىت، ئەل بېگى بىر ئالىم نىمە دەر،
كىشى ياخشىسى، خەلقنى باشلار ئەر:

1077 ئەجەپ ياخشى ئەردى بۇ دۆلەت كېلىپ،
يەنە كەتمىسە ئۇ ئۆزىچە يېنىپ.

1078 ئەجەپ ياخشى ئەردى بۇ بەگلىك ئىشى،
ئۆلۈم تۇتمىغان بولسا، يۈرسە كىشى.

1079 نە كۆركەم كۈن ئەردى يىگىتلىك كۈنى،
قېرىلىق يوق ئۇلسا، يۈرسا كۈنى.

ئېلىگنىڭ ئايتولدىغا جاۋابى

1080 ئېلىگ ئېيتتى: ئايتولدى قويغىن بۇ سۆز،
بۇ سۆزنى دېمەكىن ئايا كۆڭلى تۈز.

1081 كىشى پارچە ئاغرىپ، ساقايغۇسى، بەس،
ئەي قابىل، بۇ ئاغرىق ساڭىلا ئەمەس.

1082 نېچۈك تىلغا ئالدىڭ بۇ كۆركىسىز سۆزۈڭ،
نېمىشقا كۆڭۈلنى بۇزارسەن ئۆزۈڭ؟

1083 يۈرەتتىم ئۆزۈم سەن بىلەن ئاۋۇنۇپ،
مېنى قايغۇرتتى، سۆزۈڭ ئۆزگۈرۈپ.

1084 bayat ədgü ķïloqay bu səz səzləmə
tügün urma otuņ məniņ kəņlümə

AY TOLDÏ JƏWABÏ ƏLIGKƏ

1085 bu ay toldï aydï ay əlig ķutï
bu igkə əmi yoķ tiləmə otï

1086 ķayu kim toqar ərsə əlgü kərək
ķayu nəņ aqar ərsə ilgü kərək

1087 aqïxķa inix ol ədizkə patïq
səvinqkə saķinq ol aqïqķa tatïq

1088 yana ma saņa aydïm ux bu səzüm
ķïlinqïm yayïq təp nə ərsəl əzüm

1089 məniņ ķïlķïmï aydïm ərdi saņa
kəņül bamaqu ərdiņ əmdi maņa

C46
1090 barïr mən muņar sən səzik tutmaqïl
toqluqlï kim əlməz təsə pütməgil

1091 ïnanqsïz təmə əmdi səkmə məni
ïnanq ķïlmaqa dunya ķoḍqa səni

1092 jəfa ķïldï təp sən ilənmə maņa
məninḍə jəfaqï bu dunya saņa

1093 usanma əlür sən məninḍə basa
ïnanma bu dunyaķa pütmə usa

B91
1094 aqïrladïņ ərdi tapuqsuz məni
tapuq yətrüмədim ay əlig ķanï

1084 خۇدا ياخشى ئەيلەر، بۇ سوز سوزلىمە،
تۇگۇن چەكمە ئۇتتىن مېنىڭ كوڭلىمە.

ئايتولدىنىڭ ئېلىككە جاۋابى

1085 بۇ ئايتولدى ئېيتتى: ھەي ساھىپقىران،
بۇ ئاغرىققا ھېچ كىم داۋا تاپمىغان.

1086 نىمەكىم تۇغۇلار ھەم ئولمەك كېرەك،
نىمە ئورلىسە، پەسكە چۈشمەك كېرەك.

1087 چىقىشقا چۈشۈش بار، ئىگىزگە باتىق[100]،
سويۈنچكە قايغۇ-غەم، ئاچچىققا تاتىق[101].

1088 دىگەنتىم يەنە مەن ساڭا شۇ سوزۇم،
خۇيۇم ئوزگىرىشچان، تۇراقسىز ئوزۇم.

1089 خۇيۇم ئېيتقان ئەردىم ئوزۇم مەن ساڭا،
بولاتتى كوڭۇل بەرمىسەڭ سەن ماڭا.

1090 كېتۇرمەن، بۇڭا سەن شۇبھە قىلمىغىن،
تۇغۇلغانكىم، ئولمەس دىسە پۇتمىگىن.

1091 ئىشەنچسىز دىمە ئەمدى سوكمە مېنى،
ئىشەنمە جاھانغا، ئۇ تاشلار سېنى.

1092 جاپا قىلدى دەپ ئەيسپ قويما ماڭا،
جاپاچى مېنىڭدىنمۇ دۇنيا ساڭا.

1093 ئولەرسەن، غاپىل ئولما مەندىن كېيىن،
ئىشەنمە جاھانغا ھەم كول بولمىغىن.

1094 قەدىرلەپ ئىدىگەسەن خىزمەتسىز مېنى،
ئەي ئېلىگ، بىجىرگەن خىزمىتىم قېنى؟

1095 tilək arzun ərməz məniŋ ɵlməkim
bu kün bolmix ərməz kəlip barmaķim

1096 ɵzəlü barir mən ɵz ərksiz bolup
ķutuluƣu yərim yoķ tiriglik bulup

1097 yoķ ərdim terütti igiḍti məni
kiqig oƣlan ərdim bəḍütti məni

1098 yaliŋ yüzlüg ərdim pütürdi saķal
ķara ķuzƣun ərdim ķuƣu ķildi qal

1099 boḍum ərdi oķ təg əgildi boḍum
tiriglik tükədi yətildi ɵḍüm

1100 yəŋə yəkxi aymix bəgü bilki kəŋ
əxitgil muni sən aya ķizƣu əŋ

1101 ķayu baxķa kirsə ķuƣu ķirtixi
ķuƣu təg ərüŋ ķiluƣu kɵŋlin kixi

1102 kimiŋ əgri bolsa kɵni tal boḍi
kɵni ķiluƣu kɵŋlin yətildi ɵḍi

1103 ɵrüŋ boldi ərsə ķara saq saķal
anunƣu pusuƣqi ɵlümkə tükəl

1104 munar mənzətü aydi xa'ir bu sɵz
əxitgil muni sən aya əḍgü ɵz

C47
1105 ķara saq ɵrüŋi ɵlümdin yumux
ķilur ol tirigkə tiriglik kɵsüx

1106 tü ni'mət yəḍiŋ mə tiriglik yəḍiŋ
ɵlüm yər səni sən usanma ɵküx

1095 تىلەكىم ئەمەس بۇ مېنىڭ ئۆلمىكىم،
بۇگۈنلا ئەمەستۇر كېلىپ ـ كەتمىكىم.

1096 ئىلاجسىز كېتۈرمەن ئېرىكسىز بولۇپ،
قۇتۇلۇر يېرىم يوق ھاياتتا تۇرۇپ.

1097 يوق ئەردىم ياراتتى، ئۇستۇردى مېنى،
كىچىك ئوغلان ئەردىم بۇيۇتتى مېنى.

1098 يېلىڭ يۈزلۈك ئەردىم، چىقاردى ساقال،
قارا قۇزغۇن ئەردىم، ئاققۇ قىلدى چال.

1099 بويۇم ئەردى ئوقتەك، ئېگىلدى بويۇم،
تىرىكلىك تۈگىدى، يېتىلدى كۈنۈم.

1100 ئەجەپ ياخشى دەپتۇ ئالىم، ئىلمى چوڭ،
ئىشىتكىن بۇنى سەن، ئايا قىزىل ئوڭ:

1101 ئاقارسا ئاققۇدەك كىشىنىڭ بېشى،
دىلىن ئاققۇ كەبى ئاقارتسۇن كىشى.

1102 ئېگىلسە كىشىنىڭ تۈز تالدەك بويى،
تۈزەتسۇن دىلىنى، يېتىلدى چېغى.

1103 قارا چاچ، ساقاللار ئاقارسا تولۇق،
موكۈنگەن ئۆلۈمگە تەييار تۇرغۇلۇق.

1104 بۇڭا ئوخشتىپ ئېيتتى شائىر بۇ سۆز،
ئىشىتكىن بۇنى سەن، ئايا ياخشى ئۆز:

1105 قاراچاچنىڭ ئېقى ــ ئۆلۈم بەلگىسى،
تىرىككە ھاياتنى ئەزىز قىلغۇسى.

1106 يىدىڭ قانىچە نېمەت، تېتىدىڭ ھايات،
غاپىل ئولما، سېنى ئۆلۈم يىگۈسى.

Ə̣LIG JƏWABÏ AY TOLDÏḲA

1107 ə̣lig aydï ay toldï ə̣vmə sərin
ig ol bu yazuķlarķa yuloqï yarïn

1108 əlür ərdi ərsə ķamuoq igləgən
kixi ķalmaoqay ərdi ruzi yə̣gən

B92
1109 bayat əḍgü ķïloqay bu igdin sə̣ņi
kəņülüņ qəkürmə sən inq yat kəni

* * *

1110 du'a ķïldï ə̣lig kər aqtï tilig
xifa ķoldï rəbdïn kətürdi əlig

1111 turup qïķtï andïn saķïnqïn tügük
kəlip ķarxïķa kirdi kəņli tüxük

1112 qïoqayķa ülədi əküx nəņ tavar
asïoq ķïloqamu tə̣p saķïndï aņar

1113 asïoq ķïldï ərsə əlümkə kümüx
kümüx ķïloqay ərdï ər əzkə yulux

1114 əlümkə yulux ķïldï ərsə kixi
yulup əlməgəy ərdi ə̣lqi baxi

* * *

A48
1115 bu ay toldïnïņ kər igi aoqrudï
umïnqsïz bolup jandïn əlgin yudï

ئېلىگنىڭ ئايتولدىغا جاۋابى

1107 ئېلىگ ئېيتتى: ئايتولدى سەۋر قىل، چىدا،
كېسەلدۈر كۆنالىققا تاڭنا پىدا[102].

1108 ئۆلەر بولسا گەر ئۇ پۈتۈن ئاغرىغان،
بولاتتى رىزىق يەر كىشى قالمىغان.

1109 كېسەلدىن سېنى ياخشى قىلسۇن بايات،
يېرىم قىلما كۆڭلۈڭ، تىنچ-راھەتتە يات.

* * *

1110 دۇئا قىلدى ئېلىگ ئېچىپ تىلىن ئول،
شىپا تىلەپ ھەقتىن، كۆتەردى ئۇ قول.

1111 ئېلىگ چىقتى ئاندىن بەك غەمكىن بولۇپ،
كېلىپ قەسرىگە كىردى كۆڭلى سۇنۇپ.

1112 تاراتتى پېقىرلەرگە كۆپ مال-تاۋار،
ئاڭا قايغۇرۇپ، دەپ پايدىسى بولار.

1113 ئۆلۈمگە كۆمۈشتىن پايدا يەتسە گەر،
قىلاتتى كۆمۈشنى پىدا ئۆزگە ئەر.

1114 ئۆلۈمگە پىدا تاپقان ئولسا كىشى،
پىدا بىرلە ئۆلمەيتتى ئەللەر بېشى.

* * *

1115 بۇ ئايتولدى بەكمۇ قاتتىق ئاغرىدى،
ئۈمىتسىز بولۇپ قولنى جاندىن يۇدى.

1116 ɵkündi ayur ay tiriglik ə̣siz
yavalïⱪⱪa ïḍtïm ə̣siz kɵrk bəḍiz

1117 tiriglik kəqürdüm usallïⱪ bilə
yigitlikni ïḍtïm yavalïⱪ bilə

1118 kürəmix kürək ərdi ux bu ɵzüm
əjəl tuttï ə̣ltür nə asƣï sɵzüm

1119 azun malï tə̣rdi ɵzüm suⱪluⱪun
ⱪalïr nəņ barïr mən bu kün yoⱪluⱪun

C48
1120 əlig til uzun ⱪildïm ərdi ɵküx
ɵlüm kəldi tuttï tïnïm ⱪïstï ux

* * *

1121 bu yaņlïƣ ɵkündi ɵküx yïƣladï
ɵkünqi ɵlümkə asïƣ ⱪilmadï

1122 nə muņluƣ turur bu apa oƣlanï
tilək təg bulumaz tiriglik küni

1123 tilək bulsa bolmaz tiriglik yə̣gü
tirg bolsa bulmaz tilək ay bɵgü

B93
1124 az əḍgükə təgsə unïtur ɵzin
yaxïl kɵktə üstün yorïtur sɵzin

1125 aƣïrlïⱪⱪa təgsə küvəz kür bolur
ɵlüm tutsa uḍlur ɵkünqün ɵlür

1126 yə̣sə toḍsa ⱪilⱪï bolur buƣraƣu
ⱪalï ⱪarnï aqsa bilip yə̣r aƣu

1116 دىدى ئۇ ئوكۇنۇپ: ھاياتىم ئىسىت،
بىكارغا ئۆتتى-كەتتى كوركۇم، ئىسىت.

1117 تىرىكلىك كەچۈردۈم غاپىللىق بىلە،
يىگىتلىك ئۆگەتتىم زايەلىق بىلە.

1118 ئىدىم بىر قاچاقكىم، قاچاتتىم ئۆزۈم،
ئەجەل ئۆتتى، توستى، نە پايدا سوزۈم؟

1119 جاھان مالى يىغدىم بىخىللىق بىلە،
قالۇر مال، كېتەرمەن بۇ يوقلۇق بىلە.

1120 ئۆزارتقان ئىدىم كوپ تىلىم ھەم قولۇم،
تىنىقنى مانا قىستى، ئۆتتى ئولۇم.

* * *

1121 شۇ ياڭلىغ ئوكۇندى، تولا يىغلىدى،
ئولۇمگە ئوكۇنچى پايدا قىلمىدى.

1122 نە مۇھتاج ئىرۇر بۇ ئادىمى ئوغلانى،
تىلەگىدەك ئولماس تىرىكلىك كۈنى.

1123 تىلەككە يېتىشسە ياشالماس كىشى،
ھاياتتا تىلەككە يېتەلمەس كىشى.

1124 بىر ئاز ياخشىلىق كورسە ئۇنتار ئۆزىن،
يىشىل كوكتىن ئۇستۈن يۈرۈتەر سوزىن.

1125 قەدىرلەنسە مەغرۇر، كورەڭ ھەم بولۇر،
ئولۇم تۇتسا پۇكۇلۇپ ئوكۇنچتە ئولۇر.

1126 يىسە، تويسا بولۇر قىلىغى بۇغرا،
ئەگەر قارنى ئاچسا، بىلىپ يەر ئوغا.

1127 sak̡īnqk̡a sīzar kөr ərəz̧kə ə̣rər
sөvərin bulur bulsa ərkin yə̣rər

* * *

1128 ẹkündi bu ay toldī tīndī uluoq
ayur mən yitürdüm kөnilik yoluoq

1129 nəlük tə̣rdim ərdi bu altun kümüx
nəlük k̡ilmadīm mən qīoqayk̡a ülüx

1130 nəlük k̡oḍtum ərki bu əḍgü ixig
nəlük sөktüm ərki yazuk̡suz kixig

1131 burun īḍoqum ərdi k̡amuoq əḍgülüg
asīoq k̡īloqay ərdi yarīn bəlgülüg

1132 nəgü asoqī bar bu ekünqüm bu kün
ølüm tuttī kəsti bu sөz birlə ün

1133 nəgü tə̣r əxitgil yiti kөzlüg ər
kixikə baoqīrsak̡ kөni sөzlüg ər

1134 tөzü tīn tok̡īrk̡a ølüm bir k̡apuoq
kirür bu k̡apuoqk̡a yorīoqlī k̡amuoq

1135 nəgü ol tiriglik nəgü ol ølüm
k̡ayudīn kəlir mən k̡ayuk̡a yolum

C49
1136 nəlük tooqdum ərki yana ølgəli
nəlüg küldüm ərki sīoqīt kөrgəli

1137 az̧unda ølümdin k̡atīoqrak̡ k̡ayu
tooquoqlī kixi øldi mundaoq ayu

1127 راھەتتە زېرىكەر، غەم ئىچرە سىزەر،
سويگۈنىن تاپسا تېزلا ئاندىن بېزەر.

* * *

1128 ئۇلۇغ تىندى ئايتولدى، پۇشمان يېدى،
دۇرۇسلۇق يولنى يوقاتتىم، دېدى.

1129 نېچۈن توپلىدىمكىن مەن ئالتۇن-كۈمۈش،
نېچۈن بەرمىدىم مەن يوقسۇلغا ئۇلۇش؟

1130 نېچۈن ياخشى ئىشنى مەن قويغاندىمەن،
نېمىشقا گۇناسىزنى سوككەندىمەن؟

1131 ئەۋەتسەم ئىدىم مەن بۇرۇن ئەزگۈلۈك،
قىلۇر ئەردى پايدا تاڭنا بەلگۈلۈك.

1132 نە پايدا بېرەر بۇ ئۆكۈنچىم بۈگۈن،
ئۆلۈم تۇتتى، كېسىلدى سوز ھەمدە بۇ ئۈن.

1133 نېمە دەيدۇ ئاڭلا ئىنتىك كوزلۇك ئەر،
كىشىگە كويۇمچان دۇرۇس سوزلۇك ئەر:

1134 پۈتۈن جانى بارغا ئۆلۈم بىر ئىشىك،
ئۇنىڭدىن كىرەرلەر جىمى يۇرۇگلۈك[103].

1135 نېمە بۇ تىرىكلىك، نېمە بۇ ئۆلۈم؟
قەيەردىن كېلىپمەن، قەيەرگە يولۇم؟

1136 ئۆلەر جانغا نېچۈك تۇغۇلغاندىمەن،
يىغا بار ئىكەن، نېچۈن كۈلگەندىمەن؟!

1137 جاھاندا ئۆلۈمدىن نە بار دۇر يامان؟
تۇغۇلغان كىشى ئۆلدى شۇنداق دېبان.

1138 munaŋ mənẓətü aydï xa'ir sezi
munïŋ mə'nisi uķsa aqïlur kezi

B94

1139 nəgü bar aẓunda elümdin ķatïɣ
elümüg saķïnsa ķətər miŋ tatïɣ

1140 elüm bir təŋiz ol uqï yoķ tüpi
baķa kersə yətrü tüpi yoķ patïɣ

1141 elümni biligli usansa ezün
elüm tutsa asɣï bulunmaz sezün

1142 ərəẓlərkə avnïp usal bolɣuqï
elüm tutsa oḍlur yətilməz küqi

1143 eküx nəŋkə toḍmaz kezi suķ kixi
əjəl tutsa eknür ətüməz ixi

1144 yayïɣ ķutķa avnïp küvənür kür ər
yaqïz yər ķatïnda yürəkin yərər

1145 səvinqlərkə avnïp eküx külgüqi
sïɣïtķa anunɣu aya elgüqi

1146 nəgü tər əxitgil uķuxluɣ bilir
bu sez ixkə tutsa ker asɣï alïr

1147 yarïnlïķ orun əḍgü ķolsa ezün
əsiz ķïlmasunï bu iki aẓun

1148 əsiz ķïlmaɣïl sən ay ķïlķï tüzün
bu kün əḍgü ķïlɣïl ķïlïnqïn sezün

* * *

1138 كېلۇر بۇڭا ئوخشاپ شائىرنىڭ سوزى،
كىم ئۇقسا مەنىسىن ئېچىلۇر كوزى:

1139 نىمە بار جاھاندا ئولۇمدىن قاتتىق؟
ئولۇمنى ياد ئەتسە كېتەر مىڭ تاتتىق.

1140 ئولۇم بىر دېڭىزدۇر، ئۇچى يوق تۇۋى،
قاراپ كورسە ياخشى، تۇۋى يوق پىتىق.

1141 ئولۇمنى بىلىپمۇ گەر ئولسا غاپىل،
ئولۇم تۇتسا سوز قىلماغاي پايدا، بىل.

1142 ھوزۇرغا ئاۋۇنۇپ غاپىل يۇرگۇچى،
ئويغىنار ئولۇم تۇتسا، يەتمەس كۇچى.

1143 تولا مالغا تويماس كوزى ئاچ كىشى،
ئەجەل تۇتسا ئوكۇنۇر، يۇرۇشمەس ئىشى.

1144 تۇراقسىز بەختكە ئاۋنىغان مەغرۇر،
قوڭۇر يەر قېتىدا يۇرەكىن يارۇر.

1145 سويۇنچكە ئاۋۇنۇپ تولا كۇلگۇچى،
يىغىغا تەييار ئول، ئايا ئولگۇچى.

1146 ئىشىتكىن، ئەقىللىق ئالىم نىمە دەر،
بۇ سوزگە ئەمەل كىم قىلسا نەپ كورەر:

1147 ئەگەر كىم تائىنا كۇتسە ياخشى ئورۇن،
ھەر ئىككى جاھاننى يامان قىلمىسۇن.

1148 ئەي خۇلقى مۇلايىم، يامان قىلمىغىل،
قىلىغىڭ، سوزۇڭنى بۇ كۇن ياخشى قىل.

* * *

1149 bu ay toldï ɵknüp ɵküx yïƣladï
ɵkünqi bu yə̣rdə asïƣ ķïlmadï

1150 qïƣayķa ülədi kɵr altun kümüx
ķadaxlarķa ķïldï ķumaru ɵküx

A49
1151 kɵzin kɵkkə tikti ayur ay iḍim
səniŋdə aḍïn mən iḍi bilmədim

C50
1152 tɵrüttüŋ igiḍtiŋ bəḍüttüŋ mə̣ni
səniŋ fəẓlïŋ ərdi bilir mən munï

1153 saŋa tapnur ərdi məniŋ bu ɵzüm
munuķï əjəl tuttï kəsti sɵzüm

B95
1154 ķutuluƣu yə̣rim yoķ yitürdüm bilik
səniŋ rəḥmətiŋ tutsu əmdi əlig

1155 otunluķ bilə ķïldïm ə̣siz ɵküx
tüzünlük bilə sən kəqür ay kɵsüx

1156 yavalïķta kəqti tiriglik ə̣siz
sürə ïḍtïm ɵḍ kün bu bəglik ə̣siz

* * *

1157 sɵzin kəsti anqa saķïndï turup
aķïttï kɵzün yax kɵr oƣlïn kɵrüp

1149 ئوكۇندى بۇ ئايتولدى كوپ يىغلىدى،
ئوكۇنچى بۇ يەردە پايدا قىلمىدى.

1150 ئۆلەشتۈردى يوقسۇلغا ئالتۇن-كۈمۈش،
قاياشلارغا قىلدى نەسىھەت ئۇلۇش.

1151 كوزىن كوككە تىكىپ، دىدى: ئەي ئىگەم،
سىنىڭدىن بولەك يوق ئىگە ماڭا ھەم.

1152 تورەتتىڭ، ئوستۇردۇڭ، بۇيۇتتۇڭ مىنى،
سىنىڭ پەزلىڭ ئەردى، بىلۇرمەن بۇنى.

1153 تىپۇنغان ئىدىم مەن ساڭىلا ئۇزۇم،
مانا بۇ ئەجەل تۇتتى، كەستىم سوزۇم.

1154 قۇتۇلار يىرىم يوق، يوقالدى ھۇشۇم،
سىنىڭ رەھمىتىڭ تۇتسۇن ئەمدى قولۇم.

1155 بولۇپ گۇستاخ، ئەتتىم يامانلىق تولا،
كەچۇر رەھمىتىڭ بىرلە سەن ئەي ئىلاھ!

1156 بىھۇدە ئوتتى بۇ تىرىكلىك ئىست،
بىكار كەتتى ئاي-كۈن، بۇ بەگلىك ئىست.

* * *

1157 سوزىن كەستى، ئۆيلاندى بىر ئاز تۇرۇپ،
كوزىدىن ياش ئاققۇزدى ئوغلىن كورۇپ.

21

AY TOLDĪ OƢLĪ ƟGDÜLMIXKƏ PƏND BƏRMIXIN AYUR

/

1158 bir ɵk oƣlī ərdi bu ay toldīniꞑ
kiqig ərdi yaxī ux ol oƣlīniꞑ

1159 atī ərdi ɵgdülmix əşlī arīƣ
yüzi kɵrklüg ərdi mə ķilķī arīƣ

1160 oķudī bu oƣlīn ɵziꞑə yakīn
tutup ķuqtī ķɵzdə aķītti aķīn

1161 ayur əmdi oƣlum barīr mən munu
saꞑa ķaldī ornum barī nəꞑ unu

1162 sən ərdiꞑ maꞑa kɵz yaruķī tükəl
barīr mən səniꞑdin əsən əḑgü ķal

1163 yəmə yaķxī aymīx bu türk buyruķī
kɵrü kɵz yaruķī oƣul ķīz oķī

1164 oƣul ķīz sakīnqī bu tüpsüz təꞑiz
oƣul ķīz sarīƣ ķīldī ķīzoƣu məꞑiz

يگرمه برنچی باپ

ئايتولدىنىڭ ئوغلى ئۆگدۈلمىشكە نەسىھەت قىلغانلىغى بايانىدا

1158 بار ئەردی بر ئوغلىلا ئايتولدىنىڭ،
كچىك ئىدى ياشى ئاشۇ ئوغلىنىڭ.

1159 ئاتی ئەردی ئوگدۈلمش، ئەسلى ئېرىغ،
يۈزى كوركەم ئەردی قىلىغى ئېرىغ.

1160 قىچقىردی ئوغلىنى ئوزىگە يېقىن،
تۇتۇپ قۇچتى، كوزدىن ئېقتى ئېقىن.

1161 دىدی: ئوغلۇم ئەمدی كېتەرمەن يانا،
بۇ ئورنۇم، مالۇ-مۇلكۇم قالدی ساڭا.

1162 سەن ئەردىڭ ماڭا كوز يورۇغى تۇگەل،
كېتۇرمەن سېنىڭدىن، ئىسەن ياخشى قال.

1163 بىر تۇركى ۋەزىر بەك ياخشى دەپتىكەن،
كورەر كوز يورۇغى ئوغۇل-قىز ئىكەن.

1164 ئوغۇل-قىز غېمى بۇ-تۇۋى يوق دېگىز،
ئوغۇل-قىز غېمىدىن سارغايدى مېگىز.

1165 kimiŋ boldī ərsə oɣul ḳīz kisi
nəgü təg kəlir ol kịxiniŋ usī

C51

1166 oɣul ḳīzda ətrü ata yẹr ətin
oɣul ḳīz atamaz atasī atīn

B96

1167 bu ay toldī aydī əxit ay oɣul
səzümni unītma maŋa tut kəŋül

1168 mẹni kər ata ərdim əmdi saŋa
atīm ərdi ay toldī baḳ kər maŋa

1169 tirigliki toldī bu ay toldīnīŋ
əkünqün ulīr kər asīɣ yoḳ anīŋ

1170 süqig bu tiriglik aqīɣ bu əlüm
anundī ḳanī əmdi ḳaqɣu yolum

1171 avīndīm bu dunyaḳa kəŋlüm bẹrip
wəfa ḳīlmadī kər məniŋdin ẹrip

1172 mẹni ardī dunya oḳīdī səvə
kəŋül bẹrdim ərsə ẹrikti ẹvə

1173 jəfa ḳīldī dunya ḳarīdī bu ḳut
sẹni armasunī munu səzkə püt

1174 kərəklig ixim barqa yẹrdə ḳoḍup
kərəksizni ḳīldīm həwaḳa uḍup

1175 tüpị yẹl kəqər təg tiriglik kəqip
asīɣsīz ulīr mən əzümkə aqīp

1176 orunqun ya malīn ẹtilməz ixim
əlig tuttaqī yoḳ bu kün bir kixim

1165 كىشىنىڭ بولسا ئوغلى-قىزى، خوتۇنى،
نىچۈك كورگەي ئۇنىڭ كوزى ئۇيقۇنى؟

1166 ئوغۇل-قىزنى دەپ يەر ئاتا ئوز ئېتىن،
ئوغۇل-قىز ئاتىماس ئاتانىڭ ئېتىن.

1167 بۇ ئايتولدى ئېيتتى: ئىشىت ئەي ئوغۇل،
سوزۇمنى ئۇنۇتما، بۇڭا قوي كوڭۇل:

1168 مېنى كور، ئاتا ئەردىم ئەمدى ساڭا،
ئېتىم ئەردى ئايتولدى، باققىن ماڭا.

1169 ھاياتى تولدى ئەمدى ئايتولدىنىڭ،
ئوكۇنچ بىرلە ئىگرار، نەپئى يوق ئۇنىڭ.

1170 تىرىكلىك چۈچۈكتۇر، ئاچچىقتۇر ئولۇم،
ئولۇم تۇتتى، قايدا قېچىشقا يولۇم؟

1171 ئاۋىندىم بۇ دۇنياغا كوڭلۇم بېرىپ،
ۋاپا قىلمىدى ئۇ، مېنىڭدىن بېزىپ.

1172 مېنى ئالدىدى دۇنيا، سويۇپ قېچقىرىپ،
كوڭۇل بەردىم ئەرسە، زېرىكتى تېزىپ.

1173 جاپا قىلدى دۇنيا، قېرىندى بۇ قۇت،
سېنى ئالدىمىسۇن، مۇنۇ سوزگە پۇت:

1174 كېرەكلىك ئىشىم بارچە يەردە قويۇپ،
كېرەكسىزنى قىلدىم ھەۋەسكە چۇشۇپ.

1175 تىرىكلىك—بوراندەك ئوتەر ئۇ كېچىپ،
ئىگرايمەن ئوزەمگە بىكار ئېچىنىپ.

1176 پارا ياكى مال بىرلە پۇتمەس ئىشىم،
بۇگۇن يوق قولۇمنى تۇتۇچى كىشىم.

1177 nəgü tə̣r əxitgil oḍulmïx kixi
ɵlümüg uķup yətrü bilmix kixi

1178 bɵgü bilki kə̣tti ɵlümüg kɵrüp
uķuxluƣ ɵgi yitti ɵgsüz bolup

1179 nə yavlaķ nəŋ ol bu ɵlüm tarmaķï
nə yavlaķ ərür bu kixig urmaķï

1180 ə̣tiklik sarayïƣ buzuƣlï ɵlüm
ķamuƣ yumƣïlarïƣ saqïƣlï ɵlüm

1181 muŋar məŋzətü aydï xi'r ayƣuqï
oķïƣïl munï sən aya bilgüqi

B97 C52

1182 nəgü bar aẓunda aŋar ḥiləsiz
nəgü ḥilə bar kim aŋar qarəsiz

1183 ķamuƣ nəŋkə ḥilə ə̣tik qarə bar
məgər bu ɵlümkə ɵlüm ḥiləsiz

ƟGDÜLMIX SUALI AY TOLDÏĶA

A50

1184 əxitti oƣul kɵr atasï sɵzin
til aqtï ataķa əvürdi yüzin

1185 ayur ay atam bir sɵzüm bar saŋa
anï aytayïn mən ayu bə̣r maŋa

1186 bu dunya iqində tirildiŋ ɵküx
bilik bildiŋ ərdəm oķïdïŋ uķux

1187 ayïttïŋ əxittiŋ yə̣mə ɵgrənü
sïnayu tirildiŋ ķamuƣnï kɵru

1177 نېمە دېدى ئاڭلا ئويغانغان كىشى،
ئۆلۈمنى تونۇپ ياخشى بىلگەن كىشى:

1178 ھېكىم ئىلمى كەتتى ئۆلۈمنى كۆرۈپ،
ئاقىل ئەقلى يۇتتى، ئەقىلسىز بولۇپ.

1179 نېمانچە يامان بۇ ئۆلۈم تىرنىغى،
نېمانچە ياماندۇر ئادەم ئۈزمىغى؟

1180 ۋەيرانىلىك سارايلارنى بۇزغان ئۆلۈم،
پۈتۈن جەم بولغاننى چاچقان ئۆلۈم.

1181 بۇڭا ئوخشىتىپ ئېيتتى شېئىر ئېيتقۇچى،
ئوقۇغىن بۇنى سەن، ئايا بىلگۈچى:

1182 نېمە بار جاھاندا ئاڭا ھىلە يوق،
نېمە ھىلە باردۇر، ئاڭا چارە يوق؟

1183 پۈتۈن ئىشقا ھىلە، ئۇسۇل-چارە بار،
مەگەر بۇ ئۆلۈمگىنە، ئاڭا چارە يوق.

ئۆگدۈلمىشنىڭ ئايتولدىغا سوئالى

1184 ئىشىتتى ئوغۇل، كور، ئاتاسى سۆزىن،
سۆز ئاچتى ئاتاسىغا ئۆرۈپ يۈزىن.

1185 دېدى: ئەي ئاتام، بىر سۆزۈم بار ساڭا،
ئېيتايىن ئۇنى مەن جاۋاپ بەر ماڭا.

1186 بۇ دۇنيا ئىچىدە ياشادىڭ تولا،
بىلىم بىلدىڭ، ئەخلاق ئوقۇدۇڭ تولا.

1187 سۆزلىدىڭ، ئىشىتتىڭ، ئۆگەندىڭ يانا،
ياشادىڭ سىناپ، كۆپنى كۆردۈڭ يانا.

1188 nəgü ərsə barmu ölümkə ətik
anī utru tutoqīl ay bilgə tətik

1189 əgər hīlə qarə yok ərsə adīn
kamuoq nən həzinə üləgil barīn

1190 həzinə bu nən bolsa baxka yulux
əsən bol yana boloqa altun kümüx

1191 nəgü tər əxitgil kezi tok kixi
tuz ətmək idisi aki ər baxī

1192 ülə nən kixikə yətür həm iqür
səni nən kəqürgəy sən anī kəqür

1193 əsənlik kərək ərkə nən əksüməz
tiriglik kərək kuxka mən əksüməz

1194 tirig bolsa yalnuk tiləki anuk
ət ez bax əsən bolsa arzu yaoquk

AY TOLDĪ JƏWABĪ ƏGDÜLMIXKƏ

B98
1195 yanut bərdi ay toldī aydī ooqul
əxitgil sezümni bu ixtin tenül

C53
1196 ölümkə asīoq kīlmaz altun kümüx
ölümüg tīdumaz bilik ya ukux

1197 ölümüg tīdar ərsə dunya nəni
bolup ölməgəy ərdi bəglər bəgi

1198 həkimlərkə hikmət asīoq kīlmadī
bəgülərkə bilki əlig tutmadī

1188 ئىچۈك ئۇلسا بارمۇ ئۇلۇمگە چارە،
بار ئۇلسا، ئى زىرەك ئاختۇرۇپ كورە!

1189 ئەگەر ھىلە؛ چارە يوق ئۇلسا بولەك،
پۈتۈن مال، غەزىنىنى تارىتىش كېرەك.

1190 غەزىنە، مۈلۈك-مال گەر ئۇلسا پانا،
ئىسەن بول، تېپىلار بۇ بايلىق يانا.

1191 ئىمە دەر، ئىشتكىن، كوزى توق كىشى،
تۈزۈ-نان ئىنگىسى، سېخى ئەر بېشى:

1192 كىشىگە ئۈلەشتۈر مال، يىدۈر، ئىچۈر،
سېنى مال كەچۈرگەي، ئۇنى سەن كەچۈر.

1193 ئىنسەنلىك كېرەك،ئەرگە مال كەم ئەمەس،
تىرىكلىك كېرەك، قۇشقا دان كەم ئەمەس،

1194 تىرىك بولسا ئىنسان تاپار مەقسىدىن،
ئىسەن بولسا باش-تەن، تىلەگى يېقىن.

ئايتولدىنىڭ ئوگدۈلمىشكە جاۋابى

1195 جاۋاپ بەردى ئايتولدى، ئېيتتى: ئوغۇل،
سوزۈمنى ئىشىت، ئۇز بۇ ئىشتىن كوڭۇل.

1196 ئولۇمگە پايدا قىلماس ئالتۇن-كۈمۈش،
ئولۇمنى توسالماس بىلىم ھەم ئۇقۇش.

1197 ئولۇمنى توسا ئالسا دۇنيا مېلى،
ئىدى ئولمەس ھېچ چاغدا بەگلەر بېگى.

1198 ھېكىملەرگە ھېكمەت پايدا قىلمىدى،
ئالىملارغا ئىلىم ياردەم بەرمىدى.

1199 əlümkə asïoq kïldï ərsə ot əm
otaqï turu kaloqay ərdi ulam

1200 əlüm yüz kïlur ərdi ərsə kərüp
aoqïr savqïlar kaloqay ərdi turup

1201 tooquoqli tiriglər əlümkə sanï
əlümkə tooquoqlï tirig kim kanï

1202 tüxün ol bu dunya kəligli kəqər
yəgən yəl bəkə təg yər ərkən aqar

ƏGDÜLMIX JƏWABÏ AY TOLDÏKA

1203 əxitti kər əgdülmix aydï ata
ədi kəd ukulmïx əlümüg yətə

1204 nəgülüg usandïn tiriglik ïdïp
nəgükə ilənür sən əmdi ulïp

1205 nəlük tərdin ərdi bu kaloqu nənin
nəgükə üləmədin artoqu nənin

1206 tirilsə usal bolsa yalnuk əzün
əkünsü əzinə ilənsü səzün

1207 bu kün əknüp asoqï nəgü ay ata
baxïn yərkə qalsa ulïp min kata

AY TOLDÏ JƏWABÏ ƏGDÜLMIXKƏ

B99
1208 bu ay toldï aydï ay ooqlum əxit
məni kər usanma yarïnlik ix ət

1199 ئۇلۇمگە پايدا قىلسا ئەردى ئوت-ئەم[104]،
قالاتتى تېۋىپلار تىرىك مەڭگۈ ھەم.

1200 ئۇلۇم يۈز-خاتىر قىلسا ئىدى كۆرۈپ،
مۇبارەك رەسۇللار قالاتتى تۇرۇپ.

1201 تۇغۇلغان تىرىكلەر ئۆلۈر، بىل مۇنى،
ئۆلۈشكە تۇغۇلغان، تىرىك كىم قېنى؟

1202 بۇ دۇنيا قونالغۇ، كېلۇچى بارار،
يوغان ئەجدىھادەك يېسە، ئېچقار.

ئۇگدۇلمىشنىڭ ئايتولدىغا جاۋابى

1203 ئۇگدۇلمىش ئىشىتكەچ، دېدى: ئەي ئاتا،
ئۇقۇلغان ئىكەن بۇ ئۇلۇم بەك يانا،

1204 نېچۇن غاپىل ئولدۇڭ تىرىكلىك تىلەپ،
نېچۇن تارتىشۇرسەن ئەمدى ئىڭرەپ؟

1205 نېچۇن بۇ قالار مالنى سەن توپلىدىڭ،
ئوشۇق مالنى نېچۈن ئۈلەشتۇرمىدىڭ؟

1206 كىشى ئوتسە غەپلەت ئىچىدە ياشاپ،
ئوكۇنسۇن ئوزىنى ئەيىپلىك ساناپ.

1207 ئوكۇنچتىن بۇ كۈندە نەپايدا ئاتا،
باشىن يەرگە ئۇرسا ئىڭراپ مىڭ قاتا؟

ئايتولدىنىڭ ئۇگدۇلمىشكە جاۋابى

1208 بۇ ئايتولدى ئېيتتى: بالام ئاڭلىغىن،
ئۇ دۇنيا ئىشىن قىل، غاپىل بولمىغىن.

1209 usallïķ mẹni alķtï eknür ezüm
oḍunoqïl usal bolma kerklüg yüzüm

1210 toqquoqlï nəqə toqdï elgü üqün
nəqə barmasa ẹltür ahir küqün

C54
1211 elügli kixi barqa eḍkə tutuoq
yətilsə eḍi ker manïtmaz putuoq

1212 munar mənzətü aydï xa'ir tili
tükəl sez turur bu uķulsa ķalï

1213 ķamuoq nəņkə wəķt ol küni bəlgülüg
nəfəs tïm tokïrķa sanï bəlgülüg

1214 yïl ay kün kəqər təg tiriglik kəqər
kəqər kün kəqürgəy sẹni bəlgülüg

A51
1215 yana aydï ay toldï ker ay ooqul
nə ḥalin barïr mən mẹni ker oḍul

1216 sən ek sən sakïnqïn barïr mən munun
kiqiglikte mẹnsiz ķalïr sən bu kün

1217 nəgü təg bolur sən məninḍə kẹḍin
mənin yoķ sakïnqïm munïnda aḍïn

1218 ata əmgəki bolsa ooqlï ezə
ol ooqlï bilir etrü ķilķ yan tüzə

1219 ķïsa tutsa ooqlïn ker əḍgü bolur
atasï anasï yarunoqu bolur

1220 ķalï ķïstaqï bolmasa ol ooqul
yava boldï sən ol ooquldïn tenül

1209 مېنى باستى غەپلەت، پۇشايمان ئۆزۈم،
ئويغان، بولما غاپىل، گۈزەل يۈزلۈكۈم!

1210 ئۆلمەككە تۇغۇلدى تۇغۇلغان بارى،
كى قانچە قىلىشمۇ، كېتەر ئاخىرى.

1211 ۋاقت تۇتقۇنىدۇر ئۆلۈچى ئادەم،
يېتىلسە ۋاقت، كور، باسالماس قەدەم.

1212 بىر شائىر ئېيتقان سوز بۇڭا ئوخشىشۇر،
ئەگەر بۇ ئۇقۇلسا، تولۇق سوز ئېرۇر:

1213 جىمىكى نەرسىنىڭ كۈنى بەلگىلىك،
نەپەس-تىن ئېلىشنىڭ سانى بەلگىلىك.

1214 يىل، ئاي، كۈن ئوتەردەك تىرىكلىك كېچەر،
ئوتەر كۈن توگەتكەي سېنى، بەلگىلىك.

1215 يەنە ئېيتتى ئايتولدى: كور، ئەي ئوغۇل،
نە هالدا كېتەرمەن، كورۇپ ئويغاق ئول.

1216 غېمىم سەنلا ئەردىڭ، كېتەرمەن بۇكۈن،
كىچىكلىكتە مەنسىز قالارسەن بۇكۈن،

1217 نىچۇكرەك ئوتەرسەن مېنىڭدىن كېيىن،
غېمىم يوق مېنىڭكى بولەك ئۇشبۇدىن.

1218 ئاتا ئەمگىكى سىڭسە ئوغلىغا كوپ،
بولۇر بۇ ئوغۇلنىڭ خۇيى-پەيلى خوپ.

1219 ئوغۇلنى قىسىپ تۇتسا، ياخشى ئېرۇر،
ئاتاسى-ئاناسى بەختلىك بولۇر.

1220 ئەگەر چىڭ تۇتۇلماس ئىكەن ئۇ ئوغۇل،
بولۇر زايە، ئاندىن سەن ئۈزگىن كوڭۈل.

B100

1221 oǫulluǫ ata bolsa bilgə tətiḳ
ḳisa tutoǫu tutqī əmi bu ə̣tiḳ

1222 nəgü tə̣r əxitgil oǫulluǫ kixi
baxīnda kəqürmix yətilmix yaxī

1223 kimiŋ oǫlaoǫu bolsa oǫlī ḳizī
aŋar yīǫlaoǫu boldī muŋluǫ ezi

1224 kiçigdə ata īḍsa oǫlīn yava
oǫuldīn yazuḳ yoḳ atadīn jəfa

1225 oǫul ḳiz əsiz bolsa ḳilḳi yaŋī
ol əsiz ata ḳildi īḍtī oŋī

C55

1226 ḳisa tutsa oǫlīn ata egrətü
ülüǫ bolsa səvnür oǫul ḳiz yətü

1227 oǫuluǫ ḳisa tut ata boloǫuqī
saŋa külməsüni kə̣ḍin kəlgüqi

1228 oǫul ḳizḳa egrətgü ərdəm bilik
bu ərdəm bilə bolsu ḳilḳi silig

ƏGDÜLMIX JƏWABĪ AY TOLDĪḲA

1229 yanut bə̣rdi egdülmix aydī ata
səniŋ ḳaḍoǫuŋī yə̣p keyər mən tütə

1230 səniŋdə kə̣ḍin mən tirig turmayin
səniŋ ḳaḍoǫularīŋ kezün kerməyin

1231 səniŋ janīŋī bir baoǫirsaḳ iḍi
maŋa bə̣rsü ḳaḍoǫun mə̣ni ḳoḍmadī

1221 زەكى بولسا ئالىم، ئوغۇل ئاتىسى،
ئۇنى ئۇتقۇلۇق چىلىڭ، شۇدۇر چارىسى.

1222 نىمە دەر ئىشىتكىن ئوغۇللۇق كىشى،
كوپ ئىشنى كەچۈرگەن ــ يېتىلگەن يېشى:

1223 كىمنىڭكى بولۇر ئەركە ئوغلى ـ قىزى،
چېكىپ ئاھ ۋە ھەسرەتتە يىغلار ئۆزى.

1224 كىچىك چاغدا ئوغلىنى قويسا ياۋا[105]،
ئوغۇلدا گۇنا يوق، ئاتاغا جاپا.

1225 ئوغۇل ـ قىز خۇيى ـ پەيلى بولسا يامان،
يامان قىلغان ئاتا بۇلارنى ھامان.

1226 قىسىپ تۇتسا ئوغلىن ئاتا ئوگۈتۈپ،
ئوغۇل ـ قىز سۈيىنۇر چوڭايسا تولۇپ.

1227 ئوغۇلنى قىسىپ تۇت ئاتا بولغۇچى،
ساڭا كۈلمىسۇنلەر كېيىن كەلگۈچى.

1228 ئوغۇل ـ قىزغا ئوگەت پەزىلەت، بىلىم،
پەزىلەتلە بولسۇن خۇلقى مۇلايىم.

ئوگدۇلمىشنىڭ ئايتولدىغا جاۋابى

1229 جاۋابەن ئوگدۇلمىش دىدى: ئەي ئاتا،
غېمىڭ يەپ كويەرمەن، بولۇرمەن ئادا.

1230 سېنىڭدىن كېيىن مەن تىرىك تۇرمايىن،
سېنىڭ غەملىرىڭنى كورۇپ يۇرمەيىن.

1231 سېنىڭ ئورنۇڭدا بىر شەپقەتلىك ئىگەم ــ
جېنىمنى ئالسا، مەندە قالمىسا غەم.

1232 ķalī bęrmәz әrsә yәtilsә әjәl
bitilmix bolur bu әjәlkә әzәl

1233 nәrәk ķaḍƣurar sәn nәrәk bu siƣit
bayat ḥukmi kәldi siƣitnī aƣit

1234 ķalī dunya dәwlәt ķalirī üqün
siƣit ķilsa ķilma bu bolmaz küqün

1235 ķalī bu tü ni'mәt ķalirķa yęmә
өzüŋ yiƣlar әrsә yorī yiƣlama

B101
1236 tәlim dunya yęgli sәniŋdә oza
ķoḍup bardī barqa bu inqiķ өzә

1237 bilir әrdiŋ әmdi jәfaqī azun
jәfa ķilƣusin sәn usandiŋ өzün

1238 ķamuƣ dunya bolsa birәgükә tüz
ķalir dunya ülgi tәgir iki bөz

1239 tiriglik üqün өkünәr әrsә өzüŋ
өkün tutqī yiƣla ķurītma kөzüŋ

1240 yana yanƣu әrmәz kәqürmix künüŋ
nәgü ķildiŋ әrsә anundī tünüŋ

1241 maŋa әrsә әmdi bu ķaḍƣu sakīnq
sakīnq ķilma ķilƣil sәn әmdi sәvinq

1242 tөrütülmix әrdiŋ tөrügli өlür
tөrügli өlür ol tөrütgәn ķalur

C56
1243 atam әrdiŋ artuķ baƣirsaķ aķī
sәniŋdә baƣirsaķ tөrütgәn taķī

1232 ئەگەر ئۇنداق ئۆلماي، يېتىشسە ئەجەل،
پۈتۈلمىش بولۇر بۇ ئەجەلى ئەزەل.

1233 نىمە قايغۇرۇرسەن، نىمە بۇ يىغا؟
خۇدا ھۆكمى كەلدى، توختا يىغلىما!

1234 يىغلىساڭ دۇنيا-مال، دەۋلەت قالدى دەپ،
ئۇ قايتماس ھەر نىمە قىلساڭمۇ كۆچەپ.

1235 ئەگەر قالغىنىغا بۇ نېمەت يانا—
يىغلىساڭ ئەرزىمەس، توختا، يىغلىما.

1236 سېنىڭدىن بۇرۇن كۆپ نېمەتلەر يىگەن—
كىشىلەرمۇ كەتكەن شۇ ئىنجىق بىلەن.

1237 بىلۇر ئەردىلىك ئەمدى جاپاچى جاھان—
قىلاتتى جاپانى، غاپىل سەن ھامان.

1238 پۈتۈن دۇنيا گەر بىر كىشىنىڭ بولۇر،
تېگۈر ئىككى بوز، ھەممە دۇنيا قالۇر.

1239 تىرىكلىك ئۈچۈن سەن ئۈكۈنسەڭ ئۇزۇڭ،
ئۈكۈن، يىغلا دائىم، قۇرۇتما كوزۇڭ.

1240 يەنە قايتا كەلمەس كەچۈرگەن كۈنۈڭ،
نە قىلغان بىلەن بولدى تەييار تۈنۈڭ.

1241 مېنىڭچۈن بولسا گەر بۇ قايغۇ-ئەلەم،
سۆيۈن، ئەمدى قىلما يەنە قايغۇ-غەم.

1242 يارالغان ئىدىڭ سەن، يارالغان ئۆلۈر،
يارالغان ئۆلۈر، ئۇ ياراتقان قالۇر.

1243 ئاتام ئەردىلىك ئارتۇق كۆيۈمچان، سېخى،
سېنىڭدىن كۆيۈمچان ياراتقان تېخى.

1244 sǫni ol terütti saŋa bǫrdi kut
maŋa bǫrmǝgǝymü munu sǝzkǝ püt

A52
1245 uquzka aqïrlïk anïndïn tǝgir
kiqigkǝ uluqluk ol ïdsa kǝlir

1246 muŋar mǝŋzǝyür kerse eglüg sezi
bu eglüg sezi ol ker egsüz kezi

1247 ‘ǝziz ol ‘ǝziz kim ‘ǝzizlarka ‘iz
anïŋdïn tegir ‘iz ‘ǝziz ǝmdi kiz

1248 uquzka aqïr ol kiqigkǝ uluqï
yavuzka yǝlǝki bǝdükkǝ ǝdiz

* * *

1249 ǝxitti ker ay toldï oqlï sezin
ketürdi ǝlig kekkǝ tikti kezin

B102
1250 bayatka xükür kïldï artuk eküx
bayat bǫrmixiŋǝ oqulka ukux

AY TOLDÏ JǝWABÏ ǝGDÜLMIXKǝ

1251 ayur oqluma boldï keŋlüm pütün
bayat fǝzlï birlǝ tirilgil kutun

1252 qïn aymïx ukuxluqï kerü bar bu sez
anïŋ mǝ‘nisi bil yiti kïl bu kez

1253 bayat kimkǝ bǫrsǝ ukux eg bilik
kamuqï arzularka yǝtildi ǝlig

1244 سىنى ئۇ ياراتتى، ساڭا بەردى قۇت،
ماڭا بەرمىگەيمۇ، مۇنۇ سوزگە پۇت.

1245 قەدىرسىزگە قىممەت ئۇنىڭدىن تېكۈر،
كىچىككە ئۇلۇغلۇق ئۇنىڭدىن كېلۇر.

1246 بۇڭا ئوخشىشۇر، كور، بىر ئاقىل سوزى،
بۇ ئاقىل سوزىدۇر ئەقىلسىز كوزى:

1247 ئەزىز ئول، ئەزىز كىم، ئەزىزلەرگە ئىز[106]،
ئۇنىڭدىن تېگۈر ئىز، ئەزىز ئەمدى قىز.

1248 قەدىرسىزگە قەدىر ئۇ، كىچىككە ئۇلۇغ،
يامانغا يولەكتۇر، بۇيۇككە ئىگىز.

* * *

1249 ئىشىتتى بۇ ئايتولدى ئوغلى سوزىن،
كوتەردى قولىن، كوككە تىكتى كوزىن:

1250 خۇداغا شۇكۇر قىلدى تولادىن-تولا،
خۇدا بەرگىنىچۇن ئەقىل ئوغلىغا.

ئايتولدىنىڭ ئوگدۇلمىشكە جاۋابى

1251 دىدى: ئوغلۇم بولدى بۇ كوڭلۇم پۇتۇن،
خۇدا پەزلى بىرلە ياشارسەن قۇتۇن.

1252 قارا، ئۇشبۇ سوزنى ئاقىل چىن دىگەن،
كوزۇڭنى قىل ئىتتىك، مەنىسىن چۇشەن:

1253 خۇدا كىمگە بەرسە ئەقىل، ئاڭ، بىلىك،
پۇتۇن ئارزۇسىغا يېتىلگەي ئىلىك.

1254 kimiņ ḳilḳi ədgü ḳilinqi oņay
tilək buldi barqa yarutti ḳün ay

1255 ḳamuɣ ədgükə mün bu ədgü ḳilinq
ḳilinq ədgü bolsa bolur miņ səvinq

* * *

1256 bu ay toldi əlgin ketürdi yana
bayatiɣ ekün egdi ḳildi Ŝəna

C57
1257 ayur ay iḍim sən terüttüņ tezüg
yẹmi birlə igḍür sən sansiz ezüg

1258 terüttüņ mẹni sən ketürdüņ ḳutun
yazuḳluɣ ḳuluņ mən tapuɣsuz otun

1259 ẹḍi ədgü tuttuņ bu eḍkə təgi
ḳamuɣ arzu bẹrdiņ bu dunya yẹgi

1260 tezü arzu ni'mət tükəl mən yẹdim
səvinqlig mən sẹndin ay ədgü iḍim

1261 maņa təgdi ḥukmüņ barur mən munu
bir ek oɣlum ərdi ḳoḍur mən unu

1262 ata ərdim əmdi elür bu ata
iḍim sən tirig sən aņar bẹr ḳuta

1263 ərəẓkə yaḳin tut yiraḳ tut bəla
ikigün aẓunda muni sən yula

1264 ẹsizdin küḍəzgil ula ədgükə
muņaḍturmaɣil sən yẹgü kəḍgükə

1254 كىمكى بولۇر ياخشى، يۇمشاق خۇيى،
يېتەر ئۇ تىلەككە، يورۇپ كۈن، ئېيى.

1255 پۈتۈن ياخشىلىقنىڭ مۇنى[107] ياخشى خۇلق،
بېرۇر ئۇ خوشاللىقنى مىڭلاپ، تولۇق.

* * *

1256 بۇ ئايتۇلدى قولنى كۆتەردى يانا،
خۇداغا تولا ئېيتتى ھەمدۇ-سانا.

1257 دېدى: سەن ياراتتىڭ ئۇزۇڭ ھەممىنى،
بېرۇرسەن بۇ سانسىز جانلىق رىزقىنى.

1258 تورەتتىڭ، ئۇستۇردۇڭ مېنى بەخت بىلەن،
ئۆتتۇقسىز، گۇناكار، ئاسى قۇلۇڭمەن.

1259 جاھان نېمىتىن، ئارىزۇسىن بېرىپ،
مۇشۇ چاققىچە كەلدىڭ ياخشى قىلىپ.

1260 پۈتۈن نېمەت ئارزۇغا يەتتىم تۈگەل،
ئى ياخشى ئىگەم، مەن سېنىڭدىن خوشال.

1261 ماڭا كەلدى ھوكمۇڭ، بارۇرمەن مانا،
ئىدى بىرلا ئوغلۇم، قويۇرمەن مانا.

1262 ئاتا ئەردىم ئەمدى ئۇلۇر بۇ ئاتا،
ئىگەم سەن ئاڭا قىل ھايات بەخت ئاتا.

1263 بالادىن يىراق تۇت، راھەتكە يېقىن،
ھەر ئىككى جاھاندا غېمىن سەن يېگىن.

1264 ئۆلاشتۇر ياخشىغا، ياماندىن كۆزەت،
يېمەكلىك، كىيىمدىن بىھاجەتلا ئەت.

*   *   *

B103

1265 keŋüldin bərü kildī əḍgü du'a
ay əḍgü du'a sən bəlanī yīɣa

1266 nəgü tər əxitgil sakīnuk kixi
sakīnuk kixi ol kixilər baxī

1267 bayat kimkə kilsa 'inayət basut
ikigü azunda bu ər buldī kut

1268 kayu kulka bolsa bayattin yələk
bu buldī ikigün azunda tilək

1269 bayat fəzlī bolsa kim ərsə əzə
kamuɣ arzu ni'mətkə təgdi tüzə

1270 muŋar məŋzətü aydī əglüg kixi
kim əglüg səzi tutsa ətlür ixi

A53

1271 küḍəzildi kimni küḍəzsə iḍi
tilək buldī ni'mət talusīn yədi

1272 kayu kul bayatka īnansa turup
bəla kaḍɣu kapɣīn əzinə tudī

*   *   *

C58

1273 yana aydī ay toldī uk ay oɣul
əlümüg unītma əyü tur oḍul

1274 īnanma tiriglikkə yəl təg kəqər
usanma bu dunyadīn əz tərk kəqər

* * *

1265 كوڭۈل قېتىدىن قىلدى ياخشى دۇئا،
ئى ياخشى دۇئا سەن بالادىن توسا.

1266 نىمە دەر ئىشىت بىر تەقۋادار كىشى،
تەقۋادار كىشى ئۇ، كىشىلەر بېشى:

1267 خۇدا كىمگە قىلسا ئىنايەت، مەدەت،
ھەر ئىككى جاھاندا تاپۇر سائادەت.

1268 خۇدا بولسا قايسى قۇلىغا يۆلەك،
تاپۇر ئۇ ھەر ئىككى جاھاندا تىلەك.

1269 خۇدا پەزلى كىمگە يار ئولسا ئەگەر،
ئۇ ھەممە نېمەتۇ-ئارزۇغا يېتەر.

1270 بۇڭا ئوخشىتىپ ئېيتتى ئاقىل كىشى،
كىم ئاقىل سوزىنى تۇتسا تۈزلەر ئىشى:

1271 ئىگەم ساقلىسا كىمنى ئۇ ساقلىنۇر،
تىلەككە يېتىپ، ياخشى نېمەتلىنۇر.

1272 قايۇ قۇل خۇداغا ئىشەنسە تۇرۇپ،
بالانىڭ ئىشىگى يېپىقلىق بولۇر.

* * *

1273 يەنە ئېيتتى ئايتولدى: ئۇق ئى ئوغۇل،
ئولۇمنى ئۇنۇتما، ھامان ئويغاق ئول.

1274 ئىشەنمە تىرىكلىككە، يەلدەك كېچەر،
جاھاندىن كوچۇرسەن، غاپىل بولما ئەر.

1275 bayatka tutuzdum səni mən katïoı
tiləsə küḍəzgəy yətürgəy tatïoı

1276 munu adrïlur mən sənindin bu kün
əkünqün sïoıït birlə yïoılap əgün

1277 mənində kədin sən nəgü kïloıunï
ayayïn əxitgil ukulmïx təni

1275 سىنى تاپشۇردۇم مەن خۇداغا قاتتىق،
تىلەسە كۆزەتكەي، يىمدۇرگەي رىزىق.

1276 بۈگۈن ئايرىلۇرمەن سىنىڭدىن مانا،
ئۆكۈنچتە توكۇپ ياش مەن يىغلاپ يانا.

1277 نىمە قىلىشىڭنى مىنىڭدىن كىيىن،
ئۇقۇلغان قەدەر مەن سوزلەي، ئاڭلىغىن:

22

AY TOLDÏ OƢLÏ ƟGDÜLMIXKƏ ƟTLƏMIXIN AYUR

B104

1278 kɵꞑül til kɵni tut bayatⱪa tápïn
usanma yarïnlïⱪ ixiꞑni ə̣tin

1279 ⱪamuƣ əḍgü ə̣siz bayat ḥukmi̦ bil
bayatⱪa ïnanƣïl anïꞑ tapƣï ⱪïl

1280 nəgü kim kərəkiꞑ anïꞑdïn tilə
aꞑïꞑda aḍïn yoⱪ saꞑa küq bilə

1281 aƣïr tut nəgü ərsə yarlïƣlarïn
aƣïr ⱪïlƣa təꞑri bu kün ḥəm yarïn

1282 ýorïⱪïꞑ kɵni tut yaꞑïlma ɵzüꞑ
kɵꞑül til kiqig tut bəḍütmə sɵzüꞑ

1283 tirildim bir anqa barïr mən saⱪïn
nəgü ⱪïldï dunya maꞑa kɵr baⱪïn

1284 ɵzüꞑ otⱪa atma bu dunya üqün
kixi nəꞑin alma küqəmə küqün

يىگىرمە ئىككىنچى باب

ئايتولدىنىڭ ئوغلى ئۆگدۈلمىشكە نەسىھىتى

1278 كوڭۈل، تىلنى تۈز تۇت، خۇداغا تېۋىن،
ئۇ دۇنيا ئىشىن قىل، غاپىل بولمىغىن.

1279 يامان-ياخشىلىق ئۇ، خۇدا هوكمى، بىل،
خۇداغا ئىشەنسەڭ، ئاڭا قۇللۇق قىل.

1280 تىلە سەن ئۇنىڭدىن نە بولسا تىلەك،
ساڭا يوق مەدەتكار ئۇنىڭدىن بۆلەك.

1281 قەدىرلە نىچۈك بولسا يارلىقلىرىن،
قەدىرلەر سېنى هەق بۇ كۈن هەم يارىن[108].

1282 خۇيۇڭنى تۈزەتكىن، يېگىلما ئۆزۈڭ،
كوڭۈل، تىل كىچىك تۇت، چوڭايتما سوزۇڭ.

1283 ياشادىم بىر ئانچە، كېتەرمەن بىراق،
نىمە قىلدى دۇنيا ماڭا، ئويلاپ باق!

1284 ئۆزۈڭ ئوتقا ئۇرما بۇ دۇنيا ئۈچۈن،
كىشى مىلنى ئالما زورلاپ كۈچۈن.

1285 tẹrə bildi bu ɵz yẹyü bilmədi
künüm kəqti ɵknüp asïƣ ḳïlmadï

1286 saṇa ḳaldï malïm maṇa boldï yük
ərəẓ birlə yẹp yat səvinq birlə bük

C59
1287 tuta bilsə tap bu tẹrilmix nəṇiṇ
ikigün aẓunda ḳïzartƣay əṇiṇ

1288 tuta bilməsə sən aḑïn munqa nəṇ
saṇa yətməgəy kɵr sarïƣ ḳïlƣa əṇ

1289 kɵni bol pütünlük bilə tut ḳïlïnq
kɵnilik iqində turur bu səvinq

1290 nəgü tẹr əxit bu kɵni ḳïlḳlïƣ ər
bu iki aẓunuƣ kɵni ḳïlḳlïƣ yẹr

1291 ərəẓlig tiləsə kixi ɵz künin
kɵnilik iqində tiləgü əmin

1292 ɵzüṇ bay bolayïn tẹsə bəlgülüg
kɵniliktə buldï bu baylar ülüg

B105
1293 bəḑüklük tiləsə boḑunḳa uluƣ
ɵzüṇkə aquḳ tut kɵnilik yoluƣ

1294 oṇay bolsa yalṇuḳ ḳïlïnqï kɵni
ikigün aẓunda yaruyur küni

1295 yana aydï ay toldï ƣoƣlum əxit
ɵzüṇ əḑgü birlə tamudïn kɵxit

1296 ḳamuƣ əḑgülük ḳïl ẹsizdin yïra
ḳamuƣ əḑgü kəlgəy sən oldur tura

1285 يىغىشنى بىلىپمەن، يېيىش بىلمىدىم،
كۈن ئۆتتى ئۆكۈنچتە، پايدا تاپمىدىم.

1286 ساڭا قالدى مېلىم، ماڭا بولدى يۈك،
ھوزۇر قىل، ئۇنى يەپ-ئىشلەتكىن تۈزۈك.

1287 تۇتا بىلسەڭ، بەس، بۇ يىغىلغان مېلىڭ،
ھەر ئىككى جاھاندا قىزارغاي ئۆڭۈڭ.

1288 تۇتۇش بىلمىسەڭ گەر قانچىدۇر مېلىڭ،
يېتىشمەس ساڭا ئۇ، سارغىيۇر رەڭگىڭ.

1289 دۇرۇس بول، قىلىقنى پۈتۈن توغرا تۇت،
خوشاللىق — دۇرۇسلۇقتا، سەن بۇڭا پۈت.

1290 نىمەدەر ئىشىت سەن، خۇيى توغرا ئەر،
ھەر ئىككى جاھاندا ئۇ ئەر بەخت كورەر:

1291 كىشكىم ھوزۇردا كۈن ئۆتسۈن دىسە،
بولۇر توغرىلىقتىن داۋا ئىستىسە.

1292 ئەگەر مەقسىدىڭ بولسا بىر باي بولۇش،
دۇرۇسلۇق بىلەن تاپتى بايلار ئۇلۇش.

1293 تىلەسەڭ بۈيۈك بولماق-ئەلگە ئۇلۇق،
دۇرۇس يولنى تۇتقىن ئۆزەڭگە ئۇچۇق.

1294 كىشى قىلىغى بولسا مۇلايىم، كونى،
ھەر ئىككى جاھاندا يورۇيدۇ كۈنى.

1295 يەنە ئېيتتى ئايتولدى: ئوغلۇم ئىشىت،
جەھەننەمنى ياخشى قىلىقلە بېكىت.

1296 ياماندىن يىراق بول، قىل ياخشىلىق كوپ،
كېلەر ياخشىلىقلار، يا ئولتۇر يا قوپ.

A54

1297 ə̣siz i̦xkə yaķma saŋa ķïloƣa ķor
ə̣sizlik yïlan ol sə̣ni tikgə kər

1298 iki yüzlüg ərkə sezüŋ sezləmə
yaḑïloƣay sezüŋ sïr aqïloƣay yə̣mə

1299 əviŋkə yaƣutma uxaķqï kixig
pütün ə̣lkə yaḑoƣay kerüp bilmixig

1300 sïnamïx pütülmix kixig tut ķatïƣ
saŋa təggəy andïn tümən miŋ tatïƣ

1301 sezüg barqa tïŋla yə̣mə pütmə tərk
keŋül sïrrï aqma ķatïƣ kizlə bərk

C60

1302 kixig təpsəməgil yə̣mə iqmə soŋ
bu iki ķïlïnqlïƣ bulur tutqï muŋ

1303 tixig boxlaƣ iḑma yapa tut ķapuƣ
tixidin təgir ərkə təŋsiz ķamuƣ

1304 yatïƣ əvkə iḑma qïķarma tixig
ķatïlmazda axnu sïnaƣïl kixig

1305 ķïlïnq əḑgü tut nəŋkə ķaḑƣurmaƣïl
ķïlïnq əḑgü bolsa kəlir nəŋ tə̣gil

B106

1306 muŋar məŋzər əmdi bu sezni əxit
bu sez ixkə̣ tụtƣïl ezüŋkə ə̣x ə̣t

1307 nərək nəŋ kixikə kərək əḑgü yaŋ
kərək bolsa buloƣay ķamuƣ əḑgü nəŋ

1308 ə̣sizkə nəgülük kərək nəŋ tavar
nəqə kirsə boloƣay qïƣay birlə təŋ

1297 ياماнغا يېقىنلاشما قىلغاي زىيان،
يامانلىق چاقار ئۇ بولۇپ بىر يىلان.

1298 سۆزۈڭنى ئىككى يۈزلۈك ئەرگە دېمە،
يېيىلغاي سۆزۈڭ، سىر ئېچىلغاي يەنە.

1299 ئۆيۈڭگە يولاتما سۆخەنچى كىشىن،
پۈتۈن ئەلگە يايغاي كۆرۈپ بىلمىشىن.

1300 سىنالغان ئىشەنچلىك كىشىن تۇت قاتتىق،
يېتۈر ساڭا ئۇندىن تۈمەن مىڭ تاتىق.

1301 ئىشىت ھەر سۆزنى، تېز پۈتۈپ كەتمىگىن،
بېكىت چىڭ، كۆڭۈلنىڭ سىرىن ئاچمىغىن.

1302 ھەسەت قىلما ھەمدە يىمە-ئىچمە كۆپ،
قالار بۇنى قىلغان ھامان قايغۇرۇپ.

1303 ئايالىڭنى چىڭ تۇت، يېپىپ يۈز ئىشىك،
خوتۇندىن تېگۈر ئەرگە بار ئەسكىلىك.

1304 يولاتما ئۆيگە ياتنى، چىققۇسۇن ئايال،
كىشىنى سىنا ھەم چۈشەن سەن ئاۋال.

1305 يىمە مال غېمىن سەن، خۇلۇق ياخشى قىل،
خۇلۇق ياخشى بولسا، كېلەر ئۇزى، بىل.

1306 بۇنىڭغا ئوخشىغان بىر سۆز بار، ئىشىت،
بۇ سۆزگە ئەمەل قىل، كۆڭۈلگە بېكىت:

1307 نە لازىم تاۋار-مال، كېرەك ياخشى خۇلق،
تېپىلغاي ياخشى مال، ئۇز بولسا قىلىق.

1308 يامانغا نېچۈكمۇ كېرەك تاۋار-نەڭ[109]،
نېچە يىغسىمۇ ھەم گاداي بىرلە تەڭ.

1309 uvutsuz kixidn yïrak̡ tur təzə
mənin̡din min̡ alk̡ïx uvutluqı ɵzə

1310 k̡amuqı ixtə əvmə sərin ɵz buk̡a
sərimlig kixilər təgir arzuk̡a

1311 k̡ayu ixtə bolsa yorïk̡ utru tut
yorïk̡ utru tutsa san̡a ɵrgə k̡ut

1312 tilin̡ni küd̡əzgil kɵzün̡ni küd̡əz
boqıuzun̡ küd̡əzgil h̡əlal yəgil az

1313 bod̡un munk̡a bolsa yïrak̡ tur saqa
k̡ara buloqıak̡ïn̡a k̡atïlma k̡aqa

1314 tilin̡də yorïmasu bəglər sɵzi
məgər əd̡gülüktə ad̡ïn ay k̡ozï

1315 kixi yasï k̡olma ɵzün̡ k̡ïlma yas
nəqə əd̡gülük k̡il h̡əwa arzu bas

1316 k̡ayu ixkə kirsə qïk̡ïxïn̡nï kɵr
qïk̡ïx kɵrməsə ix bolur ərkə k̡or

1317 k̡alï kəlsə ɵvkən̡ k̡atïoqılan sərin
sərimlig kixinin̡ səvinqi yarïn

1318 nəgü tər əxitgil səringən kixi
sərinsə ətər ər buzulmïx ixi

C61
1319 sərinsə kixi ɵz tiləkin tapar
sərip turdaqï ər ɵrün̡ k̡ux tutar

B107
1320 k̡alï təgsə əmgək ya k̡ad̡oqıu sak̡ïnq
sərinsə kəlir ɵtrü k̡ayra səvinq

1309 ئۇياتسىز كىشىدىن تېزىپ نېرى تۇر،
ئۇياتلىقتا مەندىن مىڭ ئالقىش ياغۇر.

1310 ھولۇقما ھەر ئىشتا سەۋرىلىك زوزۇر،
سەۋرىلىك كىشىلەر تىلەككە يېتۇر.

1311 ھەر ئىشتا شىرىن تىل بولۇش يولىن تۇت،
تىلىڭ بولسا شىرىن، كېلۇر ساڭا قۇت.

1312 تىلىڭنى كۆزەتكىن، كۆزۈڭنى كۆزەت،
گېلىڭ يىغ، ھالالنى ئاز-ئاز لوقما ئەت.

1313 يىراق تۇر خەلقنىڭ مالسىنىدىن،
يىراق قاچ ئامىنىڭ توپىلاڭىدىن.

1314 چىقارما تىلىڭدىن بۇ بەگلەر سوزى،
مەگەر ياخشىلىقتىن بولەك، ئى قوزى.

1315 كىشىگە ھەم ئۆزگە قىلما سەن زىيان،
ھەۋەسنى قويۇپ، قىل ياخشىلىق ھامان.

1316 نە ئىشقا كىرەرسەن، چىقىشنى ئويلان،
چىقىشنى ئويلىماسلىق يەتكۈزەر زىيان.

1317 تېرىش، كەلسە ئاچچىق، قىلىپ سەۋرىنى،
سەۋرىلىك سويۈنۈر ئۇ تاڭنا كۈنى.

1318 نىمە دەر، ئىشىتكىن، سەۋرىلىك كىشى،
تۈزەر ئەر سەۋرىلە بۇزۇلغان ئىشى؛

1319 كىشى سەۋرى قىلسا تىلەگىن تاپار،
چىداپ تۇرغان ئۇۋچى ئۇ ئاققۇش تۇتار.

1320 يا مۇشكۇل، يا قايغۇ-ئەلەم يەتسە گەر،
سەۋرى قىلسا، قايتا خوشاللىق كېلەر.

1321 apan ərsə dəwlət yapulsa kapuoı
sərinsə yana ixi ətlür kamuoı

1322 səringil sərinmək ərən kilki ol
sərinsə bulur ər məŝəl kəkkə yol

1323 elümüg unïtma anuk tur sakïn
ezünni unïtma tüpünkə bakïn

1324 kalïnka katïlsa sən bəklə sezün
kixilər əvində küdəzgil kezün

A55
1325 kirixkə kerü sən qïkïx kïl nənin
sezün sezləməgil məgər ez tənin

1326 tilində qïkarma bu yaloıan sezüg
bu yaloıan sezün ər uquzlar ezüg

1327 kadax yak yaoıukka yakïnlïk ula
uluoıka kiqigkə səvüg bol külə

1328 tuz ətməkni kən tut kixikə yətür
kixi ʻəybï kersə sən aqma yitür

1329 tapuoıka ərig bol bayatka tapïn
yazuktïn yïrak tur ezünni sakïn

1330 bolu bərsə dəwlət küvəzlənməgil
usa ədgülük kïl əsiz kïlmaoıil

1331 avïnma bu dunyaka ərtər barïr
ïnanma bu dəwlətka tərkin karïr

1332 tayanma tiriglikkə tüx təg kəqər
küvənmə kïvï kutka kux təg uqa:

1321 يېپىلسا بۇ دەۋلەت ئىشكى ئەگەر،
سەۋرى قىلسا، ئىشلار يەنە تۈزىلەر.

1322 سەۋرى قىل، سەۋرى — ئەر كىشى قىلىغى ئول،
تاپۇر سەۋرىلە ئەر مىسال كوككە يول.

1323 ئولۇمنى ئۇنۇتما تەييار تۇر ئاڭا،
ئۆزەڭنى ئۇنۇتما ئەسلىڭگە قارا.

1324 قېتىلغاندا توپقا، قاراپ قىل سوزۇڭ،
كىشىلەر ئۈيىدە كۆزەتكىن كوزۇڭ.

1325 كىرىمگە قاراپ سەرپ ئەيلىگىن پۇلۇڭ،
ئۆزۈڭگە مۇناسىپ سوزلىگىن سوزۇڭ.

1326 تىلىڭدىن چىقارما ھېچ يالغان سوزۇڭ،
بۇ يالغان بىلەن خار بولۇرسەن ئۆزۈڭ.

1327 قېرىنداش، تۇققانغا يېقىنلىغىڭ قىل،
ئۇلۇغ ۋە ئۇششاققا سويۇنچ بىلە كۆل.

1328 قىلىپ كەڭرى تۈز-ئاشنى خەلققە يېدۇر،
كىشى ئەيۋىنى كورسەڭ ئاچما، يوشۇر.

1329 ئىبادەتتە چىڭ بول، خۇداغا تېۋىن،
گۇنادىن يىراق بول، ئۆزۈڭ ساقلىغىن.

1330 بەختكە ئېرىشسەڭ كىبىر قىلمىغىن،
ھامان ياخشىلىق قىل، يامان بولمىغىن.

1331 ئاۋىنما جاھانغا، ئوتەر ھەم كېتۇر،
ئىشەنمە بۇ دەۋلەتكە، چاپسان قېرۇر.

1332 تايانما تىرىكلىككە، چۇشتەك كېچەر،
قوۋانما بۇ بوش بەختكە، قۇشتەك ئۇچار.

1333 tiriglik yava kïlma ədgü kïlïn
kəqər kün iqində kərəkiŋ alïn

1334 bor iqmə fəsadka katïlma yïra
ziŋa kïlma fasik atanma kara

1335 bu iki kïlïktïn iduk kut kaqar
ol ərkə qïoɑaylïk yolïnï aqar

C62
1336 nəgü tər əxitgil sïnamïx kixi
sïnamïx kixilər bilir ix baxï

1337 bor iqmə zinaka katïlma həżər
bu iki qïoɑaylïk tonïnï kədər

B108
1338 bu bordïn kopar miŋ yazukka yürək
zinadïn kaqar kut yüzüŋkə sudar

1339 sezin kəsti ay toldï aydï ooɑul
unïtma saŋa sez kərəki bu ol

1340 tükəl sezlədim mən muŋa pütsə sən
səvinq əksüməgəy sezüm tutsa sən

1341 saŋa sezlədim sez kumaru atï
unïtma bu sezlər keŋülkə biti

1333 هاياتنى زايە قىلما، قىل ياخشىلىق،
كېچەر كۈن ئىچىدىن ئال ئىبرەتنى جىق.

1334 مەي ئىچمە، بۇزۇقلۇقتىن بولغىن يىراق،
زىنا قىلما، پاسىق دەپ ئالما ئاتاق.

1335 مۇبارەك بەخت بۇ قىلىقتىن قاچار،
ئۇ ئەرگە پەقىرلىق يولىنى ئاچار.

1336 نىمە دەر، ئىشىتكىن، سىنالغان كىشى،
سىنالغان كىشىلەر بىلۇر ئىش بېشى:

1337 مەي ئىچمە، زىنادىن سەن ئەيلە ھەزەر،
بۇ ئىشلار گادايلىق تونىن كەيدۈرەر.

1338 ھارلىق مىڭ كۈناغا پاتۇرغاي سېنى،
قاچار بەخت زىنادىن، يۈزۈڭ توكۈلەر.

1339 سوزىن كەستى ئايتولدى، دېدى: ئەي ئوغۇل،
ئۇنۇتما، كېرەكلىك ساڭا سوز ئۇ شول.

1340 تولۇق سوزلىدىم مەن، ئىشەنگىن ماڭا،
سوزۇم ئاڭلىساڭ، بەخت كېمەيمەس ساڭا.

1341 بۇ ئېيتقان سوزۇمنىڭ ۋەسىيەت ئېتى،
ئۇنۇتما بۇ سوزنى كوڭۇلگە پۈتى.

23

AY TOLDÏ KÜN TOɑDÏ Ə̣LIGKƏ ĶUMARU BITIK BITIMIXIN AYUR

1342 bitigü bilə ķoldī ķaɑid tətik
bayat atī birlə bitidi bitik

1343 bayat atī birlə səzüg baxladī
tərütgən igiḍgən kəqürgən iḍi

1344 tərütti tümən miņ bu sansīz tirig
tirilgü bẹrür ķoḍmaz aqīn birig

1345 yorītur ķamuoɑka tiləmix tilək
kərək bolmaz anda kər arķa yələk

1346 tiləsə tərütür bolur ķolmīxī
tiləp boldī barqa anīņ ķīlmīxī

1347 əlümkə tərütti bu sansīz ķonum
tirig barqa əlgü aņar yoķ əlüm

1348 səvüg savqīķa miņ məniņdin səlam
təgürsün bayatīm kəsüksüz ulam

يىگىرمە ئۈچىنچى باپ

ئايتولدىنىڭ ئېلىگكە ۋەسىيەتنامە يازغانلىقى بايانىدا

1342 قەلەم ـ قەغەز ئېلىپ، بۇ ئاقىل تىتىك،
خۇدا ئاتى بىرلە پۈتىدى بىتىك.

1343 سۆزىن باشلىدى تەڭرى ئاتى بىلە،
ياراتقان، ئۇستۇرگەن، كەچۈرگەن ئىگە.

1344 ياراتتى تۈمەن مىڭ ــ سانسىز تىرىك جان،
بېرەر رىزق، ئاچ قويماي ھېچبىرىن ھامان.

1345 يۈرىتۇر ھەممىگە تىلىگەن تىلەك،
ئۇنىڭغا كېرەكمەس ھېچ ئارقا يۆلەك.

1346 تىلەسە ياراتۇر، بولۇر خاھىشى،
تىلەگى بويىچە بولۇر قىلمىشى.

1347 ئۆلۈمگە ياراتتى بۇ سانسىز قونۇم[110]،
ئۆلەر ھەممە تىرىك، ئاڭا يوق ئۆلۈم.

1348 سۈيۈملۈك ئەلچىگە مەندىن مىڭ سالام،
يېتۈرسۈن خۇدايىم ئۈزۈكسىز مۇدام.

1349 təzü əxlərinə yəmə ek adīn
təgürsün səlamīm idim kəsmədin

C63

1350 uzun kəq yaxaqīl ay əlig kutī
eküx əl axaqīl bu bəglik atī

B109

1351 atīm ərdi ay toldī kīlkīm tolu
ərildi toluluk təkər ez elü

A56

1352 elüm tutqakī kəldi tuttī katīq
kutuloqu yərim yok kətərdi tatīq

1353 məni ədgü tuttun aqīndīn eküx
sana tapnumadīn barīr bu ez ux

1354 bu ədgü yanutī kumaru bitik
bitip kudtum əmdi sana ay tətik

1355 bu dunya ixinə əx ərdim bilə
ixinni yorittīm kenilik bilə

1356 munu əmdi artuk baqīrsaklīkīn
bitip kodtum et sav kumaru okīn

1357 nəgü tər əxitgil baqīrsak kixi
baqīrsaklik ol ker kixilik baxī

1358 baqīrsak kixinin sezi tut savī
bu sez sav sana boloqa dəwlət avī

1359 baqīrsak kixi ol kixidə qīnī
baqīrsak sezi tut bədütgəy səni

1360 ay əlig munu mən baqīrsak sana
sezüm ixkə tutqīl ay ərsig tona

1349 ئۇنىڭ ھەممە ئەسھاپ يارلىرىغا ھەم،
سالامىمنى ئۇزمەي يەتكۈزسۇن ئىگەم.

1350 ياشا سەن ئۇزۇن ۋاقت، ئەي بەختىيار خان،
كوپ ئەللەر ئۇزرە سۇر خاقانلىق زامان.

1351 ئېتىم ئەردى ئايتولدى، قىلىغىم تولۇش،
تولۇنلۇق توگىدى، توگەتتى ئۇلۇش.

1352 ئۇلۇم ئەلچىسى كەلدى، تۇتتى قاتتىق،
قۇتتۇلار يېرىم يوق، يوقالدى تاتىق.

1353 كوپ ئېھسان بىلەن ياخشى تۇتتۇڭ مېنى،
كېتەرمەن خىزمەت ئەتمەي، تاشلاپ سېنى.

1354 بۇنىڭغا جاۋابەن ۋەسىيەت بىتىك—
پۇتۇپ قويدۇم ئەمدى ساڭا، ئەي تىتىك.

1355 جاھاندارچىلىقتا ساڭا يار ئىدىم،
ئىشىڭنى ئادالەتتە قىلار ئىدىم.

1356 مانا ئەمدى ئارتۇق كويۇمچان بولۇپ،
ۋەسىيەت سوز پۇتتۇم، ئوقۇغىن كورۇپ.

1357 نەدەيدۇ ئىشتكىن، كويۇمچان كىشى،
كويۇمچانلىق ئېرۇر كىشىلىك بېشى:

1358 كويۇمچان كىشىنىڭ ئوگۇت سوزىن تۇت،
ئوگۇت سوز بېرۇر ئوۋ قىلىپ ساڭا قۇت.

1359 كويۇمچان كىشىدۇر كىشىلەر چىنى،
كويۇمچان سوزىن تۇت، زورايتۇر سېنى.

1360 ئەي ئېلىك مانا مەن كويۇمچان ساڭا،
سوزۇمگە ئەمەل قىل، ئەي ھۇشيار توڭا.

1361 ɵlüm utru kəldi ɵkündi ɵzüm
asīƣ ķilmadī bu ɵkünqüm sɵzüm

1362 kərək boldī əmdi bu ķīlmīx tapuƣ
ɵkünq boldī ķilmīx ə̣sizlik ķamuƣ

1363 yatu ķaldī tə̣rmix bu altun kümüx
maņa təgdi saķīx anīņdīn ülüx

1364 ulīr mən ɵkünüp asīƣ yoķ ɵkünq
iḍim rəḥmətində aḍīn yoķ umunq

C64
1365 bu kün mən barīr mən munu ərksizin
yarīn sən kəlir sən uḍu xəksizin

B110
1366 ɵlüm tutmaz ərkən oḍun ay ə̣lig
ixiņni ə̣tingil yətürgil bilik

1367 bəla küq yə̣rində sən əḍgü ķilīn
boḍunuƣ səvindürgil əlgin tilīn

1368 əsənlik ɵḍində sən əḍgü tə̣tür
tavar nəņ barīnda ülə ḥəm yə̣tür

1369 nəgü tə̣r əxitgil kɵni sɵzlüg ər
kiqigdə oḍunmīx yiti kɵzlüg ər

1370 ɵlüm kəlməz ərkən ɵlümkə ə̣tin
tiriglik ɵḍində tapuƣ ķīl tapīn

1371 ɵlüm kəlsə tutsa ɵkünq asƣī yoķ
nəqə mə ulīsa ķara yə̣r ķatīn

1372 ay ə̣lig ķatīƣlan məniņdə ķə̣ḍin
yava ķīlma ɵḍ kün tapuƣda aḍīn

1361 ئۆلۈم كەلدى ئۈتتۈر، ئۆكۈندۈم ئۆزۈم،
ھېچ پايدا قىلمىدى ئۆكۈنچىم، سۆزۈم.

1362 كېرەك بولدى ئەمدى تائەتلىك ئىشىم،
ئۆكۈنچ بولدى بارلىق يامان قىلمىشىم.

1363 قېلىپ قالدى يىققان بۇ ئالتۇن-كۈمۈش،
ھېساپ بەرمىگىم بولدى تەككەن ئۈلۈش.

1364 ئۆلەرمەن ئۆكۈنۈپ پايدىسىز، ئىسىت،
ئىگەم رەھمىتىدىن بولەك يوق ئۈمىت.

1365 بۇ كۈن مەن كېتەرمەن مانا چارىسىز،
ئارقامدىن كېلەرسەن تاڭنا شۈبھىسىز.

1366 ئۆلۈم تۇتماستىن ئەۋۋەل ئويغان ئېلىگ،
ئىشىڭنى تۈزەت سەن ئىشلىتىپ بىلىك.

1367 بالا-زورلۇق ۋاقتىدا قىل ياخشىلىق،
تىلىڭ ھەم قولۇڭدىن سۆيۈنسۇن خەلق.

1368 ئىسەنلىك چېغىڭدا ياخشىلىق ئاشۇر،
تاۋار-مال بارىدا ئۈلەشتۈر، يىدۈر.

1369 نە دەيدۇ ئىشىتكىن دۇرۇس سۆزلۈك ئەر،
كىچىك چاغ ئويغانغان، ئىتتىك كۆزلۈك ئەر:

1370 ئۆلۈمگە ھازىرلان ئۆلۈش ئالدىدا،
خۇداغا تائەت قىل تىرىك ۋاقتىدا.

1371 ئۆلۈم كەلسە تۇتسا، ئۆكۈنچ پايدىسىز،
نېچە ئىڭرىسا قارا يەر ئاستىدا.

1372 ئەي ئېلىگ، تىرىشقىن مېنىڭدىن كېيىن،
ۋاقىت-كۈن زايە قىلماي ھەققە تېۋىن.

1373 sẹni armasun dunya dəwlət bilə
ḳamuɣ ix iqində kenilik tilə

1374 terü tüz yorïtɣïl boḍunḳa keni
künüṇ əḍgü bolɣay kenilik küni

1375 ezüṇ otḳa atma bu dunya üqün
ḥəwa boynï piqgil ət ezkə eqün

1376 bu dunya bəgi sən aṇa bolma ḳul
sẹni ḳoḍmaz ərkən anï ḳoḍɣu tul

1377 küvəzlənmə artuḳ ketürmə ḳeṇül
ïnanq ḳïlɣu ərməz bu dunya teṇül

1378 yaḳïn tut ezüṇkə kixi əḍgüsi
ẹsizdin yïraḳ tur toḳïɣay yasï

1379 kixi suḳïṇa bẹrməgil sən ixiṇ
wəfasïz kixikə yẹtürmə axïṇ

A57 C65
1380 tapuɣḳa ẹrig bol yazuḳta tïḍïn
saṇa təggü ərməz tapuɣda aḍïn

B111
1381 elümüg unïtma aṇar yoḳ tolum
pusuɣdïn qïḳar təg ḳïḳar bu elüm

1382 nəqə ḳaqsa ahir elüm tutɣusï
nəqə ḳalsa ahir elüm yətgüsi

1383 elümkə usanma keṇül tut tirig
nəqə kẹq tirilsə texəngü yẹrig

1384 ḳanï kim ḳutuldï elümdin ḳaqïp
ḳanï kim axundï eḍindin kəqip

1373 جاھان ئالدىمىسىۇن سېنى بەخت بىلە،
جىمىكى ئىشىڭدا توغرۇلۇق تىلە.

1374 قانۇن تۈز يۈرۈتكىن خەلقىقە كونى،
كۈنۈڭ ياخشى بولغاي قىيامەت كۈنى..

1375 بۇ دۇنيا ئۇچۇن ئوتقا ئاتما ئۆزۈڭ،
ئۈزۈپ نەپس بوينىنى، ئال تەندىن ئوچۇڭ.

1376 بۇ دۇنيا بېكى سەن ئاڭا بولما قۇل،
سېنى تاشلىماستا، ئۇنى تاشلا تۇل.

1377 غۇرۇرلانما ئارتۇق، كىبىر قىلمىغىن،
بۇ دۇنيا ئىشەنچسىز، كوڭۇل بەرمىگىن.

1378 كىشى ياخشىسىنى يېقىن تۇت ھامان،
ياماندىن ھەزەر قىل، يېتەر كوپ زىيان.

1379 تاماخور كىشىگە سەن بەرمە ئىشىڭ،
ۋاپاسىز كىشىگە يىگۈزمە ئېشىڭ.

1380 تائەتكە غەيۇر بول، گۇنادىن توسال،
تائەتتىن بولەكتىن نەپ تەگمەك مۇھال.

1381 ئۆلۈمنى ئۇنۇتما، توسار نەرسە يوق،
موكۇكتىن چىقاردەك چىقار بىتۇيۇق..

1382 نىچە قاچساڭ ئاخىر ئۆلۈم تۇتقۇسى،
نىچە قالساڭ ئاخىر ئۆلۈم يەتكۈسى.

1383 سەگەك ئول ئۆلۈمدىن، غاپىل قالما سەن،
بولۇر يەر توشەك، ھەر نىچە ياشا سەن.

1384 قېنى كىم قۇتۇلدى ئۆلۈمدىن قېچىپ،
ئەجەلنىڭ ۋاقتىدىن كىم قالدى ئېشىپ؟

1385 ẹḍi yakxï sözlər bilik yaṇzatu
bu ẹḍ ḳün tirigliklərig mənzətü

1386 apa oɣlanï kərsə arkïx sanï
ərük turɣu bolmaz ərüklər ḳanï

1387 ata arkasïndïn toɣulsa oɣul
ana ḳarnï mənzil kaq aylïḳ amul

1388 anasïnda toɣsa atansa atï
musafir bolup mindi əḍlək atï

1389 küni bir maṇïm ol tüni bir maṇïm
ẹlətür əlümkə ḳurïtur əṇïm

1390 azun bir tüxün ol gürüṇ bir tüxün
bu tüxün ḳopursa tüxün ol azun

1391 küḍər ol azunda saṇa iki yol
bu iki yoluṇda ḳayu ərki yol

1392 yoluṇ oṇqa kəlsə ẹtildi ixiṇ
ḳalï solqa kəlsə ulïp qal baxïṇ

1393 tarïɣlaɣ ərür dunya ẹlig ḳutï
tarïsa orar ər tirilgü otï

1394 nəgü əksə yẹrkə yana ol ənür
nəgü bẹrsə əvrə anï oḳ alur

1395 kixi nəṇi alma yẹmə təkmə ḳan
bu iki yazuḳḳa ulïr qïḳsa jan

B112 C66
1396 bu tüx təg tiriglik kəqər bəlgüsüz
kərək bəg kərək ḳul barïr kəlgüsüz

1385 ئەجەپ ياخشى ئېيتقان ئالىم ئوخشۇتۇپ،
ۋاقت، كون، تىرىكلىكنى ماسلاشتۇرۇپ:

1386 كارۋانغا ئوخشار بۇ ئادەم ئوغلانى،
تۇرالمايدۇ مەنزىلدە، مەنزىل قېنى؟

1387 تورەلگەندە ئوغۇل ئاتا پۇشتىدىن،
نىچە ئاي تاپار تېچ جاي ئانا قارنىدىن.

1388 ئانادىن تۇغۇلغاندا قويسا ئېتىن،
يولۇچى بولۇپ ئۇ مىنەر ۋاقت ئېتىن.

1389 كۇنى بىر مېڭىم ئۇ، تۇنى بىر مېڭىم،
ئولۇمگە ئاپىرار، قۇرۇتۇپ ئوكىم.

1390 جاهان بىر قونالغۇ، گورۇڭ جىر تۇشۇن[111]،
قوپساڭ بۇ تۇشۇندىن تۇشۇن ئۇ ئاجۇن.

1391 كۇتەر ئۇ جاهاندا سېنى ئىككى يول،
بولۇركىن ئىككى يولدىن نەسىپ قايىسى يول؟

1392 يولۇڭ كەلسە ئوڭدىن تۇزىلەر ئىشىڭ،
ئەگەر كەلسە سول، ئىڭراپ ئۇرارسەن بېشىڭ.

1393 جاهان بىر تېرىلغۇ، ئەي ئېلىگ قۇتى،
تېرىسا ئورار ئەر تىرىكلىك ئوتى.

1394 نىمە تەرسە يەرگە شۇ نەرسە ئۇنۇر،
نىمەنى تېرىسا شۇنىلا ئالۇر.

1395 كىشى مالىنى ئالما هەم توكمە قان،
بۇ ئىككى گۇنادىن ئىڭراپ چىقار جان.

1396 بۇ چۇشتەك تىرىكلىك ئوتەر بەلگىسىز،
بەگ ئولسۇن ياكى قۇل، كېتەر كەلگۇسىز.

1397 ķanï tüx sanï boldï kəqmix künüŋ
ekünqtə aḍïn yoķ bu ķalmïx künüŋ

1398 nəgü tə̣r əxitgil oḍunmïx kixi
oḍunmïxta kə̣ḍin ekünmix kixi

1399 tüxüŋ təg kəqürdüŋ tiriglik oḍuƣ
ķanï asƣï kerkit maŋa bir boḍuƣ

1400 künüŋni kəqürdüŋ tilək arzuķa
tiriglik tükədi eküng ol yoḍuƣ

1401 usanma tiriglikkə artuķ saķïn
tiriglik elümkə ə̣ḍi ek yaķïn

1402 saran bolma ə̣lig aķï bol aķï
ķalïr məŋü elməz aķïlïķ atï

1403 ər aţ sü bu nəŋkə küvənmə eküx
asïƣ ķïlmaƣay sü bu altun kümüx

1404 yuluƣ ķïlma ezni aḍïnlar üqün
suyurķa ezüŋni keyürmə küqün

1405 səniŋdə ozaķï aẓun bəgləri
aẓun ķoḍtï bardï yatur ker güri

1406 saŋa ma anunmïx turur bu elüm
eḍiŋə küḍər ay yarumïx künüm

1407 nəgü tə̣r əxit dunya ʻəybïn bilip
saŋa sezləgüqi uķuxtïn alïp

1408 aqïƣ suv təg ol ker bu dunya nəŋi
nəqə iqsə ķanmaz elimə^z tili

1397 قېنى ئۇ، چۈشۈڭدەك كەچۈرمىش كۈنۈڭ،
ئۆكۈنچتىن بولەكمەس بۇ قالمىش كۈنۈڭ.

1398 نە دېدۇ، ئىشىتكىن، ئويغانغان كىشى،
ئويغىنىپ كېيىن ئۇ ئۆكۈنگەن كىشى:

1399 چۈشۈڭدەك كەچۈردۈڭ تىرىكلىك چېغىڭ،
قېنى پايدا، كورسەت ماڭا بىر ئىزىڭ؟

1400 كەچۈردۈڭ كۈنىڭنى ھەۋەس-ئارزۇدا،
تۈگىدى تىرىكلىك، قالدى پۈشمىنىڭ.

1401 تىرىكلىككە ئالدانما، بەكمۇ ساقىن[112]،
تىرىكلىك ئۆلۈمگە ناھايەت يېقىن.

1402 بېخىل بولما ئېلىگ، سېخى بول سېخى،
قالۇر مەڭگۇ ئۆچمەس سېخىلىق ئېتى.

1403 قوشۇن، ئات، يىگىتكە گۈۋەنمە ئۆكۈش[113]،
نەپ بەرمەس ئۇلار ھەم بۇ ئالتۇن-كۈمۈش.

1404 پىدا قىلما ئۆزنى بولەكلەرنى دەپ،
ئۆزەڭگە ئېچىن، ئوتقا كىرمە كۆچەپ.

1405 سېنىڭدىن بۇرۇنقى جاھان بەگلىرى،
جاھان قويدى، كەتتى، گور ئولدى يېرى.

1406 ساڭا ھەم تۇرۇپتۇ تەييار بۇ ئۆلۈم،
پەقەت ۋاقت كۈتەر ئۇ، ئەي يورۇق كۈنۈم.

1407 نىمە دەر ئىشىت، دۇنيا ئەيىبىن بىلىپ—
ساڭا سوزلىگۈچى، ئەقىلدىن ئېلىپ:

1408 گويا بىر تۈزلۈق سۇ بۇ دۇنيا مېلى،
كىشى قانماس ئىچىپ؛ نەم بولماس تىلى.

1409 kəlikə təg ol kər bu dunya toṇa
ə̣ḍərsə ḳaqạr ḳaqsa yapqụṛ saṇa

B113
1410 saḳïɣ ol ḳərü barsạ dunya ixi
tutayïn tə̣yụ̈ sụnsa yitṛür kixi

C67
1411 ay ə̣lig ḳatïɣlạn ɵzüṇ ə̣ḍgü bol
bəgi əḍgü bolsa boḍun əḍgü ol

A58
1412 boḍun ḳoy sanï ol bəgi ḳoyqïsï
baɣïrsaḳ kərə̣k ḳoyḳa ḳoy kütqisi

1413 ḳapuɣda tə̣rildi ḳalïn aq bɵri
ay ə̣lig ḳoyuɣ kəḍ küḍəzip yorï

1414 puxï bolma ixtə sən ɵvkə yïɣïn
puxï bolsạ bəglər buzar bɵglikin

1415 irik sɵzlə̣məgil kixikə tilin
irik til ot ol kɵr kɵyəṛ təg yalïn

1416 ɵrüg bol amul bol tüzün bol silig
ḳamuɣ əḍgülükkə təgürgil əlig

1417 yüz utru rurur bu uzun yol səfər
uḳuxluɣ bu yolḳa azuḳ kəḍ ə̣tər

1418 saray ḳarxï ə̣tmə ay ə̣lig ḳutï
anundï saṇa əv ḳara yə̣r ḳatï

1419 əḍiz kə̣ṇ bəḍizlig sarayïṇ ḳalïp
ḳaraṇḳu yə̣r əvdə yatur sən ulïp

1420 nərək gənq urur sən bu altun kümüx
saṇa təkküsi ol iki bɵz ülüx

1409 بۇ دۇنيا كولەڭگە كەبى، ئەي توڭا،
قاچار ئىزلىسە، قاچسالڭ يېپىشۇر ساڭا.

1410 ئالۇۋۇنغا[114] ئوخشايدۇ بۇ دۇنيا ئىشى،
تۇتاي دەپ سۇنسا قول، يۇتۇرەر كىشى.

1411 ئىلىگ، غەيرەت ئەيلەپ ئۆزەڭ ياخشى بول،
بېگى ياخشى ئولسا، خەلق ياخشى ئول.

1412 خەلق قوي كەبىدۇر، بېگىدۇر چوپان،
چوپان بولماق كېرەك قويغا مېھرىۋان.

1413 ئىشكتە يىغىلغان تولا ئاچ بورى،
ئىلىگ سەن كۆزەت بەك قويۇڭنى، يۇرى!

1414 غەزەپلەنمە ئىشتا، سەن ئۆپكەڭنى باس،
بەگ ئولسا غەزەپلىك، بۇ بەگلىك تۇرماس.

1415 كىشىگە يىرىك سوز قىلما، يىغ تىلىن،
يىرىك سوز يېلىنجاپ تۇرغان بىر يېلىن.

1416 سىلىق بول، بېسىق بول، يۇۋاش، تىنچ بول،
پۈتۈن ياخشىلىققا يەتكۈز ئۆزۈڭ قول.

1417 تۇرۇپتۇ ئالدىڭدا ئۇزۇن يول-سەپەر،
ئاقىللار بۇ يولغا خوپ ئۇزۇق ئېتەر.

1418 ساراي، قەسىر سالما، ئەي ئىلىگ قۇتى،
تەيياردۇر ساڭا ئوي، قارا يەر قېتى.

1419 ئىگىز، كەڭ، بېزەكلىك سارايىڭ قىلىپ،
ئىگرارسەن قاراڭغۇ يەر ئويدە يېتىپ.

1420 نە لازىم غەزىنە — بۇ ئالتۇن-كۈمۈش،
ساڭا تەككۈسى ئىككى بوزلا ئۇلۇش.

1421 muŋar məŋzətü aydï xa'ir tili
bu xa'ir sezi kər aqar səz yolï

1422 usal yalŋuk ooli əküx nəŋ tərər
yəgükə təgirmü sakïnmaz birər

1423 bayusa tiləki bulunsa tükəl
tükətür tiriglik uqup jan yïrar

1424 avïnma ərəzkə küvənmə ay bəg
avïnqïŋ küvənqiŋ udïtoay u təg

C68
1425 tiriglik yava kïlma dunya üqün
kəqigli turur boloa əmgək küqün

B114
1426 aoï quz təxənür əzüŋ ooloaou
kara yər təxəngü turur ay bəgü

1427 avïnqu səvüglər bilə avnur əz
kara yər katïnda yaxïp yatoou tüz

1428 yayïlmaz yorïoa kəvəldin tüxüp
ədərsiz yïoaq mingü muŋluoi bolup

1429 bularnï sakïnoïl əlümkə ətin
əkünmə yarïn bu kara yər katïn

1430 kamuoi ixkə təwfik bayattïn tilə
bayat bərgə xəksiz saŋa küq bilə

1431 nəgü kəlsə tapla kər ədgü əsiz
boyun bər kəzaka kəni tut aoïz

1432 əzüŋ kolsa iki azun bəgliki
bu bəx ixkə yakma bu ol yəgliki

1421 بۇڭا ئۇخشتىپ ئېيتتى شائىر تىلى،
بۇ شائىر سوزى، كور، ئاچار سوز يولى:

1422 غاپىل ئادەم ئۇغلى تولا مال يىغار،
يېيەلەمدۇ-يوقمۇ، چۈشەنمەي قالار.

1423 بېيىپ ئۇ تىلەككە ئېرىشكەچ پۈتۈن،
تۈگەپ بۇ تىرىكلىك، ئەزىز جان ئۇچار.

1424 ئاۋۇنما، كۆۋەنمە ھوزۇرغا ئەي خان،
ئاۋۇنچىلىق، كۆۋەنچىلىق ئۇخلىتۇر ھامان.

1425 تىرىكلىك زايە قىلما دۇنيانى دەپ،
قىينايدۇ سېنى ئۇ ئۆتكۈنچى كۆچەپ.

1426 ئاغى-چۆز پۈركەنگەن بۇ نازۇك تېنىڭ،
قارا يەر يېپىنار ئەي ئاقىل، بىلىڭ.

1427 ئۇتىسمۇ سويۇنچكە تېنىڭ ئاۋۇلۇپ،
قارا يەر قېتىدا ياتار سوزۇلۇپ.

1428 تەۋرەتمەس يورغا-يۈگرۈك ئاتتىن چۈشۈپ،
مىنەرسەن ئىگەرسىز ياغاچ، مۈگلۈنۈپ.

1429 بۇنى ئۇق، تەييارلان ئۇلۇمگە ھامان،
يىمە يەر قېتىدا تاڭنا پۇشايمان.

1430 ھەر ئىشتا خۇدادىن سەن تەۋپىق تىلە،
سېنى قوللار ھەق، شۈبھىسىز، كۈچ بىلە.

1431 يامانۇ-ياخشىلىق كەلسە بول رىزا،
ئېغىزنى دۇرۇس تۇت، بوي ئەگ قازاغا.

1432 بولاي دېسەڭ ئىككى جاھان باشچىسى،
يېقىنلاشما بۇ بەش ئىشقا ياخشىسى:

1433 ḫəramka katïlma yəmə kïlma küq
kixi kanï təkmə həşim kïlma əq

1434 bor iqmə fəsaddïn yïrak tur təzə
bu kaq nəŋ yorïr tutqï bəglik buza

1435 əzüŋ mənü bəglik tiləsə tuqï
tərü kïl boḍundïn kətürgil küqi

1436 boḍunka baxï sən ay əlig bu kün
boḍunuoɣ küḍəzgil oḍuoɣ tur əgün

1437 uluoɣ yük boyunka yüḍürdi əlig
usal bolma saklan ay kïlkï silig

1438 ət əz arzu sürgən ḫəwaka bulun
bulun bolma bolsa əzüŋni yulun

1439 kəqürmix tiriglik tüpi boldï yəl
bu kalmïx tiriglik nəqə bərgə əl

1440 yava kïlma əmdi bu kalmïx künüŋ
əzüŋdin arïtoɣïl yazukuŋ münüŋ

B115 C69

1441 wəfa kïloɣu ərməz bu dunya bilin
kəqər dunyada əz azukuŋ alïn

1442 nəgü tər əxitgil sakïnuk kixi
sakïnuk kixi ol azunda baxï

1443 bu azun tüxün ol sən arkïx sanï
tüxündə nəqə boloɣa arkïx küni

1444 səray ol azun kər bu kazoɣanq yəri
nəgü bulsa munda naru ïḍ yorï

1433 هارامغا قوشۇلما ۋە كورسەتمە كۈچ،
خۇسۇمەت قىلىپ توكمە قان، ئالما ئوچ.

1434 پاساتتىن يىراق تۇر، سەن ئىچمە شاراپ،
قىلۇر بۇ نەرسىلەر بەگلىكىڭ خاراپ.

1435 تىلەسەڭ بەگلىكىڭ سەن مەڭگۇ مۇدام،
بول ئادىل، زۇلۇمنى يوقاتقىن تامام.

1436 ئىلىگ سەن بۇكۈن خەلقىنىڭ باشچىسى،
بول ئويغاق، ئەقىللىق، خەلق ساقچىسى.

1437 يۇدۇلدى بويۇنغا، ئىلىگ، ئىغىر يۈك،
غاپىل ئولما، ساقلان، ئەي خۇلقى تۈزۈك.

1438 ۋۇجۇت رەيى ئەيلەر نەپسكە ئەسىر ئول،
ئەسىر ئولما، ئولساڭ ئۇنىڭدىن قۇتۇل.

1439 كەچۈرگەن تىرىكلىك بولدى بوران-يەل،
بۇ قالغان تىرىكلىك بىرەر قانچە ئەل؟!

1440 زايە قىلما ئەمدى بۇ قالغان كۈنۈڭ،
كۈنا ۋە قۇسۇردىن ئىرىغدال ئۆزۈڭ.

1441 بۇ دۇنيا بىۋاپا ئىرۇر، ياخشى بىل،
كېچەر دۇنيادا ئوز ئوزۇغۇڭنى قىل.

1442 نىمە دەر، ئىشتكىن، تەقۋادار كىشى،
تەقۋادار كىشىدۇر جاھاننىڭ بېشى:

1443 بۇ دۇنيا قونالغۇ، ئۆزۈڭ سەن كارۋان،
قونالغۇدا كارۋان قانچىلىك تۇرغان؟

1444 بۇ دۇنيا سارايدۇر قازانماق يېرى،
نە تاپساڭ بۇ يەردىن، ئۇنى ئال، يۇرى.

1445 əzün keqgü mundin keqün axnu id
kərəkligni alqil kərəksizni tid

1446 munu mən barur mən məni ker odun
katioqlan əzünkə at ədgü kodun

1447 nəgü tər əxitgil əlügli tirig
əlürdə bərip bardi ət sav ərig

A59
1448 əlügli tirigkə bərür pənd tilin
əxitgil ani sən kenülkə alin

1449 ayur ay tirig sən usanma odun
usandim əkünqün yatur mən yilin

1450 ay əlig bu bəglik uzun kolsa sən
kaq ix kil kaq ix kod kilur ərsə sən

1451 tərü kil katioqlan yulup kilma küq
tapuoq kil bayatka anin kapoqi kuq

1452 ikinqi usal bolma sak tur oduoq
sana təgməsün bir mufaja yoduoq

1453 iki ədtə kilma kayu ərsə ix
həwa əvkə kəlsə sərip kisoqu tix

1454 bu kaq nən küdəzgil küdəzildi əl
uzun turoqa bəglik sana bərgə əl

C70
1455 kamuoq ədgülərig aqir tut kətür
əsizlərni tutma əlindin kotur

1456 əsiz əndi urma tərü ədgü ur
künün ədgü boloqay kutun baoqa kur

1445 كوچەرسەن، ئۇزۇڭ كوچنى ئاۋال ئەۋەت،
كېرەكنى ئال، كېرەكسىزنى تاشلىۋەت.

1446 ماتا مەن كېتەرمەن، ئال ئىبرەت كورۇپ،
تىرىشقىن، كېتەردە گۇزەل ئات قويۇپ.

1447 ئۇلۇش ھالدا تۇرغان تىرىك نىمە دەر،
ئۇلەردە ۋەسىيەت قىلىپ كەتكەن ئەر:

1448 تىرىككە نەسىھەت قىلۇر ئۇلگۇچى،
ئىشىتكىن ئۇنى، بول كوكۇل قويغۇچى.

1449 ئۇ دەر: ئەي تىرىك، سەن بولمىغىن غاپىل،
غاپىل مەن، ياتارمەن ئوكۇنچتە يىل-يىل.

1450 تىلەسەڭ ئەي ئېلىگ بەگلىك ئۇزۇن يىل،
قىلار ئىش نىچە، قىلماس نىچە، بىل.

1451 تىرىش ئادىل ئۇلماقا، گۇرسەتمە كۇچ،
خۇداغا ئائەت قىل، ئىشىگىنى قۇچ.

1452 ئىككىنچى، غاپىل بولما، ساق تۇر ئاگاھ،
ساڭا تەگمىگەي بىل، بىر بالا ناگاھ.

1453 ئىككى ۋاقتا قىلما نىچۇك بولسا ئىش،
ھەۋەس ۋە غەزەپتە چىڭ چىشلىگىن چىش.

1454 قىلىنسا بۇ ئىشلار ئەل كۇزىتىلۇر،
بۇ بەگلىك تۇرار كوپ، ئامانلىق كېلۇر.

1455 ئەزىزلەپ ياخشىنى كوتەر يۇقۇرى،
يامانغا بەرمە ئىش، قىل ئەلدىن نېرى.

1456 يامان تۇزمە قانۇننى، بەك ياخشى تۇز،
كۇنۇڭ ياخشى بولغاي ھەم بەختىڭمۇ ئۇز.

1457 nəgü tər əxitgil ay bilgə külüg
bu sezdin ketürgil ezünkə ülüg

1458 terü ədgü ur ay terü bərgüqi
turu eldi əsiz terü uroquqï

1459 əsiz endi urma ay əlqi begü
əsiz bolsa bolmaz azunuoq yəgü

1460 əsiz endi ursa ezi ez edin
əsiz kodtï atïn ezində kədin

B116
1461 kim ərsə urup kodsa ədgü terü
anïn tikti atïn adakïn erü

1462 ezünni yanïlma ay əlig bakïn
tüpünni unïtma eyü tur sakïn

1463 əsiz kïlki tutma ay əlgi uzun
əsiz kïlk ulïtur ikigün azun

1464 uzun boldï əlgin bodunka yakïn
fususun kəqər bu tiriglik bakïn

1465 kəqigli turur dunya kəqti sakïn
kəligli elüm utru kəldi sakïn

1466 məni ker məníndin ketür et ərig
ekünmə yarïn sən bu kün sən tirig

1467 kixi elsə andïn kumaru kalïr
munukï kumarum sana ay bilir

1468 səvərim sən ərdin ay əlig mana
asïoqlïoq kumarumnï kodtum sana

1457 نىمە دەيدۇ مەشھۇر ئالىم، ئاڭلىغىن،
بۇ سۆزدىن ئۆزۈڭگە نەسىپ ئاللىغىن:

1458 قانۇننى تۈز ياخشى قانۇن تۈزگۈچى،
يامان تۈزسە بولۇر تىرىك ئۆلگۈچى.

1459 يامان تەرتىپ ئورناتما، ئەي بەگ ھېكىم،
يامان بولسا قانۇن، بولالماس ھاكىم.

1460 يامان تۈزسە قانۇن كىم ئۆز دەۋرىدە،
يامان ئات قويار ئۇ ئۆزى كەينىدە.

1461 كىم ئۇ ياخشى قانۇننى بەرپا قىلار،
ئۇنىڭ شۆھرىتى تا ئەبەتكە ياشار.

1462 دىققەت قىل، ھولۇقما ئېلىگ سەن ئۆزۈڭ،
بول ئويغاق ۋە ھوشيار، ئۇنۇتما تۈۋۈڭ.

1463 يامان قىلما خۇلقۇڭ، ئەي ئېلىگى ئۆزۈن،
سېنى يىغلىتۇر ئۇ ھەر ئىككى ئاجۇن.

1464 بولۇپ خەلققە يېقىن، ئۇزاردى قولۇڭ،
تەئەسسۇپتە كېچەر ھاياتىڭ ـ كۈنۈڭ.

1465 جاھان ئوتكۈچىدۇر، ئۇنى ئوتتى بىل،
ئۆلۈم كەلگۈچىدۇر، ئۇنى كەلدى بىل.

1466 مېنى كور، مېنىڭدىن سەن ئال نەسىھەت،
تىرىكسەن بۇگۈن، ئاڭنا چەكمە نادامەت.

1467 كىشى ئۆلسە ئاندىن بىر مىراس قالۇر،
ئەي ئالىم ساڭا بۇ مىراسىم بولۇر.

1468 سويۇملۇك ئىدىڭ سەن ئەي ئېلىگ ماڭا،
پايدىلىق مىراسنى مەن قويدۇم ساڭا.

1469 asïƣlïƣ ķumaru kixikə sɵz ol
ķumaru sɵzüņ tutsa asƣï yüz ol

C71
1470 munu sɵz bitip ķodtum əmdi qïnï
unïtma bu sɵzni unïtma məni

1471 nəqə kəq yaxap ɵz tirig tursa sən
ɵlüm boldï ahir yanïx kɵrsə sən

1472 səziksiz ɵlüm bir kün ahir kəlir
tirilmix bu janlïƣ janïn alƣalïr

1473 oķïƣqï kəlürkə anunƣu kərək
uzun yol yorïrķa ətingü kərək

1474 ɵlümdin ķutulƣu yarï yoķ bilin
ɵlümkə ətingil kərəkiņ alïn

1475 nəgü tər əxitgil ɵgi yətmix ər
ɵlümüg ɵlürdə oza uķmïx ər

1476 kəzikqə kəlir bu ɵlümnüņ ķurï
ɵlümkə ɵzüņ qïn anuķlap yorï

B117
1477 kümüx ķur baƣuqï munu mən təyü
ɵlüm tutti ərsə üzüldi ķurï

1478 ay əlig munu mən ɵtədim həķiņ
tükəl ķildim əmdi baƣïrsaķlïķiņ

1479 bayat bərsü təwfiķ ķamuƣ ədgükə
ķutadsu bu ədgü yəgü ķədgükə

1480 əsənin tirilgil ɵküx yïl yaxa
səvinqin avïnqïn ɵküx əl axa

1469 پايدىلىق مىراستۇر كىشىلەرگە سوز،
مىراس سوزنى تۇتسا بولۇر پايدا يۇز!

1470 پۇتۇپمۇ قويىدۇم ئەمدى بۇ سوز چىنىنى،
ئۇنۇتما بۇ سوزنى، ئۇنۇتما مېنى.

1471 ياشاپ قانچىلىك كوپ، كورەرسەن كورۇم،
يانار جايىڭ ئاخىر بولۇر شۇ ئولۇم.

1472 ئولۇم شۇبھىسىز، بىر كۇن ئاخىر كېلۇر،
بۇ بارچە تىرىكنىڭ جېنىنى ئالۇر.

1473 دەۋەتچى كېلىشكە تەييارلىق كېرەك،
ئۇزۇن يول يۇرۇشكە ھازىرلىق كېرەك.

1474 ئولۇمدىن قۇتۇلۇشقا يوق ھېچ ئامال،
ئولۇمگە ھازىرلان، كېرەكلىكىنى ئال.

1475 نە دەر، ئاڭلا، ئەقلى تولۇپ يەتكەن ئەر،
ئولۇمنى ئولۇشتىن بۇرۇن بىلگەن ئەر:

1476 ئولۇم نوۋىتى ئوز پەيتىدە كېلۇر،
ئولۇمگە ئوزۇڭنى راسلا، تەييار تۇر.

1477 كۇمۇش قۇر باغلىبان مەن-مەن دىگەنلەر،
ئولۇم تۇتسا ئۇنى، ئۇزۇلگەي بۇ قۇر.

1478 ئەي ئېلىگ، ئۇتىدىم مانا مەن ھەققىڭ،
ئادا قىلدىم ئەمدى سېنىڭ شەپقىتىڭ.

1479 خۇدا بەرسۇن تەۋپىق پۇتۇن ئەزگۇگە،
قۇتاتسۇن بۇ ئەزگۇ يىمەك-كەيگۇگە.

1480 ئېسەن بول، تىرىكلىك قىلىپ مىڭ ياشاپ،
قۇۋانچ ۋە سويۇنچتە تولا ئەل سوراپ.

A60

1481 baoqïrsaklïk ərdi mənin bu sezüm
əsən kal səlamət ay kerklüg yüzüm

1482 munu mən barïr mən ay əlig kutï
turu kaldï ooqlum bu baoqrïm otï

1483 bayatka tutuzdum munï yalvara
tiləsə küdəzgəy keyər ot ara

1484 sana hajətim bu kerü bər munï
sürə ïdma boloqay yavalar sanï

1485 kamuoq nənkə tənri kïlur ol səbəb
kamuoq ədgü əsiz anar ez üləp

1486 ooqul kïz səbəbi ata ol ana
kïlïnq artasa ya ətilsə yana

C72

1487 munu mən atasï elür mən bu kün
kiqig kaldï ooqlum yətim egsüzün

1488 bar ərsə kalï bu tapuoqqï həkï
səbəb bol munï ədgü yolka okï

1489 kerü ïdma egrətgil ərdəm bilik
bilik ərdəmin bulsu əlkə əlig

1490 ətilsü kïlïnqï tüzülsü yorïk
tusulsu tapuoqka alïnsu alïk

1491 yava ïdma boxlaoq yïoqa tut kïsa
yïoqa tutsa ooqlan bulur kut basa

B118

1492 nəgü tər əxitgil karï kekləmix
sïnamïx ukup həm bilip sezləmix

1481 ئېرۈر مېھرىۋانلىق پۈتۈن بۇ سۆزۈم،
سالامەت-ئېسەن قال گۈزەل يۈزلۈكۈم.

1482 مانا مەن كېتۈرمەن، ئەي ئېلىك قۇتى،
قېلىپ قالدى ئوغلۇم — بۇ باغرىم ئوتى.

1483 بۇنى تاپشۇردۇم مەن ھەققە يالۋۇرا،
تىلەسە ئۇ ساقلار كۈيەر ئوت ئارا.

1484 ساڭا ھاجىتىم شۇ: قاراپ قوي ئاڭا،
يىراق قىلما، بولۇپ قالمىغاي ياۋا.

1485 ھەر ئىشقا قىلۇر بىر سەۋەپنى خۇدا،
يامان-ياخشىلىقتۇر ئۇنىڭ قولىدا.

1486 ئوغۇل-قىز سەۋەبى ئاتا ھەم ئانا،
بۇزۇلسا قىلىقى، تۈزەلسە يانا.

1487 مانا مەن ئاتاسى ئۆلەرمەن بۇ كۈن،
كىچىك قالدى ئوغلۇم يېتىم-ئۆكسۈزۈن[115] .

1488 تونۇساڭ خادىم ھەققى بار مەندە دەپ،
ئۇنى ياخشى يولغا ئۈندە، بول سەۋەپ.

1489 قاراپ تۇر، ئۆگەت ئاڭا ئەردەم، بىلىك،
بىلىم پەزىلە بولسۇن ئەلگە يېتىك.

1490 يېتىلسۇن، تۈزەتسۇن قىلىق-ھەركىتىن،
لاياقەت بىرلە ئۇ تاپسۇن خىزمىتىن.

1491 ئۇنى قويمىغىن بوش، قاتتىق تۇت سىقىپ،
تۇتۇلسا ئوغۇل چىڭ، تاپار قۇت بېرىپ.

1492 نىمە دەر ئىشىت، چال، بىلەرمەن كىشى،
سىناپ ھەم ئۇقۇپ سۆز سۆزلىگەن كىشى:

1493 kiqig ərkən əgrət ooqulka bilik
kiqigdə bilik bilsə kətrür əlig

1494 ayama ooqul kīzka bərgə yətür
ooqul kīzka bərgə bilik əgrətür

1495 kiqiglikte bilsə ooqul kīz nəni
karīp əlməginqə unītmaz anī

* * *

1496 tükəttī bitik türdi badī tutup
alīp ooqlīna bərdi əlgin sunup

* * *

1497 ayur bu bitik tut yitürmə ooqul
əligkə təgürgil kumarum bu ol

1498 bitikim okīsun səzüm tutsunī
əlümkə anunsun ixin ətsüni

* * *

1499 uluoq tīndī ətrü ooqulka baka
ayur sən munī uk kənikə yaka

1500 yana aldī ooqlīn konīna kuqa
əpüp yīoqladī bürnü yaxīn saqa

* * *

1501 ayur ay ooqul kərdün əmdi məni
nə halīn barīr mən unītma munī

1493 ئوغۇلنى كىچىكتە ئوقۇتماق زورۇر،
كىچىكلىكتە بىلسە ئۇتۇغلۇق بولۇر.

1494 ئوغۇل-قىز ئايىماي تاياق بىرلە ئۇر،
تاياق قىز-ئوغۇلغا بىلىم ئوگىتۇر.

1495 كىچىك چاغدا بىلسە بالا نېمىنى،
قېرىپ ئۆلمىگۈنچە ئۇنۇتماس ئۇنى.

* * *

1496 ئۇ خەتنى تۈگەتىپ باغلىدى تۈرۈپ،
ئېلىپ ئوغلىغا بەردى قولنى سۇنۇپ.

1497 دېدى: تۇت بۇ خەتنى، يوقاتما ئوغۇل،
ئېلىككە يېتۈرگىن، مىراسىمدۇر ئۇل.

1498 خېتىمنى ئوقۇسۇن، سوزۇم تۇتسۇن ئۇ،
ئۇلۇمگە بولۇپ تەخ، ئىشىن ئەتسۇن ئۇ.

* * *

1499 ئۇلۇغ بىرنى تىندى، قاراپ ئوغلىغا،
دېدى: بىل بۇنى، ماڭ ھەقلىق يولىغا.

1500 ئۇ باستى ئوغلىنى باغرىغا قۇچۇپ،
ئۇپۇپ يىغلىدى كوپ يېشىنى توكۇپ.

* * *

1501 دېدى: ئەي ئوغۇل سەن كورەرسەن مېنى،
نە ھالدا كېتەرمەن، ئۇنۇتما بۇنى.

1502 saņa ma sə̣ziksiz bu əḍ kəlgü ol
usal bolma ahir əzüņ əlgü ol

1503 kərəklig səzüg mən tutuzdum saņa
səzümnī unītma du‘a ķīl maņa

C.
1504 ķalī ə̣lig əḍləp tiləsə sə̣ni
yorīķ tüz tapuoq ķīl basīnma anī

1505 yava bo̤lma boxlaoq yügürmə əzün
kəni bol silig bol ķīlīnqīn səzīn

1506 kə̣qə yatša kə̣q yat yana ərtə tur
yatīp ərtə ķopoqan ķutīn arturur

1507 bayat yarlīoqīn sən aoqīr tut aoqīr
ə̣ligkə tapuoq ķīl isingil baoqīr

B119
1508 ə̣sizkə yaoquma yīraķ tur təzə
yorī əḍgülük ķīl yorīķ yol tüzə

1509 səzüņni küḍəzgil sələmət yorī
əzüņni küḍəzgil əsənin ķarī

* * *

1510 səzīn kəsti oqlīn ķuqup yīoqladī
ulīndī yana ol əkünqlər yə̣dī

* * *

1511 ayur ay īnanqsīz azun bi-wəfa
nəlük ķīldīņ əmdi maņa sən jəfa

1512 tü ni‘mət bilə bu igiḍmix əzüm
kirür bu ķara yə̣rkə kərklüg yüzüm

1502 ساڭا ھەم كېلەدۇر شۈبھىسىز بۇ كۈن،
غاپىل بولما، ئاخىر ئۆلىسەن بىر كۈن.

1503 كېرەكلىك سۆزۈمنى مەن ئېيتتىم ساڭا،
سۆزۈمنى ئۇنۇتما، دۇئا قىل ماڭا.

1504 يېتىپ چاغ ئېلىك گەر ئۈستىسە سېنى،
ھالال قىل خىزمىتىن، قەدىرلە ئۇنى.

1505 لاغايلاپ بىھۇدە يۈرمىگىن ئۆزۈڭ،
سىلىق، توغرا بولسۇن قىلىغىڭ، سۆزۈڭ.

1506 يېتىپ ئاخشىمى كەچ، يەنە تۇر سەھەر،
سەھەر تۇرسا بەختى كىشىنىڭ ئۇسەر.

1507 خۇدا بۇيرۇغىنى ئەزىز تۇت ئەزىز،
ئېلىككە خىزمەت قىل، بېرىپ دىلنى تېز.

1508 يامانغا يولىما، يىراق تۇر ھامان،
تۈزەت خۇي-پەيلىڭ، قىل ياخشىلىق ھەرئان.

1509 كۆزۈڭنى كۈزەتىپ، سالامەت يۈرى،
ئۆزۈڭنى كۈزەتىپ، سالامەت قېرى.

* * *

1510 سوزىن كەستى، ئوغلىن قۇچۇپ يىغلىدى،
يانا ئىگراپ تولا پۇشايمان يىدى.

1511 دېدى: ئەي ئىشەنچىسىز جاھان بىۋاپا،
نىچۈك قىلدىڭ ئەمدى ماڭا سەن جاپا.

1512 يىبان نازۇ-نېمەت بىقىلغان ئۆزۈم،
كىرەر بۇ قارا يەرگە كۆركەم يۈزۈم.

1513 anadïn nətəg toɋdum ərsə bu kün
anïŋ təg barïr mən yalïŋïn muŋun

A61
1514 nəgü tər əxitgil ølügli øk ər
ølümkə økünüp ulïɋlï bək ər

1515 ķarïndïn qïķardïŋ ķarïnķa kirür
xəkərdïn igiḍtiŋ yïlanķa bərür

1516 əsizim yigitlik tiriglik əsiz
økünqün sïɋït birlə gürkə kirür

* * *

1517 sïɋït ķoḍtï ay toldï yətürüp øgin
ķumaru ülədi kixikə nəŋin

1518 bəhil ķoldï barqa ķadaxlarķa ol
tilər boldï janï yaxïl kəkkə yol

1519 kezin kəkkə tikti kətürdï əlig
xəhadət bilə kəsti təprər tilig

1520 yaruķ jan üzüldi tünərdi küni
bayat atï birlə kəsildi tïnï

1521 əḍizlik tilədi süzük jan turuɋ
uqup bardï jan ķaldï kalbüd ķuruɋ

1522 bolup toɋmaduķ təg yitip bardï jan
azunda atï ķaldï bəlgü nixan

B120
1523 nəgü tər əxit əmdi kəŋli kəni
usallïķ usïndïn oḍunmïx küni

1513 ئانادىن ئىچۈك مەن تۇغۇلسام شۇ كۈن،
كېتەرمەن مۇڭ ئىچرە يالاڭغاچ بۇ كۈن.

1514 نىمە دەر، ئىشىتكىن، ئۆلۈۋاتقان ئەر،
ئۆلۈمگە ئۆكۈنۈپ ئىڭراۋاتقان ئەر:

1515 قېرىندىن چىقاردىڭ، قېرىنغا كىرۈر،
شېكەر يىگەن تەننى ئىلانلار يېيۈر.

1516 ئىست ھەي يىگىتلىك، تىرىكلىك ئىست،
ئۆكۈنچلۈك يىغى بىرلە گورگە كىرۈر.

* * *

1517 قىلىپ بەس يىغىسىن ئۇ ئەقلىن يىغىپ،
ئۈلەشتۈردى مالىن ھەدىيە قىلىپ.

1518 ئىزالىق تىلەدى يېقىنلاردىن ئول،
ئالۇر بولدى جانى يېشىل كۆككە يول.

1519 كۆزىن كۆككە تىكتى كۆتەردى قولىن،
شاھادەت بىلەن كەستى تەبرەر تىلىن.

1520 يورۇق جان ئۈزۈلدى، قارايدى كۈنى،
خۇدا ئاتى بىرلە كېسىلدى تىنى.

1521 سۈزۈك جان تىلەدى ئىگىزدىن تۇرۇق[116]،
ئۇچۇپ كەتتى جان، قالدى جىسمى قۇرۇق.

1522 بولۇپ تۇغمىشاندەك يۇتۇپ كەتتى جان،
جاھاندا ئىتى قالدى بەلگۈ-نىشان.

1523 نىمە دەر ئىشىت ئەمدى كۆڭلى كۈنى،
غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغانغان كۈنى:

1524 ət ɵznüŋ əvi ol bəḍizlig əviŋ
süzüg jan əvi ol bəḍiz təg təniŋ

1525 ⱪuruƣ ⱪaldï ⱪalbüd uqup barsa jan
bayat bildi ⱪanƣa barïr ərsə jan

1526 əḍiz boldï ɵrnï ay ⱪutluƣ ⱪuta
təŋisə ⱪodï insə boldï yuta

1527 ikidə biri boldï xəksiz ülüg
tirildi ɵlümsüz uzun məŋülüg

1528 nə muŋluƣ turur kɵrsə yalŋuⱪ ɵzi
yorïrda yitər atï kəslür sɵzi

1529 ⱪayudïn kəlïr ərki ⱪaŋƣa barïr
ⱪayuda turur ərki ⱪayda yorïr

1530 biliⱪli bilirmü nəgü tər nəgü
uⱪuƣlï uⱪarmu nəgü tər bɵgü

1531 biliⱪli bayat ol bilir bu ixig
uⱪuƣlï uƣan ol uⱪar bu ixig

1532 ara bir ïqar kɵr yorïr bəlgüsüz
ara kɵz kɵrüdə bolur bəlgüsüz

1533 əḍi kïsƣa ɵzlüg bu yalŋuⱪ ɵzi
sakïnqï uzun həm bəḍük til sɵzi

1534 kɵrü barsa yalŋuⱪ bu ərksizlikin
nəlük muŋqa yavlaⱪ kɵtürdi əgin

1535 iki künlük ərtər azunuƣ bulup
nəlük kɵrdi kɵgsin ⱪaya təg bolup

1524 ۋۇجۇدۇڭ ئۆيىدۇر بىزەكلىك ئۆيۈڭ،
سۆزۈڭ جان ئۆيىدۇر سۈرەتتەك تېنىڭ.

1525 قۇرۇق تەن قالۇر ئۇ ئۇچۇپ كەتسە جان،
خۇدالا بىلۇر نەگە بارغاي بۇ جان.

1526 جان ئورنى ئىگىزدە، بىل ئەي بەختىيار،
تۆۋەن چۈشسە يامان پالاكەت بولار.

1527 ئۇ شەكسىز ئىككىدىن بىرىنى تاپار،
ئۇ ئۆلمەس، ئۆزۈن ھەم مەڭگۈلۈك ياشار.

1528 نە چاغلىق زەئىپتۇر بۇ ئىنسان ئۆزى،
يۈرەركەن يۆتەر ئېتى، كېسىلۇر سوزى.

1529 قەيەردىن كېلۇركىن؟ قەيەرگە بارۇر؟
قەيەردە تۇرۇركىن؟ قەيەردە يۈرۈر؟

1530 بىلىملىك بىلەمدۇ؟ نىمە دەر بۇنى؟
ئەقىللىق ئۇقامدۇ؟ نىمە دەر ئۇنى؟

1531 خۇدادىن بولەك يوق بۇنى بىلگۈچى،
پەقەت بىرلا تەڭرى بۇنى ئۇققۇچى.

1532 گەھى ئۇ يوشۇرنۇپ كېزەر بەلگىسىز،
ۋە بەزى كورۇنۇپ، كېتەر بەلگىسىز.

1533 تولا قىسقا ئومۇرلۇك بۇ ئىنسان ئۆزى،
غېمىلا ئۇزۇن ھەم بۈيۈك تىل-سوزى.

1534 كورەرسەن، بۇ ئىنسان زەئىپ نە قەدەر،
ئۇ شۇنچە يامانلىق نىچۈك كوترەر؟

1535 ئىككى كۈنلۈك ئوتكۈنچى دۇنيا كورۇپ،
نىچۈك كەردى كوكسىن قىيا تاش بولۇپ.

1536 ņəgü tə̧r əxitgil oḍunmïx kixi
ölümüg uķup yolķa kənmix kixi

1537 nə təņsiz 'ölüm sən ay yavlaķ ölüm
tusulmaz saņa ə̧tsə tük miņ tolum

B121
1538 təzükə təgir sən ķutulmaz biri
ə̧siz əḍgü nəņkə sən ək sən torï

1539 kərək ərdi bilgə tirilsə ķutun
ķamuoq əlsün ərdi biliksiz otun

1540 ə̧siz əḍgü ķalmaz nəqə tüz əlür
uluoq ya kiqig tut ķara yə̧r bolur

1541 ölümkə kəqik yoķ tirig boldaqï
nəqə kə̧q tirilsə ölüm kəldəqi

1542 nə yaķxï ayur bu boḍun baxlar ər
bilikin uķuxun ixin ixlər ər

1543 nə əḍgü ix ərdi ölüm bolmasa
nə kərklüg ix ərdi kixi əlməsə

A62
1544 ərəẓkə təgürdi mə̧ni bu ölüm
ölüm ol buzuoqlï tüpüm ḥəm ulum

1545 ölümkə taņ ərməz toqquoqlï ölür
toqquoqlï ölür kər ķara yə̧r bolur

1546 kixi ə̧siz ərməz kixilik ə̧siz
ərən ə̧siz ərməz kənilik ə̧siz

1547 bu ķurtoqa ķïlïnqï bu ol əņdisi
kərək əņdi tutoqïl ķərək təņdisi

1536 نىمە دەر، ئىشتىكىن، ئۆيغانغان كىشى،
ئۆلۈمنى تونۇپ، يولغا كونگەن كىشى:

1537 ئەجەپ تەڭدىشىڭ يوق، يامان، ئەي ئۆلۈم،
تۇسالماس سېنى بولسا مىڭلاپ تولۇم[117].

1538 كېلەرسەن ئۇمۇمغا، قۇتۇلماس بىرى،
يامانۇ-ياخشىنىڭ ئۆزۈڭ بىر تورى.

1539 بولاتتى تىرىك قالسا ئالىم ئامان،
بولاتتى ئۆلۈپ كەتسە بارلىق نادان.

1540 يامان-ياخشى قالماس تامامەن ئۆلۈر،
ئۇلۇغمۇ، كىچىكمۇ قارا يەر بولۇر.

1541 ئۆلۈمدىن قېچىشقا كېچىك يوق چوقۇم،
ھەر قانچە ياشا سەن، كېلەدۇر ئۆلۈم.

1542 نە ياخشى دىمىشدۇر بۇ ئەل باشلار ئەر،
ئىشنى بىلىپ ھەم ئۇقۇپ ئىشلەر ئەر:

1543 نە ياخشى ئىش ئەردى ئۆلۈم بولمىسا،
نە كوركەم ئىش ئەردى كىشى ئۆلمىسە.

1544 راھەتكە يەتكۈزدى مېنى بۇ ئۆلۈم،
ئۆلۈم بۇزدى مېنىڭ ئاساسىم-ئۇلۇم.

1545 ئەجەپ يوق ئۆلۈمگە، تۇغۇلغان ئۆلۈر.
تۇغۇلغان ئۆلۈر، كور، قارا يەر بولۇر.

1546 كىشىگە ئىست يوق، كىشلىك ئىست،
ئەمەس ئەرگە ئەپسۇس، دۇرۇسلۇق ئىست.

1547 قېرى بۇ جاھاننىڭ شۇدۇر ئادىتى،
ئەمەل قىل ۋە يا قوي ئۇنى شۇ پېتى.

24

KÜN TOƢDÏ ƏLIG ƟGDÜLMIXNI OKÏMÏXÏN AYUR

1548 bu ay toldï yasïn kəqürdi əlig
okïp oƣlïna bərdi ət sav ərig

1549 ayur ay oƣul kïlma artuk sakïnq
sakïnq kəqsə ahir tüpində səvinq

1550 sana təgmədi bu sakïnq yalnuzun
mana təgdi kadoƣu sakïnqlar uzun

B122
1551 kenülni qekürmə ezünni avït
baka tur mana ez tapuoƣka əvit

1552 atan eldi ərsə ata mən sana
atalïk kïlayïn oƣul bol mana

ƟGDÜLMIX JƏWABÏ ƏLIGKƏ

1553 yər epti ker egdülmix aydï əlig
uzun kəq yaxaƣïl axayu əlig

يىگىرمە تۆتىنچى باپ

كۈنتۇغدى ئېلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشنى چاقىرتقانلىغى باياندا

1548 ئېلىگ ماتەم ئۇتكۈزدى ئايتولدىغا،
ئۆكۈت بەردى كوپ، قىچقىرىپ ئوغلىغا.

1549 دېدى: ئەي ئوغۇل قىلما ئارتۇقچە غەم،
غەم ئۇتسە، بولۇرلەر ئاخىر شاتلىق ھەم.

1550 بۇ غەم كەلمىدى، قارا، يالغۇز ساڭا،
ئۆزۈن قايغۇ-غەملەرمۇ كەلدى ماڭا.

1551 چۈشۈرمە روھىڭنى، ئۆزەڭنى ئاۋۇت،
يېنىمدا تۇرۇپ سەن، خىزمىتىمدە ئوت.

1552 ئاتاڭ ئۆلگەن ئولسا، ئاتا مەن ساڭا،
ئاتالىق قىلاي مەن، ئوغۇل بول ماڭا.

ئۆگدۈلمىشنىڭ ئېلىككە جاۋابى

1553 يەر ئۆپتى ئۆگدۈلمىش دېدى: ئەي ئېلىگ،
سوراپ ئەل سەن ئۆزۈن ياشا، بول تىرىك.

1554 mən igdix ḳuluŋ mən tapuoqqï səniŋ
yuluoq bolsu janïm ə̣ligkə məniŋ

1555 atam janï boldï ə̣ligkə yuluoq
yuluoq ḳïlsu təŋri saŋa bu ḳuluoq

* * *

1556 qïḳardï atasï bitikin ooqul
ə̣ligkə ətündi kər aḳru amul

1557 ə̣lig aldï aqtï oḳïdï bitik
səzin uḳtï aydï ə̣siz ay tətik

1558 ayur ay baoqïrsaḳ kixidə burun
ḳapuoqum ḳurïttïŋ ḳor ə̣ttiŋ orun

1559 tiriglə tapïndïŋ ətədiŋ ḥəḳïm
əlürdə munaḍïp yẹdiŋ ḥəm oqəmïm

1560 ḥəḳïŋnï ətəyümədim mən səniŋ
bayat oḳ ətəsün səniŋ ḥəḳlaṛïŋ

1561 nətəg kim səvinqlig mən sẹndin bu kün
bayat bẹrsüni miŋ səvinqiŋ ḳutun

* * *

1562 səzin kəsti ə̣lig kəzi yax saqa
turup qïḳtï andïn saḳïnqïoq ḳuqa

C73

1563 əviŋə kəlip kirdi kəŋli tüxük
ḳapuoq yaptï ḳaq kün saḳïnqïn tügük

1554 ئۇستۇرگەن قۇلۇڭمەن، خىزمەتچىڭ سىنىڭ،
پەيدا بولسۇن ئېلىككە جانىم مېنىڭ.

1555 ئاتام جانى بولدى ئېلىككە پەيدا،
پەيدا قىلسۇن ساڭا بۇ قۇلنى خۇدا.

* * *

1556 چىقاردى ئاتانىڭ خېتىنى ئوغۇل،
ئېلىككە ئەدەپلە سۇنۇپ بەردى ئۇل.

1557 ئېلىگ ئالدى-ئاچتى، ئوقىدى بىتىك،
سوزىن ئۇقتى، دىدى: ئىسىت، ئى تىتىك[118].

1558 دىدى: ئەي مېھرىۋان كىشى سەرۋەرى،
ئىشىگىم قۇرۇتتىڭ، بوش قالدى يېرى.

1559 تىرىك چاغدا ئىشلەپ، ھەققىم ئۆتەدىڭ،
ئۆلەر چاغدا ئۆيلاپ، غېمىمنى يېدىڭ.

1560 ھەققىڭنى ئۆتەلمەي قالدىم مەن سىنىڭ،
خۇدالا ئادا قىلسۇن ھەققىڭ سىنىڭ.

1561 ئىچۇككىم، سىنىڭدىن خوشالمەن بۇ كۈن،
خۇدا بەرسۇن سىنىڭ سۆيۈنچىڭ قۇتۇن.

* * *

1562 سوزىن كەستى ئېلىگ، كوزى ياش چېچىپ،
تۇرۇپ چىقتى ئۇندىن، ئەلەم-دەرت قۇچۇپ.

1563 ئۆيىگە كېلىپ كىردى كوڭلى چۇشۇك،
ئىچە كۈن ياتتى غەمكىن، يېپىپ ئىشىك.

* * *

1564 bu ay toldīnīn kīldī oqlī yoqī
qīqayka üledi kümüx hem aqī

1565 keqürdi yeme ek ata kadqusīn
yakīn kīldī ezke kixi edgüsin

B123
1566 ata pendi tuttī yorīdī keni
kutī künde arttī yarudī küni

1567 negü ter exit emdi eglüg kixi
baxīnda keqürmix bilir el ixi

1568 ata pendini sen katīq tut katīq
kutadqay künün berge künde tatīq

1569 atanni ananni sevindür tapīn
yanut berge tapqun tümen min asīq

* * *

1570 elig me katīqlandī anda naru
kününe uru bardī edgü terü

1571 bayudī bodun hem etildi eli
eligke du'a kīldī bodnī tili

* * *

1572 elig bir kün oldurdī yalnuz ezün
kemixti kitab etrü baktī uzun

* * *

1564 ئاتاسى ئۈچۈن قىلدى نەزرە ئوغۇل،
ئۈلەشتۈردى يوقسۇلغا ئېپەك رەخت ۋە پۇل.

1565 كەچۈردى شۇ ھالدا ئاتا قايغۇسىن،
ئۆزىگە قىلدى دوست كىشى ياخشىسىن.

1566 ئاتا پەندىنى تۇتتى بولدى كونى،
ئېشىپ بەختى ھەر كۈن، يورىدى كۈنى.

1567 نىمە دەر ئېشىت ئەمدى ئاقىل كىشى،
بېشىدىن ئىش ئۆتكەن بىلەر ئەل ئىشى:

1568 ئاتا پەندىنى سەن قاتتىق تۇت قاتتىق،
كۆڭلۈڭ قۇتلۇق بولۇر كۈنسايىن تاتلىق.

1569 خىزمەتلە خۇش قىلساڭ ئاتا-ئانانى،
تاپارسەن تۈمەن مىڭ كوپ پايدا-ئاسىغ[119].

* * *

1570 ئېلىگمۇ تىرىشتى شۇنىڭدىن كېيىن،
تۈزەپ قانۇننى ياخشى ھەر كۈنسايىن.

1571 بېيىدى خەلقى ھەم تۈزەلدى ئېلى،
ئېلىككە دۇئا قىلدى خەلقى تىلى.

* * *

1572 ئېلىگ بىر كۈن ئولتۇردى يالغۇز ئۆزى،
كىتاپنى قويدى، تىكتى ئۇزاققا كوزى.

1573 tügüldi egi keṇli yətlümədi
tilədi ayïtoɣu kixi bulmadï

1574 saḳïndï kər ay toldï ərdəmləri
ayur ay dərioɣa ol ərdə əri

1575 ḳapuoɣ kərki ərdi maṇa əḍgü ə̧x
boḍun asoɣï ərdi aṇar təgsə ix

1576 ḳuruoɣ ḳaldï ornï ə̧rildi ə̧xim
ə̧rüklər pütürgü ḳanï bir kixim

1577 yana saḳnu aldï kər egdülmixig
ayur mən unïtmïx mən əḍgü ixig

C74
5178 elürdə ol ay toldï oɣlïn maṇa
tutuzdï anï mən unïttïm taṇa

1579 ata eldi ərsə oɣul bar tirig
birisin yitürdüm tutayïn birig

* * *

A63
1580 kixi ïḍtï tərkin kər egdülmixig
oḳïdï eziṇə bəkitti ixig

1573 توسالدى ئويى ھېچ ئەقلى يەتمىدى،
سوراشقا كىشى ئىستەدى، تاپمىدى.

1574 شۇئان ئەسلەپ ئايتولدى ئەردەملىرى،
دېدى: ۋاي ئىست، ئىدى ئەرلەر ئەرى.

1575 ئىشىك كوركى ھەم ياخشى ھەمرا ئىدى،
ئاڭا تەگسە ئىش، خەلققە پايدا ئىدى.

1576 قۇرۇق قالدى ئورنى، يوق بولدى ئەشىم،
بۇنى تولغۇزۇشقا قېنى بىر كىشىم؟

1577 يانا ئۇ ئوگدۇلمىشنى خاتىرلىدى،
بۇ ياخشى ئىشنى مەن ئۇنتۇپمەن، دېدى.

1578 ئولەر چاغدا ئايتولدى ئوغلىن ماڭا —
تاپشۇرغان ئىدىكىم، ئۇنتۇپمەن، تاڭا!

1579 ئاتا ئولدى، قويدى تىرىك ئوغلىنى،
بىرىنى يۇتتۇردۇم، تۇتاي بىرىنى.

* * *

1580 ئەۋەتتى ئوگدۇلمىشكە تېزدىن كىشى،
چاقىردى ئۇزىگە، ھەل ئەتتى ئىشى.

25

ƟGDỤLMIX KÜN TOƢDÏ ỌLIG TAPUƢÏṆA KƟRÜNMIXIN AYUR

B124

1581 yorïp kirdi ɵgdülmix uṭru turup
ọligkə kɵründi səvinqlig bolup

ỌLIG SUALI ƟGDÜLMIXKƏ

1582 ọlig kɵrdi tərkin oḳïdï anï
ayïttï nəgü ḳïldï ɵḍlək sọni

1583 nəgü təg kəqər bu kəqigli künüṇ
kɵnimü yorïr sən ya əgri yoluṇ

1584 nəgü ḳïldï ɵḍlək ataṇda kọḍin
səvinqmü bọrür ya saḳïnq ḳaḍoƣudïn

ƟGDÜLMIX JƏWABÏ ỌLIGKƏ

1585 ɵtündi bu ɵgdülmix ọlig ḳutï
uzun kọq tirilsü yaḍïlsu atï

يىگىرمە بەشىنچى باپ

ئۆگدۈلمىشنىڭ كۈنتۇغدى ئېلىگ ھوزۇرىغا كىرگەنلىكى بايانىدا

1581 كېلىپ كىردى ئۆگدۈلمىش ئۇدۇل يۈرۈپ،
ئېلىككە كورۇندى سويۇنچلىك بولۇپ.

ئېلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە سوئالى

1582 ئېلىگ كوردى دەرھال قىچقىردى ئۇنى،
دېدى: نىمە قىلدى زامانە سېنى؟

1583 نىچۇكرەك كېچەر بۇ كەچۈرگەن كۈنۈڭ،
يۈردۈڭمۇ دۇرۇس ياكى ئەگرى يولۇڭ؟

1584 زامانە نە قىلدى ئاتاڭدىن كېيىن،
يۈرەمسەن خوشال يا غەمكىن ـ قايغۇدىن؟

ئۆگدۈلمىشنىڭ ئېلىككە جاۋابى

1585 دېدى بۇ ئۆگدۈلمىش: ئەي ئېلىگ قۇتى،
ياشاسۇن ئۇزۇن ھەم يېيىلسۇن ئېتى.

1586 yïraⱪ boldum ə̣lig tapuƣïnda tax
ə̣riglәndi ɵḍlək maŋa tügdi ⱪax

1587 pütə boldï ə̣lig yüzin kɵrmədim
saⱪïnq ⱪaḍƣu birlə yorïp külmədim

1588 bu kün əḍləp ə̣lig mə̣ni ündədi
umïnqlïƣⱪa dəwlət maŋa ⱪur badï

1589 ə̣lig yarlïƣïnï əxitti ɵzüm
künüm əḍgü boldï yarudï kɵzüm

* * *

1590 ə̣lig təgmə türlüg ayïttï bilik
ɵtündi bu ɵgdülmix aqtï tilig

1586 ئېلىگ ئىشىدىن چەتتە قالدىم يىراق،
زامان يۈز ئۆرۈپ قاش تۈرگەچ بىراق.

1587 ئۈزۈن بولدى ئېلىگ يۈزىن كورمىدىم،
ئەلەم ـ قايغۇ بىرلە يۈرۈپ، كۈلمىدىم.

1588 قىچقىرغاچ بۇ كۈن خان قىلىپ ياد مېنى،
ماڭا باغلىدى بەخت ئۈمىت قۇرىنى.

1589 ئېلىگ يارلىغىنى ئىشىتكەچ ئۆزۈم،
كۈنۈم ياخشى بولدى، يورىدى كوزۇم.

* * *

1590 ئېلىگ كوردى تۈرلۈك ئىلىمدىن سىناپ،
ئېچىپ تىلنى ئۆگدۈلمىش ئېيتتى جاۋاپ.

26

ƟGDÜLMIX KÜN TOƢDÏ ƏLIG TAPUƢÏŅA KIRMIXIN AYUR

1591 ẹlig aydï muṇda naru ay oƣul
maņa tapnu turƣïl qəkürmə kəņül

C75

1592 ataņ tapoƣï bar ərdï artuķ təlim
ɵtəyümədim bardï ķaldï bẹrim

1593 ɵtəgü kərək mən bu ḩəķlar saņa
kixilər tili bolmasa bẹr maņa

B125

1594 nəgü tẹr əxitgil uq ordu bəgi
bilip sɵzləmix sɵzkə yətrüp ɵgi

1595 kixi əmgək ïḑsa saņa bəlgülüg
unïtma ol əmgəkni bolma ɵlüg

1596 kixilikni ķoḑma ay əşlï kixi
kixilik ķïlu tur kixikə tuxï

1597 kimiņ əmgəki kirsə kimkə birər
yanutïn ɵküx ķïl sən ɵtrü aņar

يىگىرمە ئالتىنچى باپ

ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىشنى ئېلىك خىزمىتىگە كىرگۈزگەنلىكى بايانىدا

1591 ئېلىڭ ئېيتتى: مۇندىن كېيىن ئەي ئوغۇل،
خىزمەت قىل ماڭا، سەن چۈشۈرمەي كۆڭۈل.

1592 بار ئەردى ئاتاڭنىڭ تولا خىزمىتى،
ئۆتۈلمەي قالدى قەرز ھەققى شۇ پېتى.

1593 بۇ ھەققنى ئۆتۈشۈم كېرەكتۇر ساڭا،
كىشىلەر ئارا سوز تەگمىسۇن ماڭا.

1594 نە دەيدۇ ئۈچ ئوردۇ بېگى ئاڭلىغىل،
بىلىپ سوزلىمىش سوز، ئىشلىتىپ ئەقىل:

1595 كىشى ئەمگەك ئەتسە ساڭا بەلگۈلۈك،
ئۇنۇتما ئۇل ئەمگەكنى بولما ئۆلۈك.

1596 كىشىلىكنى قويما، ئەي ئىسىل كىشى،
كىشىگە كىشىلىك قىلىش تەگتۈشى.

1597 بىرەرسى سىڭۈرسە گەر ئەمگەك ساڭا،
ئۇنىڭدىن تولاراق جاۋاپ قىل ئۇڭا.

1598 kixi əmgəkini bilüməz kixi
tükəl uḍ bolur bu ay ạlqi baxï

1599 yorï uḍ atanma kixilik kïla
kixikə kixi bol kixilik bilə

1600 kixilik üqün at urundï kixi
kixilik bilə at kətürdi kixi

ƏGDÜLMIX JƏWABÏ ẠLIGKƏ

1601 yạr əpti kər əgdülmix aydï ạlig
ạlig kəz yarutsa maṇa boldï ig

1602 tapuọqï ḳuluṇ mən bəgim sən uluọ
uluọ bəg aọïrlar tapuọqï ḳuluọ

1603 tiləsə aọïr tut tiləsə uquz
yuluọ kïldïm əmdi saṇa mən bu əz

* * *

1604 turup qïḳtï aḳru ḳapuọḳa kəlip
bir anqa yorïp bardï əvkə təgip

1605 ḳurïn badï əgdülmix anda naru
ḳïyiḳsïz tapuọ ḳïldï ạldə turu

1606 tapïndï kạqə taṇda təprəmədi
tünïn yatti yatọaḳ ax anda yạdi

C76
1607 ạlig kəṇliṇə sïọdï ərsə tapuọ
ạlig bạrdi dəwlət aqïldï ḳapuọ

1598 كىشى ئەمگىكىنى بىلەلمەس كىشى،
پۈتۈنلەي بولۇر ئۇي، ئەي بەگلەر بېشى.

1599 يۇرى، ئۇي ئاتانما، كىشىلىك تىلە،
كىشىگە كىشى بول كىشىلىك بىلە.

1600 كىشىلىككە كىشى ئاتاندى كىشى،
كىشىلىك بىلەن ئات كۆتەردى كىشى.

ئۆگدۈلمىشنىڭ ئېلىككە جاۋابى

1601 سۆيۈپ يەرنى ئۆگدۈلمىش دېدى: ئەي خان،
ئېلىگ خۇشلىغى خوپ ماڭا ھەر زامان.

1602 ئۇلۇغۋار بېگىمسەن، مەن خىزمەتچى قۇل،
ئۇلۇغ بەگ قەدىرلەر خىزمەتچىنى ئۇل.

1603 تىلەسەڭ قەدىرلە ۋە ياكى خار قىل،
پىدا قىلدىم ئۆزۈم ساڭا ئەمدى، بىل.

* * *

1604 تۇرۇپ ئاستا ماڭدى ئىشىكتىن چىقىپ،
بىر ئاز ئايلىنىپ ئۆيگە كەتتى يېنىپ.

1605 باغلاپ بۇ ئۆگدۈلمىش خىزمەت كەمىرىن،
دېدىل ئىشقا كىرىشتى شۇنىڭدىن كېيىن.

1606 سەھەر ـ كەچ تەۋرىمەي راسا ئىشلىدى،
قىلىپ تۈن كۈزەت، ئاشنى ئاندا يېدى.

1607 ئېلىگ كۆڭلىگە ياقتى بەك خىزمىتى،
ئېچىلدى ئىشىك، بەردى قول دەۋلىتى.

1608 nəgü tər əxit bu tapuoı kïloıuqï
tapuoı birlə dəwlət atïn mingüqi

1609 ay bəglər səvinqi tiləgli kixi
ķamuoı bəg tiləki ezə kïl ixi

B126
1610 bəgi taplamaz ixni ķïlsa ķulï
ilənq ezkə kïloıu sərilsə ķalï

1611 ķalï ķïlsa bəglər tapïsïz tapuoı
yava kïldï tapmix tiriglik ķamuoı

* * *

1612 yaķïn tuttï əlig kər egdülmixig
tərüqə ayu bərdi təgmə ixig

* * *

1613 yana bir kün oldrup munaḍtï əlig
ayur ay dərioıa yitürdüm ərig

1614 ķapuoıda ķalïn boḍ tərildi tolu
ķanï bir iximkə yaraoılï talu

1615 ixim barqa sindi yoķ ol bilḍəqi
ķanï bir baoıïrsaķ ixim ķïldaqï

1616 nəgü tər əxitgil sïnamïx kixi
sïnap əḍgü əsizni bilmix kixi

1617 tiləsə bulur barqa arzu kixi
tilək təg kixi bulmaz əḍgü baxï

1608 نىمە دەر ئىشتىكىن، خىزمەت قىلغۇچى،
خىزمەت بىرلە دەۋلەت ئېتىن مىنگۈچى:

1609 ئەي بەگلەر سويۇنچىن تىلىگەن كىشى،
پۈتۈن بەگ تىلەگى ئۆزە قىل ئىشى.

1610 بېگى خالىماس ئىشنى قۇل ئىشلىسە،
گۇناسى ئۇزىگە، زەبۇنلۇق يىسە.

1611 بېگى خالىماس ئىشنى قىلسا ئەگەر،
قىلۇر زايە تاپقان تىرىكلىكنى ئەر.

* * *

1612 ئېلىگ ئوكدۇلمىشنى، كور، تۈتتى يېقىن،
ئۇنىڭغا دېدى ئىشنىڭ قانداقلىغىن.

* * *

1613 ئېلىگ مۇڭلىنىپ ھەم دېدى بىر كۈنى،
دەرىخا! يوقاتتىم كامىل كىشىنى.

1614 ئىشكىتە تولا خەلق يىغىلدى تولۇق،
ئىشىمغا يارامىلىق لېكىن بىرى يوق.

1615 بۇزۇلدى ئىشىم، يوق ئېرۇر بىلگۈچى،
قېنى ئۇ كويۇنۇپ ئىشىم قىلغۇچى؟

1616 نىمە دەر، ئىشتىكىن، سىنالغان كىشى،
سىناپ ياخشى-يامانىنى بىلگەن كىشى:

1617 تىلەسە تاپار ھەممە ئارزۇ كىشى،
تېپىلماس تىلەكتەك ياخشىلار بېشى.

A64
1618 bu boḍ sïn yorïoqlï kara bax kalïn
kixi təp ïnanoqu kixi yok bilin

1619 kixidə kərəki yaraoqlïsï ol
yarap həm tusulup yorïoqlïsï ol

1620 nəgü tər əxitgil bu xi'r ayoquqï
sözüg mə'ni birlə tizip koḍoquqï

1621 yorïoqlï kerür mən yaraoqlïsï yok
yaraoqlï bulunsa yorïoqlïsï yok

C77
1622 kalïn boḍ kara bax yorïoqlï təlim
təlimdə tiləsə tusuoqlïsï yok

1623 yana aydï əlig məsəldə kəlir
uruoqluoq kixi elsə uroqï kalïr

1624 nəgü əksə yərkə yana ol enür
ooqul tooqsa kïlkï ataka yanur

1625 bu ay toldï ooqlï ata yurnï ol
ata barsa ornï ooqul ornï ol

B127
1626 ata bardï ornï kuruoq həm kokuz
kokuz toloquka kerdüm ooqlïn kəḍ uz

1627 munï əḍləyin mən bu bolsun kixi
kixi bolmix asoqïn tusuloqay tuxï

1628 boluoqluoq kerür mən yaraoqu munï
kiqigliktə taxtïn aḍïn yok müni

1629 əḍi yakxï aymïx ïla atlïoqï
boḍunda bəḍüki kixi kutluoqï

كورۇنەر خىزمەتچى توپى كىشىدەك، 1618
كىشى يوق ئىشىنىپ كىشى دېگۈدەك.

كىشىنىڭ كېرىگى يارامىلىغىدۇر، 1619
يارامىلىق ھەر ئىشتا پايدىلىغىدۇر.

نىمە دېر ئىشىتكىن، شېئىر ئېيتقۇچى، 1620
سۆزىن مەنا بىرلە تىزىپ قويغۇچى:

يۇرگەنلەر ئىچىدە يارامىلىغى يوق، 1621
بار ئولسا، يېنىمدا تۇراقلىغى يوق.

خىزمەتچى توپىدا يۇرگەنلىرى كوپ، 1622
ئەگەرچە ئىستىسەڭ پايدىلىغى يوق.

يانا دېدى ئېلىگ: مەسەلدە كېلۇر، 1623
ئۇرۇغلۇق كىشى ئولسە ئۇرۇغى قالۇر.

نىمە تەرسە يەرگە يانا شۇ ئۇنۇر، 1624
ئوغۇلنىڭ قىلىغى ئاتاغا يانۇر.

بۇ ئايتولدى ئوغلى ئاتا ئوغلىدۇر، 1625
ئاتا كەتتى ئورنى ئوغۇل ئورنىدۇر.

ئاتا كەتتى، ئورنى قالدى بوش ئوچۇق، 1626
تولۇقلانسۇن ئوغلى بىلە بۇ يوچۇق.

بۇنى قەدىرلەي مەن، ئۇ بولسۇن كىشى، 1627
كىشى بولسا، بولۇر پايدىلىق ئىشى.

كورەرمەن يارامىلىق ئۇنى ھەم تولۇق، 1628
كىچىكلىكتىن ئوزگە ھىچ ئەيىبى يوق.

دېمىش بەكمۇ ياخشى ئىلى ئاتلىغى، 1629
خەلقىنىڭ كاتتىسى ــ ئەلنىڭ قۇتلىغى:

1630 əlig ursa bəglər kimi əḍləsə
yaḳur bax bolur bu bəgində basa

1631 kimi tutsa bəglər ezinə yaḳïn
yaoqudï tiləki kərəki baḳïn

1632 külə baḳsa bəglər kixikə turup
aŋa yïoqlu tərlür ər at yüz urup

1633 əlig aydï əmdi maŋa qarə yoḳ
munï əḍləsə mən kixi boloqu oḳ

1634 etəmix bolayïn atasï ḥəḳïn
ḳïlayïn kixilik baoqïrsaḳlïḳïn

1635 bu ay toldï tapoqï təlim ərdi kər
kixilik ḳïlayïn anïŋ yanoqï kür

C78

1636 kixilik tədüküm bolur əḍgülük
bu əḍgü bolur ol yəgü kəḍgülük

1637 kixi əṣlï əḍgüg unïtmaz bolur
kixi uroqï keŋlin əmitməz bolur

1638 nəgü tər əxitgil avïqoqa sezi
avïqoqa sezin tut unïtma ḳozï

1639 bu əḍgü ḳïlu tur ay əḍgü kixi
ḳarïmaz bolur əḍgü məŋü yaxï

1640 bu əḍgü ḳarïmaz yəmə opramaz
yaxï kəḍ uzun ol atï artamaz

* * *

1630 يېتىشتۇرسە بەگلەر سوزۇپ قول كىشىن،
يېقىنلاپ بولۇر باش بېگىدىن كېيىن.

1631 يېقىن تۇتسا بەگلەر ئۇزىگە كىمنى،
يېقىنلار تىلەكى—ئارزۇ قىلغىنى.

1632 ئەگەر باقسا بەگلەر كىشىگە كۈلۈپ،
يىغىلۇر ئۇنىڭغا ئەرلەر يۈزلىنىپ.

1633 ئىلىگ ئېيتتى: ئەمدى ماڭا چارە يوق،
يېتىشتۇرسەم ئۇنى، بولۇر ئەر تولۇق.

1634 ئۆتىگەن بولاي مەن ئاتاسى ھەققىن،
قىلاي مەن كىشىلىك كويۈمچانلىغىن.

1635 كوپ ئەردى ئايىتولدى خىزمىتى ماڭا،
كىشىلىك قىلىپ مەن ياندۇراي ئاڭا.

1636 كىشىلىك دېگىنىم ئىرۇر ئەزگۈلۈك،
بولۇر ئەزگۈلۈك ئۇ، يىمەك-كەيگۈلۈك.

1637 ئىسىل ئەر ياخشىلىق ئۇنۇتماس بولۇر،
ئىسىل ئەر دىلىنى قېيىتماس بولۇر.

1638 نىمە دەر، ئىشىتكىن قېرىلار سوزى،
قېرىلار سوزىنى ئۇنۇتما قوزى:

1639 قىل ئەي سەن ياخشىلىقنى ياخشى كىشى،
قېرىماس ياخشىلىق، مەڭگۈدۇر يېشى.

1640 قېرىماس ياخشىلىق، قالۇر شۇ پېتى،
ئۇزۇندۇر ئۆمرى بەك، بۇزۇلماس ئېتى.

* * *

1641 aqırladï əlig kər egdülmixig
anar aydï ədgü əsiz ez ixig

1642 aqïndï əlig kər ketürdi erü
bolu bərdi əvrən yumïttï terü

1643 onardï terü həm toku iq tapuq
aqïldï tapuqdïn tiləmix kapuq

B128
1644 müni boldï ərdəm sezi boldï sez
əlig turdï ərsə anar aqtï kez

* * *

1645 əlig aydï əmdi tiləmix ixim
tezü ətlü baroay iqim həm taxïm

1646 yeləki bar'ardi munun bəlgülüg
anïn ədlədim kïldïm aqıq ülüg

1647 munu boldï əmdi tilək təg kixi
takï boloqusï bar yətilsə yaxï

1648 uluq boloqu ooqlan nə ərsig toqan
kiqigdə bolur barqa bəlgü nixan

1649 munar mənzər əmdi bu bəytig okï
uka barsa mə'ni aqïloay takï

1650 kamuq boloqu nənkə bolur bəlgü tən
kiqigdə bədüginqə ol boloqu tən

1651 yəmix yəgü ni'mət qəqəkində kər
kamuq nənkə yanzaq munï bilgü tən

1641 ئىلىك ئۇكدۇلمىشنى ئەزىزلەپ تولا،
يامانۇــياخشى ئىشنى ئېيتتى ئاڭا.

1642 كوتەردى ئىلىك ئۇنى، ئەيلەپ ئىھسان،
قويۇلدى يولغا قانۇن، بولۇپ يار زامان.

1643 تۈزەلدى ئادەت ھەم ئىچكى ئىش، قانۇن،
ئېچىلدى خىزمەتلە ئىشكلەر پۈتۈن.

1644 قۇسۇرى بولدى ئەردەم، سوزى بولدى سوز،
ئىلىك تۇرغان ھامان ئاچار ئاڭا كوز.

* * *

1645 ئىلىك ئېيتتى: ئەمدى تىلىگەن ئىشىم،
تۈزۈلگەي، يېتىلگەي، ئىچىم ھەم تېشىم.

1646 بار ئەردى يولەگى بۇنىڭ بەلگۈلۈك،
شۇڭا قىلدىم ئىھسان ئۇنىڭغا تۈزۈك.

1647 مانا بولدى ئەمدى تىلەكتەك كىشى،
تېخى يۈكسىلۇر كوپ يېتىلسە يېشى.

1648 ئۇلۇغ بولغۇچى ئوغلان ئۇ مەرت تۇغۇلۇر،
كىچىك ۋاقتا ھەممە نىشان كورۇلۇر.

1649 ئوقى بۇ بىيىتنى ئوخشاشۇر بۇڭا،
ئوقىغانچە مەنا ئېچىلۇر ساڭا:

1650 ياراملىق نىمەنىڭ بولۇر بەلگىسى،
كىچىكتىن چوڭ ئولغۇنچە بىلىنگۈسى.

1651 چىچەكتىن بىلىنۇر دەرەخ مېۋىسى،
بۇ ھەممە ئۈچۈن بىر مىسال بولغۇسى.

* * *

C79

1652 tapïndï bu ɵgdülmix utru turup
kïyïlmadï tanda kəqə ed bolup

1653 kətərdi ezindin yaraqsiz muhal
tusuldï kamuq türlüg ixkə tükəl

1654 kutuldï əlig kətti əmgəkləri
bodun asqï arttï yənip yükləri

ƏLIG SUALI ƟGDÜLMIXKƏ

A65

1655 əlig ündədi bir kün ɵgdülmixig
anar sezlədi sez ukup bilmixig

1656 əlig aydï əmdi əxit ay oqul
sez aytur ezüm sən mana tut kenül

1657 ayu bər kixikə tusulur kayu
kayu ol tususï mana ay sayu

ƟGDÜLMIX JƏWABÏ ƏLIGKƏ

1658 yanut bərdi ɵgdülmix aydï ay bəg
bilik ordusï ay kixilərdə yəg

B129

1659 kixikə tusulqu ikigü azun
kïlïnq ədgüsi ol kïlkï tüzün

1660 ikinqi uvut ol üqünqi keni
bu üq nən bilə ər bulur kut küni

* * *

1652 ئشلەدى ئوگدۇلمش راۋرۇس تۇرۇپ،
سەھەر ـ شام قايماستىن ۋاقتىنى تۇتۇپ.

1653 يوقاتتى ئوزىدىن يارامسزلىق هال،
پۇتۇن ئشقا بولدى يارامىلق تۇگەل.

1654 قۇتۇلدى ئېلىگ، كەتتى غەم ـ ئەمگى،
خەلق نەپئى ئاشتى، يېنىكلەپ يۈكى.

ئېلىگنىڭ ئوگدۇلمشكە سوئالى

1655 ئېلىگ ئۇندەپ ئوگدۇلمشنى بىر كۈنى،
ئاڭا سوزلىدى هەممە بىلگەننىنى.

1656 ئېلىگ ئېيتتى: ئەمدى ئىشىت ئەي ئوغۇل،
سوز ئېيتاي ساڭا مەن، بۇڭا بەر كوڭۇل.

1657 كىشىگە پايدىلىق نەرسلەر نىمە؟
نىچۇكتۇر پايدىسى، ساناپ بەرگىنە!

ئوگدۇلمشنىڭ ئېلىككە جاۋابى

1658 جاۋاپ بەردى ئوگدۇلمش دىدى: بېگىم،
سەن ئەلنىڭ ئۇزى، سەندە هەممە بىلىم.

1659 كىشىگە نەپئىلىك هەر ئىككى جاهان—
ئېرۇر ياخشى خۇلق، ئەي ئىسىل خۇلق خان.

1660 ئىككىنچى ئۇياتتۇر، ئۇچىنچى كونى،
بۇ ئۇچتىن تاپۇر ئەر سائادەت كۈنى.

1661 ķilïnq əḑgü bolsa ķamuƣ həlķ səvər
ķilïķï keni bolsa terkə aƣar

1662 uvut ol tiḑïƣlï ķamuƣ təņsizig
uvutsuzluķ ərkə əḑi təņsiz ig

1663 taķï bir siliglik ķïlïnqï keni
ikigü azunda ķutaḑur küni

1664 kenilik uvut həm bu əḑgü ķïlïnq
üqəgün biriksə bu buldï səvinq

ƏLIG SUALI ӨGDÜLMIXKƏ

C80
1665 yana aydï əlig əxittim bu sөz
tusulmaz ķayu ol kixikə yavuz

ӨGDÜLMIX JƏWABÏ ƏLIGKƏ

1666 yanut bərdi өgdülmix aydï əlig
bөgüləp bu sөzkə yətürsü bilik

1667 kixikə tusulmaz tükəl yas ķïlur
bu üq nəņ turur kөr ay əlqi unur

1668 biri arķuķ ərsə bu ķilķi yavuz
taķï biri yalƣan tüzər ərsə sөz

1669 taķï bir saraņ ol ķixidə əli
bu üq nəņ üqəgü biliksiz tili

1670 kimiņ bolsa arķuķ ķilïngï otun
ixi barqa tətrü bolur toƣsa kün

1661 قىلىقى ياخشىلارنى پۈتۈن خەلق سويەر،
خۇيى ـ پەيلى دۇرۇسلار تورگە چىقار.

1662 ناچار ئىشتىن تۇسار ئۇيات ھەر مەھەل،
ئۇياتسىزلىق ئەرگە تېگى يوق كېسەل.

1663 كىشى بولسا سىلىق، قىلىقى كۆنى،
بولۇر ئىككى دۇنيادا بەختلىك كۈنى.

1664 دۇرۇسلۇق، ئۇيات ھەم بۇ ياخشى قىلىق،
بىرىكسە بۇ ئۈچى بولۇر خۇشچىلىق.

ئېلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە سوئالى

1665 يەنە ئېيتتى ئېلىگ: ئىشىتتىم بۇ سۆز،
نېمەدۇر كىشىگە بىپايدا ياۋۇز؟

ئۆگدۈلمىشنىڭ ئېلىككە جاۋابى

1666 جاۋاپ بەردى ئۆگدۈلمىش، دېدى: ئېلىگ،
بۇ سۆزگە يۈگۈرتسۇن ئەقىل ھەم بىلىك.

1667 كىشىگە پايدىسىز، پۈتۈنلەي زىيان —
قىلۇر بۇ ئۈچ نەرسە، ئەي قۇدرەتلىك خان:

1668 بىرى كاجلىق ھەممە قىلىقتا ياۋۇز،
يەنە بىرى يالغان قىلار بولسا سۆز.

1669 بىرىدۇر بېخىللىق، كىشىن خار ئېتەر،
بۇ ئۈچ ئىش بىلىمسىز كىشىدىن كېلەر.

1670 كىشىكىم كاج ئولسا، قىلىقى يامان،
بولۇر ئىشى تەتۈر ئۇنىڭ ھەر زامان.

1671 qaviķsa kim ərsə bu yaloɋan tilin
savï bardï yalņuķ ara sən bilin

B130
1672 saranlïķta ïnoɋa nəgü bar aḍïn
tə̧rer nəņ yə̧yüməz ķalïr nəņ ķə̧ḍin

1673 nəgü tə̧r əxitgil saranïoɋ bilik
ay qïroɋuy ay muņlïoɋ ay tügmix əlig

1674 tə̧rə bildiņ altun yə̧yü bilmədiņ
bu altun yïoɋïp bir nəlük bə̧rmədiņ

1675 ay dunya tə̧rip sən yə̧yüməz kixi
yə̧güqi anundï anuķ tut axï

1676 ol üq nəņ kimiņ bolsa kəldi ķutï
bu üq nəņ kimiņ bolsa yitti atï

Ə̧LIG SUALI ӨGDÜLMIXKƏ

1677 yana aydï ə̧lig əxittim munï
taķï bir sөzüm bar ayu bə̧r anï

1678 anadïnmu bilgə tooɋar bu kixi
azu өgrənürmü yətilsə yaxï

ӨGDÜLMIX JƏWABÏ Ə̧LIGKƏ

C81
1679 yanut bə̧rdi өgdülmix ə̧lig ķutï
bilik həm uķux ol bu ərdəm atï

1680 biliksiz tooɋar ol turu өgrənür
bilik bilsə өtrü ķamuoɋ ix өnür

1671 كىمكى ئاتالسا بۇ يالغان بىلەن،
يوقالماس ئۇ نامى، نە قىلـغان بىلەن.

1672 بېخىللىقتىن ئۆزگە يامان نىمە بار؟
يىمەستىن يىـغار مال، كېيىن مال قالار.

1673 بېخىل ئۆزرە بىـلىم نەدەر بۇنى ئۇق،
ئەي بەختسىز، بىچارە، ئەي قولى يۇمۇق:

1674 يىغىش بىلدىلىڭ ئالـتۇن، يىيىش بىلمىدىلىڭ،
يىغىپ ئالتۇن ئەلگە نىچۈن بەرمىدىلىڭ؟

1675 يىغىپ دۇنيانى ئەي يىمىگەن كىشى،
يىگۈچى تەيياردۇر، تەيـيارلا ئىشى.

1676 بۇ ئۈچ نەرسە كىمدە بولسا بەخت كېتەر،
بۇ ئۈچ نەرسە بىلەن ئىـتمۇ يۈتەر.

ئېلىگنىڭ ئۆگدۈلمىـشكە سوئالى

1677 يەنە ئېيتتى ئېلىگ: ئىشىتتىم بۇنى،
يەنە بىر سوزۇم بار دىگىن سەن ئۇنى.

1678 بىلىمـلىك تۇغۇلۇرمۇ ئانادىن كىشى،
ۋە يا ئۆگىنەمـدۇ يېتىلسە يېشى؟

ئۆگدۈلمىشنىڭ ئېلىگـكە جاۋابى

1679 جاۋاپ بەردى ئۆگدۈلمىش: ئېلىگ قۇتى،
بىلىم ھەم ئەقىل—بۇ پەزىـلەت ئېتى.

1680 بىلىمـسىز تۇغۇلار، يۈرۈپ ئۆگىنۇر،
بىلىم بىلسە ئىشلار ئۇتتۇغلۇق بولۇر.

1681 anadīn toƣuƣlī biliksiz toƣar
bilik egrənür etrü tərkə aƣar

1682 uḳux ol anī yalṇuḳ egrənmədi
tadu birlə ḳatlīp terütür iḍi

1683 uḳuxta aḍīn barqa ərdəmlətig
kixi egrənür etrü yətlür bilik

* * *

1684 səvïndī əlig kər əxitti bu səz
ayur ez tiləkini buldī bu ez

1685 atasīn yitürdüm munuḳi oƣul
ata ornī tuttī bulup əḍgü yol

B131
1686 bayatḳa xükür ḳïloƣu əmdi eküx
boḍunḳa terü ḳïloƣu əḍgü ülüx

A66
1687 baƣïrsaḳ kerür mən bu egdülmixig
pütünlük bilə ḳïldī barqa ixig

1688 anar ma bu kün ḳïloƣu əḍgü yanut
ol əḍgü yanutīn bu bulsu anut

1689 nəgü tər əxitgil kixi eḍrümi
kixi eḍrümi həm boḍun keḍrümi

1690 kixilik ḳïlurḳa kixilik anut
kixilik təṇinqə terü ḳïl yanut

1691 wəfaḳa wəfa ol kixilik ḥəḳï
wəfa ḳïl kixi bol atïṇnï bəḍüt

1681 ئانادىن تۇغۇلغان بىلىمسىز تۇغار،
بىلىمنى ئۆگىنىپ ئۇ تورگە چىقار.

1682 ئەقىلدۇر ئۇنى ئۆگىنەلمەس ئادەم،
تەبىەتكە قوشۇپ ياراتۇر ئىگەم.

1683 ئەقىلدىن بولەك بارچە ئەردەملىنى،
كىشى ئۆگىنىپ، ئاشۇرار ئىلمنى.

* * *

1684 ئىشىتكەچ بۇ سوزنى سويۇندى خاقان،
دىدى: مەن تىلەگىم تاپتىم ئۇشبۇئان.

1685 ئاتاسىن يۇتتۇردۇم، مانا بۇ ئوغۇل —
ئاتا ئورنى تۇتتى، تېپىپ ياخشى يول.

1686 خۇداغا شۇكرىلە ئىلمنى بىزەي،
خەلقلەرگە ياخشى قانۇنلار تۈزەي.

1687 كورەرمەن ئۆگدۈلمىشنى كوپ مېھرىۋان،
دۇرۇسلۇق بىلەن قىلدى ئىشنى هامان.

1688 قىلايىكىم، ياخشىلىق جاۋاپ ئۇچۇن بىر،
بۇ ياخشى جاۋاپقا ئۇ بولسۇن هازىر.

1689 نەدەيدۇ ئىشىتكىن مۇمتاز[120] كىشىلەر،
خەلق ئىچرە خىل ۋە ساز كىشىلەر:

1690 كىشىلىكنى قىلسا كىشىلىكنى قىل،
كىشىلىك تېگىچە جاۋاپ ئەيلەگىل.

1691 ۋاپاغا ۋاپا ئۇ كىشىلىك ھەققى،
ۋاپا قىل، چىقار ئات، كىشىلىكنى قىل.

* * *

C82

1692 küninə aqirladi əlig ani
kamuq əlkə toldi kər ati üni

1693 bodunda bədük boldi bəlgü nixan
azunda qavi bardi ədgü du'an

1694 uluq boldi əx tux ara bəlgülüg
bədük boldi bəglər ara bu külüg

1695 kənül til kiqig tutti kilki onay
yaraxti kamuq birlə kəqti kün ay

1696 kənül kodki tutti tilin səz süqig
bodunuq isitti taxiq həm iqig

1697 adax koldax ərdəx tutundi kalin
adax koldax ol ərkə arka bilin

1698 kimin bolsa koldax adaxi təlim
anin arkasi bək kaya ol yalim

1699 kimin arkasi bolsa küqlüg bolur
bu küqlüg kixi kutka tüplüg bolur

1700 nə ədgü bolur kutka kodki kənül
nə kərklüg bolur bilgə bolsa amul

1701 yəmə yakxi aymix bu eglüg kixi
kim eglüg səzin tutsa ətlür ixi

B132

1702 kimin birlə dəwlət yaraxsa kəlip
kənül kodki tutqu kiqiglik kilip

* * *

1692 ئېلىگ قەدىرلىسدى ئۇنى كۈنمۇ-كۈن،
يېيىلدى نامۇ-ئاتى ئەلگە پۈتۈن.

1693 ئەل ئىچرە بۈيۈدى بەلگۈ-نىشانى،
دۇئا بىرلە داڭقى تۇتتى جاھاننى.

1694 ئۇلۇغ بولدى تەگتۈش ئارا بەلگۈلۈك،
ھەم بەگلەر ئارامۇ ئاتالدى بۈيۈك.

1695 كوگۈل، تىل كىچىك تۇتتى، قىلىغى ئوڭاي،
ياراشىپ جىمى بىرلە، كەچتى كۈن-ئاي.

1696 كىچىك دىل ۋە شىرىن بولۇپ تىل-سوزى،
ئۆستتى ئەلنى ئىچى-تېشىدا ئۆزى.

1697 ئاداش-دوست ۋە قولداش تېپىپ تۇتتى كوپ،
ئاداش-قولداش ئارقا تايانچ، ئەرگە خوپ.

1698 ئاداش ۋە قولدىشى كىمنىڭ تولادۇر،
ئۇنىڭ ئارقا يولەگى چىڭ قىيادۇر.

1699 يولەك كىمدە بولسا ئۇ كۈچلۈك بولۇر،
بۇ كۈچلۈك كىشىگە بەخت توپلۇنۇر.

1700 نە ياخشى بولۇر بەختكە كەمتەر كوگۈل،
نە كوركلۈك ئالىمغا ياۋاش بولسا ئول.

1701 ئەجەپ ياخشى دەپتۇ بۇ ئاقىل كىشى،
كىم ئاقىل سوزىن تۇتسا تۈزلەر ئىشى:

1702 بۇ دەۋلەت كىم بىلەن ياراشسا كېلىپ،
تۇۋەن تۇتقاي ئۆزىن كىچىكلىك قىلىپ.

1703 kəlir ərsə dəwlət kixikə külə
tutup bərkləgüsï kiqiglik bilə

1704 keqüt təg bolur ķut tüpi həm təzi
keņül koḍkïsï ol anïņ yïldïzï

1705 nə əḍgü bolur ķoḍkï alqaķ kixi
nə kərklüg bolur kündə ətlür ixi

1706 uluɣsïɣ küvəz kür kixi ol turï
küniņə ķoḍï ol küvəzlik ķurï

1707 ķamuɣķa yaraxur bu ķut urşa yüz
uķuxluɣķa artuķ yaraxur kəḍ uz

C83
1708 muņar mənzər əmdi bu bəytig oķï
okïɣïl uķa bar ay əlgi aķï

1709 biliksizkə dəwlət yaraxsa kəlip
biliklig̈kə artuķ yaraxur bilip

1710 biliksiz bilə tursa dəwlət ķalï
biliklig bilə turɣa tüplüg ərip

1711 biliksiz bəḍük bolsa dəwlət bilə
biliklig bəḍükrək kü qav at bilə

1712 biliksizkə dəwlət kəlir ərsə ķut
turumaz bu dəwlət anïņ birlə püt

1713 munuķï bu sezkə tanuķ kəldi sez
okïɣïl munï sən aya keņli tüz

1714 kəlir ķut kixikə aɣïrlar anï
siņər ol aɣïrlïķ yorïsa keni

1703 كېلۇر بولسا دەۋلەت كىشىگە كۈلۈپ،
تۇتۇپ چىڭ بېكىتسۇن كىچىك دىل بولۇپ.

1704 كوچ ئاتــتەك بولۇر بەخت تۇۋى-نېگىزى،
مۇلايىم، كوڭۇللۇك ئۇنىڭ يىلتىزى.

1705 نە ياخشى بولۇر كەمــتەر مۇلايىم كىشى،
چىرايلىق بولۇر كۇندە تۇزەلۇر ئىشى.

1706 يوغانچى، تەكەببۇر تېتىقسىز بولۇر،
ئۇنى كىبرىسى كۇنمۇ-كۇن پەس قىلۇر.

1707 بۇ بەخت ئاچسا يۈز ھەممىگە يارىشۇر،
ئەقىللىققا بەكمۇ گۈزەل قامىلىشۇر.

1708 بۇنگا ئوخشار ئەمدى بۇ بېيتىنى ئوقى،
ئوقۇپ مەنىسىنى چۇشەن، ئەي سېخى:

1709 بىلىمسىزگە دەۋلەت ياراشسا كېلىپ،
بىلىملىككە ئارتۇق ياراشۇر بېرىپ.

1710 بىلىمسىز بىلەن تۇرسا دەۋلەت ئەگەر،
بىلىملىكلە تۇرغاي ئاساسىنى سېلىپ.

1711 بىلىمسىز بۇيۇك بولسا دەۋلەت بىلە،
بىلىملىك زورىيار نام-شوھرەت بىلە.

1712 بىلىمسىزگە كەلسە گەر دەۋلەت ۋە قۇت،
بۇ دەۋلەت تۇرماس ھېچ ئۇنىڭ بىرلە، پۇت.

1713 بۇ سوزنىڭ گۇۋاسى مانا ئۇشبۇ سوز،
بۇنى سەن ئوقىغىن، ئايا كوڭلى تۇز:

1714 كېلەر بەخت كىشىگە، قەدىرلەر ئۇنى،
سىڭار بۇ قەدىر ئاڭا، بولسا كونى.

1715 bolumsuzḳa dəwlət kəlü bə̣rsə ḳut
ə̣tər dəwlətin ol kəqürməz küni

* * *

1716 sïnadï kər ə̣lig bu əgdülmixig
kənilik əzə buldï barqa ixig

B133
1717 aƣïrladï anqa kətürdi ərü
uquzladï anqa yavuzraḳ kərü

1718 aƣïrlïḳ əḍində kixig sərmədi
uquzluḳ əḍində tapuƣ kəsṇədi

1719 ə̣ligkə yïxïƣ boldï kəṇli pütüp
aƣï ḳaznaḳï bə̣rdi əḍgü tutup

1720 əmanət yüḍürdi boyunḳa uluƣ
əmanət yüḍər ərkə janïm yuluƣ

1721 ixin sürdi əgdülmix artuḳ kəni
küninə yaḳin tuttï ə̣lig anï

1722 aqa aḍra tuttï ḳamuƣ ixlərin
saḳixlïƣ bitip ḳoḍtï barqa barïn

A67
1723 küḍəzdi nəṇin kəḍ əzin saḳladï
tapïndï ḳayïrqa ḳïyïḳ ḳïlmadï

1724 nəgü tə̣r əxitgil yətilmix yaxï
tiriglikə ḳïzraḳ pütün qïn kixi

C84
1725 aƣïr nəṇ kixikə bu altun kümüx
əzin tutƣuqï ər kümüxtə kəsüx

1715 بولۇمسىزغا گەر كەلسە دۆلەت ۋە بەخت،
تېپەر دۆلىتىنى، كەچۇرمەس كۈنى.

* * *

1716 ئېلىگ ئۆگدۈلمىشنى كوردى سىناپ،
پۈتۈن ئىشنى توغرا تاپتى قاراپ.

1717 قەدىرلىدى بەزى ئىگىز كوتۇرۇپ،
تۆۋەنلەتتى بەزى يامانىراق كورۇپ.

1718 قەدىرلەنسە، ئۇ ئەلنى رەنجىتمىدى،
خار ئولغاندا، ئۇ ئىشنى ئاقساتمىدى.

1719 ئېلىككە سۇپەر بولىدى سادىق بولۇپ،
غەزىنەنى باشقۇردى ياخشى تۇتۇپ.

1720 ئۇ ئالدى ئامانەت بويۇنغا يوغان،
ئامانەت تۇتقانغا پىدادۇر بۇ جان.

1721 ئىشىن سۇردى ئۆگدۈلمىش ئارتۇق كونى،
يېقىن تۇتتى ئېلىگ ئۇنى هەر كۈنى.

1722 ئۇچۇق تۇتتى ئايرىم پۈتۈن ئىشنى ئۇ،
هىساپلاپ تۇتتى پۈتۈپ بار-يوقىنى ئۇ.

1723 كۆزەتتى مالىن بەك، ئۆزىن ساقلىدى،
خىزمەتتە قىلچىلىك ئەگرى بولمىدى.

1724 نىمە دەر ئىشتكىن يېتىلگەن يېشى،
هاياتتا كەم ئۇچرار هەقىقى كىشى:

1725 كىشىگە قەدىرلىك بۇ ئالتۇن-كۈمۈش،
كۈمۈشتىن ئەزىز ئەرگە ئۆزنى تۇتۇش.

1726 kümüxkə ilinməgli yalņuķ pütün
təgir qīn tükəl bu azunķa ķutun

1727 biliklig bilik bərdi bilkin kərə
kəni qīn kixi bolsa kəzkə sürə

1728 taķī munda yəgrək ayur kər uķux
baƣīrsaķķa jan bərsə ərməz əküx

1729 kəni təp ayurlar ķayu ol kəni
kənilik ķīlīƣlī əmanət küni

1730 ərəndə ķayu ol tükəl ərtəgü
kəni ərsə ķīlķī anī ər təgü

1731 kixidə ķayu ol kixi əggüsi
aķī əggüsi ol saran səkgüsi

1732 apa oƣlanīn kərsə muņluƣ təgü
pütün kün tərer nəņ bulumaz yəgü

B134
1733 ķayu yügrü tīnmaz azun təzginür
ķayu jan yuluƣlar təņizkə kirür

1734 ķayu taƣ ķazar kərsə tüplür ķayaƣ
ķayu yər ķulaqlayu yügrür yaḍaƣ

1735 ķayu art axar kər əgüzlər kəqər
ķayu yər ķazar suv ķuḍuƣda iqər

1736 ķayusī qərikdə ķiliq baldu yər
ķayusī turada yuluƣda ķarīr

1737 ķayu oƣrī təvlig ķaraķqī ķunuķ
ķayusī basīmqī əlütqi ķīruķ

1726 ئۆزىنى كۆمۈشكە ئىلىندۇرماس ئەر
جاھاندا تولۇق چىن بەختكە يېتەر.

1727 بىلىملىك بىلىم بىرلە بەردى ئۆگۈت،
دۇرۇس، چىن كىشى بولساڭ، كوزۇڭگە سۈرت.

1728 ئەقىل ئېيتتى خوپراق مۇشۇ توغرۇلۇق،
كويۇمچانغا جان بەرسە كەتمەس ئۇشۇق.

1729 دۇرۇس دەپ ئاتالغان دۇرۇسلار قېنى،
دۇرۇسلۇق قىلىشتا ئامانەت كۆنى؟

1730 تولۇق ئەر قايسى ئۇ، ئۇنى بىلگۈلۈك،
قىلىغى دۇرۇس بولسا ئەر دىگۈلۈك.

1731 كىشىنىڭ نىچۈكى ئەلدە ماختىلۇر،
سېخىلەر ماختىلار، بېخىل سوكۈلۇر.

1732 ئادەم ئوغلى بەكمۇ بىچارە ئېرۇر،
پۈتۈن كۆن يىغار مال، يىيىلمەي قالۇر.

1733 بىراۋلار يۈگۈرۈپ جاھان ئايلىنۇر،
بىرى جان پىدالاپ، دېڭىزگە كىرۇر.

1734 بىراۋلار قازار تاغ-قىياغا چۈشۈپ،
بىراۋ يەر غولاچلار يالاڭياق بولۇپ.

1735 بىراۋلار ئېشىپ تاغ، دەريالار كېچەر،
بىراۋ يەر قېزىپ، سۇ قۇدۇقتىن ئىچەر.

1736 بىراۋلار ئۇرۇشتا قىلىچ-پالتا يەر،
بىرى قەلئە ساقلاپ قېرىپمۇ كېتەر.

1737 بىرى ئوغرى، مەككار، ئالدامچى، قاتىل،
بىرى باسمىچى، قاراقچى، قىرغىنچى، بىل.

1738 bu əmgək nəqə booɣzï əgni üqün
təŗər nəņ yəməz elsə əmgər küqün

1739 bu barqa biliksiz kixi ķïlķï ol
biliksiz kixilər tükəl yïlķï ol

1740 bayatķa pütügli biliklig kixi
təgürmix eḍində tükəl yər axï

C85
1741 ņəgü tər əxitgil uķuxluɣ amul
yorïɣlï, tïnïɣlï küḍəzqisi ol

1742 kərək yat kərək dunya təzgiņ yügür
nəgü ərsə ķismət saņa ol təgür

1743 küņül til keņi tut ay bilgə begü
saņa əksüməgəy eḍində yəgü

1744 bu bayliķ tiləsə azun əḍgüsi
keņilik bilə ol aniņ buluɣusï

1745 taķï bir azunuɣ bulayïn təsə
keņilik pütünlük bilə ķol usa

1746 yəmə yaķxï aymïx egi yətmix ər
keņilik bilə bu azun tutmïx ər

B135
1747 bu dunyada bayliķ tiləsə ezüņ
keņi bol keņilik ezə tut sezüņ

1748 taķï bir azunuɣ tutayïn təsə
keņilik bilə tut keņül til ezüņ

1749 ay əlig kerü bar kixilər küni
nə kerklüg kəqər ol yorïsa keni

1738 بۇ زەخمەت تامامەن كىيىم-كال ئۈچۈن،
يىغار مال، يىمەس، ئۇلىمە قىينار كۆچۈن.

1739 بۇ ھەممە بىلىمسىز كىشى قىلىقى ئول،
بىلىمسىز كىشىلەر پۈتۈن يىلقى ئول.

1740 خۇداغا ئىنشەنگەن بىلىملىك كىشى،
ئۆلۈشى پويىچە تولۇق يەر ئېشى.

1741 ئىشىتكىن ئۇ تەمكىن، ئاقىل نىمە دەر،
پۈتۈن جانى بارنى كۆزەتكۈچى ئەر:

1742 خاھى يات، خاھى دۇنيا ئايلان، يۈگۈر،
نىمە بولسا قىسمەت، ساڭا شۇ تېگۈر.

1743 دۇرۇس تۇت، ئەي ئالىم دىلىڭ ۋە تىلىڭ،
كېمەيمەس ۋاقتىدا رىزق-يىمىكىڭ.

1744 تىلەسە بۇ بايلىق جاھان ياخشىسى،
دۇرۇسلۇق بىلەن ئۇ ئۈنىڭ بولغۇسى.

1745 تاپاي ئۇ جاھاننى دىسە قايسى قۇل،
دۇرۇسلۇق، پۈتۈنلۈك بىلەن يۈرسۇن ئول.

1746 يانا ياخشى دەپتۇ ھوشى يەتكەن ئەر،
دۇرۇسلۇق بىلەن بۇ جاھان تۇتقان ئەر:

1747 بۇ دۇنيادا بايلىق تىلىسەڭ ئۆزۈڭ،
دۇرۇس بول، دۇرۇسلۇق ئۆزە قىل سوزۇڭ.

1748 تېخى ئۇ جاھاننى تاپايمەن دىسەڭ،
دىلىڭ ۋە تىلىڭنى دۇرۇس تۇت ئۆزۈڭ.

1749 ئېلىگ، كور، كىشىلەر گەر ئولسا كۈنى،
نە كورگىم ئۆتەر ئۇ نۇرلىنىپ كۈنى.

1750 kөṇilik pütünlük bilə ḳïl bu ix
kixilik bilə ḳïl ḳamuɋ türlüg ix

* * *

1751 ḳopurdï ḳutï kündə өgdülmixig
sav aydï bөḍunḳa əxitti kixig

1752 əlig mə sïṅadï ḳamuɋ türlügün
pütünlük bilə buldï baḳtï өgüṇ

1753 pütün buldï əlig kөr өgdülmixi
səziksiz kөṇi təp nəgü ḳïlmïxï

A68

1754 nəgü tər əxit əmdi bilgə өgə
biliksiz uḳup əmdi boynuṇ əgə

1755 kөrü barɋu bəglər tapuɋqï ḳulïn
tapïnduɋu ḳulnï sïnayu ulïn

1756 bəgiṇə yaraɋlïɋ kөrünsə ḳulï
aṇar өtrü aqɋu aɋïrlïḳ yolï

C86

1757 tiləkqə bolur ix tapuɋqï bəḍür
tapuɋqï bəḍüsə bəg atï bəḍür

1758 əḍi yaḳxï aymïx bu yaɋma bəgi
ḳamuɋ ixkə bilgi yətilmix өgi

1759 aya bəg ixig ix biliklikə bər
yaraɋlïɋ kөṇi tüz yorïɋlïḳa bər

1760 ḳayu bəg yaraɋsizḳa bərsə ixi
yaraɋsïz өzi ḳïldï ḳïlmaz kixi

1761 bayat kiṃni ərsə kөtürsə ḳutun
aṇar ixqi bərür yaraɋlïɋ pütün

1750 دۇرۇسلۇق ۋە پاكلىقنى سەن ئەيلە ئەش،
كىشىلىك بىلەن قىل پۈتۈن تۇرلۇك ئىش.

1751 ئۇنى[121] قىلدى ئۇستۇن بەخت كۆنسايىن،
يىرىپ خەلققە بۇيرۇق، ئىشتتى سوزىن.

1752 ئىلىگ ھەر شەكىلدە سىنىدى ئۇنى،
كامالەتتە كوردى جىمى يىقىنى.

1753 ئىشەندى ئۇگدۇلمىشكە ئىلىگ تولۇق،
دۇرۇسلۇقتا خۇلقىن كورۇپ كىمى يوق.

1754 ئىشتىكىن بىر ئالىم، دانا نىمە دەر،
ئوقۇپ ئەگ بويۇننى، ئايا جاھىل ئەر:

1755 خىزمەتچى قولىن بەگ كورۇپ تۇرغۇلۇق،
خىزمەتتە ئاساسلىق سىناق قىلغۇلۇق.

1756 بېگىگە ياراملىق كورۇنسە قولى،
ئېچىلغاي ئۇنىڭغا ئەزىزلىق يولى.

1757 ئىش ئولسا تىلەكتەك، خىزمەتچى بۇيۇر،
خىزمەتچى چوڭايسا بېگى نام ئالۇر.

1758 پۈتۈن ئىشقا ئەقلى، بىلىمى يەتكەن —
بۇ ياغما[122] بېگى بەكمۇ ياخشى دىگەن:

1759 ئايا بەگ ئىشىڭنى ئىش بىلگەنگە بەر،
ياراملىق، دۇرۇس، تۈز، يۈرەكلىككە بەر.

1760 قايۇ بەگ يارامسىزغا بەرسە ئىشى،
يارامسىز ئوزى ئۇ، نە باشقا كىشى.

1761 كوتەرسە خۇدا ھەر كىشى بەختىنى،
بېرەر بىر ياراملىق پۈتۈن ئىشىنى.

B136

1762 kɵtürmixni ilmək tiləsə yana
aņar ixqi bə̣rür yarutmaz künə

1763 yətər ol biliksiz barīr bu otun
ixi barqa buzlur ķopar kɵk tütün

* * *

1764 aƣīrladī ə̣lig kɵr ɵgdülmixig
īnandī aņar bə̣rdi yumƣī ixig

1765 ķamuƣ ə̣lkə ķildī kɵr əlgi uzun
uzun boldī əlgi yorīķ til sɵzün

1766 ayaƣ bə̣rdi tamƣa at üstəm kəḍüt
aƣīrladī axru tükəl boldī ķut

1767 ɵküx əḍgü yarlīƣ tümən əḍgü sɵz
ə̣lig yarlīķadī yaķīn boldī ɵz

1768 ķapuƣdaķī ər at kiqig ya uluƣ
taņuķ tuttī barqa ķilip jan yuluƣ

1769 ķamuƣ ixqi barqa kɵründi kəlip
tapuƣ tozƣu birlə nəņ artut ķilīp

1770 uru bardī ɵgdülmix əḍgü tɵrü
aƣīrladī təgmə kixisin kɵrü

1771 boḍundīn kɵtürdi ķamuƣ küq basīnq
ɵzindin kə̣tərdi yaraƣsīz ķilīnq

1772 tüzüldi tɵrü ḥəm ə̣tildi ə̣li
ə̣lig inqkə təgdi bəkip əl ulī

1762 چۇشۇرمەكچى بولسا كوتەرگەننى گەر،
ئاڭا بىر يالجىماس خىزمەتچى بىرەر.

1763 بۇ نادان بىلىمسىز يېتەكلەپ بارار،
بۇزۇلۇر ئىشى، كوك تۇتۇنلەر قوپار.

* * *

1764 قىلىپ ئوگدۇلمىشكە خاقان ئېھتىرام،
ئىشىنىپ ئۇڭا ئىشنى بەردى تامام.

1765 پۇتۇن ئەلگە قىلدى ئۇزۇن قولىنى،
ئۇزۇن قولى ئەتتى راۋان تىلىنى.

1766 بىرىپ تامغا، ئۇنۋان، قوشۇن، ئات ۋە تون،
تولا ياخشى كوردى، بەخت بولدى پۇتۇن.

1767 تولا ياخشى سوز بىرلە يارلىقلىرىن—
ئىلىگ بەردى، ئوگدۇلمىش بولدى يېقىن.

1768 سارايدىكى خادىم كىچىك يا ئۇلۇغ،
ئاڭا سۇندى سوغات قىلىپ جان يۇلۇغ[123].

1769 خادىملەر پۇتۇنلەي كورۇندى كىلىپ،
ئۇنى قۇتلىدى نەرسە تارتۇق قىلىپ.

1770 بۇ ئوگدۇلمىش ئورناتتى ياخشى قانۇن،
قاراپ ھورمەت ئەتتى كىشىسىن پۇتۇن.

1771 زۇلۇمنى كوتەردى خەلق ئۇستىدىن،
يوقاتتى يارامسىز قىلىق ئوزىدىن.

1772 تۇزۇلدى قانۇن ھەم يېتىلدى ئىلى،
ھوزۇرلاندى ئىلىگ، چىگىپ ئەل ئۇلى.

C87

1773 səvigli təlim boldï səvməz yaoqï
ə̣lin ḳoḍtï ḳaqtï süzüldi tooqï

1774 ḳutuldï ə̣lig ḳïldï inqin səvinq
yətildi tiriglik bu buldï avïnq

1775 bu yaṇlïoq asïoqlar bilikdin kəlir
uḳuxluoq biliklig siligdin kəlir

1776 ḳalï əgməgü ol uḳuxluoq kixig
nətəg yə̣rməgü bu uḳuxsuz ixig

B137

1777 uḳuxluoq ixi barqa ülgülüg ol
biliksiz ixi barqa təlgülüg ol

1778 nə əḍgü yaraxur uḳuxluoqḳa ḳut
ya əḍgü ḳïlïnqlïoq bilikligkə püt

1779 nəgü tə̣r əxitgil ïla bəg səzi
səzi mə'nisi ol səzüṇkə təzi

1780 biliksizkə dəwlət kəlür ərsə ḳut
boḍun barqa buzlur bolur ə̣lkə yut

7181 uḳuxluoqḳa təgsə aḍïn bəgliki
ə̣lin inqkə təgrür bu bir səzkə püt

* * *

1782 ə̣lig inqkə təgdi yarudï küni
bayatḳa xükür ḳïldï əgdi anï

1783 kəzin kəkkə tikti kətürdi əlig
ayur ay iḍim sən bə̣rigli bilik

1773 كۆپەيدى سۆيگۈچىلەر، ئۇ سۆيمەس يېغى —
قويۇپ ئەلنى قاچتى، سۇزۇلدى توغى[124].

1774 قۇتتۇلدى ئېلىگ غەمدىن، تاپتى ھوزۇر،
ھايات ياشنادى، بولدى راھەتتە تۇرۇر.

1775 بۇ خىل پايدىلار كىم، بىلىكتىن كېلۇر،
ئەقىللىق، بىلىملىك، زېرەكتىن كېلۇر.

1776 نېچۈك ماختىنىلماس ئەقىللىق كىشى،
نېچۈك ئەيىپلەنمەس ئەقىلسىز ئىشى.

1777 ئەقىللىق ئىشى ئۇ ئۆلچەملىك بولۇر،
بىلىمسىز ئىشىنى چۇۋالچاق قىلۇر.

1778 نە ياخشى ياراشۇر ئەقىللىققا قۇت،
ئەي ياخشى قىلىقلىق بىلىملىككە پۇت.

1779 نىمە دەر ئۇ ئىلى بېگى ئاڭلىغىن،
بۇ سۆز مەنىسىن سۆزگە ئۇل ئەيلىگىن:

1780 بىلىمسىزگە كەلسە دەۋلەت بىلەن قۇت،
پۈتۈن خەلق بۇزۇلۇر، بولۇر ئەلگە جۇت.

1781 ئەقىللىققا تەگسە بىر ئەل بەگلىكى،
بېرەر ئەلگە ھوزۇر، مۇشۇ سۆزگە پۇت.

* * *

1782 راھەتلەندى ئېلىگ يورىدى كۆنى،
خۇداغا شۈكۈر قىلدى ماختاپ ئۇنى.

1783 كۆزىنى كۆككە تىكتى، كۆتەردى ئىلىك،
دېدى: ئى ئىگەمسەن، بېرەرسەن بىلىك.

1784 bilik bə̣rdiņ ə̣lkə əlig bə̣rdiņ ərk
kөnilik өzə tut kөņül bolsu bərk

1785 sən өk bə̣r maņa küq ķamuɋ əḑgükə
əlig asraķïlar yükin yüḑgükə

* * *

A69
1786 qïɋayķa ülədi өküx nəņ tavar
kөņül tüzdi rəbķa ķamuɋdïn siņar

1787 tirildi bu yaņlïɋ səvinqin kün ay
tөzü ə̣l ķarasï tükəl boldï bay

C88
1788 kixi ө̣ḑrümi kөr bu yaņlïɋ bolur
ə̣sizim bu yaņlïɋ kixilər өlür

1789 məņilig boḑun kim bu yaņlïɋ bəgi
məņəlig bəg ol ķolsa boḑnï yə̣gi

B138
1790 ə̣siz əḑgülər өlsə topraķ bolur
nəqə bolsa topraķ kөr atï ķalur

ƏLIG SUALI ӨGDÜLMIXKƏ

1791 ə̣lig bir kün oldurdï yalņuz өzi
bu өgdülmixig ündəp aydï sөzi

1792 ayur ay өgdülmix baķ əmdi maņa
ataņ əmgəki kirmədi bir saņa

1793 ataņ өldi ķaldïņ sən oɋlan kiqig
kiqigkə bəḑüktin bolur yol kəqik

1784 ھوكۇمران قىلدىمىز كۈچ بېرىپ ھەم بىلىم،
دۇرۇسلۇق ئۆزە تۇت، چىكىمسۇن دىلىم.

1785 قۇۋۋەت بەر، جىسمىنى ياخشىلىق قىلاي،
بۇ ئەلنىڭ يۈكىنى يۈدىگۈچى بولاي.

* * *

1786 ئۈلەشتۈردى يوقسۇللىغا كۆپ مال بولۇپ،
دىلىن بەردى ھەققە ھەممىدىن ئۈزۈپ.

1787 ياشىدى مۇشۇنداق سۆيۈنچىتە كۈن-ئاي،
ئاۋام خەلق ئومۇمەن پۈتۈن بولدى باي.

1788 كىشىنىڭ خىلى، كور، بۇ ياخلىغ بولۇر،
ئىستىكىم، مۇشۇنداق كىشىلەر ئولۇر.

1789 بەگ ئولغاندا شۇنداق، تاپار بەخت خەلق،
بەختلىك خان تىلەر ئەلگە ياخشىلىق.

1790 يامان-ياخشى ئولسە، ئۇ تۇپراق بولۇر،
نىچە بولسا تۇپراق، كور، ئاتى قالۇر.

ئېلىگنىڭ ئوگدۇلمىشكە سوئالى

1791 ئېلىگ بىر كۈن ئولتۇردى يالغۇز ئوزى،
قىچقاردى ئوگدۇلمىشنى، قىلدى سوزى.

1792 دېدىكىم: قارىغىن ئوگدۇلمىش ماڭا،
ئاتاڭ ئەمگىكى سىڭىمدى بىر ساڭا.

1793 ئاتاڭ ئولدى، قالدىڭ سەن ئوغلان كىچىك،
كىچىككە بۇيۇكتىن بولۇر يول كېچىك.

1794 atan̡ ɵgrətümədi ərdəm bilik
təgümədi mə̣ndin yə̣mə ɵk əlig

1795 nətəg mət yumītti bu ərdəm san̡a
ayu bə̣rgil əmdi munị sən man̡a

ƟGDÜLMIX JƏWABĪ Ə̣LIGKƏ

1796 yanut bə̣rdi ɵgdülmix aydī ə̣lig
uzun kə̣q yaxasu bu üstən̡ əlig

1797 bayat kimkə bə̣rsə ‘inayət ülüg
tiləkkə təgir boldī atlīɋ külüg

1798 mun̡ar mən̡zətü aydī türkqə məŝəl
baxīnda kɵqürmix bu kɵkqin saķal

1799 bayat fəẓlī birlə bəḑür ol kixi
tiləkin bulur kündə ə̣tlür ixi

1800 bayat bə̣rmixin həlķ tiḑumaz küqün
yaɋīz yə̣r yaxīl kɵk tə̣rilsə ɵqün

B139
1801 bayattin kərək barqa ixkə yələk
anīn bulsa ɵtrü kixi ɵz tilək

1802 yan̡a ma ay ə̣lig ata alķīxī
oɋulka təgir ol səvinqi tuxī

C89
1803 atam ķīldī ərdi kɵr ə̣ḑgü du‘a
du‘a birlə təgḑim bu yə̣rkə aɋa

1804 ə̣ligni səbəb ķīldī ərklig iḑim
bu ərdəm bilikdin turu ķalmadīm

1794 ئاتاڭ ئۆگتەلمىدى ئەردەم-ئىلىم،
ساڭا مەنمۇ ھېچ بىر ياردەم قىلمىدىم.

1795 قەيەردىن يىغىلدى بۇ ئەردەم ساڭا؟
سەن ئەمدى ئېيتىپ بەر بۇ گەپنى ماڭا.

ئۆگدۈلمىشنىڭ ئېلىككە جاۋابى

1796 جاۋاپ بەردى ئۆگدۈلمىش دېدى: خاقان—
ياشىسۇن غالىپلىق بىلەن كۆپ زامان.

1797 خۇدا كىمگە قىلسا ئىنايەت نەسىپ،
تاپار ئات-شۆھرەت تىلەككە يېتىپ.

1798 بۇڭا ئوخشۇتۇپ ئېيتتى تۈركچە ماقال،
كۆپ ئىشلار بېشىدىن ئۆتكەن ئاقساقال:

1799 خۇدا پەزلى بىرلە چوڭايغاي كىشى،
تاپار كۈندە مەقسەت، تۈزۈلۈپ ئىشى.

1800 كۆچەپ خەلق توسالماس خۇدا بەرگىنىن،
ئوچ ئالماق بولسىمۇ ئاسمانۇ-زېمىن.

1801 خۇدادىن كېرەك ھەممە ئىشقا يۆلەك،
خۇدادىن تاپار كىشى بارلىق تىلەك.

1802 ئاتا ئالقىشىدىن ئوغۇل، ئەي خاقان،
چومۇلۇر خوشاللىققا ھەر بىر زامان.

1803 خەيىرلىك دۇئا قىلغان ئىكەن ئاتام،
دۇئا بىرلە تەگدى ماڭا بۇ ماقام.

1804 ئېلىكنى سەۋەپ قىلدى قادىر ئىگەم،
قۇرۇق قالمىدىم پەزىل، بىلىمدىن ھەم.

1805 əlig urdï ə̣lig mə̣ni əḍlədi
bolu bə̣rdi əvrən ɵzüm yoķladï

1806 külə baķsa bəglər kimi əḍləsə
ava yïɣlur arzu kərək ol yə̣sə

1807 kixi kɵņli baɣ ol yaxarɣu suvï
bu bəglər sɵzi birlə əḍgü savï

1808 ķayu baɣķa təgsə suv əksümədin
qə̣qək yazlur anda tümən tü yiḍïn

1809 bəgi yarlïɣï bolsa əḍgü sɵzə
ķulï kɵņlï yüksər yazar ķax kɵzə

1810 ķalï bolmasa əḍgü yarlïɣ tilin
yaxarmïx qə̣qəklər ķurïr tərk bilin

1811 bayat fəẓlï ķolɣu kərək ķul ķamuɣ
bayat fəẓlï bolsa aqïldï ķapuɣ

A70

1812 muņar mənẓətü aydï xa'ir bu sɵz
munï uķɣïl əmdi aya əḍgü ɵz

1813 bayat fəẓlï birlə aɣïrlar ķuluɣ
bilik ķapɣï aqlur oņarur yoluɣ

1814 bilik bilsə kündə ķutaḍur küni
nəqə mə kiqig ərsə bolur uluɣ

Ə̣LIG SUALI ƟGDÜLMIXKƏ

1815 yana aydï ə̣lig ay ɵgdülmixə
bilik bilgüqilər nətəg bilmixə

1805 خاقان ئىزدىتىپ مېنى ئىززەتلىدى،
پەلەك باقتى، ئورنۇممۇ ئىگىزلىدى.

1806 كۆلۈپ باقسا، خان كىمنى ئىززەتلىسە،
يېتەر ئارزۇغا، قەدرىن بىلەلىسە.

1807 كىشىنىڭ دىلى باغ، ياشارتقۇچ سۈيى —
ئېرۇر بەگنىڭ نەسىھەت ھەم ياخشى سوزى.

1808 قايۇ باققا كىرسە سۇ گەر ئۇكسىمەي،
تۇمەن خىل خۇشپۇراق چېچەك گۈللىگەي.

1809 بېگى يارلىغى بولسا ياخشى سوزى،
ئوسۇپ دىلى قۇلنىڭ، ئېچىلۇر يۈزى.

1810 ئەگەر بەرمىسە ياخشى يارلىق تىلى،
ياشارماي چېچەك، تېز قۇرۇيدۇ گۈلى.

1811 ئەگەر قۇل ئىستەسە خۇدا رەھمىتىن،
ئېچىلغاي ئىشكىلەر ئۇنىڭ پەزلىدىن.

1812 ئېيتتى سوز بىر شائىر بۇڭا ئوخشۇتۇپ،
ئى ياخشى كىشى سەن بۇنى بىل ئۇقۇپ:

1813 ئەگەر تەڭرى قۇلنى قەدىرلىك قىلۇر،
بىلىم ئىشىگى ئېچىلۇر، يولى ئوڭشىلۇر.

1814 تاپۇر بەخت كۆنسايىن بىلىم بىلسە ئەر،
كىچىك بولسىمۇ، ئورنى كاتتا بولۇر.

ئېلىگنىڭ ئۇگدۇلمىشكە سوئالى

1815 يانا ئۇگدۇلمىشكە ئېيتتى ئېلىگ:
بىلگۈچى نىچۇك قىلىپ بىلدى بىلىك؟

1816 kixi ɵgrənipmü bolur ol bəgü
azu tadu birlə tooqarmu təgü

ƟGDÜLMIX JƏWABÏ ƏLIGKƏ

C90
1817 yanut bərdi ɵgdülmix aqtï tilin
ayur mən urayïn bu sɵzkə ulïn

1818 terütürdə bərsə bayat ɵg kenül
tükəl mayə buldï bilikkə ooqul

B140
1819 küninə tənədür turu ɵglənür
nəgüni tiləsə bilür ɵgrənür

1820 bilikkə təgir ɵtrü bilgə bolur
bu bilki bilə asoqï əlkə tolur

1821 terütür ɵdində kenül bərməsə
tiləkkə təgüməz bu anda basa

1822 takï bir səbəb kolsa ooqlan bilik
kiqigdə təgürgü bilikkə əlig

1823 kiqig ooqlan ərkən bilik ɵgrənür
uluoq bolsa ɵtrü tiləkkə təgür

1824 bilik ərdəm ədgü kïlïnq ya kïlïk
kixi ɵgrənür ɵtrü tüzlür yorïk

1825 bilik tut ya ərdəm kixi ɵgrənür
məgər bu ukux ol tadudïn ɵnür

1826 munar mənzətü kəldi türkqə məŝəl
okïoqil munï sən asïoq ɵzkə al

1816 كىشىلەر بولۇرمۇ ھېكىم ئۇگۇنۇپ،
بولۇرمۇ تەبىي ياكى تۇغۇلۇپ؟

ئۇگدۈلمىشنىڭ ئېلىككە جاۋابى

1817 جاۋاپ بەردى ئۇگدۈلمىش، ئاچتى تىلىن،
دىدىكىم، قوياي مەن بۇ سۆزنىڭ ئۇلىن.

1818 ياراتىشتا بەرسە خۇدا ئەقىل-كوڭۇل،
تاپۇر دەسمايىنى بىلىككە ئۇغۇل.

1819 ئۇسەر كۈنمۇ-كۈن، ئەقلى كامىللىنۇر،
نىمىكى خالىسا شۇنى ئۇگىنۇر.

1820 يېتىپ ئاخىر بىلىمگە، ئالىم بولۇر،
بۇ ئىلمى بىلە ئەلگە پايدا تېگۇر.

1821 ياراتقان چېغىدا ئەقىل بەرمىسە،
يېتەلمەس تىلەككە ھەر نە ئەيلىسە.

1822 يەنە بىر شەرت: ئىلىم كىلەسە تۇغۇل،
كىچىك چاغدا قويغاي بىلىمگە كوڭۇل.

1823 كىچىك چاغدا ئىنسان بىلىم ئۇگىنۇر،
چوڭايسا ئۇنىڭلە تىلەككە يېتۇر.

1824 پەزىلەت، بىلىم ھەم ياخشى خۇي-پېيل،
ئۇگەنسە، تۇزىلەر كىشى خۇلقى، بىل.

1825 بىلىم يا پەزىلنى كىشى ئۇگىنۇر،
مەگەركىم، ئەقىل ئۇ، تەبىي بولۇر.

1826 كېلۇر بۇڭا ئوخشاپ تۇركچە ماقال،
ئۇقۇپ سەن، ئوزۇڭگە بۇندىن پايدا ئال:

1827 kixi egrenür bilki artar eküx
nəqə egrenip uksa bolmaz ukux

1828 bayattïn ərür bu ukux boloqusï
tadu birlə kirsə bolur bəlgüsi

1829 bayattïn 'əṭa ol ukux bəlgülüg
ukuxtïn bulur ər miŋ ədgü ülüg

1830 kixidə uluqrak ukuxluq kixi
ukux boldï ərkə miŋ ərdəm baxï

1831 ukuxsuz kixini kixi tọməgü
nəqə sezləsə sez yọmə pütməgü

ƏLIG SUALI ƟGDÜLMIXKƏ

B141 C91
1832 yana aydï ạlig əxittim bu sez
taki bir sezüm bar ayïtoqu bu ez

1833 ukuxuoq adïrtïŋ bilikdə eŋi
nəgü təg turur ay sezüŋnüŋ oŋï

1834 nəgü ol ukux ornï kayda turur
kayudïn kopar kopsa kayda barur

ƟGDÜLMIX JƏWABÏ ƏLIGKƏ

1835 yanut bẹrdi egdülmix aydï ukux
aoqïr nəŋ turur ol kixikə kesüx

1836 ukux ornï üstün məŋədə turur
aoqïr nəŋ üqün ornï baxta ərür

1827 كىشى ئۇگىنىپ كوپ تاپار ئىلىم، بىل،
ئۇگەنسە ھەر قانچە، تاپالماس ئەقىل.

1828 ئەقىللىق بولۇش بۇ، خۇدادىن بولۇر،
تەبىي بولسا ئۇ، بەلگە كورۇلۇر.

1829 ئەقىل ئۇ، خۇدادىن بىر ئاتا[125] ئېرۇر،
ئەقىلدىن كىشى ياخشى ھەسسە ئالۇر.

1830 كىشىنىڭ زورىدۇر ئەقىللىق كىشى،
ئەقىل ئەرگە مىڭ خىل پەزىلەت بېشى.

1831 ئەقىلسىز كىشىلەر دىيىلمەس كىشى،
ئۇ سوز قىلسا قانچە، ئىشەنمەس كىشى.

ئېلىگنىڭ ئوگدۇلمىشكە سوئالى

1832 ئىشىتتىم بۇ سوزنى دىدى خان يانا،
تېخى دەيدىغان بىر سوزۇم بار مانا؛

1833 ئەقىلدىن بىلىمنى بولەك ئايرىدىڭ،
دۇرۇس ئېيت، نىمەدۇر بۇندىن مەقسەدىڭ؟

1834 نىچۇكتۇر ئەقىل ئۇ، ئورنى قايدادۇر؟
قەيەردىن چىقار ئۇ، قەيەرگە بارۇر؟

ئوگدۇلمىشنىڭ ئېلىككە جاۋابى

1835 جاۋاپ بەردى ئوگدۇلمىش، دىدى: ئەقىل—
كىشىگە ئەزىز ھەم قەدىرلىكتۇر، بىل.

1836 ئەقىل ئورنى ئۇستۇن مىڭىدە تۇرۇر،
قىممەتلىكىدىن ئورنى باشتا بولۇر.

1837 kixən ol kixikə ukux bəlgülüg
kïlïnqï kəni ol ixi ülgülüg

A71
1838 baqïrsak bayat kər ədürmix kulïn
kixədi ukux birlə kïlkïn tilin

1839 ukuxsuz əlüg ol ukuxluq tirig
ukux munqa tənlig adïrtlar ərig

1840 karanku əv ol bu kixi tün sanï
ukux bir yula təg yarutur anï

1841 ukuxtïn kəlür kər kamuq ədgülük
bilikin bədür ər bolur bəlgülük

1842 bu iki bilə boldï yalnuk uluq
bu ikin onarur kənilik yoluq

8143 bilikin səqildi kixi yïlkïdïn
bilikdə bədükrək nəgü bar adïn

1844 munar mənzətü sezlədi kər ukux
ukux ixkə tutsa kər asqï əküx

1845 kixi yïlkï birlə adïrtï bilik
bilik birlə yalnuk kətürdi əlig

C92
1846 yorï yïlkï bolma bilik bil ukux
bilik birlə sezlə yorïk tut tilig

ƏLIG SUALI ƏGDÜLMIXKƏ

1847 yana aydï əlig takï bir sezüm
ərür bu ayur mən ay kərklüg yüzüm

1837 ئەقىلدۇر كىشىگە كىشەن، بەلگىلىك،
قىلمىغى دۇرۇستۇر ئىشى ئۆلگىلىك.

1838 رەھىملىك ئىگەم ئۇ خالىغان قۇلىن،
ئەقىللە كىشەنلەر، قىلىق ۋە تىلىن.

1839 ئەقىللىق تىرىكتۇر، ئەقىلسىز ئۆلۈك،
ئەقىل ئەرنى ئايرۇر شۇ خىل تەڭ بۆلۈك.

1840 كىشى تۇن كەبى بىر قاراڭغۇ ئۆيدۇر،
ئەقىل بىر چىراقتەك ئۇنى يورۇتۇر.

1841 ئەقىلدىن كېلۇر، كور، پۈتۈن ئەزگۈلۈك،
بىلىمدىن چوڭلار ئەر، بولۇر بەلگۈلۈك.

1842 كىشىلەر بۇ ئىككى بىلەن زور بولۇر،
بۇ ئىككى بىلەن تۈز-توغرا يول تونۇر.

1843 بىلىملە پەرقلىنەر كىشى يىلقىدىن،
نىمە بار بۇيۈكرەك بولەك بىلىمدىن؟

1844 ئەقىل بىر سوز ئېيتتى بۇڭا ئوخشۇتۇپ،
ئىشلەتسە ئەقىلنى بولۇر پايدا كوپ:

1845 كىشىنى ئايرىغان بىلىم يىلقىدىن،
كىشى قولى ئۈستۈن بولۇر ئىلىمدىن.

1846 يۈرى، يىلقا بولما، ئەقىل، بىلىم بىل،
بىلىم بىرلە سوزلە، يوروق تۆت تىلىڭ.

ئېلىگنىڭ ئوگدۈلمىشكە سوئالى

1847 ئېلىگ ئېيتتى: باردۇر تېخى بىر سوزۇم،
ئۇنى دەي ساڭا مەن، كوركەم يۈزلۈكۈم.

B142

1848 maņa ayɋïl əmdi uķux şurəti
nəgü təg bolur ol yərügi atï

1849 yüzi kərki ķïlķï ķïlïnqï nə ol
yaxï ķurï boḍ sïn avïnqï nə ol

1848 ماڭا ئېيتقىن ئەمدى ئەقىل سۇرىتى—
نېچۇكتۇر، تىگى ھەم نىمەدۇر ئېتى؟

1849 يۈزى، كوركى، خۇيى، قىلىغى نەدۇر؟
يېشى، دەرىجە، بويى، ئاۋۇنچى نەدۇر؟

27

ƟGDÜLMIX ƏLIGKƏ UKUX ŞURƏTIN AYUR

1850 yanut bərdi əgdülmix aydï ukux
kïlïnqï kəni kər küvənqi əküx

1851 yüzi kərki kərklüg nə yaxï kiqig
kamuoı ədgülükkə anïndïn kəqik

1852 ərüg həm silig ol nə kïlkï amul
kamuoı təprənürkə baoırsak kənül

1853 kayuka əlig ursa ətlü barïr
kayuka sezi təgsə yətlü barïr

1854 isig yüzlüg ol kər kamuoıka səvüg
kixilərkə andïn asïoılar ülüg

1855 yiti kəzlüg ol kər bakïxï yïrak
kayu ixkə təgsə bəkitür adak

1856 nəqə buloıanuk ixkə təgsə süzər
nəqə tərs tügün ərsə baksa yazar

يىگىرمە تۆتىنچى باپ

ئۆگدۈلمىشنىڭ ئېلىگكە قەلەمنى سۈرەتلەپ بەرگەنلىكى بايانىدا

1850 جاۋاپ بەردى ئۆگدۈلمىش، ئېيتتى: ئەقىل —
قىلىغى دۇرۇس، قىممىتى تولا، بىل.

1851 يۈزى، تۇرقى كۆركەم، يېشىدۇر كىچىك،
پۈتۈن ياخشىلىققا بولۇر ئۇ كېچىك.

1852 سەۋرىلىك، سىلىق، خۇلقى يۇمشاق ھامان،
دىلى ھەممە جانلىق ئۈچۈن مېھرىۋان.

1853 قەيەرگە سۇنسا قول تۈزەتىپ بارۇر،
سوزى يەتسە نەگە، شۇ يەردە ئوتۇر.

1854 ئىسسىق يۈز، ئومۇمغا سۆيۈملۈك ئېرۇر،
كىشىلەرگە پايدا ئۇنىڭدىن تېگۇر.

1855 كوزى ئىتتىك ئۇنىڭ، قاراشى يىراق،
ھەر ئىشقا كىرىشسە باسار چىڭ ئاياق.

1856 نىچە بۇلغۇناق ئىشنى تۇتسا سۆزەر،
نىچە بولسا تۈگۈنلەر، باقسا يېشەر.

1857 bakar soldïn ondïn həm əndün kədin
kamuoq ix yaraoqïn bilir həm ədin

1858 kaqïoqlïoq yətər ol uquoqlïoq tutar
sïnukuoq sapar ol buzukuoq ətər

1859 ukuxsuz əkündi ayur ay ukux
səninsiz munadur mən artuk əküx

C93
1860 mana təgmədi bir səninddin ülüg
səninsiz kixi kənli boldï əlüg

B143
1861 yula ol ukux kər karaoquka kəz
əlüg tənkə jan ol aoqïn tilkə səz

1862 ukuxluoq ukuxka ayar ay əxim
nə ədgü əxim sən ətikli ixim

1863 kïlïnq on tutar hiq solï yok ukux
pütün qïn turur hiq alï yok ukux

1864 ukux kimdə bolsa bu ol bəlgüsi
bu bəlgü bilə ol ukux bilgüsi

1865 ukuxnun ən axnu kïlïkï onay
kənilik bilə ol yorïkï yïl ay

A72
1866 ukuxluoq kəni həm silig til səzi
pütünlük bilə boldï kïlkï təzi

1867 ərüg ol amul kəd sərimlig səbur
kərüp ixni yətrü ol akru təgür

1868 kïlïnqï karï kərsə yaxï yigit
anar munluoq arzun əgə ya təgit

1857 سول-ئوڭ بىرلە ئالدى-ئارقىدىن باقار،
پۈتۈن ئىشقا چارە بىلەن ۋاقت تاپار.

1858 يېتەر قاچقۇچىغا، ئۇچقاننى تۇتار،
بۇزۇقنى تۈزەر ئول، سۇنۇقنى تاڭار.

1859 ئەقىلسىز پۇشايماندا دەر: ئەي ئەقىل—
سېنىڭسىز ئېرۇرمەن. تولا غەمدە، بىل.

1860 سېنىڭدىن ماڭا بىر ئۇلۇش تەگمىدى،
كىشى كوڭلى سەنسىز هايات بولمىدى.

1861 ئەقىل بىر چىراقتۇر، كوزى يوققا كوز،
ئۇلۇك تەنگە جان ئول، گاچا تىلغا سوز.

1862 ئەقىللىق ئەقىلغە دىگەي: يولدىشىم،
نە ياخشى ئەشىم سەن تۈزەردە ئىشىم.

1863 ئەقىل ئوڭ ئىشلەر، ئۇ تەتۈر ئىشلىمەس،
پۈتۈنلەي ئېرۇر چىن، ئۇ مەككار ئەمەس.

1864 ئەقىل كىمدە بولسا شۇدۇر بەلگۈسى،
بۇ بەلگۈ بىلە ئۇ ئەقىل بىلگۈسى.

1865 ئەڭ ئاۋال ئەقىلنىڭ قىلىغى ئوڭاي،
دۇرۇسلۇق بىلەن ئۇ يۈرەر يىل ۋە ئاي.

1866 ئەقىللىق، دۇرۇس هەم سىلىق سوز-تىلى،
دۇرۇس هەم تولۇقتۇر ئۇنىڭ پېىلى.

1867 يۇۋاش هەمدە تىنچ كوپ سەۋرىلىك ئېرۇر،
يېتەرلىك كورۇپ ئىشنى سالماق قىلۇر.

1868 قىېرى قىلىغى، لېكىن يىگىتتەك تۇرار،
مۇشاۋۇرمۇ، قۇلمۇ ئۇنى ئاختۇرار.

1869 muṇar maṇzər əmdi bu sezni oḳï
uḳa tursa mə'ni aqïloqay taḳï

1870 ḳilinqï ḳarï ooqlan ezlüg uḳux
uḳux ḳayda bolsa aṇar bar yapux

1871 kiqigi səviglig ḳarïsï amul
ezi tüzün alqaḳ ker asoqï eküx

Ə̣LIG JƏWABÏ ƟGDÜLMIXKƏ

1872 bu sezlər əxitti səvindi ə̣lig
ayur ay oḍunmix sezi eg bilik

1873 bayat bə̣rdi barqa tükəl əḍgülük
bayattin 'əṭa sən maṇa bəlgülük

1874 bu əmgək yük ol bir aoqïr yüḍgükə
anï yüḍsə etrü təgir əḍgükə

C94
1875 kim əḍgü tiləsə aoqïr yük yüḍər
aoqïr yük yüḍügli tiləkin küḍər

1876 yükümni yüḍər sən tilək ix yorïr
mə̣ni tindurur sən saṇa yük təgir

B144
1877 bayat bə̣rsü təwfiḳ maṇa əmdi küq
ḥəḳiṇnï etəyin yanut birkə üq

1878 bilir mən bu yaṇlïoq tapuoq ḳïlduḳuṇ
baoqïrsaḳlïḳ ol bu mə̣ni ḳolduḳuṇ

1879 baoqïrsaḳ tapuoqqï tükəl ol bolur
ez asoqïn ḳoḍup ker bəg asoqïn ḳolur

1869 بۇ سوزنى ئۇقى ئەمدى، ئۇخشار بۇڭا،
ئۇقۇغانچە مەنا ئېچلغاي ساڭا:

1870 قلىقتا قېرى، ئۇزى ياشتۇر ئەقىل،
ئەقىل قايدا بولسا ئۇنىڭغا ئېسىل.

1871 ياشلىقى سويۇملۇك، قېرىسا بېسىق،
ئېرۇر نەپسى تولا، يۇمشاق، كىچىك دىل.

ئېلىگنىڭ ئۇگدۇلمىشكە جاۋابى

1872 بۇ سوزنى ئىشتكەچ سويۇندى ئېلىگ،
دېدى: ئەي ئويغانغان، سوزى ئاڭ-بىلىك.

1873 خۇدا بەردى ماڭا پۈتۈن ئەزگۈلۈك،
خۇدادىن ئاتا سەن ماڭا بەلگۈلۈك.

1874 بۇ ئەمگەك يۇدۇشكە ئېغىر يۇك ئېرۇر،
ئۇنى يۇدسە كوپلەپ ياخشىلىق تېگۇر.

1875 كىم ئەزگۈ تىلىسە ئېغىر يۇك يۇدەر،
ئېغىر يۇك يۇدۇگەن تىلەككە يېتەر.

1876 يۇكۇمنى يۇدەرسەن تىلەك، ئىش يۇرۇر،
مېنى تىندۇرۇرسەن، ساڭا يۇك بولۇر.

1877 خۇدا بەرسە تەۋپىق، ماڭا ئەمدى كۇچ،
ھەققىڭنى ئوتەي مەن قىلىپ بىرگە ئۇچ.

1878 بىلۇرمەن بۇ ياڭلىغ خىزمەت قىلغىنىڭ،
ماڭا باغلانغىنىڭ ـــ كويۇمچانلىغىڭ.

1879 كويۇمچان خىزمەتچى شۇ خىلدا كېلەر،
قويۇپ ئۇز پايدىسىن، بەگ پايدىسىن دەر.

1880 nəgü tə̣r əxit bu tapuƣqī tili
bəgin inqkə təgrür tapuƣsaⱪ ⱪulī

1881 məṇilig bolur bəg tükəl ⱪut baxī
baƣ̇īrsaⱪ ⱪulī bolsa ⱪīlsa ixi

1882 tapuƣqī bilə bəg kətürdi əgin
tilək təg tapuƣ ⱪīlsa tīndrur bəgin

1883 bax aƣrīƣ yük əmgək kətürsə ⱪulī
bəgiṇə aqa bə̣rsə arzu yolī

1884 ⱪayu bəg bulur ərsə mundaƣ ⱪuluƣ
bayattīn ʻəṭa ol aṇar kəḍ uluƣ

1885 azun bəgləri əldi bizdə oza
ɵküxrəki bardī bu arzu ɵzə

* * *

1886 azun boḍnī tīndī avīnqīn ⱪutun
ə̣ligkə duʻa ⱪīldī boḍnī pütün

1887 aḍīn ə̣l kixisi əxitti munī
yüzin kərgükə arzuladī anī

1888 kəqürdi yīl ay kün bu arzu ɵzə
ə̣lin ə̣tti əḍgü tərüsin tüzə

ƏLIG SUALI ƟGDÜLMIXKƏ

1889 ə̣lig bir küṇ ündədi ɵgdülmixig
ayur aytayīn sɵz sən ay bilmixig

1880 نىمەدەر ئىشتىكىن خىزمەتچى تىلى،
موزۇرلاندۇرار بەگنى ئىشچان قولى:

1881 راھەتتە ياشار بەگ بولۇپ بەخت بېشى،
كويۇمچان قولى بولسا، قىلسا ئىشى.

1882 خادىم بىرلە قەددىنى بەگ كوتىرەر،
ئىش ئولسا تىلەكتەك، بېگى تىنچ ئوتەر.

1883 باش ئاغرىق تۇگەر، چەكسە زەخمەت قولى،
بېگىگە ئېچىپ بەرسە ئۇمىت يولى.

1884 قولى قايىسى بەگنىڭ بۇ ياڭلىغ ئېرۇر،
خۇدانىڭ ئۇڭا چوڭ ئاتاسى بولۇر.

1885 بۇرۇن بىزدىن ئوتكەن جاھان بەگلىرى،
شۇ ئارزۇ بىلەن كەتتى كوپرەكلىرى.

* * *

1886 جاھان خەلقى خوشال، بەختىيار، ئارام—
ئېلىپ، قىلدى خانغا دۇئالار تامام.

1887 بولەك ئەل كىشىسى ئىشتكەچ بۇنى،
يۇزىنى كورۇشكە كۇتۇشتى ئۇنى.

1888 شۇ ئارزۇ بىلەن يىل، ئاي، كۇنلەر ئوتۇپ،
ئېلىن قىلدى ياخشى قانۇنلار تۇزۇپ.

ئېلىگنىڭ ئوگدۇلمىشكە سوئالى

1889 ئېلىگ ئۇندەپ ئوگدۇلمىشنى بىر كۇنى،
دېدى: سوز قىلاي، ئېيت نە بىلسەڭ شۇنى.

B145 C95

1890 ət ɵz yəti əndamka baksa kɵr ər
tatïqı buldï barqa ɵz ülgin tərər

1891 kɵnül tatqï nə ol bu kɵz tatqï nə
bu iki tatïqdïn ɵzüm ülgi nə

ƟGDÜLMIX JƏWABÏ ƏLIGKƏ

A73

1892 yanut bərdi ɵgdülmix aydï tatïqı
kɵnül arzu kolsa bəkürtsə katïqı

1893 səvitmix yüzin kɵrsə kɵzkə tatïqı
kɵnül arzusïn bulsa ɵzkə tatïqı

ƏLIG SUALI ƟGDÜLMIXKƏ

1894 yana aydï əlig ay ɵgdülmix ay
səviglig nixanï nəgü ərmix ay

1895 səvər mən təyü barqa də'wi kïlur
bu də'wika mə'ni nəgü təg bolur

ƟGDÜLMIX JƏWABÏ ƏLIGKƏ

1896 yanut bərdi ɵgdülmix aydï bolur
səvüg yüzkə baksa səvərin bilür

1897 kamuqı nənkə ɵrtüg bolur baksa kɵz
kɵnülkə yok ɵrtüg munï bilgü ɵz

1898 səvər səvməzin ɵz biləyin təsə
kɵnülkə baka kɵrgü bilgəy basa

1890 ئوزى يەتتە ئەزاسىغا باقسا ئەر،
ئېلىپ زەۋق ئوزىنىڭ ئۈلۈشىن تېرەر.

1891 كوڭۈل زەۋقى نىمە، بۇ كوز زەۋقى نە؟
مۇشۇ ئىككى زەۋقتىن نەسىۋەم نىمە؟

ئوگدۇلمىشنىڭ ئېلىككە جاۋابى

1892 دىدىكىم ئوگدۇلمىش: بۇ زەۋق شول ئېرۇر،
كوڭۈل قاتتىق ئىستەپ ئۇڭا تەلپۈنۇر.

1893 كورۇش سويگۈننى—بۇ كوز زەۋقىدۇر،
تېپىش دىل ئۈمىدىن—بۇ ئوز زەۋقىدۇر.

ئېلىگنىڭ ئوگدۇلمىشكە سوئالى

1894 ئېلىك ئېيتتى: ئوگدۇلمىش ئېيتقىن قېنى،
سويۈملۈك نىشانى نىمە، ئېيت ئۇنى.

1895 سويەرمەن دىبان ھەممە دەۋا قىلۇر،
بۇ دەۋاغا مەنا نىچۈكرەك بولۇر؟

ئوگدۇلمىشنىڭ ئېلىككە جاۋابى

1896 دىدى خوپ ئوگدۇلمىش: بېرەي مەن جاۋاپ،
بىلەر سويگىنىن يار يۈزىگە قاراپ.

1897 كوزۈڭ نەگە باقسا بولۇر بىر توساق،
بۇنى بىل، كوڭۈلگە توساق يوق بىراق.

1898 بىلەي دىسە سويگەن ۋە سويمەگىنىن،
كوڭۈلگە قاراسۇن، بىلەر ئۇ كېيىن.

1899 səvüglər yüzində bolur bəlgü nəŋ
kezin kezkə tiksə anï bilgü taŋ

1900 muŋar məŋzətü aydï xa'ir sezi
ukup tïŋlayu al kixi ərbüzi

1901 səvigli kixiniŋ yüzi bəlgülüg
tilï aqsa mə'ni sezi bəlgülüg

C96
1902 səvər səvməzin ez biləyin təsə
saŋa tətrü baksa kezi bəlgülüg

ƏLIG SUALI ƟGDÜLMIXKƏ

146
1903 əlig aydï uktum əxittim bu sez
takï bir sezüm bar anï aysu ez

1904 kərəklig sez aytur mən əmdi saŋa
ədi kəd bakïp sezləyü bər maŋa

ƟGDÜLMIX JƏWABÏ ƏLIGKƏ

1905 yanut bərdi ɵgdülmix əlig kutï
bilik birlə bəglər bədütti atï

1906 bilik ordusï ol bu bəglər ezi
biliksiz bolur kul nərək kul sezi

1907 ayïtmak oŋay boldï tərsi jəwab
jəwabka əlig bilki boloŋay şəwab

1908 oŋayïn əlig tuttï tərsi maŋa
kəmixməgil əmdi ay ərsig toŋa

1899 سويۈملۈك يۈزىدە بولۇر بىر نىشان،
كوزى-كوزگە چۈشسە بىلىنۈر شۈئان.

1900 بۈگا ئۇخشاپ كېلەر بىر شائىر سوزى،
ئۈقۈپ ئال ئۈنى، ئەي كىشى ئەربوزى[126]:

1901 سويۈملۈك كىشىنىڭ يۈزى بەلگۈلۈك،
تىلىن ئاچسا مەنا سوزى بەلگۈلۈك.

1902 سويۈپ-سويمىگەننى بىلەيمەن دىسەڭ،
ساڭا توغرا باقسا كوزى بەلگۈلۈك.

ئېلىگنىڭ ئۇگدۈلمىشكە سوئالى

1903 ئېلىگ ئېيتتى: ئۈقتۈم، ئىشىتتىم بۈنى،
يەنە بىر سوزۈم بار، دىگىن سەن ئۈنى.

1904 كېرەكلىك سوز ئېيتاي مەن ئەمدى ساڭا،
تازا ئويلىنىپ سەن جاۋاپ بەر ماڭا.

ئۇگدۈلمىشنىڭ ئېلىككە جاۋابى

1905 دىدى ئۇگدۈلمىش: ئى بەختىيار خان،
بىلىم بىرلە خان ئات چىقارۇر هامان.

1906 بىلىم ئوردىسىدۇر بۇ خانلار ئوزى،
بىلىمسىز بولۇر قۈل، كېرەك نە سوزى.

1907 سوراماق ئوڭايدۇر، قىيىندۇر جاۋاپ،
جاۋاپقا ئېلىگ بىلمى بولغاي ساۋاپ[127].

1908 ئوڭاينى ئېلىگ ئالدى، تەسنى ماڭا—
سۇرۇپ قويما ئەمدى، ئى هۇشيار توڭا.

ƏLIG JƏWABÏ ƟGDÜLMIXKƏ

1909 ə̣lig aydï aytïq̣lï muṇluq̣ bolur
ezi bilmədükin anïṇdïn ḳolur

1910 ḳalï muṇdaq̣ ərsə səvingü kərək
ayïtmïx sezümni sən ayq̣u kərək

ƟGDÜLMIX JƏWABÏ ƏLIGKƏ

B147
1911 yanut bə̣rdi aydï ay ə̣dgü terü
əxitmək kə̣d ol sezləməktə kerü

1912 sezüg sezləgüqi bu jan yavrïtur
əxitgüqi avnur ət ez səmritür

1913 nəgü tə̣r əxitgil sïnamïx begü
sezüg sezləməgü əxitgü egü

C97
1914 əxitmək bilə boldï bilgə kixi
bu sez sezləməktin barïr ər baxï

1915 əxitsə bolur ol ḳulaḳḳa tatïq̣
təlim sezləmix sezdə bolmaz asïq̣

1916 sezüg sezləməsə sav altun sanï
baḳïr boldï tildin qïḳarsa anï

ƏLIG JƏWABÏ ƟGDÜLMIXKƏ

A74
1917 ə̣lig aydï əmdi keni sezlədiṇ
sən əmdi ezüṇkə ḳutun ḳur badïṇ

ئېلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

1909 ئېلىگ ئېيتتى: سورغۇچى مۇھتاج ئېرۇر،
ئۆزى بىلمىگەننى سوراپ ئۇ بىلۇر.

1910 بۇ شۇنداق ئىكەن سەن سۆيۈنسەڭ كېرەك،
سوئالىم جاۋابىنى بەرسەڭ كېرەك.

ئۆگدۈلمىشنىڭ ئېلىگكە جاۋابى

1911 جاۋاپ بەردى ئى ياخشى قانۇن دىبان،
ئىشتمەك سوزلىمەكتىن ياخشى ھامان.

1912 بۇ سوز قىلغۇچى ئوز جانىن ئۇپرىتۇر،
ئىشتكەن سويۇنۇپ ئوزىن سەمرىتۇر.

1913 قۇلاق سال، سىنالغان ھېكىم دەر نىمە،
ئىشت ھەم ئۇيلا، ئەمما تولا سوزلىمە:

1914 ئىشتمەك بىلە بولدى ئالىم كىشى،
تولا سوز قىلىشتىن كېتۇر ئەر بېشى.

1915 ئىشتمەك قۇلاققا بېغىشلايدۇ زەۋق،
تولا سوزلىگەن سوزدە كوپ پايدا يوق.

1916 دىمەستە سوزۇڭنى ئالتۇن ھىساپلا،
ئېغىزدىن چىقسا سەن ئۇنى مىس سانا.

ئېلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

1917 ئېلىگ ئېيتتى: ئەمدى دۇرۇس سوزلىدىڭ،
ئۇزۇڭگە بەختىنىڭ قۇرىن باغلىدىڭ.

ӨGDÜLMIX JӘWABĪ ӘLIGKӘ

1918 yanut bәrdi әgdülmix әlig ķutī
ezüm yәglәdüki bu ķulluķ atī

1919 ķulī jan sīzuroŋu avīnsa bәgi
ķalī yәtlür әrsә bu ķulnuŋ әgi

1920 әxitsü ayayin ezüm bilmixin
әlig mә kәqürsün hәta bolmixin

ئۇگدۇلمىشنىڭ ئېلىككە جاۋابى

1918 جاۋاپ بەردى ئۇگدۇلمىش: ئېلىگ قۇتى،
ئۇزۇم خالىغىنىم بۇ قۇللۇق ئېتى.

1919 جان ئاتسۇن بېگىمنىڭ ھوزۇرىغا قۇل،
ئەگەر يەتسە ئەقلى، ئاقىل بولسا ئول.

1920 ئىشتىكىن، مەن ئېيتاي ئۇزۇم بىلگىنىن،
ئېلىكمۇ كەچۈرسۇن خاتا بولغىنىن.

28

BƏGLIKKƏ SƏZA BOLƔU TƏG BƏG NƏGÜ TƏG KƏRƏKIN AYUR

1921 ə̣lig aydï əmdi ayïtɣu sezüm
bu ərdi munu əmdi aytur ezüm

B148
1922 terütti apa oɣlanïn bir bayat
uluɣ bar kiqig bar ə̣siz əḍgü at

1923 biliklig biliksiz qïɣay bar ya bay
uḳuxluɣ uḳuxsuz otun bar kəḍ ay

1924 nəgü təg kərək bəg munï baxlasa
qavï barsa atï ixin ixləsə

1925 ə̣tilsə ə̣li ḥəm bayusa boḍun
atï əḍgü bolsa ol ərtər eḍün

1926 həzinə urunsa kümüx ḥəm aɣï
yaɣï boynï yənqsə kə̣tərsə qoɣï

1927 yumïtsa ər at bolsa küqlüg əlig
yorïtsa terü tüz yətürsə bilik

يىگىرمە بەشىنچى باپ

بەگلىككە لايىق بەگنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكى بايانىدا

1921 ئېلىگ ئېيتتى: ئەمدى دىمەكچى سوزۇم،
شۇ ئەردى مانا ئەمدى ئېيتاي ئۇزۇم.

1922 ياراتتى خۇدايىم ئادەم بالىسىن،
ئۇلۇغىن، كىچىگىن، يامان ـ ياخشىسىن.

1923 بىلىملىك، بىلىمسىز، پېقىر يا گاداي،
ئەقىللىق، ئەقىلسىز، جاھىل ياكى باي.

1924 نىچۇگرەك كېرەك بەگ ئۇنى باشلىسا،
ئورۇنلاپ ئىشنى، ئېتى ياگرىسا.

1925 بېيىپ خەلقى، ئۇنىڭ تۇزەلسە يۇرتى،
كېتەر چاغدىمۇ قالسا ياخشى ئېتى.

1926 كۇمۇش ھەم يىپەككە تولۇپ غەزنىسى،
بويۇن ئەگسە دۇشمەن، تۇگەپ پىتنىسى.

1927 ئېلى بولسا كۇچلۇك، يىغىلسا قوشۇن،
يۇرۇتسە ئىلىم بىرلە ئۇ تۇز قانۇن.

C98
1928 qavīⱪsa aⱬunda yaḑīlsa atī
bəḑüsə küniņə kətürsə ⱪutī

1929 ərəⱬin avīnsa yə̧sə ə̧l uzun
pütün jan üzülsə yə̧sə ol aⱬun

ƟGDÜLMIX JƏWABĪ Ə̧LIGKƏ

1930 yanut bə̧rdi ɵgdülmix aydī ə̧lig
ə̧ḑi tərs ayïttī maņa bu biliⱪ

1931 bu bəglik ixin barqa bəglər bilir
tərü ɵņdi ⱪīlⱪ yaņ olardīn kəlir

1932 anasīnda toƣsa toƣar bəglikin
kərü ɵgrənür ix bilür yə̧glikin

1933 bayat kimkə bə̧rsə bu bəglik ixi
bə̧rür ɵg kəņül kər ol ixkə tuxī

1934 kimi bəg tərütmək tiləsə bayat
bə̧rür axnu ⱪīlⱪ yaņ uⱪux yüg ⱪanat

B149
1935 bu bəglik ixi boldī bəglər ixi
bu bəglər ixin bildi bəglik kixi

1936 bu ixni ə̧lig mə̧ndə yə̧grək bilür
atasī bəg ərdi ɵzi bəg turur

Ə̧LIG JƏWABĪ ƟGDÜLMIXKƏ

1937 ə̧lig aydī uⱪtum bu sɵz barqa qīn
kəni sɵzlədiņ sɵz yīpar burdī kin

1928 تېپىپ شوھرەت، جاھاندا يېيىلسا ئېتى،
بۆيۈكلەپ كۆنسايىن، كوپ ئاشسا قۇتى.

1929 ئۆزۈن يىل ياشسا ھوزۇردا ئامان،
پىدا بولسا جانلار، ئۇ سورسا جاھان.

ئوگدۇلمىشنىڭ ئېلىككە جاۋابى

1930 جاۋاپ بەردى ئوگدۇلمىش، دېدى: ئېلىگ،
مېنىڭدىن سورىدى بۆيۈك بىر بىلىك.

1931 بۇ بەگلىك ئىشىن ھەممە بەگلەر بىلۇر،
قانۇن، تەرتىپ، ئادەت ئۇلاردىن كېلۇر.

1932 توغۇلۇر بۇ بەگ ئاندىن بەگ بولۇپ،
بىلۇر ياخشى ئىشنى كورۇپ، ئۇگۈنۇپ.

1933 بۇ بەگلىك ئىشىن كىمگە بەرسە خۇدا،
بېرۇر ھەم ئەقىل، كوڭۇل لايىغىدا.

1934 كىمى بەگ ياراتماق تىلىسە بايات،
بېرۇر باشتا خۇلق، ئەقىل، قول ـ قانات.

1935 بۇ بەگلىك ئىشى بولدى بەگلەر ئىشى،
بىلۇر بەگلىك ئىشنى بەگلىك كىشى.

1936 بۇ ئىشنى ئېلىگ مەندىن ئۇبدان بىلۇر،
ئاتاسى بەگ ئەردى، ئۆزى بەگ ئېرۇر.

ئېلىگنىڭ ئوگدۇلمىشكە جاۋابى

1937 ئېلىگ: ئۇقتۇم سوزۇڭنى، چىندۇر دېدى،
راست ئېيتتىڭ، سوزۇڭنىڭ ئىپاردەك ھىدى.

1938 bu ix ķïloqquqï ər ķïlur əz ixi
mün ərdəm bilikli kərügli kixi

1939 mən ix ķïloqquqï mən sən ix kərgüqi
ixig kərgüqidin bilür ķïloqquqï

1940 bayat bərdi əmdi saņa əg kəņül
uķux həm bilik birlə bolduņ amul

1941 maņa oķ tapïndïņ kiqigdə bərü
kərü əgrənü bildiņ ədgü tərü

C99
1942 ķamuoq ixni uķtuņ ma bildiņ əzün
maņa ma baoqïrsaķ sən ķïlķïn səzün

A75
1943 baoqïrsaķķa aytur kixi əz səzin
baoqïrsaķ yuluoqlar kixikə əzin

1944 baoqïrsaķ üqün sən pütər mən saņa
baoqïrsaķlïķïn ay bu səzlər maņa

1945 nəgü tər əxitgil baoqïrsaķ kixi
baoqïrsaķlïķ ol kər kixilik baxï

1946 baoqïrsaķnï əgdi uķuxluoq əküx
baoqïrsaķ kixilər kixikə kəsüx

1947 baoqïrsaķnï bulsa baoqïrķa urun
maņa mundaoq aydï bilik həm uķux

ƟGDÜLMIX JƏWABÏ ƏLIGKƏ

B150
1948 yanut bərdi əgdülmix aydï əlig
əsən' inq tirilgil ay üstəņ əlig

1938 بۇ ئىشنى قىلغۇچى ئۆز ئىشىن بىلەر،
بىلەر كەم-ئوشۇغىن كورۇپ تۇرغان ئەر.

1939 مەن ئىش قىلغۇچىمەن، سەن ئىش كورگۈچى،
بىلەر كورگۈچىدىن ئىشنى قىلغۇچى.

1940 خۇدا بەردى ئەقىل ھەم كوڭۈلنى ساڭا،
ئەقىل ھەم بىلىملە قىل ئىشنى ئادا.

1941 كىچىكتىن بۇيان، خىزمىتىمدە بولۇپ،
بۇ ياخشى قانۇننى ئۆگەندىڭ كورۇپ.

1942 پۈتۈن ئىشنى ئۇقتۇڭ ۋە بىلدىڭ ئوزۇڭ،
كويۈمچان ماڭا ھەم قىلىغىڭ، سوزۇڭ.

1943 كويۈمچانغا ئېيتۇر كىشى ئوز سوزىن،
كويۈمچان بېغىشلار كىشىگە ئوزىن.

1944 كويۈمچانلىغىڭدىن پۈتەرمەن ساڭا،
سەمىمى سۈرەتتە جاۋاپ بەر ماڭا.

1945 نىمە دەر، ئىشتىكىن، كويۈمچان كىشى،
كويۈمچانلىق ئېرۇر كىشىلىك بېشى:

1946 ئاقىللار كويۈمچاننى كوپ ماختىدى،
كىشىگە ئەزىزدۇر كويۈمچان زاتى.

1947 كويۈمچان ئۈچۈن بەر يۈرەكتە ئورۇن،
ئەقىل ھەم بىلىم ماڭا شۇنداق دىدى.

ئوگدۈلمىشنىڭ ئېلىككە جاۋابى

1948 جاۋابەن ئوگدۈلمىش دىدى: ئەي خاقان،
ياشا تىنچ، قولۇڭ ئولسۇن ئۈستۈن ھامان.

1949 bu bəglikkə axnu tüp əşlï kərək
atïm alp ķatïƣ ķurq yana toŋ yürək

1950 atasï bəg ərsə oƣul toƣdï bəg
oƣul toƣsa bəg ḥəm atalarï təg

1951 uķuxluƣ kərək ḥəm biliklig kərək
aķïlïķ kərək ḥəm siliglik kərək

1952 bilik birlə bəglər boḍun baxladï
uķux birlə əl kün ixin ixlədi

1953 bəg atï bilik birlə baƣlïƣ turur
bilik lamï kətsə bəg atï ķalur

1954 kəḍ əglüg kərək ḥəm bilikli uķux
biliklig kixiniŋ yaƣïsï əküx

1955 nəgü tər əxitgil bilik bilmix ər
baxïnda kəqürmix əküx yəlmix ər

C100
1956 biliklig kərək bəg uķuxluƣ oḍuƣ
aŋar təgməsə bir mufaja yoḍuƣ

1957 ķïlïnq əḍgü ərdəm kərək miŋ tümən
atï əḍgü bolsa tutunsa boḍuƣ

1958 apa oƣlanï barqa əşlï bəḍük
bilik birlə boldï kər əḍrüm kəḍ ək

1959 uruƣ əḍgü bolsa ər əḍgü toƣar
ər əḍgü bolup ətrü tərkə aƣar

1960 iḍuķ ol bu bəglik aƣïƣlïķ tilər
arïƣlïķ bilə əldə saķlïķ tilər

1949 بۇ بەگلىككە تەكتى ئىسىللىق كېرەك،
باتۇرلۇق، قۇۋۋەت-كۈچ، جەسۇرلۇق كېرەك.

1950 ئاتا بولسا بەگ، تۇغۇلۇر ئوغلى بەگ،
ئوغۇلمۇ بولۇر بەگ ئاتالىرىدەك.

1951 ئەقىللىق كېرەك ھەم بىلىملىك كېرەك،
سېخىلىق كېرەك ھەم سىلىقلىق كېرەك.

1952 بىلىم بىرلە بەگلەر ئېلىن باشلىدى،
ئەقىل بىرلە خەلقنىڭ ئىشىن ئىشلىدى.

1953 بەگ ئاتى بىلىك بىرلە باغلىق تۇرۇر،
بىلىك "لامى" كەتسە، بەگ ئاتى قالۇر.[128]

1954 بەگ ئاقىل بولسۇن ھەم بىلگىنى تولا،
بىلىملىك كىشىنىڭ دۈشمىنى تولا.

1955 نىمە دەر، ئىشىتكىن، بىلىم تاپقان ئەر،
كوپ ئىشنى كەچۈرگەن، تولا كەزگەن ئەر:

1956 بەگ ئولسۇن بىلىملىك، ئاقىل ۋە ئويغاق،
ئۈزۈپ-تۈمتۈت تەگمىگەي دىسە بىر چاتاق.

1957 كېرەكتۇر ياخشى خۇلق، پەزىل مىڭ تۈمەن،
ئېتىمغا تەگمىسۇن دىسە داغ-بوياق.

1958 ئادەم باللىرى ھەممە ئەسلى بۇيۇك،
بىلىمىلە خىللىنىپ بولۇر كوپ تۈزۈك.

1959 ئۇرۇغ ياخشىدىن ياخشى ئەر تۇغۇلار،
كىشى ياخشى بولغاچقا تورگە چىقار.

1960 بۇ بەگلىك مۇقەددەس، ئېرىنغلىق تىلەر،
ئەلدىن ھەم ئېرىنغلىق، ھۇشيارلىق تىلەر.

1961 boḍunḳa talusï kərək alp atïm
bəḍük ixkə ətrü bu bolsa tətim

1962 nəgü tər əxitgil ətükən bəgi
sïnap səzləmix səzni yətrüp əgi

B151
1963 boḍunḳa bəgi artuḳ əḍrüm kərək
kənül til kəni ḳïlḳï kəḍrüm kərək

1964 biliklig uḳuxluq boḍunḳa talu
aḳï həm kəzi toḳ nə kənli tolu

1965 ḳamuq əḍgüḳə bolsa əlgi uzun
uvutluq silig həm ḳïlïnqï tüzün

1966 səza bəg bolur bu boḍunḳa uluq
munïndïn kəlir ətrü əḍgü uruq

1967 bilik birlə baxlar kixi ix baxïn
uḳux birlə uḳsa onarur ixin

1968 boḍunuq bilik birlə bastï bəgi
bilik bolmasa ixkə yaḳmaz əgi

1969 yanïlsa bu bəglər ay əlig ḳutï
anïn bəgliki iglər ətgü otï

1970 bu bəglik iginə otï əg bilik
uḳux birlə əmlə ay ḳïlḳï silig

1971 biliklig uḳuxluq kərək bəg tətik
anïn ḳïlsa ətrü iginə ətik

B101
1972 biliklig uḳuxluq bəgü əlqi bəg
ikigün azunda bolur ornï yəg

1961 بەگ ئولغاي خەلق ئۈچۈن جەسۇر، قەھرىمان،
بۇنىڭلە قىلىنۇر چوڭ ئىشلار ھامان.

1962 ئىشتىكىن، ئوتتۇكەن[129] بېگى نىمە دەر،
سىناپ ھەم سوزىنى بىلىپ قىلغان ئەر:

1963 خەلق بېگى تولىمۇ خىل بولماق كېرەك،
كوڭۇل، تىل تۈز، خۇلقى ئۈز ئولماق كېرەك.

1964 ئاقىل ھەم بىلىملىك، ئەل سويەر تېخى،
كوزى توق، دىلى كەڭ، ھەم بولسۇن سېخى.

1965 قىلىشقا ياخشىلىق قول ئولسۇن ئۇزۇن،
ئۇياتچان، سىلىق ھەم قىلىغى تۈزۈن.

1966 بەگ شۇنداق بولسا، ئەلگە لايىق ئۇلۇغ،
ئۇنىڭدىن كېلەر ھەم بىر ياخشى ئۇرۇغ.

1967 بىلىم بىرلە باشلار ئەر ئىشنىڭ بېشىن،
ئەقىل بىرلە قىلسا ھەم ئوڭلار ئىشىن.

1968 بىلىم بىرلە تۇتار ئېلىنى بېگى،
بىلىم بولمىسا، ئىشقا يەتمەس ئوگى.

1969 گەر ئىشتا يېڭىلسا بەگلەر، ئەي خاقان،
بۇ بەگلىك كېسەلدۇر، داۋالا شۇئان.

1970 داۋاسى بۇ دەرتنىڭ ئەقىل ۋە بىلىم،
داۋالا ئەقىللە، خۇلقى مۇلايىم.

1971 ئەقىل ھەم بىلىم بەككە بەكمۇ كېرەك،
داۋالار كېسەلنى شۇلار بىرلە بەك.

1972 بىلىملىك، ئەقىللىق، دانا ئەلچى خان،
بولۇر ياخشى ئورنى ھەر ئىككى جاھان.

A76

1973 ikigün azunuoq buluoqlī kixi
ədi kutluoq ol bu tükəl kut baxī

1974 muŋar mənzətü aydī xa'ir bu səz
kərü barsa mə'ni biliksizkə kəz

1975 məŋilig kayu ol maŋa ay yora
kixi kutluoqī kim kixilər ara

1976 yəsə bərsə dunya tirilsə kutun
takī bir azunda bu buldī tərə

1977 kīlīnqī oŋay bolsa kīlkī keni
səvinqin kəqər kər ux ol bəg küni

B152

1978 bayat kimkə bərsə bu ədgü kīlīk
bu ədgü kīlīk brilə ədgü yorīk

1979 anīŋ boldī dunya tü ni'mət bilə
tiləsə əzüŋ yə tiləsə ülə

1980 bayat bərsə fəzlī kulīŋa kutun
bolur kīlkī ədgü kīlīnqī pütün

1981 kīlīnq ədgü ərdəm kərək miŋ tümən
anīn tutsa əl kənd kətürsə tuman

1982 nə ədgü turur bu kīlīnq ədgüsi
kīlīnq ədgü ərkə yəgü kədgüsi

1983 bayat kimkə bərsə kīlīnq arkukī
anī əmgətür bu zəmanə okī

1984 kayu bəgdə bolsa bu arkuk kīlīnq
ixi barqa tətrü səvinqi sakīnq

1973 ھەر ئىككى جاھانلىقنى تاپقان كىشى،
بولۇر كوپ بەختلىك، سائادەت بېشى.

1974 بۇڭا ئوخشىتىپ ئېيتتى شائىر بۇ سوز،
بۇ سوز مەنىسىدۇر بىلىمسىزگە كوز:

1975 سائادەت نىمەدۇر قېنى ئېيت ماڭا،
كىشى قۇتلۇغى كىم كىشىلەر ئارا؟

1976 يىسە، بەرسە دۇنيا، ياشاپ بەختلىك،
ئۇ دۇنيادا بولۇر ھەم توردە تۇرا.

1977 مۇلايىم بولسا خۇلقى، قىلىغى كونى،
سويۇنچتە ئوتەر ئۇشبۇ بەگنىڭ كۇنى.

1978 خۇدا كىمگە بەرسە بۇ ياخشى قىلىق،
ھەم ياخشى قىلىق بىرلە ياخشى تۇرۇق؛

1979 جاھان بولدى بار نېمەتىلە ئۇنىڭ،
تىلىسەڭ ئۇلەشتۇر، تىلە، يە ئوزۇڭ.

1980 خۇدا گەر قۇلىغا پەزىل-بەخت بېرۇر،
پۇتۇن خۇلقى-خۇيى ھەم ياخشى بولۇر.

1981 گۇزەل خۇي، پەزىلەت كېرەك مىڭ تۇمەن،
قىلىپ تېچ ئەل-يۇرتنى، يوقاتسا تۇمان.

1982 بۇ ياخشى قىلىق ئۇ ئەجەپ ياخشىدۇر،
كىشىگە يىمەك ھەم كىيىمدەك تۇرۇر.

1983 خۇدا قىلسا كىمنىڭ خۇيىنى يامان،
ئۇنى رەنجىتۇر ئوقى بىرلە زامان.

1984 ئەگەر بولسا قايسى بەگ خۇلقى ناچار،
سويۇنچى بولۇر غەم، ئىشى تەتۇر ماڭار.

1985 saķïnuķ kərək bəg nə ķïlķï arïƣ
arïƣlïķ tilər tutqï urƣï arïƣ

C102
1986 saķïnuķ kixi kɵŋli ķorķlïķ bolur
kɵŋül ķorķsa bəglər ixig tüz ķïlur

1987 ķalï bolmasa bəg saķïnuķ süzüg
arïƣsïz bolur barqa ķïlķï üzük

1988 ɵrüglük amulluķ bolur bəgkə kɵrk
bu bəglik ixiŋə bu ol baƣu ɵrk

1989 kəḍ ɵglüg kərək bəg oŋarsa ixin
bilip baxlasa ɵtrü ixlər baxïn

1990 bu ɵglüg kixilər oŋarur ixig
yïraķ tutƣu ixtə bu ɵgsüz kixig

1991 kɵŋül bolmasa ər kɵzi asƣï yoķ
ɵgi bolmasa ər kɵŋül osƣï yoķ

1992 nəgü tȩr əxitgil ay ȩlqi baxï
ɵrüg kəḍ kɵŋüllüg sïnamïx kixi

B153
1993 ķayu ərdə bolsa uķux birlə ɵg
anï ər ataƣïl nəqə ɵgsə ɵg

1994 uķux ɵg bilik kimdə bolsa tükəl
yavuz ərsə kəḍ tȩ kiqig ərsə ɵg

1995 nə ȩḍgü turur bu kixikə ɵgə
ɵgi bolsa ɵtrü ataƣu ɵgə

1996 ȩvəklik bəliŋ ol ķamuƣķa yavuz
ķalï bolsa bəgkə yüzi boldï boz

1985 بەگ ئۇلماق كېرەك تەقۋا، دىلى ئېرىنغ،
ئېرىنغلىق تىلەر دائىم نەسلى ئېرىنغ.

1986 كىشى بولسا تەقۋا، دىل قورققاق بولۇر،
دىلى قورقسا بەگلەر ئىشىن تۈز قىلۇر.

1987 ئەگەر بولمىسا بەگ تەقۋادار سۆزۈك،
ئېرىنغسىز بولۇر ھەممە قىلىغى ئۈزۈك.

1988 بىسقىلىق، سەۋرىلىك بەگنىڭ كوركىدۇر،
بۇ بەگلىك ئىشىغا ئۇ چۇلۇۋر بولۇر.

1989 كېرەك كوپ ئەقىل بەككە قىلىشقا ئىشىن،
بىلىپ باشلىسا ئۇ ھەر ئىشىنىڭ بېشىن.

1990 ئەقىللىق كىشىلەر تۈزەلتۇر ئىشىن،
يىراق تۇتسا ئىشتىن ئەقىلسىز كىشىن.

1991 ئېرۇر پايدىسىز كوز، كوڭۇل بولمىسا،
كوڭۇل پايدىسىزدۇر ئەقىل بولمىسا.

1992 نىمەدەر، ئىشتكىن، ئى ئەلىنىڭ بېشى،
دىلى كوپ سەۋرىلىك، سىنالغان كىشى:

1993 ئەگەر كىمدە بولسا ئاڭ ـ ئىدرەك ۋە ئوگ،
ئۇنى ئەر ساناپ سەن قانچە ئوگسەڭ ئوگ.

1994 ئەقىل، ئاڭ، بىلىم كىمدە بولسا تولۇق،
يامان بولسا خوپ دەپ، كىچىك بولسا ئوگ.[130]

1995 كىشىگە نە ياخشى تۇرۇر بۇ ئوگە[131]،
ئەگەر بولسا ئەقلى، ھىساپلا ئوگە.

1996 شاشماقلىق ئېرۇر خەۋپ، ئومۇمغا ياۋۇز،
بەگ ئولسا بۇ خىل گەر، يۈزى بولدى بوز.

1997 əvək kuroqu kilki kilinqi puxi
biliksizkə bəlgü bolur bu ixi

1998 əvə kilmix ixlər nəqə yig bolur
əvə yəsə ax suv nəqə ig bolur

1999 kamuoq ix iqində amulluk ədür
məgər ta'ət ərsə əvingil yügür

2000 kəzi tok kərək həm uvutluoq tüzün
aquk həm yaruk bolsa kilkin səzün

C103
2001 todumsuz bolur ol kəzi suk kixi
kəzi sukka yətməz bu dunya axi

2002 bu sukluk ig ol bir oti yok əmi
ani əmləyüməz bu dunya kami

A77
2003 kamuoq aq yəsə iqsə ahir todur
kəzi aq kixi əlsə aqlik kodur

2004 kəzi suk kixi nənkə bolmaz bu bay
kamuoq dunya bulsa ahir suk qioqay

2005 uvutluoq kərək bəg kixidə talu
uvutluoq kilinqi ərilməz tolu

2006 kimində uvut bolsa kilki silig
kamuoq tənsiz ixkə təgürməz əlig

2007 bayat kimkə bərsə uvut kəz suvi
anar bərdi dəwlət tükəl yüz suvi

B154
2008 kamuoq tənsiz ixtin yioqioqli uvut
kamuoq ədgü ixkə ulaoqli uvut

1997 شاشماقلىق، غەزەپ ــ بىر قىلىقتۇر يامان،
بۇ ئىشتۇر نادانلىق نىشانى ھامان.

1998 ئالدىراپ قىلغان ئىش كوپ ئاچچىق بولۇر،
ئالدىراپ يېسە ئاش ئۇ، ئاغرىق بولۇر.

1999 پۈتۈن ئىشتا بېسىق بول، شۇنى تاللىۋال،
مەگەر كىم ئىبادەت يۈگۈر، بولما گال.

2000 مۇلايىم، ئۇياتلىق، كوزى توق كېرەك،
قىلىق، سوزدە يورۇق ـ ئوچۇقلۇق كېرەك.

2001 بولۇر تويمىغۇر ئول كوزى ئاچ كىشى،
كوزى ئاچقا يەتمەس بۇ دۇنيا ئېشى.

2002 بۇ ئاچكوزلۇك ئاغرىق، داۋا يوق ئاڭا،
جاھاندا ھېكىم چارە تاپالماس بۇڭا،

2003 پۈتۈن ئاچ يېسە، ئىچسە ئاخىر تويار،
كوزى ئاچ بۇ ئاچلىقنى ئولسە قويار.

2004 كوزى ئاچ كىشىلەر بولماس مالغا باي،
پۈتۈن بولسا دۇنيا ئۇنىڭ، ئۇ گاداي.

2005 بەگلەر كوپ ئۇياتچان، سەرخىل بولغۇلۇق،
ئۇياتچان قىلىغى كېمەيمەس، تولۇق.

2006 ئۇيات كىمدە بولسا، سىلىق خۇيلۇق ئول،
ناچار ئىشقا ھەرگىز ئۇ سۇنمايدۇ قول.

2007 خۇدا كىمگە بەرسە ئۇيات، ياخشى خۇي،
بېرەر دەۋلەت بىلەن كوپ شانۇ ـ ئابروي.

2008 ئۇيات ــ بارچە يامان ئىشتىن توسقۇچى،
پۈتۈن ياخشى ئىشقا ئۇلاشتۇرغۇچى.

2009 nə əḍgü nəņ ol bu uvut ərkə kerk̓
ķamuɋ əḍgü ixkə uvut boldï erk

2010 tili qïn kərək bolsa keņli ķeni
boḍunķa asïɋ ķïlsa toɋsa küni

2011 ķalï bolsa bəglər hiyanət keņül
boḍunķa asïɋ bolmaz andïn țeņül

2012 keņül til oņay bolmasa ker ķïlïķ
ol ə̣ldin ķaqar ķutķa bolmaz yorïķ

2013 sezin ķïyoɋuqï bəgkə tutma umunq
tiriglik yava boloɋa ķïloɋay ekünq

2014 ə̣ḍi saķ kərək bəg yana kəḍ oḍuɋ
usal bolsa bəglər toķïnur yoḍuɋ

A81
2015 iki nəņ turur ə̣lkə baɋï bəki
biri saķlïķ ol bir terü ə̣l keki

2016 ķayu bəg saķ ərsə ə̣liņ bəklədi
yaɋï boynï yənqti ezə erklədi

C104
2017 ķayu bəg terü bə̣rsə ə̣ldə keni
ə̣lin ə̣tti ķoḍtï yaruttï küni

2018 bu bəglik baɋï ker bu iki bolur
bu iki tükəl bolsa bəglik ķïlur

2019 nəgü tə̣r əxitgil yaɋïqï kür ər
bu saķlïķ bilə ez yaɋïsïn urar

A82
2020 aya ə̣lqi bəglər ə̣lig ķolsa saķ
bu saķlïķ bilə sən tezü ə̣lkə baķ

2009 ئۇياتتۇر نە ياخشى زىننەت، ئەرگە خاس،
ئۇياتتۇر پۈتۈن ياخشى ئىشقا ئاساس.

2010 تىلى چىن كىرەك، كۆڭلى بولسۇن كونى،
بىرىپ پايدا خەلقىغە، تۇغسا كۈنى.

2011 ئەگەر بولسا بەگلەر يامان دىللىق ئۇ،
ئىرۈر پايدىسىز خەلققە، قولۇڭنى يۇ.

2012 گۈزەل بولمسا بەگدە خۇي، سوز ۋە تىل،
ئۇ ئەلدە تۇرالماي قاچار بەخت، بىل.

2013 سوزىدە تۇرماس بەككە قويما ئۇمىت،
هاياتىڭ كىتەر بوش، قىلۇر نائۇمىت.

2014 بەگ ئولماق كىرەك ساق، يەنە بەك هۇشيار،
غاپىل بولسا بەگلەر، كوپ پىتنە قوپار.

2015 ئىككى نەرسە ئەلگە باغ، ئاچقۇچ ئۆزى:
هۇشيارلىق ۋە قانۇن—ئەلنىڭ يىلتىزى.

2016 قايۇ بەگ ساق ئولسا ئىلىن ساقلىدى،
ياۋ بوينىن يەنچىدى هەم باغلىدى.

2017 قايۇ بەگ يۈرۈتسە قانۇننى كونى،
تۈزەتتى ئۇ ئەلنى، تۇغۇلدى كۈنى.

2018 بۇ بەگلىك ئاساسى شۇ ئىككى ئىرۈر،
بۇ ئىككى تولۇق بولسا، بەگلىك قىلۇر.

2019 نىمە دەيدۇ ئاڭلا بىر كۈرەشچان ئەر،
بولۇپ هۇشيار، ياۋنى يەكسەن قىلغان ئەر:

2020 ئايا ئەل بەگلىرى، ئەل ساقلاي دىسەڭ،
سەگەك بول، هەر ياقتىن كۈزەت ئەلنى تەڭ.

2021 bu saḳlïḳ bilə arttï bəglər ə̣li
usallïḳ ḳərü buzdï bəglik ulï

2022 bu saḳlïḳ bilə sən yaɣï boynï yənq
boḍunḳa tərü ḳïl tiril ḳə̣nrü inq

B155
2023 iki nən bilə ə̣lqi bəglik buzar
kirür əgri yolḳa kənidin azar

2024 biri küq birisi usallïḳ ḳïlur
bu iki bilə bəg ə̣lin artatur

2025 yaɣï boynï yənqmək tilər ərsə sən
ḳulaḳ kəz kərək saḳ ḳïlip tursa sən

2026 bu saḳlïḳ bilə sanqtï bəglər yaɣï
usallïḳ bilə buzdï bəglik baɣï

2027 usal bolsa bəglər ixin pütrüməz
usal bəg pütün bilgü bəglik yə̣məz

2028 saḳ ər tutqï ə̣tnip usalïɣï pusar
usal bolmaɣïnqa yaɣïɣï kim basar

2029 saḳ ərsə bəgi ə̣lkə təgməz əlig
ḳalï təgsə yətrür uḳux əg bilik

2030 bu küqkəy kixi kəndü bəglik yə̣məz
bu küqkəy küqini boḍun kətrüməz

2031 nəgü tə̣r əxitgil biliklig səzün
yə̣yümədi küqkəy ə̣lin ḳə̣q uzun

C105
2032 kəyər ot turur küq yaɣusa kəyər
tərü suv turur aḳsa ni'mət ənər

2021 سەگەكلىك بىلەن ئارتتى بەگلەر ئېلى،
بېپەرۋا بولۇش بۇزدى بەگلىك ئۇلى.

2022 ھۇشيارلىق بىلە يەنچى ياۋ بويىنىنى،
سوراپ ئەل، كەڭرۇ قىل ھايات قوينىنى.

2023 بەگ ئىككى نىمە بىرلە بەگلىك بۇزار،
كىرىپ ئەگرى يولغا، رۇس يولدىن ئازار:

2024 بىرى غاپىل ئولماق، بىرىدۇر زۇلۇم،
بۇلار بىرلە ئەلنى بۇزار بەگ چوقۇم.

2025 ئەگەر ئىستىسەڭ يېغى بويىنىن ئۈزۈش،
كېرەك كوز-قۇلاق بىرلە ھۇشيار تۇرۇش.

2026 سەگەكلىك بىلەن بەگ يوقاتتى يېغى،
بېپەرۋا بولۇپ ئۈزدى بەگلىك بېغى.

2027 غاپىل ئولسا بەگلەر ئىش ئولماس تامام،
غاپىل بەگدە بەگلىك ئۇ قىلماس داۋام.

2028 بېپەرۋانى دائىم باسار سەگەك ئەر،
غاپىل بولمىسا ياۋ، ئۇنى كىم يېڭەر؟

2029 ساق ئولسا بېگى، ئەلگە تەگمەس ئىلىك،
ئەگەر تەگسە، چارە تاپار ئاڭ-بىلىك.

2030 سۇرەلمەس زالىم بەگ بەگلىك دەۋرىنى،
كوتەرمەيدۇ خەلقى ئۇنىڭ زۇلمىنى.

2031 نىمە دەيدۇ ئاڭلا بىلىملىك سوزۇن:
بولالمايدۇ زالىم ھوكۇمران ئۇزۇن.

2032 زۇلۇم — ئوت، يېقىنلاشسا، ئۇ كويدۇرەر،
قانۇن — سۇ، ئۇ ئاقسا، نېمەتلەر ئۇنەر.

2033 uzun əl yəyəyin təsə ay bəgü
tərü tüz yorïtqu boḍunuq kügü

2034 əl artar tərü birlə ətlür azun
əl əksür bu küq birlə buzlur azun

2035 təlim ordular buzdï küqkəy küqin
turu əldi ahir bu küqkəy aqïn

2036 kənül tüzsə bəglər yorïtsa tərü
bu bəglik buzulmaz turur kəq ərü

B156
2037 kamuqda yaraqsïz ay əlig kutï
bu bəglər əzə kopsa yalqan atï

2038 səzi qïn kərək bəg nə kïlkï pütün
ïnansa anar həlk tirilsə kutun

2039 bu yalqan kixilər wəfasïz bolur
wəfasïz kixi həlkka tənsiz kïlur

2040 nəgü tər əxitgil wəfalïq kixi
wəfa ol kixikə kixilik baxï

2041 tili yalqan ərnin jəfa kïlkï ol
jəfa kimdə ərsə ux ol yïlkï ol

2042 kixi yalqanïnda tiləmə wəfa
bu bir səz sïnanmïx əküx yïlkï ol

2043 yürəklig kərək bəg yəmə alp atïm
yürək birlə boldï yaqïka tətim

2044 sü baxlar ərən kür yürəklig kərək
yürəksiz ər at alsa andïn yürək

2033 بولاي دىسەڭ ئەلگە ئۇزۇن ھوكۇمران،
قانۇن تۇز يۇرۇت، خەلقنى ئاسرا ھامان.

2034 ئەل ئارتار قانۇن بىرلە، تۇزىلۇر جاھان،
زۇلۇم بىرلە كېمىيپ ئەل، بۇزۇلۇر جاھان.

2035 كوپ ئوردا بۇزدى زالىم زۇلۇم بىلە،
تىرىك ئولدى ئاخىر ئۇ ئاچلىق ئىلە.

2036 تۇزەپ بەگ كوڭۇلنى يۇرۇتسە قانۇن،
بۇ بەگلىك بۇزۇلماس، تۇرار بەك ئۇزۇن.

2037 ياماندىن ياماندۇر ئەي ساھىپقىران،
ئەگەر ئاتىنىپ قالسا يالغانچى خان.

2038 سوزى چىن ئولسا بەگنىڭ، خۇلقى گۇزەل،
ئىشەنگەي، ياخشى كۇن كورۇپ ئاڭا ئەل.

2039 يالغانچى كىشلەر ۋاپاسىز بولۇر،
ۋاپاسىزلار خەلققە ئوساللىق قىلۇر.

2040 نىمە دەر، ئىشىتكىن، ۋاپالىق كىشى،
ۋاپادۇر كىشىگە كىشىلىك بېشى:

2041 تىلى يالغان ئەرنىڭ جاپا قىلغى ئول،
جاپا كىمدە بولسا ئېرۇر يىلقى ئول.

2042 تەلەپ قىلما ۋاپا يالغانچىلاردىن،
بۇ سوزلەر سىنالغان ئۇزۇن يىللىق ئول.

2043 بەگلەرگە يۇرەكلىك، جەسۇرلۇق كېرەك،
تېتىغاي ئۇ ياۋغا يۇرەك بىرلە بەك.

2044 بۇ ئەسكەر بېشى بەك يۇرەكلىك كېرەك،
يۇرەكسىز كىشى ئۇندىن ئالسۇن يۇرەك.

C106

2045 yürəklig yürəksizkə bolsa baxī
yürəklig bolur etrü təgmə kixi

2046 bu sezkə tanuķī bu bəytig oķī
bu sezkə anuķ tut keņül eg taķī

2047 ker arslan bolu bə̣rsə ītķa baxī
bu īt barqa arslan bolur ez tuxī

2048 ķalī bolsa arslanķa īt baxqīsī
ol arslan bolur barqa īt saķīxī

2049 aķīliķ kərək bəgkə ķoḍķī keņül
bu ķoḍķī keņül birlə ķīlķī amul

A83
2050 aķī bolsa bəglər atī qavlanur
atī qavī birlə aẓun bəklənür

2051 ava yīoqlu tə̣rlür ər at sü bolur
ər at sü bilə ər tiləkin bulur

2052 nəgü tə̣r əxitgil urup yə̣gli ər
urup al ay alp ər yana ərkə bə̣r

B157
2053 aķī bol baoqīxla iqür ḥəm yə̣tür
ķalī əksüsə ur yana al yətür

2054 azīoqlīoq kür ərkə bu nəņ əksüməz
tutuoqlī erüņ ķuxķa məņ əksüməz

2055 ķilīq baldu oķ ya ķəwi küq yürək
bar ərkən kəḍ ər nəņkə ķorķmaz kərək

2056 aẓunqī begü bəg nəlük gənq urur
ər at ķayda bolsa anuķ gənq alur

2045 يۈرەكلىك يۈرەكسىزنىڭ ئولسا بېشى،
يۈرەكلىك بولۇر ئۇندا ھەممە كىشى.

2046 بۇ سوزنىڭ گۇۋاسى بۇ بىيت ئوقى،
بۇ سوزنى كوڭۈلدە ساقلاپ تۇت تېخى:

2047 بولۇۋەرسە ئىتقا، كور، باش ئارسلان،
بولۇر ئىتلار ھەممە ئارسلانسىمان.

2048 ئەگەر بولسا ئىت ئۇ ئارسلانغا باش،
بولۇر ئارسلانلار ھەم ئىتتەك ھامان.

2049 يانا بەگ كىچىك دىل، سېخى بولغۇلۇق،
بۇنىڭ بىرلە قىلىقىن بېسىق تۇتقۇلۇق.

2050 سېخى بولسا بەگلەر ئېتى تارىلۇر،
ئېتى ۋە شوھرىتىلە جاھان قوغدىلۇر.

2051 ئەر، ئات توپلىنىپ ئاڭا، لەشكەر بولۇر،
بۇ لەشكەر بىلەن ئەر تىلەگىن تاپۇر.

2052 نىمە دەر، ئىشىت، جەڭ بىلەن ئوتكەن ئەر:
ئۇرۇپ ئال ئەي باتۇر، يەنە ئەرگە بەر.

2053 سېخى بول، بېغىشلا، ئىچۇر ھەم يىگۈز،
يەنە سەن ئۇرۇپ ئال، كېمەيسە ئەگەر.

2054 جەسۇر، كوزى ئوتكۈرگە مال ئوكسۈمەس،
ئالغۇر ئاق لاچىنغا يىمەك كەمسىمەس.

2055 قىلىچ، پالتا، ئوقيا بىلەن كۈچ، يۈرەك —
بار ئولسا، باتۇر مالدىن قورقماس كېرەك.

2056 جاھاندار، ئاقىل بەگ نىچۈك گەنج[132] يىغۇر،
ئەر، ئات قايدا بولسا، ئېنىق گەنج ئالۇر.

2057 bu əl tutoquka kəp ər at sü kərək
ər at tutoquka nəŋ tavar tü kərək

2058 bu nəŋ aloquka bir kərək bay bodun
bodun baylikina tərü tüz kodun

2059 bularda biri kalsa tərti kalur
bu tərti yəmə kalsa bəglik ulur

2060 adin ma bu bəx nəŋ yirak tutoqu bəg
ati ədgü bolsa kü qav boloqu təg

2061 birisi əvəklik birisi saran
üqünqi puxilik sərin əz tirən

2062 bu tərtünq yavuz bəgkə arkuk kilinq
bəxinqi yaraqsiz bu yaloqan ərinq

C107
2063 bu kaq nəndə bəglər yirak tutoqu əz
ati artamasa yorik bolsa səz

2064 bularda əŋ inoqa bu arkuk kilinq
bu arkuk kilinqliq nə munluq ərinq

2065 muŋar mənzətü səzni xa'ir ayur
bu xa'ir səzi tutsa səzkə bayur

2066 aqir yük kixikə kilinq arkuki
kilinq arkuk ərsə bulun at oki

2067 yaqi kilmaqusin kilinqi kilur
yaqi bu yaqida nəgü adruki

B158
2068 əküx əl tutayin təsə ay əlig
üq ix kiloqu ətrü yətilsə əlig

2057 تۇتۇشقا جاھان لەشكەر، ئات، ئەر كېرەك،
ئەر، ئات تۇتقىلى تولا ماللار كېرەك.

2058 بۇ مال يىغقىلى بىر باي بودۇن[133] كېرەك،
بېيىسۇن دېسەڭ ئەل، تۈز قانۇن كېرەك.

2059 بۇلاردىن بىرى قالسا، تۆتى قالۇر،
بۇ تۆتى يوقالسا، بەگلىكمۇ ئۆلۈر.

2060 ئالاي دېسە بەگ ياخشى شۆھرەت ۋە نام،
بۇ بەشتىن يىراقتا تۇرغۇلۇق تامام:

2061 بىرى شاشماق ئېرۇر، بېخىللىق بىرى،
ئۈچىنچى، غەزەپ، قىل سەۋرى، قاچ نېرى.

2062 ئۇزەمچىل، جاھىللىق بۇ تۆتىنچىسى،
بى شەك يالغان ئېيتماق، بۇ بەشىنچىسى.

2063 بۇلاردىن يىراق تۇرغۇلۇق بەگ ئۆزى،
بۇزۇلماي ئېتى، ئۆتسۇن دېسە سۆزى.

2064 بۇلاردىن ئۇزەمچىل قىلىق ئەڭ يامان،
چوقۇم قىينىلار، كوپ ئۇزەمچىل نادان.

2065 بۇ ياڭلىغ سوزنىكىم بىر شائىر ئېيتۇر،
بۇ شائىر سۆزىن تۇتسا سۆزگە بېيۇر:

2066 ئېغىر يۈك كىشىگە ئۇزەمچىل قىلىق،
ئۇزەمچىل قىلىققا ئوق ئات، قارشى چىق.

2067 يېغى قىلمىغاننى شۇ قىلىق قىلار،
يېغىدىن بۇ يېغى نىچۈك پەرقلىق؟

2068 تولا ئەل تۇتايمەن دېسەڭ ئەي ئىلىگ،
بۇ ئۈچ ئىشنى قىلغىن گەر يەتسە ئىلىگ:

2069 oŋ əlgin ķilīq tutsa ursa salīp
sol əlgi bilə nəŋ üləsə alīp

2070 tilin sezləsə sez xəkərdə süqig
boyun bə̣rdi bəg ķul uluƣ ya kiqig

2071 ay ə̣lig bu ķaq nəŋ kərək bəgkə kər
boḍunķa səvülsə orun bolsa tər

2072 külər yüz süqig sez silig ez kərək
ķilīnqi bularķa tükəl tüz kərək

2073 keŋül tutsa ķoḍķi ḥəm əlgi aķī
bularķa yaraxī baƣīrsaķlīķī

2074 ķamuƣ türlüg ərdəm bu bilsə tükəl
yīraķ ərsə andīn yaraƣsīz muḥal

2075 kixi ẹḍrümi bu boḍunda talu
talu ẹḍrüm ol bu ə̣rüksüz tolu

2076 aẓun boḍnī barqa aŋar ķul bolur
aẓun yə̣r bu bəglər tiləkin bulur

2077 tügük yüz irik sez küvəz kür ķilīķ
kixig yə̣rgürür kendrü bilməz yorīķ

C108
2078 otunluķ ə̣vəklik yə̣nik ķuroƣluķ
ķara ķilķi ol bu yīraķ turoƣluķ

2079 ķara ķilķī bəgkə kərəksiz yaƣuķ
yaƣuķ bolsa bəgkə uquzluķ anuķ

2080 ķara ķul ķarasī bolur bəg erüŋ
ķaralī erüŋli aḍïrttī kerüŋ

2069 قىلىچ تۇتسا، ئۇرسا، سېنىڭ ئوڭ قولۇڭ،
سول ئىلكىڭ بىلە سەن ئۇلەشتۈز پۇلۇڭ.

2070 تىلىڭ سۆزلىسە سۆز شېكەردەك چۈچۈك،
ئېگەر بويۇن قۇل، بەگ، ئۇلۇغ ھەم كىچىك.

2071 ئەي ئېلىگ، بەككە بۇ نەرسىلەر زورۇر،
ئۇنى خەلق سۆيسە گەر، ئۇرنى تۇر بولۇر.

2072 كۆلەر يۈز، چۈچۈك سۆز، خۇلق ئۈز كېرەك،
قىلىقى بۇلارغا ئۇيغۇن، تۈز كېرەك.

2073 كوڭۈلنى تۈۋەن تۇتسا، قولنى سېخى،
بۇنىڭغا يارىشا كويۇمچانلىقى.

2074 پۈتۈن تۈرلۈك ئەردەم بۇ بىلسە تۈگەل،
يىراق بولسا ئاندىن يارامسىز مۇھال.

2075 كىشىلەر خىلى ھەم ياخشىسى شۇ خان،
تولۇن ئاي كەبى يۈز، كېمەيمەيدىغان.

2076 جاھان خەلقى بارچە ئۇڭا قۇل بولۇر،
جاھانغا بولۇر خان، تىلەگىنى تاپۇر.

2077 سورۇن يۈز، يىرىك سۆز، تەكەببۇر كىشى،
كىشىن يىرگەندۈرەر، يۈرۈشمەس ئىشى.

2078 يېنىك ھەم ئالدىراقسان، قوپال ۋە شالاق—
بولماقلىق ئاۋامنىڭ خۇلقى، قاچ يىراق.

2079 ئاۋام خۇلقى بەگلەرگە لايىق ئەمەس،
ئەگەر يۇقسا بەككە، كېتەر قەدرى، بەس.

2080 قۇل رەڭگى قارادۇر، بەگلەر بولۇر ئاق،
قارا-ئاق شۇ خىلدا ئايرىلغانغا باق.

2081 talu bəg bolayïn təsə bəlgülüg
talu tutoqu ərdəm ay atlïoq külüg

2082 atï bəg bolur bolsa kïlkï kara
karada bu ïnoqa bolur həlk ara

A84 B159

2083 yüzi kərki kərklüg kərək bəg yülüg
bodï ortu bolsa nə qavluoq külüg

2084 kərügli yüzin kərsə səvsə kərüp
əli bodnï baksa küvənsə turup

2085 yaoqïka katïoq bolsa ərsigliki
kərür kəzkə suv bərsə kərklügliki

2086 ayï bod uzun bolsa əgməs bilik
ayï ma qəküt bolsa bolmaz silig

2087 kalï mundaoq ərsə bod ortu kərək
bodï ortu bolsa bolur ədgürək

2088 nəgü tər axitgil sïnamïx kixi
baxïnda kəqürmix yaxamïx kixi

2089 bodï kïsoqa yunqïoq kïlïnqï puxï
puxï kayda bolsa tütüxkə baxï

2090 bod ortu kərək həm təninqə yaraoq
ixin ortu tut ay biliklig kixi

2091 bor iqməz kərək bəg fəsad kïlmasa
bu ikï kïlïktïn kaqar kut basa

2092 süqigkə süqinsə azun bəgləri
aqïoq boldï əl kün bodun igləri

2081 تولغان بەگ بولايمەن دىسە، بەلگۈلۈك،
ئەي مەشھۇر، پەزلىنى تولۇق تۈتقۇلۇق.

2082 ئېتى بەگ بولۇپ خۇلقى بولسا قارا،
بولۇر قارىدىنمۇ يامان خەلق ئارا.

2083 بەگ ئولسۇن چىرايلىق، كېلىشكەن ساقال،
بويى ئورتا، شوھرەتتە ئۇ بەر كامال.

2084 چىرايلىق يۈزىن كورسە، سويسە كورۇپ،
پەخىرلەنسە ئېلى، خەلقلىرى تۇرۇپ.

2085 ئۇ ياۋغا ھەم قاتتىق ھەم ئولسا جەسۇر،
كورەر كوزگە بەرسە چىرايى ھوزۇر.

2086 بويى بەك ئۇزۇننى خوپ كورمەس بىلىم،
تولا قىسقا بولسا، بولماس خوشپىچىم.

2087 مۇشۇنداق ئىكەن، ئورتا بويلۇق كېرەك،
بويى ئورتا بولسا بولۇر تۈزۈگرەك.

2088 ئىشتكىن، نىمە دەر سىنىغان كىشى،
بېشىدىن كەچۇرگەن، ياشىغان كىشى:

2089 پاكا، ئوزى ئاجىز، ئاچچىغى يامان،
بۇ ئاچچىق نەدە، شۇندا جاڭجال ھامان.

2090 بويى ئورتا بولسۇن لايىق ئوزىگە،
ئەي-ئالىم ھەر ئىشنى ئورتا تۇت ھەرئان.

2091 پاساتچى بولمىغاي بەگ، يەنە مەي ئىچەر،
بۇ ئىككى قىلىقتىن قاچار بەخت، كېتەر.

2092 شاراپقا ئۇگەنسە جاھان خانلىرى،
چېكەر كوپ زىيانىنى ئېلى-خەلقلىرى.

C109

2093 oyunḳa avïnsa azun tutoƣuqï
ə̣lin buzdï boldï ezi ḳoltoƣuqï

2094 eḍində kəqürsə bu bəglik ixin
anï yətsə bolmaz əḍərsə ḳuxïn

2095 nəgü tə̣r əxitgil bilik bə̣rgüqi
biliksizni bordïn səküp tïḍoƣuqï

2096 bor iqmə aya borqï booƣzï ḳulï
bor iqsə aqïldï qïoƣaylïḳ yolï

2097 ḳara borqï boldï nəṇi boldï yə̣l
bəgi borqï bolsa ḳaqan turoƣa ə̣l

B160

2098 yaoƣï ol bu bor timqi ə̣ltür kümüx
ḳïlïnqï tütüx boldï ḳïlḳï urux

2099 əsürsə kixi tə̣lvə muṅduz bolur
bu tə̣lvə ixi kər ḳaqan tüz bolur

2100 nəgü tə̣r əxitgil saḳïnuḳ tili
bu səz ixkə tutoƣïl ay booƣzï ḳulï

2101 nəqə ḳïloƣu ixlər bor iqsə ḳalur
nəqə ḳïlmaoƣu ix əsürsə kəlür

2102 nə̣qə təṇsiz ixlər bor iqsə bolur
nəqə əḍgü ixlər əsürsə ḳalur

2103 bor iqsə oyunḳa avïnsa bəgi
ḳaqan yətgəy ə̣l kün ixiṇə egi

2104 fəsad ḳayda bolsa ḳaqar ḳut təzə
fəsad qïn yorïr tutqï bəglik buza

2093 ئويۇنا بېرىلسە جاھان تۇتقۇچى،
بولۇر مۇھتاج ئول ھەم ئېلىن بۇزغۇچى.

2094 بۇ خانلىق ئىشىن ۋاقتىدا قىلمىسا،
تۇتالماس ئۇنى، قۇش سىلىپ قوغلىسا.

2095 نىمە دەيدۇ ئاڭلا بىلىم بەرگۇچى،
بىلىمسىزنى مەيدىن سوكۇپ تۇسقۇچى:

2096 مەي ئىچمە، ھاراقكەش، ئەي گالىنىڭ قۇلى،
مەي ئىچسە ئېچىلدى پېقىرلىق يولى.

2097 ھاراق ئىچسە خەلق، يەلگە كەتكەي مىلى،
خان ئولسا ھاراقكەش، تۇرامدۇ ئېلى؟

2098 يىغى، مەي ۋە مەيچى ئالۇرلەر كۆمۈش،
قىلىغى جىدەل بولدى، پەيلى ئۇرۇش.

2099 مەس ئولسا كىشى تەلۋە، ئاڭسىز بولۇر،
ئىشى تەلۋىنىڭ، كور، قاچان تۈز بولۇر؟

2100 نىمە دەر ئىشىتكىن، ھوشيارنىڭ تىلى،
ئەمەل قىل بۇ سوزگە، ئەي گالىنىڭ قۇلى:

2101 نىچە قىلغۇلۇق ئىش مەي ئىچسە قالۇر،
نىچە قىلمىغۇ ئىشنى مەسلەر قىلۇر.

2102 مەي ئىچسە بولمىغۇر نە ئىشلار بولۇر،
مەس ئولسا نەچچە ياخشى ئىشلار قالۇر.

2103 ئىچىپ مەي، ئويۇنغا بېرىلگەندە خان،
ئېگى دولەت ئىشىغا يەتكەي قاچان؟

2104 پاسات قايدا بولسا، قاچار بەخت تۇزۇپ،
پاسات دايىم يۇرەر بەگلىكىنى بۇزۇپ.

2105 arïoq ol bu ķut ķïv arïoqlïķ tilər
süzüg ol bu dəwlət süzügni yeləı

2106 bəgi iqgüqi bolsa mufsid otun
ķamuoq iqgüqi boldï boḍnï pütün

2107 ķara tənsizin barqa bəglər ẹtər
bəgi ķïlsa tənsiz anï kim yətər

C110
2108 arïoqsiznï yalnuk suvun yup arïr
ķalï artasa suv nəgün yup arïr

2109 kixi igləsə ot otaqï bẹrür
otaqï iginə otïn kim ķïlur

2110 arïoq tutoqu bəglər keni ķïlķ ķïlïķ
boḍun bəg yolïndïn tüzər yol yorïķ

2111 nətəg tutsa bəglər kər endi terü
boḍun boldï arïdaoq ol endi kerü

2112 bu sezkə tanuķï munu bu sez ol
sezinə baķa kersə mə'ni tüz ol

B161
2113 bu bəglər nə yolqa yorïsa ķalï
ux ol yorïķï bu ķulnun yolï

2114 bəgi ẹḍgü bolsa yorïķï keni
taķï artuķ əḍgü yorioqay ķulï

2115 küvəz kər kərəksiz nə kenli uluoq
küvəzlik azïtur kenilik yoluoq

2116 uluoq boldï bəglər ķutun bəlgülüg
kiqig tutoqu kenlin kətürsə ülüg

2105 ئېرىنغدۇر بۇ بەخت، ئۇ ئېرىنغلىق تىلەر،
سۆزۈكتۇر بۇ دەۋلەت، سۆزۈكنى يولەر.

2106 بېگى بولسا مەيخور، قوپال ھەم بۇزۇق،
ھاراقكەش بولۇر ھەممە خەلقى تولۇق.

2107 ئاۋامنىڭ ياراقسىز ئىشىن بەگ تۈزەر،
بەگ ئۇلسا ناچار، كىم ئاڭا تەڭ كېلەر؟

2108 ئېرىنغسىزنى ئادەم يۇيۇر سۇ بىلەن،
سۇ بۇلغانسا يۇيۇپ بولۇر نە بىلەن؟

2109 ھېكىم دورا بېرەر بىر كىم ئاغرىسا،
قىلۇر كىم داۋا، گەر ھېكىم ئاغرىسا؟

2110 دىمەك، بەگ خۇلقى ساپ-توغرا بولغۇلۇق،
بولۇر ئەلگە بەگنىڭ خۇلقى يول-يورۇق.

2111 نىچۇك تۇتسا ئادەت ۋە قانۇننى خان،
بولۇر خەلقمۇ شۇنداق، شۇ ئادەتسىمان.

2112 بۇ سوزگە گۇۋادۇر مۇنۇ سوز مانا،
قاراپ كورسە ئۇيغۇن مەناسى ئاڭا:

2113 ئەگەر قايسى يول ئۇلسا بەگنىڭ يولى،
شۇ بەگنىڭ يۇرگەنى قۇلنىڭ يولى.

2114 بېگى ياخشى بولسا، دۇرۇس ھەركىتى،
تېخىمۇ قىلۇر ياخشى ھەركەت قۇلى.

2115 تەكەببۇر بولۇش بەككە لايىق ئەمەس،
تەكەببۇرلۇق بۇزار دۇرۇس يولنى، بەس.

2116 سائادەت بىلەن بولدى بەگلەر ئۇلۇق،
ئېلىشقا نەسىپ، دىل كىچىك تۇتقۇلۇق.

2117 nəgü tə̣r əxitgil uķuxluɣı yə̣g ər
boḍunda talusï biliklig bəg ər

A85
2118 uluɣsïɣ bəḍük tutsa bəglər kөŋül
sə̣ziksiz uɣuzluķ kөrür ay oɣul

2119 küvəzlik bilə kөkkə aɣmaz kixi
ķalï ķoḍķï bolsa buzulmaz ixi

2120 küvəzlik asïɣsïz kөŋül tomlïtur
kөŋül ķoḍķï bolsa kixig yoķlatur

2121 bəg alqaķ kərək bolsa ķoḍķï kөŋül
munï təg yoķ ərsə sən andïn təŋül

C111
2122 bəg alqaķ kərək bolsa kөŋli aquķ
yazuķluɣı kixidin kəqürsə yazuķ

2123 isinür ər at tərk baɣïrsaķ bolur
baɣïrsaķ kixilər tapuɣsaķ bolur

2124 boḍun baxqï bəgkə bu ḥimmət kərək
bu ḥimmət bilə ḥəm mürüwwət kərək

2125 bu ḥimmət mürüwwət bilə barsa qav
bolur bəg tiləki yorïr өtrü av

2126 kimiŋ ḥimməti bolmasa ol өlüg
ikigün az̧unda bu bulmaz ülüg

2127 bu ḥimmət bilə ḥəm siyasət kərək
siyasətķa bəglik riyasət kərək

B162
2128 siyasət bilə bəg tüzər ə̣l tөrü
ķara ķïlķï ə̣tlür siyasət kөrü

2117 نىمە دەيدۇ ئاڭلا، ئاقىل ياخشى ئەر،
بىلىملىك، ئوزى بەگ، ئەلنىڭ خىلى ئەر:

2118 يوغانلىق قىلىپ بەگ، چوڭ تۇتسا كوڭۇل،
مۇقەررەر كورۇر ئۇ خارلىق، ئەي ئوغۇل.

2119 تەكەببۇرلۇقلە كوككە چىقماس كىشى،
كىچىك دىل بولۇشلە بۇزۇلماس ئىشى.

2120 كىبىرلىك بىپايدا، كوڭۇل توڭلىتۇر،
كىشىنى كىچىك دىللىق ئۇستۇنلىتۇر.

2121 مۇلايىم ۋە كەمتەر كېرەكتۇر بۇ خان،
ئۇ خىلدا ئەمەسكەن، قاچ ئۇندىن هامان.

2122 بەگ ئولسا مۇلايىم ۋە كوڭلى ئوچۇق،
گۇنالىق كىشدىن كەچۇرسە يازۇق[134]:

2123 ئىسسىنىپ قوشۇن-ئەل، كويۇمچان بولۇر،
كويۇمچان كىشىلەر ئۇ، ئىشچان بولۇر.

2124 خەلق باشچىسى بەككە هىممەت كېرەك،
شۇ هىممەت بىلەن تەڭ، مۇرۇۋۋەت كېرەك.

2125 يېيىلغاي شۇنىڭلە ئۇنىڭ شوهرىتى،
كېلىپ ئاۋ ئۇدۇل، هەل بولۇر مەقسىدى.

2126 كىشىدە يوق ئەرسە هىممەت، ئۇ-ئولۇك،
هەر ئىككى جاهاندا بولالماس بۇيۇك.

2127 بۇ هىممەت بىلەن هەم سىياسەت كېرەك،
سىياسەتكە بەگلىك رىياسەت كېرەك.

2128 تۇزەر ئەلنى قانۇن، سىياسەتلە خان،
ئاۋام خۇلقىنى هەم ئىلتەر شۇ تامان.

2129 bu səzkə yanutï bu bəyt ol tanuḳ
tanuḳ ḳayda bolsa bu ḥujjət anuḳ

2130 bu bəglər ḳapuqïn siyasət bəzər
siyasət bilə bəg ə̣lini tüzər

2131 ə̣sizkə siyasət yorïtqu kərək
boḍun bulqanuḳïn siyasət süzər

2132 bu ə̣l tutruḳï ḥəm tüpi bəkliki
iki nəṇ turur əşlï yïldïz kəki

2133 birisi boḍunḳa tərü ol ülüx
birisi ər atḳa üləsə kümüx

2134 tərü birlə boḍnï səvinsə turup
kümüx bolsa ər at yarunsa kərüp

2135 bu iki ḳutu bulsa bəgdin səvinq
ə̣li ḳapqï ə̣tlür bulur bəg avïnq

2136 ḳayu bəg boḍunḳa tərü bə̣rməsə
küḍəzməsə boḍnïn yə̣güqi yə̣sə

C112
2137 ot ïḍtï boḍunḳa buzuldï ə̣li
yïḳïldï sə̣ziksiz bu bəglik ulï

2138 ḳayu bəg ər atnï səvindürməsə
ḳïlïq ḳïnda qïḳmaz anïṇda basa

2139 ḳïlïq birlə bəglər uzatur əlig
ḳïlïqsïz usal bəg basumaz ə̣lig

2140 ḳïlïq baldu boldï bu ə̣l saḳqïsï
ḳïlïqïn alïr ə̣l boḍun baxqïsï

2129 بۇ سوزگە جاۋاپ ھەم گۇۋا بۇ بېيت،
گۇۋا قايدا بولسا، شۇ ــ ھوججەت، ئىشىنت:

2130 بۇ بەگلەر ئىشىگىن سىياسەت بىزەر،
سىياسەت بىلە بەگ ئېلىنى تۈزەر.

2131 يامانغا سىياسەت يۈرۈتمەك كېرەك،
بۇلغانسا خەلق گەر، سىياسەت سۈزەر.

2132 بۇ دولەت تىرىگى، ئۇلى، بەگلىگى،
بۇ ئىككى نەرسىدۇر يىلتىزى ــ كوكى:

2133 بىرى، خەلققە بەرمەك قانۇندىن ئۈلۈش،
بىرى، خىزمەت ئەتكەنگە بەرمەك كۈمۈش.

2134 قانۇن بىرلە خەلقى سويۈنسە تۇرۇپ،
كۈمۈش بولسا خىزمەتچى كۈلەر كورۇپ.

2135 شۇ ئىككىسى بەگدىن خوش ئولغان زامان،
ئەل رەتكە چۈشۈپ، بەگ ئاۋۇنۇر شۇئان.

2136 گەر قايسى بەگ خەلققە قانۇن بەرمىسە،
خەلقنى كۈزەتمەي، يىگەنلەر يىسە،

2137 بۇزۇلۇپ ئېلى، ئۇ خەلققە چاچار ئوت،
بۇ بەگلىك ئۇلى بولغاي شەكسىز نابۇت.

2138 سويۈندۈرمىسە ئەسكىرىنى خاقان،
قىنىدىن چىقمىغاي قىلىچ ھېچ قاچان.

2139 قىلىچ بىرلە بەگلەر ئۇزاتۇر قولىن،
قىلىچسىز غاپىل بەگ تۇتالماس ئېلىن.

2140 قىلىچ بىرلە پالتا ــ بۇ ئەل ساقچىسى،
قىلىچ بىرلە ئالار ئەل خەلق باشچىسى.

2141 nəgü tə̣r əxitgil aẓun tutɋuqï
ḳïlïq baldu birlə yaɋïɋ utɋuqï

2142 aya ə̣l tutuɋlï ə̣lig saḳlaɋu
usallïḳ bilə yə̣r yə̣güqi aɋu

B163
2143 ḳïlïq baldu saḳqï tutun ay unur
ḳïlïq saḳqï bolsa bəg inqlik bolur

2144 ḳïlïq təprər ərkən yaɋï təprəməz
ḳïlïq ḳïnḳa kirsə bəg inqlik yə̣məz

2145 səvinqlig tut ay bəg ḳïlïq urɋuqïɋ
səvinqin tiril tutqï kərmə aqïɋ

* * *

2146 yana aydï ɵgdülmix ə̣lig ḳutï
bu ə̣l ixləri tərs uluɋ kɵr atï

2147 bəḍük ix boḍun baxlamaḳï aɋïr
bax aɋrïɋ bilə tutqï əmgək təgir

2148 səvinqi az ol kɵrsə ḳaḍɋu ɵküx
az ol ɵggüqisi təlimrək sɵküx

2149 ḳayuḳa baḳa kɵrsə ḳorḳïnq turur
səvinqin sora kɵrsə azraḳ ərür

2150 ɵküx səvməgüqi səvəri az ol
kərixi təlimrək ərəẓi az ol

A86
2151 pütünsüz bolur təgmə yə̣rdə kɵṇül
kɵṇül pütməsə ərkə artuḳ muṇ ol

2141 نىمە دەيدۇ ئاڭلا جاھان تۇتقۇچى،
قىلىچ، پالتا بىرلە ياۋنى تۇتقۇچى:

2142 كىرەك ئەلنى ساقلاش، ئەي ئەل تۇتقان ئەر،
غەپلەتتە بولغانلار چوقۇم زەھەر يەر.

2143 قىلىچلە پالتىنى ساقچى قىل، ئەي ئەر،
قىلىچ ساقچى بولسا، بەگلەر تىنچ ئوتەر.

2144 قىلىچ تەۋرەر ئىكەن، يىغى تەۋرىمەس،
قىلىچ قىنغا كىرسە، بەگ تىنچىيەلمەس.

2145 قىلىچ ئۇرغۇچىنى سويۇندۇر، ئى خان،
ياشا خۇش، ھامان كورمە ئاچچىق، زىيان.

* * *

2146 يەنە ئېيتتى ئوگدۇلمىش: ئىلىگ قۇتى،
قىيىندۇر ئەل ئىشى، ئۇلۇغدۇر ئېتى.

2147 خەلققە باش ئېلماق ئېغىر ئىش ئېرۇر،
ھەممىشە باش ئاغرىق ۋە مېھنەت تېگۇر.

2148 سويۇنچى ئاز ئېرۇر، قايغۇسى تولا،
ماختاۋچى ئاز بولۇر، سوككۇچى تولا.

2149 قايانغا قارىسا قورقۇنۇچلۇقتۇر،
سوراپ كورسە، خۇشلۇغى ئازراق ئېرۇر.

2150 سويىمەسلەر ئېرۇر كوپ، سويەرلىرى ئاز،
جاپاسى تولاراق، ھوزۇرلىرى ئاز.

2151 ئارامسىز بولۇر ھەممە يەردە كوڭۇل،
ئارامسىز كوڭۇل ئەرگە بىر قايغۇ ئول.

2152 kerü barsa təgmə ixində həţər
həţərlioq ixig kərsə tatïoq kə̣tər

A77 C113

2153 nəgü tə̣r əxitgil uḳuxlüoq səzi
uḳuxluoq səzi kərsə yinqü təzi

2154 ə̣lig boynï ḳïlqa ükəkqə baxï
aņar kəḍ ïnanmaz uḳuxluoq kixi

2155 ḳïlïq bax əzələ məŝəl bəglik ol
küninə aņar min həţərlïoq ixi

2156 bu yaņlïoq turur barqa bəglik ixi
ḳayusï ərəẓ yə̣r ḳayu əz baxï

2157 əzüņ dunya ʻuḳbi bulayïn tə̣sə
bu ḳaq ixni ḳoḍma ḳatïoqlan usa

B164

2158 kəņül til kəni tut bayatḳa sïoqïn
iḍi yarlïoqïn sən aoqïr tut tapïn

2159 nəgü kəlsə rəbdïn tapï bol tapï
əzüņ ḳulluḳï ol tapïliḳ tapï

2160 təzü həlḳḳa kəņlün baoqïrsaḳ bolun
tupï əḍgülük ḳïl sən əḍgü bulun

2161 boḍunḳa asïoq ḳïl bolup ḳïlma yas
ḳïlïnq əḍgü tutoqïl ə̣siz yasï bas

2162 səniņ boldï dunya tiriglik bilə
tiriglik bulunsa yatïp yə̣ külə

2163 pütün jan üzülsə umunq tut uluoq
bayat bə̣rgə əḍgükə əḍgü yoluoq

2152 قاراپ كورسه، ھەممە ئىشىدا خەتەر،
خەتەر ئىشنى كورسه، لەززەتمۇ كېتەر.

2153 نىمە دەيدۇ ئاڭلا ئەقىللىق سوزى،
ئەقىللىق سوزىدۇر گوھەرنىڭ ئوزى:

2154 ئېلىگىنىڭ بوينى قىلدەك، مۇناردەك بېشى،
ئۇڭا بەك ئىشەنمەس ئەقىللىق كىشى.

2155 بۇ خانلىق مىسالى باش ئۇزە قىلىچ،
كۇنگە ئاڭا مىڭ خەتەرلىك ئىشى.

2156 بۇ ياڭلىغ ئېرۇر ھەممە بەگلىك ئىشى،
بىرى كورسە ھوزۇر، بىرى يەر بېشى.

2157 تاپايمەن دىسەڭ ھەر ئىككى دۇنيالىق،
كېرەكتۇر بۇ نەچچە ئىشنى قىلماقلىق:

2158 كوڭۇل، تىلنى تۇز تۇت، خۇداغا سىغىن،
خۇدانىڭ بۇيرۇغىن مۇھىم بىل، تىۋىن.

2159 رىزا بول خۇدادىن نە كەلسە ساڭا،
رىزا ۋە رىزالىق — قۇللۇغىڭ ئاڭا.

2160 خەلققە دىلىڭدىن بول سەن كويۇمچان،
بول ياخشى ھەم ئىستە ياخشىلىق ھامان.

2161 زىيان قىلما خەلققە، يەتكۇز مەنپەئەت،
بولۇپ خوپ، يامانىڭ زىيانىن يوق ئەت.

2162 سېنىڭ بولدى دۇنيا تىرىكلىك بىلە،
ھاياتلىكى بولساڭ، يېتىپ يە، كۇلە.

2163 جېنىڭ چىقسىمۇ تۇت ئۇمىدىڭنى زور،
خۇدا ياخشىغا ياخشى يولنى بېرۇر.

* * *

2164 munuḳï mən aydïm əxitti ə̣lig
bu yaṇlïɣ kərək bəgkə ərdəm bilik

2165 ḳayu ərdə bolsa bu ərdəm tərü
anï bəg atap ə̣lkə tikgü ərü

2166 tükəl bəg bolur bu boḍunḳa baxï
anïṇdïn bulur təgmə əḍgü kixi

2167 nəgü tə̣r əxitgil biliklig tətik
biliklig tətik bilki ə̣lkə ə̣tik

C114
2168 biliklig kərək bəg uḳuxluɣ kəni
yürəklig ḥəm əglüg bəḍüsə üni

2169 aḳï ḥəm tüzün ḥəm uvutluɣ silig
baɣïrsaḳ bolup kəḍ küḍəzsə ə̣lig

2170 kəzi toḳ sərimlig nə ḳoḍḳï kəṇül
suyurḳap kəqürgəṇ nə ḳïlḳï amul

2171 ḳamuɣ ərdəmi bolsa ərdə ərü
boḍunḳa bə̣rür bolsa əḍgü tərü

A78
2172 ḳayu ə̣lkə bolsa bu yaṇlïɣ bəgi
ḳutuldï ol ə̣l boḍnï kə̣tti igi

B165
2173 toɣar kut küni ə̣lkə inqlik bolur
dəriɣa bu yaṇlïɣ kixilər ölür

* * *

* * *

2164 بۇلارنى مەن ئېيتتىم، ئۇشتتى ئېـلىگ،
كېرەك بەككە شۇنداق پەزىلەت، بىلىك.

2165 قايۇ ئەردە بولسا بۇ ئەردەم يوسۇن،
بولۇر بەگ ئاتاپ، بەرسە ئۇستۇن ئورۇن.

2166 بولۇر ئۇ تولۇق بەگ ھەم ئەلنىڭ بېشى،
ئۇنىڭدىن تاپار تۇرلۇك خـوۋلۇق كىشى.

2167 ئىشتكىن، نىمە دەر بىلىملىك، زېرەك،
ئۇنىڭ ئىلمى ئەلگە بولۇرلەر بىزەك:

2168 ئەقىللىق ھەم ئالىم، توغرا بولغاي خان،
ئاشۇرسۇن شوھرىتىن بولۇپ قەھرىـمان.

2169 سېخى ھەم، ئىسىل ھەم ھايالىق، سىلىق،
كويۇمچان بولۇپ، بەك كۇزەتسۇن خەلق.

2170 كوزى توق، سەۋرىلىك ھەمـدە مۇلايىم،
ئەپۇچان، ئۇز خۇلق بولسۇن ئۇ دائىم.

2171 پۇتۇن پەزلى بولسا جىمىدىن ئۇستۇن،
بېرەلسۇن ئەلگە ئۇ ياخشى قانۇن.

2172 مۇشۇنداق بولسا قايىسى ئەلنىڭ خېنى،
تۇگەپ دەرت، قۇتۇلار ئېلى-ۋەتىنى.

2173 تۇغار بەخت كۇنى، ئەلگە تېچلىق بولۇر.
ئىستكىم، بۇ ياڭلىغ كىشلەر ئولۇر.

* * *

2174 bu ərdi ay əlig mənin̡ bilmixim
munuki̇ ɵtündüm san̡a ukmi̇xi̇m

ə̣LIG SUALI ƟGDÜLMIXKƏ

2175 ə̣lig aydi̇ uķtum kɵni sɵzlədin̡
kərəki bu ərdi bilik yazmadi̇n̡

2176 taķi̇ bir ayi̇toꞁu sɵzüm bar san̡a
ani̇ ma aquķluoꞁ ayu bə̣r man̡a

2177 bu yan̡li̇oꞁ bəgi bolsa ərdəm tolu̡
wəziri nəgü təg kərək ay tolu

2178 ķali̇n ķaznaķ ursa bu altun kümüx
ə̣tilsə ə̣li artsa̡ ol kənd ulux

2179 ə̣lin ə̣tsə bassa tüz ɵn̡di̇ urup
isinsə ər at kɵn̡li əḍgü bulup

2180 boḍun inqkə təgsə ə̣lig təgməsə
bəgi ati̇ əḍgün yaḍi̇lsa basa

2174 بۇ ئەردى ئەي ئىلىگ مېنىڭ بىلمىشىم،
ساڭا ئېيتتىم ئەمدى مانا ئۇقمىشىم.

ئىلىگنىڭ ئۇگدۇلمىشكە سوئالى

2175 ئىلىگ ئېيتتى: ئۇقتۇم، دۇرۇس سوزلىدىڭ،
كېرەك ئىدى شۇ، بىلىمدە ئازمىدىڭ.

2176 يانا دېيدىغان بىر سوزۇم بار ساڭا،
ئۇنى ھەم ئوچۇقلاپ دىگىن سەن ماڭا.

2177 بەگ ئولسا مۇشۇنداق سەرە، پەزىلىك،
كېرەكتۇر ۋەزىر بولسا ئۇ قانچىلىك؟

2178 تولا قىلسا ئالتۇن-كۇمۇش غەزنىنى،
تۈزەپ ئەل، ئارتتۇرسا ئۇ كەنت-شەھرىنى.

2179 ئىلىن سورىسا توغرا قانۇن بىلە،
ئىسىنسا قوشۇن كوڭلى خوشلۇق ئىلە.

2180 خەلق تېچ بولۇپ، ئۇڭا قول تەگمىسە،
بېگىنىڭ نامى ياخشى بولۇپ ئوچمىسە.

29

ƟGDÜLMIX BƏGLƏRKƏ WƏZIR BOLƢU NƏGÜ TƏG ƏR KƏRƏKIN AYUR

2181 yanut bə̣rḍi ɵgdülmix aydī ə̣lig
wəzir boldī bəglərkə sunƣu əlig

C115

2182 sə̣ziksiz kərək boldī bəgkə wəzir
wəzir əḍgü bolsa bəg inqin uḍīr

2183 wəzir ol yüḍügli bu bəglər yükin
wəzir ol bəkütügli bəglik kɵkin

B166

2184 ə̣ḍi artuķ ɵḍrüm talu ər kərək
ɵgi kɵņli yətsə urunsa yürək

2185 uķuxī ɵküx bolsa bilki təņiz
ķamuƣ ix pütürsə ķīzartsa məņiz

2186 uruƣluƣ kərək ḥəm saķīnuķ kɵni
kɵnilik ɵzə kəqsə ɵtrü küni

يىگىرمە توققۇزىنچى باپ

بەگلەرگە ۋەزىر بولىدىغان كىشىنىڭ قانداق بولۇشى لازىملىقى توغرىسىدا ئۆگدۈلمىشنىڭ ئېيتقانلىرى

2181 جاۋاپ بەردى ئۆگدۈلمىش ئېيتتى: ئەي خان،
ۋەزىردۇر بېگىنىڭ قولى ھەر زامان.

2182 كېرەكتۇر بۇ بەككە ۋەزىر، بىگۇمان،
ۋەزىر ياخشى بولسا، تىنچ ئۇخلايدۇ خان.

2183 ۋەزىردۇر بۇ بەگلەر يۈكىن يۈدگۈچى،
خانلىقنىڭ ئۆلىنى مەھكەم ئەتكۈچى.

2184 بۇنىڭغا سەرە-خىل تولۇق ئەر كېرەك،
كوڭۈل، ئەقلى كامىل، كويۈنسە يۈرەك.

2185 ئۇنىڭ ئەقلى كوپ بولسا، ئىلمى دېڭىز،
پۈتۈن ئىش پۈتۈرسە، قىزارتسا مېڭىز.

2186 ئىسىل ھەم تەقۋادار ھەم بولسا كونى،
دۇرۇسلۇق بىلە ھەم ئۆتكۈزسە كۈنى.

2187 uluoq ix bu ixkə ər eḑrüm kərək
pütünlük bilə ķilķi keḑrüm kərək

2188 uķuxluoq kərək ḩəm biliklig kərək
tətiklik kərək ḩəm siliglik kərək

2189 uķuxluoq kixi uroqï əḑgü uruoq
ķopar ķayda bolsa bu ķalmaz ķuruoq

2190 saķïnuķ kərək din iḑisi arïoq
əmin bolsa əl boḑnï andïn arïoq

2191 saķïnuķ kixi ol kixi eḑrümi
munaḑmïxķa barqa bu ol ot əmi

2192 saķïnuķ kixi ixtə saķlïķ ķïlur
yaraoqsïzķa yaķmaz ix ooqrïn bilür

2193 bəgində basa əlkə əlgi üzun
wəzir ol əligkə ķïlïnqïn sezün

2194 uruoqsuz kixilər arïoqsïz bolur
arïoqsïz wəzirķa yaraoqsïz bolur

2195 wəfalïoq bolur bu uruoqluoq kixi
jəfaqï bolur ol arïoqsïz ixi

2196 nəgü tər əxitgil terülüg kixi
terülüg kixi boldï əl tər baxï

C116
2197 uruoqluoq kixilər ķïlïnqï silig
wəfa birlə həlķķa yaḑïoqlï əlig

2198 arïoqsïz ķïlïnqï wəfasïz jəfa
nəqə mə yəţürsə xəkər ḩəm yilik

2187 ۋەزىرلىك ئۇلۇغ ئىش، كېرەك خىل كىشى
مۇكەممەل يېتىشكەن، خۇش پېئىل كىشى.

2188 ئەقىللىق كېرەك ھەم بىلىملىك كېرەك،
سىلىغلىق كېرەك ھەم تېتىكلىك كېرەك.

2189 ئەقىللىق كىشى نەسلى ياخشى ئۇرۇق،
ئۇسەر قايدا بولسا، ئۇ قالماس قۇرۇق.

2190 كېرەكتۇر تەقۋادار، ئىمانلىق، ئېرىغ،
ئىمىن بولغاي ئەل-يۇرت ئۇنىڭدىن ئېرىغ.

2191 تەقۋادار كىشى ئول كىشىلەر خىلى،
ھاجەتمەنگە دورا، داۋا قىلغىلى.

2192 تەقۋادار كىشى ئىشتا ساقلىق قىلۇر،
ناچار ئىشتىن يىراق، ئىش ۋاقتىن بىلۇر.

2193 ئۇزۇندۇر قولى ئەلدە بەگدىن كېيىن،
يەتكۈزەر ۋەزىر بەگ قىلىشىن، سوزىن.

2194 يامان نەسىل كىشىلەر ئېرىغسىز بولۇر،
ئېرىغسىز ۋەزىرلىككە ياراغسىز بولۇر.

2195 ۋاپالىق بولۇر نەسلى پاكىز كىشى،
جاپالىق بولۇر ئۇ ئېرىغسىز ئىشى.

2196 ئىشتىكىن، نىمە دەر قانۇنلۇق كىشى،
قانۇنلۇق كىشى ئۇ بولۇر ئەل بېشى:

2197 ئىسىل زات كىشىنىڭ خۇي-پەيلى سىلىق،
ۋاپا بىرلە خەلققە ئاچار ئۇ ئىلىك.

2198 ئېرىغسىز قىلىغى ۋاپاسىز، جاپا،
بېرىپ باقسىمۇ ئۇڭا شېكەر ھەم يىلىك.

B167

2199 uvutluķ kərək ḥəm kɵzi toķ pütün
uvutsuz kixi ol kixidə otun

2200 kɵzi toķ kərək nəŋkə suķlanmasa
kɵzi aq toḍumaz bu dunya yə̣sə

A79

2201 kixidə talusī uvutluƣ kixi
uvutluƣ kixi ol kixidə baxī

2202 uvut kimdə bolsa ķamuƣ ixni ur
uvut birlə yalŋuķ otun ķapƣī tur

2203 uvutsuz kixi ol kixidə ə̣li
kɵni sɵzləməz sɵz uvutsuz tili

2204 nəgü tə̣r əxitgil uvutluƣ tüzün
saŋa ɵtlər əmdi baƣīrsaķ ɵzün

2205 uvutsuz kixidə yīraķ tur yīraķ
uvutsuz bolur üstərigli ķaraķ

2206 uvutsuz yüzi kɵrsə ətsiz seŋük
uvutsuz ɵzi kɵrsə pütməz ə̣rük

2207 uvut birlə yalŋuķ yüzi suvlanur
uvut bolsa ɵtrü ķɵzi suvlanur

2208 yüzi kɵrki ķɵrklüg kərək ḥəm yülüg
ķīlīnqī kɵni təgsə həlķķa ülüg

2209 ķīlīnqī kɵni bolsa ķilkī oŋay
munīŋdīn təgir həlķķa əḍgü yīl ay

2210 kɵni bolmasa ixtə ixqi baxī
ķamuƣ əgri boldī bu bəglər ixi

2199 ئۇياتلىق، كوزى توق، ئىشەنچلىك كىرەك
ئۇياتسىز جىمىدىن ياماندۇر دىمەك.

2200 كوزى توق كىرەك، مالغا قىزغانمىسا،
كوزى ئاچ ئۇ تويماس، بۇ دۇنيا يىسە.

2201 كىشىنىڭ سەرخىلى ئۇياتلىق كىشى،
ئۇياتلىق كىشىدۇر كىشىلەر بىشى.

2202 ئۇياتلىق كىشىگە پۇتۇن ئىشنى بەر،
ئۇياتلە جاھالەت ئىشىگىن ئىتەر.

2203 ئۇياتسىز كىشىدۇر كىشى رەزىلى،
دۇرۇس سوز سوزلىمەس ئۇياتسىز تىلى.

2204 ئۇياتلىق مۇلايىم نىمە دەر ئىشىت،
كويۇنگەچ ساڭا ئۇ قىلىپ بىر ئۇگۇت:

2205 ئۇياتسىز كىشىدىن يىراق تۇر يىراق،
ئۇياتسىز كوزىدە خۇنۇك بىر قاراق.

2206 بىر گوشسىز سۇڭەكتۇر ئۇياتسىز يۇزى،
ئىتىلمەس توشۇكتۇر ئۇياتسىز كوزى.

2207 ئۇيات بىرلە ئەر ئابرويلۇق بولۇر،
ئۇيات بىرلە ئادەم كوزى نۇرلىنۇر.

2208 چىراي ھەم كىلىشكەن ساقال-چاچ كىرەك،
ئۇز خۇلقى خەلققە ئۇلۇش بولغىدەك.

2209 قىلىغى دۇرۇس بولسا، خۇلقى ئۇڭاي،
تىگەر ياخشىلىق ئەلگە ئۇندىن يىل-ئاي.

2210 دۇرۇس بولمىسا ئىشتا ئىشچى بىشى،
بولۇر ئەگرى پۇتۇنلەي بەگلەر ئىشى.

2211 kenilik pütünlük kərək ixqikə
anïn pütsə bəglər ixin bə̣rgükə

2212 bu kerklüg kixi ķilķï kerklüg bolur
ķilïnq bolsa kerklüg ə̣l asoqï tolur

C117
2213 kimiņ bolsa kerklüg yüzi tax ezi
taxï təg yə̣mə kerklüg ol iq yüzi

B168
2214 nəgü tə̣r əxitgil sïnamïx kixi
sïnap əḍgü ə̣sizni bilmix kixi

2215 kixi kerkiņə iq ķilïķï ə̣x ol
yüzi kerki birlə ķilïnqï tux ol

2216 taxï kersə̣ tap tut iqiņə tanuķ
taxï təg iqi ol iqi təg tax ol

2217 yųlüg bolsa ķaxïoq bolur ol wəzir
wəzir bolsa ķaxïoq ixi kəḍ yorïr

2218 saķïxqï kərək bolsa bilgə tətik
bilik birlə bilsə bu türlüg bitik

2219 wəzir ixi barqa saķïxlar bolur
saķïx bilməsə ixqi ixi ķalur

2220 saķïx birlə saķlar kixi ix küḍük
saķïxïn səqər ər yïl ay kün eḍüg

2221 saķïx saķlïķïn boldï atï saķïx
kerü barsa saķïx ə̣ḍi ek saķ ix

2222 tətik bolmasa ix oņarmaz kixi
tətiklik bilə ķildï yalņuķ ixi

2211 كېرەكتۇر دۇرۇسلۇق، ئىشەنچ ئىشچىغا،
تاپشۇرسۇن بەگ ئىشىن ئىشىنىپ ئاڭا.

2212 چىرايلىق كىشى خۇلقى كوركەم بولۇر،
گۈزەل بولسا خۇلقى، ئەلـگە نەپ تېگۈر.

2213 كىشىكى گۈزەلدۇر يۈزى ھەم ئۇزى،
تېشىدەك چىرايـلىق بولۇر ئىچ يۈزى.

2214 نىمە دەر، ئىشىتـكىن، سىنىغان كىشى،
سىناپ ياخشى-يامانىنى بىلگەن كىشى:

2215 كىشىنىڭ كوركىگە ئىچىدۇر ئاداش،
يۈزى كوركى بىرلە قىلىغى قاياش.

2216 تېشىنى كورۇپ بىل ئىچىگە گۇۋا،
ئىچى ھەم بولۇر ئۇ تېشىغا ئوخـشاش.

2217 ۋەزىردە بە ھەيۋەت بولغاي ساقال-چاچ،
بەھەيۋەت بولسا ئۇ، ئىش تاپار راۋاج.

2218 ھىساپ بىلـسۇن ھەم بولسۇن ئالىم، تېتىك،
بىلىم بىرلە بىلسۇن ئۇ تۈرلۈك بىتىك.

2219 ۋەزىر ئىشى ھەممە ھىساپلە بولۇر،
ھىساپ بىلمىسە ئىشچى، ئىشى قالۇر.

2220 كىشى ئىش-كۈشىنى ھىساپـلاپ قىلار،
يىل-ئاي، كۈن ۋاقتىنى ھىساپلاپ تاپار.

2221 ھىساپ ساقلىغىدىن ئاتالدى "ساقىش"،
كورەرسەن، ھىساپ ئۇ ئۇزى بەك ساق ئىش.

2222 تېتىك بولمىسا، ئىش قىلالماس كىشى،
تېتىكلىك بىلە قىلدى ئىنسان ئىشى.

2223 bitik birlə yalṇuḳ bitir bilmixin
bitisə bilür ər nəgü ḳīlmīxīn

2224 bitiklik nixanī turur bu bitik
bitik bilgüqi ər bolur kəḍ tətik

2225 bitik bilməz ərsə apa oqlanī
nəgü bilgəy ərdi yīl ay kün sanī

2226 bitip ḳoḍmasa ərdi bilgə bitik
sakīxḳa nəgü ərdi al yaṇ ətik

2227 tərütməzdə axnu bayat bu 'aləm
tərütti yorītti bu ləwḥ-u ḳələm

C118

2228 fərixtə bitir ḳul nəgü ḳīlmīxīn
iḍi etrü aydur yarīn ol ixin

2229 kərək keṇli ḳoḍḳī ma yumxaḳ tili
bu ol ker kixikə səvitür yolī

A80 B169

2230 keṇül ḳoḍḳī bolsa səvitür kixig
səvitmix kixilər avītur ixig

2231 nəgü tər əxitgil ker alqaḳ amul
nə əḍgü bolur ərkə ḳoḍḳī keṇül

2232 boḍunda səvüg boldī ḳoḍḳī kixi
səvügsüz bolur künli ḳatḳī kixi

2233 uluqluḳ uzun yər kixi ḳoḍḳīsī
bəḍüklükkə təgməz boḍun ḳatḳīsī

2234 wəzirlīkḳa artuḳ pütün ər kərək
oḳīqlī bitikli kəḍ eglüg kərək

2223 يېزىق بىرلە ئادەم يازار بىلگىنىن،
يېزىشلە بىلۇر ئەر نىمە قىلغىنىن.

2224 تېتىكلىك نىشانى ئېرۇر بۇ بىتىك،
يېزىقنى بىلگەن ئەر بولۇر بەك تېتىك.

2225 يېزىق بىلمەس ئەرسە ئادەم ئوغلانى،
بىلەلەيتتى قانداق يىل، ئاي، كۈن سانى؟

2226 يېزىپ قويمىغان بولسا ئالىم بىتىك،
ھىساپقا بولۇر ئەردى چارە نىچۈك؟

2227 ياراتماستىن ئاۋال خۇدا بۇ ئالەم،
ياراتتى، يۇرۇتتى بۇ لەۋھۇ-قەلەم.[135]

2228 پەرىشتە پۈتۈيدۇ نىمە قىلسا قۇل،
خۇدا تاڭنا سورار نە ئىش قىلدى ئۇل.

2229 ۋەزىر بولسۇن مۇلايىم ۋە يۇمشاق تىلى،
بۇ، خەلققە ئۇزىن سويگۈزۈشنىڭ يولى.

2230 مۇلايىم بولسا ئۇ سويدۇرەر كىشىن،
سويۇندۇرگۈچى خوش قىلۇر يولدىشىن.

2231 مۇلايىم، بېسىق ئەر نىمە دەيدۇ، كور،
مۇلايىملىق ئەرگە نە ياخشى بولۇر:

2232 سويۇلدى ئەل ئىچرە كىچىك دىل كىشى،
سويۇلمەس، تەكەببۇر، يىرىك دىل كىشى.

2233 كىچىك دىل ئۇلۇغلۇق سۇرەر كوپ زامان،
تەكەببۇرغا تەگمەس ئۇلۇغلۇق هامان.

2234 ۋەزىرلىككە بەكمۇ پۈتۈن ئەر كېرەك،
ئۇقۇملۇق، ساۋاتلىق، بەك ئاقىل كېرەك.

2235 tili kəṇli bir ḥəm ḳïlïnqï kəni
uvutluƣ baƣïrsaḳ boḍunda qïnï

2236 kəzi toḳ oḍuƣ saḳ biligli ixig
aḍïrƣan yaraƣlïƣ yaraƣsïz kixig

2237 tapuƣsaḳ nə əzkəy yə̣nə əymənük
əmanət bilə bolsa kəṇli süzüg

2238 tükəl kimdə bolsa bu ərdəm bilik
wəzirlïḳ aṇar bə̣rsə bolƣay ə̣lig

2239 bu yaṇlïƣ kixi bolsa bəgkə wəzir
bəgi birlə boḍnï tüz inqkə təgir

2240 tiləkqə tükəl bolƣa ə̣lig ixi
ə̣tilgəy ə̣li ḥəm bayuƣay kixi

2241 wəzir bolsa ə̣lkə yaraƣsïz yavuz
ol ə̣l boḍnï buzlur qïƣay bayï tüz

2242 wəzir əḍgü bolsa boḍunḳa asïƣ
boḍun asƣï birlə ə̣ligkə tatïƣ

2243 nəgü tə̣r əxitgil ay bilki əgüz
bilik birlə kəṇli yarunmïx kəgüz

C119
2244 bəgi əḍgü bolsa nə kəṇli tili
tutar ixqiləri kənilik yolï

B170
2245 ḳalï bolsa bəglər bu küqkəy ə̣siz
anïṇ ixqiləri buzar əḍgü iz

2246 bəgi əḍgü bolsa anïṇ ixqisi
bolur ḳïlḳï əḍgü təgürməz yasï

2235 تىلى، كوڭلى بىر ھەم قىلىغى كونى،
ئۇياتلىق، كويۇمچان ۋە خەلقىنىڭ چىنى.

2236 كوزى توق، سەگەك، ساق ھەم ئىش بىلگۈچى،
يارامىلىق، يارامسىزنى پەرق ئەتكۈچى.

2237 ۋاپادار ھەم ئىشچان، ھەم ئەيمەنگۈچى،
ئامانەتتە كوڭۇلنى ساپ تۇتقۇچى.

2238 تولۇق بولسا كىمدە بۇ پەزلى ــ بىلىك،
ۋەزىرلىك ئاڭا بەرسە بولغاي ئىلىك.

2239 ۋەزىر بولسا بەككە مۇشۇنداق كىشى،
بولۇر بەگ ۋە خەلقىنىڭ ھەم ئاسايىشى.

2240 بولۇر بەگ ئىشى مەقسىدىدەك تولۇق،
تۇزىلىپ ئىلى، خەلقى باي بولغۇلۇق.

2241 يارامسىز، يامان بولسا ئەلگە ۋەزىر،
ئۇ ئەل خەلقى بۇزۇلۇر، بولۇر باي ـ پەقىر.

2242 ۋەزىر بولسا ياخشى، خەلققە پايدىدۇر،
خەلق پايدىسىلە بەگ ھەم زەۋق ئالۇر.

2243 ئىشتكىن، بىلىمى دېڭىزدەك بىر ئەر،
بىلىم بىرلە كوڭلى يورۇق، نىمە دەر:

2244 ئۇز بولسا بېگىنىڭ دىلى ۋە تىلى،
تۇتار خىزمەتچىسى توغرىلىق يولى.

2245 ئەگەر بولسا بەگلەر زالىم ھەم يامان،
چىقار خىزمەتچىسى تۇز يولدىن ھامان.

2246 گەر ياخشى بولسا بەگ، خىزمەتچى ھامان ــ
بولۇر ياخشى پېئىل، تەككۇزمەس زىيان.

2247 ə̧siz bolmaƣīnqa bu bəglər baķīn
ə̧sizig yaķurmaz ɵziņə yaķīn

2248 ə̧siz ķayda bolsa ə̧sizlər bilə
ay əḑgü yorī sən ə̧x əḑgü tilə

2249 ə̧siz əḑgü birlə yaraxmaz bolur
kɵni əgri birlə kürəxməz bolur

2250 ķara tün yaruķ künkə yaķmaz yaƣuķ
yaxīl suv ķīzīl otķa bolmaz ķonuķ

2251 bilixməz kixig sən biləyin tə̧sə
bilixin ayītƣīl uķulƣay basa

2252 ķamuƣ nəņ ķatīldī ɵz ügri bilə
kɵni tur ķatīlma sən əgri bilə

2253 bu sɵzkə tanuķī bu bəyt ol oķī
bu bəytig oķī sən kɵņülkə toķī

2254 yorīƣlī uquƣlī ķamuƣ nəņni kɵr
tutar ɵzkə ə̧x tux ɵzi təņni kɵr

2255 ə̧siz əḑgü birlə ķatīlmaz ķaqar
ķamuƣ nəņkə yaņzaƣ bu bir yaņnī kɵr

2256 wəzir bəgkə tutqī kə̧ņəxqi bolur
kə̧ņəxqi kixilər təņəxqi bolur

2257 ə̧sizkə ķatīlma ķara əḑgüsi
ə̧siz boldī ķilķī aqīr yüḑgüsi

2258 bu bəglər yaķīn tutsa əḑgü kixi
atī əḑgü ķaldī həm ə̧l kün ixi

2247 يامان بولمىغۇنچە بۇ بەگ، دىققەت ئەت،
يولاتماس يامانىنى ئۆزىگە پەقەت.

2248 يامان قايدا بولسا يامانلار بىلە،
ئەي ياخشى، يۈرۈپ ياخشى يولداش تىلە.

2249 يامان ياخشى بىرلە ياراشماس بولۇر،
تۈز ئەگرى بىلەن چىقىشالماس بولۇر.

2250 قارا تۈن، يورۇق كۈن ئاراسى يىراق،
يېشىل سۇ قىزىل ئوتقا بولماس قوناق[136].

2251 تونۇشسىز كىشىنى بىلەيمەن دىسەڭ،
تونۇشتىن سورىغىن، بىلۇرسەن ئۆزەڭ.

2252 يۈرەر ئۆز توپى بىرلە ھەر بىرنىمە،
دۈرۈس بول، ئەگرىگە قوشۇلۇپ يۈرمە.

2253 بۇ سوزنىڭ گۇۋاسى بۇ بېيىتتۇر، ئۇقى،
بۇ بېيىتنى ئۇقۇپ سەن كوڭۇلگە توقى:

2254 جىنىكى ماگار ھەم ئۇچار نەرسىلەر،
ئۆزى تەڭتۇشىن ئۆزگە يولداش ئېتەر.

2255 يامان ياخشى بىرلە قوشۇلماس، قاچار،
ئومۇمغا مىسال ئۇشبۇ تەمسىل يېتەر.

2256 ۋەزىر بەككە دائىم كېڭەشچى بولۇر،
كېڭەشچى كىشىلەر قىياسچى بولۇر.

2257 يامانغا قوشۇلما، قارا ياخشىسى،
بولۇر يامان خۇلقى، ئېغىر بوخچىسى.

2258 ئۆزىگە يېقىن تۇتسا ياخشىنى خان،
تېپىپ ياخشى ئات، ئەل تۈزىلەر ھامان.

C120

2259 yana bəg yaḳïn tutsa ẹsiz kixi
ẹsiz ḳïldï atïn ḥəm ẹl kün ixi

2260 bu yaṇlïɣ bolunsa ay ẹlig wəzir
bəgin inqkə təgrür ḳarasï uḍïr

B171

2261 bolur bəg tiləki anïṇdïn tükəl
ixi barqa ẹtlür ḳayu ərsə ḥal

2262 bayur ɵtrü boḍnï ḥəm ẹtlür ẹli
həzinə kɵpəḍür ḳutaḍur yïlï

2263 bolur atï məṇü ḳarïmaz bolup
bolur ornï əḍgü ḳarïsa ulup

2264 yẹdi bu azunuɣ yẹgəy ol azun
tirilgəy ḳutun tutqï məṇü uzun

ẸLIG SUALI ƟGDÜLMIXKƏ

2265 ẹlig aydï uḳtum bu sɵzlər ɵgün
ẹḍi əḍgü sɵzlər yorïdï bu kün

2266 maṇa ayɣïl əmdi sü baxlar kixi
nəgü təg kərək ḳïlsa bəglər ixi

2267 süsin baxlasa ḥəm ixin ixləsə
ixin baxḳa ẹltsə həṭa tuxmasa

2268 ayu bẹr maṇa sən ḳayusï yarar
qərikin sɵküp ol yaɣïsïn tarar

2259 ئەگەر بەگ ياماننى يېقىن يولتۇر،
ئېتى ھەمدە دولەت ئىشى بۇزىلۇر.

2260 مۇشۇنداق ۋەزىر گەر تېپىلسا، ئى خان،
ياشار خان ھوزۇردا، خەلق ئۇخلار ئامان.

2261 يېتۇر مەقسىدىگە ئۇنىڭ بىرلە خان،
بولۇر ئىش ئوڭۇشلۇق، نە ئولسا زامان.

2262 بولۇپ باي خەلقى، ئەل ئوبدان تۈزىلۇر،
ھاياتى تاپار بەخت، غەزىنە تولۇر.

2263 قېرىماس بولۇپ ئېتى مەڭگۈ قالۇر،
قېرىپ ئولسىمۇ، ئورنى ياخشى بولۇر.

2264 بۇ دۇنيا، ئۇ دۇنيا بولۇپ بەختىيار،
سائادەت ئىچىدە ئۇ مەڭگۈ ياشار.

ئېلىگنىڭ ئوگدۇلمىشكە سوئالى

2265 ئېلىگ ئېيتتى: ئۇقتۇم بۇ سوزنى پۈتۈن،
تولا ياخشى سوزلەر قىلىندى بۇ كۈن.

2266 ماڭا ئېيتقىن ئەمدى بۇ ئەسكەر بېشى،
نىچۈك قىلماق كېرەك بۇ بەگلەر ئىشى؟

2267 ئىشىن ئىشلىسە ھەم ئەسكەر باشلىسا،
ئىشى باشقا چىقسا، خاتالاشمىسا.

2268 دىگىل سەن ماڭا كىم بۇ ئىشقا يارار،
سۈرۈپ ياۋ لەشكىرىن، قىلۇر تارى-مار؟

30

ƟGDÜLMIX Ə̣LIGKƏ SÜ BAXLAR ƏR NƏGÜ TƏG KƏRƏKIN AYUR

2269 yanut bə̣rdi ɵgdülmix aydi ə̣lig
yaoqïḳa tuqï bolsu üstəŋ əlig

2270 sə̣ziksiz kərək bəgkə sü baxqïsï
yaraxmaz yaoqïdïn kɵtürsə usï

2271 bu ixkə ə̣ḍi ḳurq ḳatïoq ər kərək
baxïnda kəqürmix tükəl toŋ yürək

2272 ə̣ḍi ɵk uluoq ix bu sü baxlamaḳ
qərik tüzməki ḥəm ỵaoqïnï sïmaḳ

C121
2273 talu ər kərək saḳ bu ixkə oḍuoq
aŋar təgməsə bir usalïn yoḍuoq

B172
2274 aḳï alp atïm bolsa alqaḳ kɵŋül
tuzï ətməki kə̣ŋ nə ḳïlkï amul

ئوتتۇزىنچى باپ

ئۆگدۈلمىشنىڭ ئىلىككە ئەسكەر باشلىغۇچى كىشىنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكى توغرىسىدا ئېيتقانلىرى

2269 جاۋاپ بەردى ئۆگدۈلمىش، ئېيتتى: ئەي خان،
قولۇڭ ياۋغا ئۈستۈن ئولسۇن ھەر زامان.

2270 كېرەك بەككە جەزمەن قوشۇن باشچىسى،
ئېچىشقا ياراشماس ياۋنىڭ ئۈيقىسى.

2271 بۇ ئىشقا جەسۇر، بەك قاتتىق ئەر كېرەك،
بېشىدىن ئىش ئۆتكەن ئەر يۈرەك كېرەك.

2272 ناھايەت چوڭ ئىشتۇر قوشۇن باشلىماق،
تۈزەپ لەشكىرىنى، ياۋنى قىرىپ تاشلىماق.

2273 كېرەكتۇر بۇڭا خىل ۋە ھۇشيار ئەرەن،
ئۇ توھمەت كورمىگەي غاپىللىق بىلەن.

2274 ئۇ بولسۇن مۇلايىم، باتۇر ۋە سېخى،
ۋە تەمكىن، تۇزى-نانى كەڭرى تېخى.

2275 akī boloqu artuk sü baxlar kixi
tərilsə aŋar etrü edrüm baxī

2276 üləsə ər atka kamuoq bar malīn
adax koldax ərdəx tutunsa kalīn

2277 eziŋə bir at ton tolum kodsa tap
qavīksa azunda atīn yadsa tap

2278 ooqul kīz kixim təp nəŋin ərkməsə
ya yər suv baoqīm təp kümüx tərməsə

2279 kilīqīn tiləsə kamuoq arzusīn
urup alsa bərsə bədütsə küsin

2280 yətürsə iqürsə kədürsə kədim
at üstəm kīz ooqlan bu bərsə təlim

2281 aŋar tərlür etrü kər ərsig ərən
səvüg jan yuluoqlap yatur taoq kayan

2282 yürəklig kərək artuk eglüg kərək
kegüzlüg kərək həm keŋüllüg kərək

2283 yaoqīda kərəksiz yürəksiz kixi
yürəksiz kixi ol tixilər ixi

2284 yürəksiz kixilər qərik artatur
qərik artasa ər ərig artatur

2285 yaoqīda yürəklig səringü kərək
yaoqī at kəmixsə təringü kərək

2286 ayīklīoq turur bu elüm bəlgülüg
edi kəlməginqə ər elməz külüg

2275 سېخى بولسا قوشۇننى باشلار كىشى،
يىغلىغاي ئاڭا خىل كىشلەر بېشى.

2276 چېرىككە ئۆلەشتۇرسە بار مېلىنى،
ئاداش-دوست ۋە قولداش تۇتسا ھەممىنى.

2277 ئوزىگە بىر ئات، تون، قورال بەس ئېتەر،
جاھانغا ئېتى بولسا مەشھۇر، يېتەر.

2278 ئوغۇل-قىز غېمىن دەپ مېلىن يىغمىسا،
بېغىم، سۇ، يېرىم دەپ كۈمۈش تاپمىسا.

2279 قىلىچتىن ئىستىسە پۇتۇن مەقسەدىن،
بۇلاپ ئالسا، بەرسە، يېيىپ شوھرىتىن؛

2280 يىگۈزسە، ئىچۈرسە، كىيگۈزسە كىيىم،
قورال، ئات، قىز-ئوغلان بېرىپ كوپ قېتىم.

2281 شۇ ھالدا يىغىلۇر باتۇرلار ئاڭا،
شىرىن جان پىدالاپ، ياتۇر تاغ-قىيا.

2282 ئەقىللىق كېرەك ھەم يۈرەكلىك كېرەك،
جەسۇرلۇق كېرەك، كەڭ كوڭۈللۈك كېرەك.

2283 سوقۇشتا كېرەكسىز يۈرەكسىز كىشى،
يۈرەكسىز كىشى ئۇ چىشى ئوخشىشى.

2284 .يۈرەكسىز كىشى ئۇ قوشۇنىن بۇزار،
بۇزۇلسا قوشۇن، ئەر بىر-بىرىن بۇزار.

2285 ئۇرۇشتا يۈرەكلىك، چىدامىلىق كېرەك،
سېلىپ كەلسە ياۋ ئات، يىغىلماق كېرەك.

2286 بولۇر ۋاقتى ئولۇمنىڭ نە ھالدا ئىسە،
يىگىت ئولمىگەي تا ئەجەل كەلمىسە.

2287 nəgü tə̣r əxitgil azïƣlïƣ kür ər
ɵlümüg unïtsa yaƣïsïn urar

B173 C122

2288 kixi əḍsüz ɵlməz anadïn toƣup
nəlük ⱪorⱪar ɵzüŋ yaƣïnï kɵrüp

2289 yaƣïⱪa yalïŋ təg ərən təg urux
əjəlsiz ɵlüm bolmaz ɵzkə bolup

2290 uvutluƣ kərək ər uvutï üqün
yaƣï birlə ⱪarxur ⱪaḍïtmaz ɵqün

A86

2291 uvut birlə yalŋuⱪ yaƣïsïn saqar
yaƣïda əŋ axnu uvutsuz ⱪaqar

2292 uvutⱪa bolup ⱪorⱪlïⱪ alplïⱪ ⱪïlur
ɵgünqkə bolup ər ɵzin ɵldürür

2293 yürəklig tə̣güqi uvutluƣ bolur
uvutluƣ kixi ɵlsə urxu ɵlür

2294 ⱪïlïnqï oŋay bolsa ⱪoḍⱪï kɵŋül
boḍunⱪa səvitür ɵzin bu yaŋ ol

2295 isitür kixi kɵŋlin alqaⱪ kixi
yïratur ərənig tili ə̣l puxï

2296 bəḍük tutsa kɵŋlin bu sü baxlar ər
sə̣ziksiz yaƣïdïn bu ər bərgə yə̣r

2297 bu kɵŋli bədük ər usallïⱪ ⱪïlur
usal ər ya buzlur ya əḍsüz ɵlür

2298 kür ərsig kərək bolsa ⱪaxïƣ yülüg
yaḍïlsa atï bolsa qavluƣ külüg

2287 نىمە دەر، ئىشتىكىن، غەيۇر، جەسۇر ئەر،
ئۆلۈمنى ئۇنۇتۇپ، ياۋنى ئۇرۇر ئەر:

2288 كىشى ۋاقىتسىز ئۆلمەس ئانادىن تۇغۇپ،
نىچۈن قورقادۇرسەن ئۆزەڭ ياۋ كورۇپ؟

2289 يېغىغا يېلىڭ تەگ، يىگىتتەك ئۇرۇش،
ئەجەل يەتمىگۈنچە، ھېچ بولماس ئۆلۈش.

2290 كېرەك ئەرگە ئۇيات، ئۇياتلىق ئۈچۈن،
ئۇرار ياۋنى تا ئالمىغۇنچە ئۈچۈن.

2291 ئۇيات بىرلە ئىنسان ياۋنى يوق قىلار،
ئۇرۇشتا ئەڭ ئاۋال ئۇياتسىز قاچار.

2292 قورقامۇ ئۇيۇلۇپ باتۇرلۇق قىلۇر،
ماختىلىش ئۈچۈن ئۇ ئۆزىن ئولتۈرۈر.

2293 يۈرەكلىك ئاتالغان ئۇياتلىق بولۇر،
ئۇياتلىق ئەر ئۆلسە ئۇرۇشۇپ ئولۇر.

2294 قوشۇن باشى بولسا كەمتەر، مۇلايىم،
خەلققە سۆيدۈرەر ئۆزىن ئۇ دائىم

2295 ئىسسىتۇر كىشىنى كىچىك دىل كىشى،
قاچۇرار كىشىنى ئىتتىك تىل كىشى.

2296 قوماندان ئۆزىنى تۇتاركەن يوغان،
يىگەي دۈشمەنىدىن تاياق بىگۇمان.

2297 تەكەببۇر كىشىلەر غاپىللىق قىلۇر،
غاپىللار بۇزۇلۇر، يا بىۋاخ ئۆلۈر.

2298 ئېتىم چىقسۇن دېسە ئۇ، بولسۇن جەسۇر،
ساقال ـ ساچى رەتلىك، بەھەيۋەت، غەيۇر.

2299 əsizlərkə ķaxïɋ kərək ķorķsalar
yavaxlarķa əḑgü kərək səvsələr

2300 siyasət yorītoɋu kərək sü baxī
siyasətķa axlīɋ bolur sü ixi

2301 siyasət yorītsa sü baxlīɋ bolur
süsi baxlīɋ ərsə ər axlīɋ bolur

C123
2302 ķayu sü bolur bolsa baxsīz boxaņ
ux ol sü buzuldī əlig kəq yaxaņ

B174
2303 əsizlərkə ḩəxmət siyasət kərək
yana əḑgükə tutqī ḩurmət kərək

2304 təgür əḑgülərkə tükəl əḑgülük
səvinqin tiləgü yüḑürməgü yük

2305 bu əḑgüg tilər barqa yalņuķ turup
kixi ķul bolur ərkə əḑgü bulup

2306 nəgü tər əxitgil ay ķilķī tüzün
bu bəytig oķïɋïl avīnɋïl əzün

2307 box azad kixi barqa əḑgü ķulī
sən əḑgü ķilu aq kənilik yolī

2308 kixilik ķīlurķa kixi bol tuxī
kixi mundaɋ urdī kixilik ulī

2309 kərək sü baxīņa bu bir ķaq ķilīķ
yaɋīķa yüz ursa bu tüzsə yorīķ

2310 yaɋīda kər arslan yürəki kərək
ķarīxtuķta əsri biləki kərək

2299 يامانغا ھەيۋەت كېرەك، قورقۇتقىلى،
يۇۋاشلارغا ياخشىلىق، سويىدۇرگىلى.

2300 سىياسەت يورۇتسۇن قوشۇننىڭ بېشى،
سىياسەتكە باغلىق قوشۇننىڭ ئىشى.

2301 سىياسەتلە قالماس قوشۇن باشچىسىز،
باش ئولسا، ئۇيۇشقاي قوشۇن شۇبھىسىز.

2302 قايۇ بىر قوشۇن بولسا باشسىز، بوشاڭ،
بۇزۇلۇر ئۇ قوشۇن، ئەي خان، كوپ ياشاڭ.

2303 يامانلارغا ھەيۋەت، سىياسەت كېرەك،
يانا ياخشىغا دائىم ھورمەت كېرەك.

2304 پۈتۈن ياخشىغا ياخشىلىق قىل تولۇق،
ئۇلارنى سويۇندۇر، سالما ئېغىر يۇك.

2305 تىلەر ياخشىلىق ھەممە كىشى ئاختۇرۇپ،
كىشى قۇل بولۇر ئەركە، ياخشىلىق كورۇپ.

2306 مۇلايىم خۇي كىشى نە دەيدۇ، ئىشىت،
تەسەللى بەر ئوزگە، ئوقۇپ بۇ بېيىت:

2307 ئازات-ھور كىشىلەر ياخشىلىق قۇلى،
قىلىپ ياخشىلىق ئاچ دۇرۇسلۇق يولى.

2308 كىشىلىك قىلىشقا كىشى بول ھامان،
كىشى قۇردى شۇنداق كىشىلىك يولى.

2309 كېرەك بۇ قانچە ئىش قوماندان ئۇچۇن،
يۇرۇش قىلغاندا ياۋغا، تۇزەپ يول-يوسۇن:

2310 سوقۇشقاندا يولۋاس يۇرەكلىك كېرەك،
تۇتۇشقاندا يىلۋىز بىلەكلىك كېرەك.

2311 toŋuz təg tə̧timlig bəri təg küqi
aḑïꝗlayu azꝗïr ķutuz təg əqi

2312 yana alqï bolsa kïzïl tilkü təg
titir buꝗrasï təg kər əq sürsə kək

2313 saꝗïzꝗanda saķraķ kərək tutsa əz
ķaya ķuzꝗunï təg yïraķ tutsa kəz

2314 uluꝗ tutsa ḫəmyət kər arslanlayu
üki təg usuz bolsa tünlə sayu

2315 bu yaŋlar bilə ər yaꝗïqï bolur
yaꝗïqï bolur ḫəm yaraꝗqï bolur

C124
2316 yaꝗïqï yaraꝗqï kixi ol tuqï
yaꝗï sanqꝗuqï ḫəm yətürgən uqï

2317 tuzï ətməki ḫəm axï kə̧ŋ kərək
atï ton tolumï aŋar təŋ kərək

B175
2318 ax iqgü tuz ətmək yaḑar ər atï
ax iqgü turur bu tiriglik otï

2319 nəgü tə̧r əxitgil ïla atlïꝗï
tuz ətmək kə̧ŋüt ay kixi ķutluꝗï

2320 kü qav at tiləsə tuz ətmək yə̧tür
tiriglik tiləsə anï oķ yətür

A87
2321 kixilik ķïlïꝗlï ïnanqlïꝗ akï
tuz ətmək ḫəkï tə̧p ətə̧r ər ḫəkï

2322 uluꝗluķ tiləsə ax iqgü ülə
uzun yax tiləsə bulur ax bilə

2311 توڭگۈز كەبى تەرسا، بورىدەك كۈچى،
ئېيىقتەك ئېتىلغاق، قوتازدەك ئۇچى.

2312 ئۇ بولسۇن ھىلىگەر قىزىل تۈلكىدەك،
ئاداۋەتچى بولسۇن بۇغرا توگىدەك.

2313 سېغىزخاندىن سەگەكرەك بولسۇن ئۆزى،
كورسە قىيا قۇزغۇنىدەك يىراقنى كوزى.

2314 قارا، بولسۇن ھىممەتتە ئۇ ئارسلان،
كېچەسى ھۇقۇشتەك ئويغاق ھەر زامان.

2315 مۇشۇ خىل سۈپەتلە ئۇ جەڭچى بولۇر،
بولۇر جەڭچى ھەمدە يارامچى بولۇر.

2316 بۇ جەڭچى ياراغلىق كىشىدۇر داۋام،
ئۇرۇپ ياۋنى تار-مار قىلىشتا تامام.

2317 تۈزى ھەم نېنى، ئېشى كەڭ بولغۇلۇق،
ئاتا ئات، قورال، تونمۇ تەڭ بەرگۈلۈق.

2318 ئاش-ئىچمەك، تۇزۇ-نان ئەر ئاتىن يايۇر،
يىمەك-ئىچمەك تىرىكلىك ئىلاجى ئېرۇر.

2319 نىمە دەر ئىشتىكىن ئىلى ئاتلىغى:
تۇزۇ-ناننى كەڭ قىل، كىشى قۇتلۇغى.

2320 يىگۈز نان-تۇزۇڭنى شوھرەت ئىستىسەڭ،
شۇ ئىشلارنى قىلغىن ھايات تىلىسەڭ.

2321 ئىشەنچلىك، سېخى-مەرت كىشىلىك ئېتەر،
تۇزۇ-نان ھەققى دەپ ئەز ھەققىن ئۇتەر.

2322 ئۇلۇغلۇق تىلەسەڭ ئاش، ئىچمەك تارات،
تاپار ئاش بىلەن ئەر ئۇزۇنراق ھايات.

2323 kərək həyl baxīņa bu bir ķaq ķīlīķ
ȩtilsə ixi ȩtrü tüzsə yorīķ

2324 sȩzi qīn kərək bolsa ķəwli pütün
uluq̧ bolsa yaloq̧an īnanmaz boḑun

2325 ikinqi aķīlīķ kərək bȩrsə nəņ
saranķa yumītmaz kixi aloq̧u yaņ

2326 üqünqi yürəklig kərək kȩgsi kür
yürəksiz yaoq̧ī kȩrsə igləp yatur

2327 bu tȩrtünq kərək alqī ḩilə bilir
bu ḩilə bilir ərkə arslan ulīr

2328 tȩtimlig kərək ḩəm topulsa qərik
yitilik kərək ḩəm ķomītsa ərig

2329 bu ərdəm bilə bolsa sü baxqīsī
yaoq̧ī sanqoq̧a yaḑoq̧a yaoq̧īnīņ küsi

2330 bu yaņlīoq̧ sü baxqī bu sü baxlasa
əlig buloq̧a duxman ȩzə ixləsə

C125
2331 yüz ursa yaoq̧īķa bu sü baxqīsī
oḑuoq̧ turoq̧u tün kün ķȩtərsə usī

2332 ȩküx ər kərəksiz ər ȩḑrüm kərək
ər ȩḑrüm bolunsa tolum tüm kərək

B176
2333 ȩküx sü qərik ərsə baxsīz bolur
bu baxsīz qərik sü yürəksiz bolur

2334 sīnamīx yaoq̧īqī kixi təņləmix
on iki miņ ər sü ȩküx sü tȩmix

2323 كېرەك بۇ قانچە ئىش قوماندان ئۈچۈن،
ئىشنى رەتلىسە، تۈزەپ يول-يوسۇن:

2324 سوزى چىن، ئېيتقىنى راست ئولسۇن تىلمام،
ئۇلۇغ بولسا يالغانچى، پۈتمەس ئاۋام.

2325 ئىككىنچى، سېخىلىق، بېرىشتۇر ئىشى،
بېخىلغا يولىماس ئالارمەن كىشى.

2326 ئۈچىنچى، يۈرەكلىك ۋە بولسۇن جەسۇر،
يۈرەكسىز ياۋنى كورسە ئاغرىپ ياتۇر.

2327 توتىنچى، ئۇ بىلسۇن ھىلە ۋە پىلان،
تۇتۇر ھىلە بىرلە كىشى ئارسلان.

2328 قوشۇننى بوسۇشكە چىلك ئولماق كېرەك،
چېرىك قوزغىتىشقا تېز ئولماق كېرەك.

2329 قومانداندا بولسا بۇ خىسلەت ئەگەر،
يېڭىپ يېغىنى، ھەيۋىسىن يوق ئېتەر.

2330 قوشۇننى باشلىسا شۇ خىل قوماندان،
قولى ئۈستۈن بولۇر دۈشمەنگە ھامان.

2331 قوشۇن باشلىغى ياۋغا بولسا دۈچار،
كۈنۈ-تۈن بولغۇلۇق ئويغاق ۋە ھوشيار.

2332 كېرەكمەس كوپ چېرىك، چېرىك خىل كېرەك،
چېرىككە خىللانغان خىل قورال كېرەك.

2333 قوشۇن سانى كوپ بولسا باشسىز بولۇر،
قوشۇن بولسا باشسىز، يۈرەكسىز بولۇر.

2334 سىناغان بىر ھەربى قىياسەن دىمىش،
ئون ئىككى مىڭ ئەرلىك قوشۇن كوپ ئىمىش.

2335 qərik sanqmïx alp ər tutuzmïx ayu
maṇa tərt miṇ ər sü tükəl sü tẹyü

2336 ḳalïn sü yayïlsa iqin buloqaxur
anï ẹtsə bolmaz yaraoqsïz tuxur

2337 qavïḳmïx kür alp ər yẹmə səzləmix
ər ədrüm kərək sü tolumluoq tẹmix

2338 nəgü tẹr atïḳmïx yaoqïqï əxit
bu səz əxtip ətrü əzüṇkə ix ẹt

2339 əküx sü tiləmə ər ədrüm tilə
ər ədrüm tilə ḥəm tolum tüm bilə

2340 ẹtiklig az ədgü əküxtə kərü
təlim tuxtï artaḳ əküx sü bilə

2341 yaoqïḳa ḳalï yortsa sü baxlar ər
yaḳïn tutoqu əzkə yaoqïoq ixlər ər

2342 adïroqu ədürgü yəzək tutoqaḳï
yïraḳ tutoqu saḳlap kəzi ḳuloqaḳï

2343 yəzək ḥəm təlim yətsə tutoqaḳ kẹtip
yaoqïoq basoqu bolsa urunsa ḳayïp

C126
2344 süsin ẹtsə yapsa ma yortuoq tüzüp
kẹdin ḳalmasa ər ya əṇdün ozup

2345 tüxün bilsə yortuoq tüzə bilsə kəd
ər at tutsa saḳqï oduoq tursa kəd

2346 yorïḳïn küdəzəsə 'ələm baxlar ər
əṇi turmasa bir yaoqïoq ixlər ər

2335 دىمىش ياۋنى يەڭگەن بىر باتۇر چىۋەر،
ماڭا توت مىلىڭ ئەرلىك قوشۇن دەل يېتەر.

2336 كوپ ئەسكەر يىيىلسا، ئىچى بۇلغىشار،
تۇزەپ بولماس ئۇنى، يارامسىز بولار.

2337 ئاتاقلىق جەسۇر ئەر، يەنە سوزلىمىش:
قوشۇندا قورال-ئەر خىل ئولسۇن دىمىش.

2338 ئاتانغان سوقۇشچى نەدەر ئاڭلىغىن،
بۇ سوزنى ئىشىتكەچ، ئەمەل ئەيلىگىن:

2339 قوشۇننى كوپەيتمەي، قىل ئەرلەرنى خىل،
يىگىتلەر بىلەن تەك قورال سەرە قىل.

2340 كوپىدىن ئېزى خوپ، بولسا مۇنتىزىم،
يېڭىلغان سانى كوپ چېرىك كوپ قېتىم.

2341 قوماندان يېغىغا هۇجۇم قىلسا گەر،
يېقىن تۇتسۇن ئوزگە يېغى ئۇرار ئەر.

2342 كېرەك چارلىغۇچى قىسىم خىللىماق،
قۇلاق-كوزنى ساقلاپ، يىراق قارىماق.

2343 چارلاۋچى ئۇچراشسا تۇتغاققا[137] يېتىپ،
هۇجۇمنى قىلسۇن ئۇ ئارقىدىن بېرىپ.

2344 قوشۇننى ساقلىسۇن، قىلسۇن مۇنتىزىم،
كېيىن ۋە ئىلگىرى يۇرمىسۇن هىچكىم.

2345 قارارگاھ ۋە يۇرتوغ[138]تۇزۇش بىلسۇن ئۇ،
قوشۇن ساقچىلىرى هۇشيار تۇرسۇن ئۇ.

2346 كۇزەتسۇن هەركەتنى ئەلەم تۇتقان ئەر،
هىچ چەتتە قالمىسۇن ياۋنى ئۇرار ئەر.

2347 tüxürsə toyuƣ kəḑ kərüp bərk yəŗig
yïraķ iḑmasa tiḑsa yïƣsa ərig

B177
2348 usal bolmasa bolsa artuķ oḑuƣ
usal bolsa təgrür basïmqï yoḑuƣ

2349 yaƣïķa yaƣusa yəzəkin alu
tüxürsə toyuƣ kərsə ot suv talu

2350 süsin kəḑ küḑəzsə til ïqƣïnmasa
süsi az əküxin yaƣï bilməsə

2351 ķatïƣlanƣu axnu til alƣu kərək
bu tildin yaƣï ķïlķï bilgü kərək

2352 aņar təņləsə ətrü əətsə ixin
yaƣï boynï yənqsə kətərsə baxïn

A88
2353 bu saķlïķ bolur ḩəm oḑuƣluķ bolur
yaƣïda ķayusï saķ ərsə unur

2354 oḑuƣ bəg səzi kər bəkə yolqïlïƣ
kər arslan münügli ķïlïq ķamqïlïƣ

2355 yaƣï sanqƣuķa tutƣu iki tolum
bu iki tolumdïn yaƣï yər əlüm

2356 əņ axnu yaƣïķa kərək ḩilə al
bu ḩilə bilə ķïl yaƣï mənzi al

2357 ikinqi bu saķlïķ oḑuƣluķ turur
ķayusï saķ ərsə ol üstəņ bolur

2358 ķayusï saķ ərsə yaƣïda oḑuƣ
səziksiz yaƣïķa bu təgrür yoḑuƣ

2347 قوشۇننى چۈشۈرسۇن پۇختا جاي كورۇپ،
يىراق كەتمىسۇن ئۇ، تۇرسۇن توپ بولۇپ.

2348 غەپلەتتە قالمىسۇن، بولسۇن ئۇ ھۇشيار،
غاپىل بولسا، دۈشمەن زىيانلار ئۇرار.

2349 يېقىنلاشسا ياۋغا دېرەكىن ئېلىپ،
قارارگاھ قۇرسۇن ئۇ ئوت-سۇنى كورۇپ.

2350 قوشۇننى كۈزەتسۇن، ئۇ تىل[139] بەرمىسۇن،
قوشۇن ئازمۇ-كوپ ياۋ ئۇنى بىلمىسۇن.

2351 ئەڭ ئاۋال تىرىشىپ تىل ئالماق كېرەك،
بۇ تىلدىن ياۋ ھالىنى بىلمەك كېرەك.

2352 ئىشنى شۇنىڭغا قاراپ ئىشلىسۇن،
كېيىن ياۋ بېشىنى بوينىن يەنچىسۇن.

2353 مانا شۇ ھۇشيارلىق، ئويغاقلىق بولۇر،
سوقۇشتا كىم ھۇشيار بولسا شۇ ئۇتۇر.

2354 بېگى ئويغاق قوشۇننىڭ ئەجدەر باشچىسى،
مىنەر ئۇ ئارسلان، قىلىچ-قامچىسى.

2355 كېرەك ياۋ يوقاتماققا ئىككى قورال،
بۇ ئىككى قورالدىن كورەر ياۋ زاۋال.

2356 ئەڭ ئاۋال كېرەكتۇر ھىلىنىڭ ئوزى،
ياۋ ئالدانغىنىدىن قىزارسۇن يۈزى.

2357 ئىككىنچى، سەگەكلىك-ئويغاقلىق ئېرۇر،
كىم سەزگۈر، ساق ئولسا، ئۇ ئۇستۇن كېلۇر.

2358 كىم جەڭدە بولۇر ساق، ئويغاق ۋە ھۇشيار،
ئۇ ياۋغا گۇمانسىز زىيانلار سالار.

C127

2359 yaoqïn̡ sü təlim tutsa azrak̡ sənin̡
tok̡ïxk̡a əvinmə yaraoq kər anïn̡

2360 yaraxoqu yaraoqï bar ərsə yarax
yok̡ ərsə yarïk̡lan bil alxïp kürəx

2361 k̡atïoqlan usandur usa bas kəqə
kəqə az eküxüg nə bilgəy aqa

2362 k̡alï basoquk̡a bulmasa sən yarï
yalavaq ïḑïp sən bar əlləx yorï

B178

2363 tilin arsïk̡ əl bol küḑəzgil ezün̡
tok̡ïxk̡a əvinməgü kəsgil sezün̡

2364 tak̡ï bolmaz ərsə yaoqï oqrasa
tok̡ïxmak̡ tiləsə ken̡ül bərməsə

2365 uzatma ixin̡ sən qərik tər tok̡ïx
ülə nən̡ ərig eg tok̡ïx at ok̡ïx

2366 tok̡ïxïoq uzatsa yaoqï eglənür
eküx kərsə ərnin̡ kezi egrənür

2367 nəgü tər əxitgil yaoqï sanqmïx ər
baxïnda kəqürmix kezün kərmix ər

2368 kerüxməz yaoqïnïn̡ küsi kəḑ yïrak̡
kerüxsə basïnur kerügli k̡arak̡

2369 yaoqïk̡a yalïn̡ təg nən̡in̡ almasu
uzatsa basïttïn̡ yiti k̡ïl aḑak̡

2370 qərikdə bir anqa pusuoqk̡a kigür
yaḑaoq okqï tuxrup sən endün yügür

2359 قوشۇنى كوپ ئولسا ياۋنىڭ، سېنىڭ ئاز،
سوقۇش قىلما، تېزدىن كور تەدبىرىن ساز.

2360 ياراش مۇمكىن ئولسا، ئۇرۇشما، ياراش،
يوق ئەرسە، ساۋۇت كەي، ئېلىشىپ تالاش.

2361 تىرىش، غەپلەتتە قوي، كېچە قىل ھۇجۇم،
كېچەدە كوپ-ئازلىق بىلىنمەس چوقۇم.

2362 يېڭىشقا ئەگەرچە يەتمىسە كۈچۈڭ،
ئەۋەت سەن ئەلچىلەر، ياراشقىن ئۆزۈڭ.

2363 تىلىڭ بىرلە ئەل بول، ئۆزۈڭنى كۈزەت،
سوقۇشماققا ئالدىرما، سوزنى بەس ئەت.

2364 ئەگەر بۇمۇ بولماي، يېغى قۇترىسا،
ئۇرۇشماقنى ئىستەپ، كوڭۈل بەرمىسە،

2365 ئىشىڭنى ئۇزارتماي قوشۇن تۈز، سوقۇش،
ئاتاپ ماختا ئەرنى، تارات مال، كۈمۈش.

2366 ئۇزارسا سوقۇش، ياۋ ھۇشىنى تاپۇر،
كوزى كورسە كىشى كوپنى ئوگىنۇر.

2367 نىمە دەيدۇ ئاڭلا ياۋنى يەڭگەن ئەر،
بېشىدىن ئىش ئوتكەن، كوزى كورگەن ئەر:

2368 ياۋ داڭقى يىراقتا كورۇنمەستە زور،
بۇ شوھرەت كۈرەشكەندە كەملەپ كېتۇر.

2369 يېغىغا يېلىڭ تەگ، مېلىڭ ئالمىسۇن،
سوزۇلسا يېڭىلدىڭ، ئىتتىك بول يۈگۈر.

2370 چېرىكتىن بىرقىسمىنى قوي موكتۇرۇپ،
ياياق ئوقچىنى سال سەن ئالدىن يۇرۇپ.

2371 yaoqïqï erüŋ kïroqïl ərsiglərig
yaoqïka alïn kïl ketürsü qərik

2372 erüŋ kïroqïl artuk yaoqïqï bolur
yaoqïqï bolur həm yaraoqqï bolur

C128
2373 kiqig kur yigitlər bolur kəḍ yiti
kalï yüz əvürsə uḍïtur otï

2374 ïnanur ərig kïloqïl eŋdün kəḍin
oŋuŋdïn soluŋdïn bir anqa aḍïn

2375 yaoqusa qərikkə ilixsə əri
tuxïnqa təgixgü kəmixsə urï

2376 əŋ axnu yïraktïn təgixgü okun
yaoqusa süŋün təggü bərsə boyun

2377 katïlsa kïlïq baldu birlə təgix
tixin tïrŋakïn təg yaka tut ilix

B179
2378 tirən arka bərmə yaoqïka bolup
yaoqïoq sanq yok ərsə urux yat elüp

2379 nəgü tər əxitgil karïxoqan kür ər
səringil səringən yaoqïsïn urar

2380 kəlin kïz səvinqi küḍən tünləri
kür alp ər küvənqi qərik künləri

2381 küvəz alp səkirtip qərik sürsə pat
laqïn kux kovar təg tekər kanlarï

2382 yaoqï kersə alp ər kepirtür izig
bu karxur aḍïnlarka təgməz kəzik

2371 يېشى چوڭ، جەسۇرلەر كۇرەشچىننى—
سەپ ئالدى قىل، باشلاپ ماڭسۇن جەڭچىنى.

2372 ساقال-چاچ ئاقارغان كۇرەشچى بولۇر،
كۇرەشچى بولۇر ھەم كوپ ئىشنى بىلۇر.

2373 كىچىك، ياش يىگىتلەر بولۇر بەكمۇ تېز،
ئەگەر ئۇرسە يۇز، ئۇچەر ئوتى تېز.

2374 ئىشەنچلىك كىشىنى قوي ئالدىن، كېيىن،
بېكىت ئوڭ-سولۇڭغا يانا باشقىدىن.

2375 يېقىنلاشسا لەشكەر، تۇتۇشقاندا ئەر،
ئۇدۇلدىكىنى ئۇرسۇن، ئۇرۇپ نەرىلەر.

2376 ئەڭ ئاۋال يىراقتىن ئوقىن ئاتقۇلۇق،
يېقىنلاشسا نەيزە بىلەن تىققۇلۇق.

2377 كىرىشكەندە پالتا، قىلىچ بىلەن چاپ،
ياقادىن تۇت، چىشلە، تىرناقتا تاتلاپ.

2378 چىدا، ياۋغا ئارقاڭنى بەرمە تۇتۇپ،
يوقات ياۋ ياكى يات ئۇرۇشتا ئولۇپ.

2379 نىمە دەيدۇ ئاڭلا، سەپ يارغان جەسۇر،
چىدا سەن، چىدىغان دۇشمەننى يېڭۇر:

2380 كېلىن قىز سويۇنچى نىكا-توي تۇنى،
باتۇرنىڭ سويۇنچى جەڭ قىلغان كۇنى.

2381 سۇرەر ئالغا لەشكەر باتۇر ئات چېپىپ،
لاچىن قۇش ئالۇردەك توكەر ياۋ قېنى.

2382 يېغى كورسە باتۇر قوپارتۇر توزان،
بولەكلەرگە نوۋەتنى بەرمەس ھامان.

2383 qərik kərsə alp ər kər arslan bolur
səkirtür ya eldrür ya urxu elür

2384 yaoqī kərsə alp ər ḳīzartur məṇiz
ḳarīxsa boḍulur ḳīzīl həm yaoqīz

2385 at üstəm yarīḳlar bolur ḳīp ḳīzīl
ḳīzīl ḳīzoqu əṇlər bolur yap yaxīl

2386 yaoqī at kəmixsə saṇa ooqrasa
sərin arḳa bẹrmə saqīlsa basa

2387 yaoqī təprəsə sən uḍu təprəgil
ẹtə uḍ aḍaḳin yorī turmaoqīl

A89

2388 ḳalī ḳaqsa sẹndin yaoqī turmasa
ərig yətgü tutoqu bulun tutmasa

C129

2389 yaoqī sanqmīx ərsig ərən bulnuḳup
yana əvrə sanqtī yaoqīsīn ulup

2390 yaoqī ḳaqsa tap ḳīl əḍərmə yīraḳ
ḳalī yandru yansa ḳaqumaz aḍaḳ

2391 muṇuḳsa yaoqī yüz elümkə urur
elümkə yüz ursa kim utru turur

B180

2392 bu yẹrdə ezüṇni küḍəzgil ooqul
küḍəzgil yoḳ ərsə ezüṇdin teṇül

2393 usal bolsa ər kər yorīrda elür
usal bolmasa ər tiləkin bulur

2394 maṇa mundaoq aydī sīnamīx kixi
sīnamīx kixilər sezi sez baxī

2383 چېرىك كورسە باتۇر بولۇر ئارسلان،
قىلۇر ياۋنى يوق، يا بېرۇر ئۆزى جان.

2384 يېغى كورسە باتۇر قىزارتۇر يۈزىن،
بويايدۇ قىزىل قانغا جەڭدە ئۆزىن.

2385 ئىگەر، ئات، ساۋۇتلار بولۇر قىپ-قىزىل،
قىزارغان قىزىل يۈز بولۇر ياپ-يېشىل.

2386 يېغى ئات سېلىپ ساڭا قىلسا هۇجۇم،
چىدا، سەن بەرمە تەن، تۇزۇيدۇ چوقۇم.

2387 يېغى گەر تەۋرىسە، سەنھەم تەۋرىگىن،
ئاياق ئۇرە هازىر تۇرۇپ باپلىغىن.

2388 ئەگەر ياۋ چېكىنسە قوغلاپ تۇتماساڭ،
ئۇنىڭدىن يېتەرلىك ئەسىر ئالمىساڭ،

2389 جەسۇر جەڭچىلەرنىڭ سېپى بۇزۇلۇپ،
كېلەر ياۋ هۇجۇمنى باشلاپ، بۇرۇلۇپ.

2390 يېغى قاچسا قوغلاپ ئۇزاپ كەتمىگىل،
ئەگەر قايتسا دۈشمەن، قاچالمايسەن، بىل.

2391 ياۋ ئولسا ئۇمىتسىز ئولۇمگە يۈرۇر،
ئۇلۇمدىن قوقمىغانغا كىم تەڭ كېلۇر؟

2392 شۇ پەيتتە ئۆزۈڭنى چىڭ تۇت، سەن كۈزەت،
گەر ئەكسى بولسا، ئۈز ئۇمىدىڭ پەقەت.

2393 غاپىل بولسا ئەر، كور، يۇرەردە ئولۇر،
غاپىل بولمىسا ئەر، تىلەككە يېتۇر.

2394 ماڭا مۇنداق ئېيتتى ئىش كورگەن كىشى،
ئىش كورگەننىڭ كىشىنىڭ سوزى سوز بېشى:

2395 yaoqï ķaqsa tapķïl əḍərmə uḍu
əḍərtqi yəḍi kərsə bərgə toḍu

2396 yaoqïoq bir saqïtsa yana tirlüməz
otuoq suv uḍïtsa yana tirlüməz

2397 muŋuķmïx kixilər ølümüg ķolur
ølümüg ķoluoqlï ər øldrü ølür

2398 kim ix ķïlsa tərkin aŋar bərgü nəŋ
ux ol nəŋ bilə ər ķïzïl ķïlsa əŋ

2399 kim ər tutsa øggü aqïnoqu kərək
ol aqïoq bilə ər urunsa yürək

2400 yavuz øgdi bulsa əḍi kəḍ bolur
kəḍig øgsə kəndü ķaqan kin ķalur

2401 ərig øgsə əlgin kør arslan tutar
atïoq øgsə yügrür uqarïoq yətər

2402 balïķmïx bar ərsə sən əmlət kərü
bolun bolmïx ərsə yulup ol kirü

2403 ķalï ølmix ərsə aoqïrlap kətür
ooqul ķïz bar ərsə aŋar ḥəķ yətür

2404 ər at kərsə ətrü səvinqlig bolur
yaoqï ooqrï bolsa səvüg jan bərür

2405 isig søz külər yüz bilə bərgü nəŋ
bu üq nəŋ kixikə bolur əḍgü yaŋ

2406 box azad kixilər muŋar ķul bolur
bu ķul jan yuluoqlar səvinqin ķolur

2395 يېغى قاچسا بارما ئۇزاق يەرگىچە،
يىراق قوغلىغان قامچا يەر تويغىچە.

2396 يېغى بىر چېچىلسا يىغىلمىغى تەس،
سۇ ئۇتىنى ئۇچۇرسە، ئۇ يانمايدۇ، بەس.

2397 ئۇمىتسىز كىشىلەر ئۇلۇمنى كۇتۇر،
ئاۋال ئۇلتۇرۇپ، ئاندىن ئۇزى ئولۇر.

2398 كىم ئىش قىلسا تېز ئاڭا مال بەرگۈلۈك،
بېرىپ مال، يۇزىنى قىزىل قىلغۇلۇق.

2399 ئەسىر ئالسا ماختاپ تارتۇقلاش كېرەك،
بۇ تارتۇق بىلەن بولسۇن ئەر خۇش يۇرەك.

2400 يامان ماختىلىش بىرلە ياخشى بولۇر،
ماختالسا ياخشى قاچان كېيىن قالۇر؟

2401 تۇتار قول بىلەن شىر ئەرنى ماختىساڭ،
يېتەر قۇشقا ئىتىڭ ئەگەر سىلىساڭ.

2402 داۋالات ياردار بولسا سەن كورۇپ،
قۇتۇلدۇر ئەسىر چۇشسە، سەن قايتۇرۇپ.

2403 كوتەرگىن قەدىرلەپ ئولگەن بولسا گەر،
ئوغۇل-قىزى بولسا، ئاڭا ھەقنى بەر.

2404 سويۇنگەي قوشۇنىڭ گەر كورسە بۇنى،
قىلۇر جان پىدا ئۇ، جەڭ مەيدان كۇنى.

2405 شىرىن سوز، كۇلەر يۇز، مال-نەرسە بېرىش،
كىشىگە بۇ ئۇچ نەرسە ياخشى بىر ئىش.

2406 ئازات-ئەركىن ئەرلەر ئاڭا قۇل بولۇر،
رىزاسىن تىلەپ جان پىدالىق قىلۇر.

2407 munar mənzər əmdi bu søz ay bøgü
kørü barsa yətrü qïn aymïx təgü

2408 külər yüz isig søz ülə nən tavar
box azad kixilər bu üqkə avar

2409 sən altun kümüx birlə alma kuluoq
bu üq nən yuluoq kïl kamuoqnï yavar

2410 sü baxlar kixi bolsa mundaoq kərək
anïn baxlasa sü bolur ədgürək

2411 sən altun kümüxni üləgil nənin
yuluoq kïloqa janïn sav altun tənin

2412 bu üq nənkə bolur tapuoqqï kulï
munï tutsa bəglər kamuoq nən ulï

2413 bu yanlïoq sü baxqï bulur ərsə bəg
ixi baxka baroqay küvənq boloqu təg

2414 bu yanlïoq bolur ərsə sü baxlar ər
ixi barqa ətlip küvənqkə təgər

2415 yaraoqlïoq wəzir kolsa andaoq kərək
sü baxqï tilər ərsə mundaoq kərək

2416 anar øtrü bəglər ïnansa bolur
tiləmix tiləkin bəg andïn bulur

* * *

A90
2417 yana aydï øgdülmix əlig kutï
iki ix bədük ix uluoqluk atï

2407 بىر سوز بار، ھېكىم، ئەمدى ئوخشار بۇڭا،
كۆرۈپ ئويلىنىپ چىن پۇتەرسەن ئۇڭا:

2408 كۆلەر يۈز، شىرىن سوز بىلەن بەر تاۋار،
ئازات ئەرلەر بۇ ئۇچكە كېلىپ توپلىنار.

2409 كۈمۈش بىرلە ئالتۇنغا ئالما قۇلۇڭ،
پىدا قىل بۇ ئۇچنى، ئومۇمنى يىغار.

2410 قوشۇن باشلىغى شۇنداق ئۇلماق كېرەك،
قوشۇن باشلىسا ئۇ بولۇر ئەزگۈرەك.

2411 گەر ئالتۇن-كۈمۈشنى سوغات ئەيلىسەڭ،
قىلۇرلەر پىدا جان ساپ ئالتۇنغا تەڭ.

2412 بۇ ئۇچ بىرلە خىزمەتچى بولغاي قۇلى،
بۇنى بەگ بىلگۈلۈك ھەر ئىشنىڭ ئۇلى.

2413 مۇشۇنداق قوماندان تاپسا ئەگەر خان،
ئىشى باشقا چىققاي ئىشەنچلىك ھامان.

2414 ئەگەر بولسا شۇنداق قوشۇن باشلار ئەر،
سويۇنچكە چۇشۇپ ھەر ئىشى تۈزىلەر.

2415 ياراغلىق ۋەزىر كۈتسەڭ، شۇنداق كېرەك،
قوشۇن باشلىغى دىسەڭ بۇنداق كېرەك.

2416 بەگ شۇنداق كىشىگە ئىشەنسە بولۇر،
تىلەك-مەقسىدىنى ئۇلاردىن تاپۇر.

* * *

2417 يەنە ئېيتتى ئوگدۇلمىش: ئەي ئېلىگ قۇتى،
ئىككى ئىش بۇيۇك ھەم ئۇلۇغلۇق ئېتى:

2418 wəzir bir ikinqi sü baxlar ‘ələm
birisi ḳïlïq tuttï biri ḳələm

C131
2419 bu ẹl baoqï ərki bu iki tüzər
bu iki biriksə anï kim üzər

4220 ẹḍi artuḳ əḍrüm kərək bu kixi
ḳalï əznəsə bəgkə ẹltür baxï

2421 tusulsa ẹḍi ək tususï əküx
ḳalï əznəsə yasï ẹl kənd ulux

2422 bəgi bolsa əḍgü kixi əḍrümi
bu iki tapuoqqï boḍun kəḍrümi

B182
2423 bulardïn bolur ətrü ẹlkə asïoq
bu asoqï bilə ətrü bəgkə tatïoq

2424 nəgü tẹr əxitgil kər ẹlqi bəgü
bəgü səzlərin bulsa ax təg yẹgü

2425 ḳïlïq birlə aldï kər ẹl aloquqï
ḳələm birlə bastï ol ẹl basoquqï

2426 ḳïlïq birlə alsa bolur tərk ẹlig
ḳələm bolmaoqïnqa basumaz əlig

2427 ḳïlïq birlə alsa ḳayu ẹl küqün
anï sürsə bolmaz əküx yïl əqün

2428 ḳələm birlə tutsa ḳayu kənd ulux
tilək təgrür anda təzükə ülüx

* * *

2418 ۋەزىرلىك بىرىدۇر، ئۇنىڭدا قەلەم،
قىلىچ تۇتتى بىرسى، قولىدا ئەلەم.

2419 بۇ ئىككىسى ئەلنىڭ تەرتىۋىن تۈزەر،
بىرىكسە بۇ ئىككى ئۇنى كىم ئۈزەر؟

2420 خىللانغان بولۇشى كېرەك بۇ كىشى،
گەر بەككە زىت بولسا كېتۇرلەر بېشى.

2421 ئەگەر پايدىلىق بولسا كوپ پايدىسى،
زىت بولسا زىيانىنى ئەل- يۇرت تارتقۇسى.

2422 بەگ ئولسا ئەگەر ئەل سەرە-ياخشىسى،
خەلقنىڭ خىلى بولسا ئۇ ئىككىسى،

2423 بۇلاردىن تولا پايدا ئەلگە تېگۇر،
بۇ پايدا بىلەن بەككە يەتكەي هوزۇر.

2424 هېكىم-خان نىمە دەر ئاڭا سال قۇلاق،
هېكىملەر سوزىن بىل ئوزۇقلۇق-تاماق:

2425 قىلىچ بىرلە ئالدى، كور، ئەل ئالغۇچى،
قەلەم بىرلە تۇتۇر يۇرتنى تۇتقۇچى.

2426 بولۇر تېز قىلىچ بىرلە يۇرت ئالغىلى،
قەلەمسىز مۇمكىن ئولماس ئەل تۇتقىلى.

2427 يۇرت ئالماق مۇمكىندۇر قىلىچ-كۇچ بىلەن،
سوراپ بولماس ئۇنى كوپ يىل ئوچ بىلەن.

2428 قەلەملە تۇتۇلسا بىرەر كەنت-شەهەر،
ئومۇمغا ئۇنىڭدىن نەسىبە تېگەر.

* * *

2429 bu ərdi ay ə̦lig ɵzüṃ bilmixï
munuḳï ɵtündüm ayïtmïx tuxï

Ə̦LIG SUALI ƟGDU̦LMIXKƏ

2430 ə̦lig aydï uḳtum munï bəlgülüg
taḳï bir sɵzüm bar anï ay külüg

4231 maņa sɵzlə əmdi kɵrüp əḍgürək
uluoq ḥajibïoq ay nətəg ər kərək

2432 ḥajiblar ɵzələ bu bolsa uluoq
baoqïrsaḳlïḳïn ḳïlsa janïn yuluoq

C132
2433 küvənsə bəgi ḥəm ɵzi ḥəm ə̦li
olarḳa du'a ḳïlsa boḍnï tïli

* * *

2434 ə̦lig aydï sɵzlə yə̦mə bu sɵzüg
munï ma ayu bə̦r yarut bu kɵzüg

2429 ئى خاقان مۇشۇلار مېنىڭ بىلگىنىم،
سورالغان ئۇچۇن مەن بۇلارنى دىدىم.

ئىلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە سوئالى

2430 ئېلىگ ئېيتتى: ئۇقتۇم بەلگۈلۈك بۇنى،
يانا بىر سوزۇم بار، ئېيت مەشھۇر ئۇنى.

2431 ماڭا سوزلە ئەمدى كورۇپ ئەزگۈرەك،
ئۇلۇغ ھاجىپلىققا نىچۇك ئەر كېرەك؟

2432 ئۇلۇغى شۇ بولسا، ھاجىپلار ئارا،
كويۇمچان بولۇپ قىلسا جاننى پىدا.

2433 ئىشەنسە ئاڭا بەگ ئۆزى ھەم ئېلى،
ئۇلارغا دۇئا قىلسا خەلق تىلى.

* * *

2434 ئېلىگ ئېيتتى شۇنى، سوزلە ئەمدى سەن،
يورۇتقىن كوزۇمنى جاۋابىڭ بىلەن.

31

ӨGDÜLMIX Ə̣LIGKƏ ULUƢ ḤAJIB-LĬĶĶA NƏGÜ TƏG ƏR KƏRƏKIN AYUR

2435 yanut bə̣rdi ɵgdülmix aqtĭ tilin
ayur inq tirilsü ə̣lig miņ yĭlĭn

2436 uluƣ ḥajib artuķ pütün qĭn kərək
bu qĭnlĭķ bilə kəḍ pütün din kərək

B183
2437 tüp əşlĭ kərək əḍgü ķilķĭ oņay
tusulsa boḍunķa toƣursa kün ay

2438 tüpi əḍgü bolsa ər əḍgü bolur
bu əḍgü kixi həlķķa əḍgü ķolur

2439 kixi əḍgüsindin kəlir əḍgülük
yə̣gü iqgü mingü taķĭ kəḍgülük

2440 ķilĭnqĭ oņay bolsa təņlər sɵz ɵk
sɵzüg təņlər ərniņ ixi kəḍ süzüg

ئوتتۇز بىرىنچى باپ

ئۆگدۈلمىشنىڭ ئۇلۇغ ھاجىپلىققا قانداق كىشى لازىملىقى توغرىسىدا ئېلىككە ئېيتقانلىرى

2435 جاۋاپ بەردى ئۆگدۈلمىش ئاغزىنى ئېچىپ،
دېدى: ملىڭ ياشاسۇن ئېلىڭ شاتلىنىپ.

2436 ئۇلۇغ ھاجىپ ئارتۇق پۈتۈن چىن كېرەك،
بۇ چىنلىق بىلە بەك پۈتۈن دىن كېرەك.

2437 نەسەپلىك بولسۇن ئۇ، خۇلقى ئۈز، ئوڭاي،
كۆرۈپ ئەل نەپىسىنى، تۇغۇلسۇن كۈن-ئاي.

2438 تېگى ياخشى بولسا، بولۇر ياخشى ئەر،
بۇ ياخشى ئەر ئەلگە ياخشىلىق تىلەر.

2439 كىشى ياخشىسىدىن كېلۇر ئەزگۈلۈك،
يېمەك-ئىچمەك، مىنەرلىك ھەم كەيگۈلۈك.

2440 خۇيى ياخشى ئەر سوزنى دەڭسەپ قىلۇر،
بۇ خىل ئەر ئىشى ھەم پاك-سۈزۈك بولۇر.

2441 kɵzi toķ kərək ḥəm uvutluƣ silig
tətiklik kərək ḥəm tümən tü bilik

2442 kɵzi toķ kixi ixtə almaz orunq
orunq alsa ḥajib bolur bəg külünq

2443 orunq ol buzuƣlï oṇulmïx ixig
orunq yig ķilur ol pütürmix ixig

2444 uvutluƣ silig bolsa ķïlķï tüzün
kəlir andïn əḍgü ķïlïnqïn sɵzün

C133
2445 uvutluƣ kixi ķilmaz ə̣siz ixig
yaraƣsïzķa yaķmaz bu sərməz kixig

A91
2446 silig ərkə dəwlət siṇimlig bolur
silig bolsa ķutķa təgimlig bolur

2447 tətik bolsa malķa muṇaḍmaz bolur
bilik bilsə ixtə yaṇïlmaz bolur

2448 yə̣mə yaķxï aymïx biliklig bəḍük
bilikligkə təgdi ɵz ülgi kəḍ ɵk

2449 biliklig kərək ķïlsa bəglər ixi
ķamuƣķa yaramaz biliksiz kixi

2450 bilik təgməsə kimkə ərsə ülüg
tirig tə̣sə bolmaz anï tut ɵlüg

2451 bilik birlə yalṇuķ bəḍüp qavlanur
kixilərdə üstər ķamuƣ ix ɵnür

B184
2452 biliksiz kixi ol ķuruƣ sïr bəḍiz
biliklig kixi ornï kɵktə əḍiz

2441 كوزى توق، هايالىق، نازۇكلۇق كېرەك،
تۇمەن خىل بىلىم ۋە زىرەكلىك كېرەك.

2442 كوزى توق كىشى ئىشتا ئالماس پارا،
بولۇر كۆلكۆلۈك ھاجىپ ئالسا پارا.

2443 ئوكۇشلۇق ھەر ئىشنى بۇزار بۇ پارا،
پىششىق ئاشنىمۇ خام قىلار بۇ پارا.

2444 هايالىق، سىلىق بولسا نازۇك خۇيى،
كېلەر خۇلقى، سوزىدىن ياخشىلىق بويى.

2445 ئۇياتلىق كىشى ئۇ يامان ئىش قىلماس،
قوشۇلماس يارامسىزغا، كىشى تىللىماس.

2446 سىلىق ئەرگە دەۋلەت سىڭىملىق بولۇر،
سىلىق بولسا، بەختكە لايىقلىق بولۇر.

2447 زىرەك بولسا، مالدىن قىينالماس بولۇر،
بىلىم بولسا، ئىشتا يېڭىلمەس بولۇر.

2448 ئەجەپ ياخشى دەپتۇ بىلىملىك ئۇلۇق،
بىلىملىككە تەگدى قىممىتى تولۇق.

2449 بىلىملىك ئىشلەسۇن بۇ بەگلەر ئىشى،
ھېچ ئىشقا يارىماس بىلىمسىز كىشى.

2450 بىلىمدىن نەسىبە كىمگە تەگمىسە،
ئولۇك ئۇ، يارىماس تىرىكتۇر دېسە.

2451 بىلىملە بۇيۇكلەپ ئاتانغاي كىشى،
بولۇر ئەلدىن ئۇستۈن، ئۇنۇملۇك ئىشى.

2452 قۇرۇق بىر بوياقلىق ھەيكەل—ئىلىمسىز،
بىلىملىك كىشى ئورنى كوكتە—ئىگىز.

2453 uķuxluƣ kərək ixtə artuķ oḍuƣ
oḍuƣluƣ bilə ixtə tutnur boḍuƣ

2454 uķux bolsa asƣï ə̣ḍi ɵk ɵküx
ķamuƣ əḍgülük ülgi ol bu uķux

2455 uķuxsuz kixi ol yə̣mixsiz yïƣaq
yə̣mixsiz yïƣaqïƣ nəgü ķïlsun aƣ

2456 uķuxluƣ yə̣sə yə̣r ikigün aẓun
uķuxluƣ atanur atansa tüzün

2457 uķuxluƣ biliklig kixi ol kixi
kixidə talusï boḍunda baxï

2458 yüzi kɵrki kɵrklüg kərək ḥəm yülüg
toƣan ərsig ünlüg sɵzi bəlgülüg

4259 səvitür yüzi kɵrki kɵrklüglüki
yaraxur kirip qïķsa ərsiglïki

C134
2460 yülüg ərsig ərniņ bolur ḥəxməti
bu ḥəxmət bilə ol kixi ḥurməti

2461 saķïnuķ kərək din iḍisi arïƣ
arïƣ bolsa ķïlķï ķïlïnqï arïƣ

2462 saķïnuķ arïƣ din iḍisi kixi
ə̣rinməz ķïlur barqa yalņuķ ixï

2463 saķïnuķ kixi yə̣r kixi ķaḍƣusï
saķïnuķ kixi ol kixi əḍgüsi

2464 yüz utru bolur tutqï ḥajib ɵzi
kɵrür kɵzkə kɵrklüg kərək ol yüzï

2453 كېرەك ئشتا ئەقىل، سەگەكلىك كېرەك،
سەگەكلىك بىلەن ئش جىلۋە قىلۇر بەك.

2454 ئەقىل پايدىسى بەك تولا، زوز ئېرۇر،
جىمى ياخشىلىقلار ئەقىلدىن بولۇر.

2455 ئەقىلسىز كىشىدۇر يېمىشسىز ياغاچ،
نە قىلغاي يېمىشسىز دەرەخلەرنى ئاچ؟

2356 ئەقىللىق تاپار ئۇ ھەر ئىككى جاھان،
ئالۇر ھەم ياخشى نام ئەقىللىق ھامان.

2457 ئەقىللىق، بىلىملىك كىشىدۇر كىشى،
كىشىنىڭ تولۇغى ۋە خەلقنىڭ بېشى.

2458 ھاجىپنىڭ ساقال-چاچى ئۇز بولسۇن يۇزى،
ئاۋازى ئەرەنچە ۋە ئۇچۇق سوزى.

2459 يۇزى، ھوسنى، كوركەملىكى خۇش قىلۇر،
كىرىپ چىقسا مەردانە، ئاڭا يارىشۇر.

2460 كېلىشكەن ساقال-چاچ—كىشى ھەيۋىتى،
بۇ ھەيۋەت بولۇر ئەر كىشى ھورمىتى.

2461 كېرەك تەقۋادار، دىن ئىگىسى ئېرىغ،
ئېرىغ بولسا پەيلى، بولۇر خۇلق ئېرىغ.

2462 كىشى بولسا دىندار، ئېرىغ تەقۋادار،
كىشىنىڭ ئىشىنى ئېرىنمەي قىلار.

2463 يەر تەقۋا كىشىلەر كىشى غېمىنى،
ئېرۇر تەقۋا كىشى كىشى ئۇبدىنى.

2264 تۇرار يۇزمۇ-يۇز دائىم ھاجىپ ئۇزى،
شۇڭا كوزگە چىرايلىق كورۇنسۇن يۇزى.

2465 bu kərklüg yüzüg kərsə yüz suvlanur
kəṇül aqlur anda bu jan yəmlənür

2466 muṇar məṇzətü aytur əmdi bilik
biliklig sezi tut ay ḳïlḳï silig

B185
2467 ə̣di ədgü nəṇ bu kixi kərki yüz
bu yüz kərkiṇə suv iqər iki kez

2468 ḳupa̧ kərklügüg kər ḳïlïn ezkə fal
ixiṇ əḍgü boloɋay ḳamuoɋ sezni üz

2469 keṇüllüg kərək ḥəm kəḍ eglüg kərək
amul bolsa̧ ḳïlḳï taḳï əḍgürək

2470 keṇüllüg kixi sez unïtmaz bolur
keṇülsüz sezüg kəḍ tutumaz bolur

2471 keṇül bolmasa ər kerüməz ixig
egi bolmasa ər ə̣tüməz ixig

2472 keṇülsüz kixilər ḳuruoɋ ḳəp bolur
keṇül birlə yalṇuḳ ḳamuoɋ ix ḳïlur

2473 egi kəḍ kərək keṇli alqaḳ amul
qïoɋay tul yətimkə baoɋïrsaḳ keṇül

2474 tətiklik kərək ḥəm terü kəḍ bilir
azun kərki barqa tətikdin kəlir

2475 keṇül ḳoḍḳï bolsa̧ ḳamuoɋḳa kiqig
tili bolsa yumxaḳ xəkərdə süqig

C135
2476 yaruḳ tutsa yüz kez kixikə külə
ḳïlïnq əḍgü tutsa kixilik bilə

2465 گۈزەل يۈزنى كۆرگەن كىشى خوشلىنۇر،
كۆڭۈل ئېچىلۇر ھەممە جان زوقلىنۇر.

2466 بىر ئالىم ئوخشىتىپ بۇڭا ئېيتتى سۆز،
بىلىملىك سۆزىن تۇت، ئەي قىلىغى ئۇز:

2467 كىشىچۈن نە ياخشى نەرسە—گۈزەل يۈز،
ئىچەر سۇ بۇ يۈز كۆركىدىن ئىككى كۆز.

2468 قوڭۇر چاچ گۈزەلنى، كۆر، ئەيلە بىر پال،
ئىشىڭ ياخشى بولغاي، بولەك سۆزنى ئۇز.

2469 ھاجىپلىققا ئاقىل، كۆڭۈللۈك كېرەك،
بېسىق بولسا خۇلقى تېخى ئەزگۈرەك.

2470 كۆڭۈللۈك كىشى سۆزنى ئۇنتۇماس بولۇر،
كۆڭۈلسىز كىشى سۆزدە تۇرماس بولۇر.

2471 كۆڭۈل بولمىسا ئەر تاپالماس ئەشىن،
ئەقىل بولمىسا ئەر قىلالماس ئىشىن.

2472 كۆڭۈلسىز كىشى بىر ھەيكەلدۇر قۇرۇق،
قىلۇر ئىشنى ئىنسان كۆڭۈللە تولۇق.

2473 ھاجىپ بولسۇن ئاقىل، كەمتەر، مۇلايىم،
پېقىر، تۇل، يېتىمگە كۆيۈنسۇن دائىم.

2474 زىرەكلىك كېرەك، ھەم بەك قانۇن بىلەر،
جاھان كۆركى ھەممە زىرەكتىن كېلەر.

2475 دىلى بولسۇن ھەممە كىشىگە كىچىك،
تىلى بولسۇن يۇمشاق، شېكەردەك چۈچۈك.

2476 ئۇچۇق يۈز كۆرۈنسۇن كىشىگە كۈلۈپ،
كىشىلىك ساقلىسۇن خۇش پېئىل بولۇپ.

A92

2477 nəgü tər əxitgil kixi alqaķï
kөņül til kiqig tut ay ər ķïvqaķï

2478 kөņül ķoḍķï tutsa bulur ķut ərig
külər yüz isig sөzkə tirlür tirig

2479 külər yüz isig sөzkə yalņuķ isir
isinsa bu yalņuķ bolur ķul əsir

2480 sərimlig kərək ḥəm tuta bilsə өz
kөzin kəḍ küḍəzsə tilin tïḍsa sөz

2481 ķulaķï saķ ərsə өgi bilki kəņ
yoriķï tüz ərsə tili kөņli təņ

B186

2482 tükəl bilsə ərdəm bitisə bitik
ķamuoq ixkə bilkin bu ķïlsa ətik

2483 bu ərdəm bilik kөr kərək barqa tüz
uluoq ḥajib өtrü ķïzïl ķïlsa yüz

2484 tapuoqlarda artuķ bu yinqkə tapuoq
ḥajibliķ turur baķsa yətrü ķamuoq

2485 bu ķaq nəņ kərək kim atansa ḥajib
kixi baxlasa yolķa өņdün kəqip

2486 muņar məņzər əmdi bu xa'ir sөzi
bu xa'ir sөzi ol biliksiz kөzi

2487 ḥajibliķķa axnu bu on nəņ kərək
yiti kөz ķulaķ saķ kөņül kəņ kərək

2488 yüzi kөrki boḍ til uķux өg bilik
ķïlïnqï bularķa tükəl təņ kərək

2477 ئىشتكىن، ئاۋازۇ كوكۈللۈك نەدەر،
كوكۈل، تىل كىچىك تۇت، ئايا قىۋچاق[140] ئەر:

2478 كوكۈل تۇتسا كەمتەر كىشى بەخت تاپار،
كۆلەر يۈز، ئىسسىق سوزگە خەلق توپلىنار.

2479 كۆلەر يۈز، شىرىن سوزگە ئەر ئىسسىنۇر،
ئىسسىنسا، بۇ ئىنسان ئەسىر، قۇل بولۇر.

2480 چىداملىق بولسۇن ئۇ ھەم تۇتسۇن ئۇزىن،
كوزىن بەك كۈزەتىپ، چىڭ تۇتسۇن سوزىن.

2481 قۇلاقى ساق ئولسۇن، ئەقىل، ئىلمى كەڭ،
مىجەزى تۈز ئولسۇن، تىلى-كوڭلى تەڭ.

2482 پەزىلەتتە كامىل ۋە بىلسۇن بىتىك،
پۈتۈن ئىشتا ئەقلىن ئۇ قىلسۇن ئىتتىك.

2483 ئۇلۇغ ھاجىپ دىسە بولسۇن يۈز يورۇق،
كېرەك بۇ پەزىلەت، بىلىملەر تولۇق.

2484 تولا ئىنچىكە ئىش ئېرۇر ئىش ئارا،
ئەگەر دىققەت ئەتسەڭ ھاجىپلىق، قارا!

2485 كېرەك شۇ نەرسىلەر ھاجىپ بولغىلى،
تۇرۇپ باشتا ئەلگە يول كورسەتكىلى.

2486 بۇڭا ئوخشار ئەمدى بىر شائىر سوزى،
بۇ شائىر سوزىدۇر بىلىمسىز كوزى:

2487 ھاجىپلىققا ئاۋال بۇ ئون نەڭ[141] كېرەك،
ئىتتىك كوز، قۇلاق ساق، كوكۈل كەڭ كېرەك.

2488 گۈزەل يۈز، بوي، تىل، ئاڭ، ئەقىل ۋە بىلىم،
خۇلق-مىجەز بۇلارغا تولۇق تەڭ كېرەك.

2489 uzun kə̣q yaxasunï ə̣lig ɵzi
uluƣ ḥajib ol bəgkə kɵrgü kɵzï

2490 tɵrü ḥəm toḳu ɵṇdi yinqkə tapuƣ
uluƣ ḥajib ə̣tsə̣ aqar yol ḳapuƣ

C136
2491 muṇar mə̀ṇzətü kəldi bilgə sɵzi
əxiţsə kɵṇül bə̣rsü alsu ɵzi

2492 uluƣ ix turur bu ḥajibliḳ ixi
munï baxḳa ə̣ltməz məgər kəḍ kixï

2493 ḥajiblar ixi tut ya bəglər ixi
uluƣ ya kiqig tut ɵtükqi kixi

2494 aƣïqï bitikqi ya ix tutƣuqï
ya tonqï ətükqi ʻamil bòlƣuqï

2495 ya yat baz yalavaq kəlix ya barïx
ʾoxuƣ bə̣rgü aqïƣ olarḳa təgix

2496 ḳonuḳlarï kɵrgü ya boƣzï yə̣mi
aqïƣlïƣ aqïƣsïzḳa ḳïlsa əmi

B187
2497 yol aƣzïnda ərsə kixi baxlaƣu
tɵrüsin toḳusïn yazïm ḳïlmaƣu

2498 qïƣay tul yətim ḳiṣṣə bə̣rsə ɵtük
anï barqa tïṇlap ɵtünsə ɵtük

2499 məẑalim ɵḍində ɵtükqilərig
kɵrü alsa yol ḳïlsa bolsa ə̣rig

2500 yana kɵ̣rsə iq tax yaraƣsïzlarïƣ
ayu bə̣rsə tiḍsa kɵtürsə arïƣ

2489 ياشاسۇن ئۇزۇن يىللار ئېلىگ ئۆزى،
ئۇلۇغ ھاجىپ ئېرۇر، ئۇ بەگلەر كۆزى.

2490 نازۇك ئىش ئېرۇر ئۇرپ، قانۇن ۋە ئۇسۇل،
بۇنى رەتلەپ ھاجىپ ئاچار ئىشىك-يول.

2491 بۇڭا ئوخشىشىپ كەلدى ئالىم سۆزى،
ئىشتكەن كۆڭۈل بەرسۇن ۋە بىلسۇن ئۆزى:

2492 ئۇلۇغ ئىش ئېرۇر بۇ ھاجىپلىق ئىشى،
قىلالايدۇ بۇ ئىشنى لايىق كىشى.

2493 ھاجىپ ئىشى بولسۇن ۋە يا بەگ ئىشى،
كېلەر چوڭ-كىچىك ئەرز ئېيتقۇچى كىشى.

2494 غەزىنىچى، خەتچى يا ئىش تۇتقۇچى،
يا تونچى، يا موزدوز—ھۈنەر قىلغۇچى؛

2495 يا يات ئەل ئەلچىسى كەلسە ۋە كەتسە،
ھاجىپنىڭ ئىشىدۇر ئېھسانلار ئەتسە.

2496 چۈشەر جاي، بوغۇز-يەم غېمىن يىگۈلۈك،
سوغاتلار بېرىش يا بەرمەس بىلگۈلۈك.

2497 يول ئاغزىدا تۇرسا كىشى باشلىسۇن،
نىزام، ئۇرپ-ئادەتتە خاتالاشمىسۇن.

2498 ھال ئېيتسا پېقىر، تۇل، يېتىم ئۇتۇنۇپ،
ئۇنى بەككە يەتكۈزسۇن ئۇ دەرھال بېرىپ.

2499 زۇلۇم كۆرگۈچىنى ئۇ ئەيلەپ قوبۇل،
سوراپ ئەھۋالىنى ئۇ كۆرسەتسۇن يول.

2500 ئىچ ھەم سىرتتا كۆرسە يارامسىز قىلىق،
ئاگاھ قىلسۇن، توسسۇن، يوقاتسۇن ئېرىغ.

2501 bu yaņlïγ tü̦ ixlər nəqə ülgülüg
uluγ ḥajib əlgi təgir bəlgülüg

2502 bu ixkə basut barqa andïn kəlir
ķalï artasa ķalsa andïn ķalïr

2503 ay ə̦lig ḥajiblarķa saķlanγu ol
bu ķaq yə̦rdə artuķ ķatïγlanγu ol

2504 biri bəg sezini ķatïγ tutsa bərk
ikinqi həwaķa uķux ķïlsa ərk

C137
2505 üqünqi kə̦rürdə küd̦əzsə ezin
tilində qïķarmasa təgmə sezin

2506 orunq olmasa ķïlsa barqa ixig
yaγutsa bəginə yïramïx kixig

2507 iki nəņ kixidə bolunsa ə̦lig
aņar bə̦rməgil ix uzatma əlig

2508 biri tildə yalγan qïķarsa sezin
biri əgrilik ol sə̦kirtsə ezin

2509 bu iki ķïlinq kimdə bolsa kezi
ezüņkə yaķurma ay ə̦lig anï

A93
2510 ad̦ïn üq ix ol kər tapuγqï ixi
küd̦əzməsə andïn ezi yə̦r baxï

2511 biri səz əxitsə ķatïγ tutsa bərk
biri kərsə təņsiz kezin yumsa tərk

2512 üqünqi ezin tutsa tursa kəni
səvinqin kəqürgəy bu bulmïx küni

2501 مۇشۇنداق بىر تالاي ئىشلارنىمۇ دەل—
ئۇلۇغ ھاجىپ قىلۇر ئۆز قولىدا ھەل.

2502 دېمەك، ھاجىپ قىلۇر بۇ ئىشقا ياردەم،
قىلىنماي بۇزۇلسا، ھاجىپتىن بۇ ھەم.

2503 ئى خاقان ھاجىپلار ساقلانمىقى شەرت،
بۇ بىر قانچە يەردە تىرىشىپ قەۋەت:

2504 بىرى، بەگ سوزىدىن پەقەت چىقمىسۇن،
ھەۋەسكە ئەقلىنى چۇلغۇۋۇر ئەيلىسۇن.

2505 ئۇچىنچى، بەگ ئالدىدا تۇتسۇن ئۆزىنى،
دېمەسۇن ئۇ ئاغزىغا كەلگەن سوزىنى.

2506 پۈتۈن ئىشنى قىلسۇن، پارا ئالمىسۇن،
يىراقلارنى بەككە يېقىن ئەيلىسۇن.

2507 بۇ ئىككى نەرسە بولسا كىمدە ئەي خان،
ئاڭا بەرمە ئىش، قول تۇتقۇزما ھامان:

2508 بىرىدۇر سوزىدە ئۇ ئېيتسا يالغان،
بىرى، ئەگرىلىكلە ئازدۇرسا ئىنسان.

2509 كىمكى بۇلارغا بولسا گىرىپتار،
ئەي خاقان، ئۆزۈڭگە يولاتما زىنھار!

2510 يانا خىزمەتچىگە ئۇچ ئىش دۇچكېلۇر،
ھەزەر قىلمىسا، ئۆز بېشىنى يېيۇر:

2511 بىرى، ئاڭلىغان سوزنى چىڭ ساقلىسۇن،
بىرى، ناچار ئىش كورسە كوز ئاچمىسۇن؛

2512 ئۇچىنچى، ئۆزىنى تۇتسۇن، بولسۇن كونى،
سويۇنچ بىرلە ئۆتكۈزسۇن ئۆتەر كۈنى.

B188

2513 nəgü tər əxitgil bəgü bilgə bəg
bu səz ixkə tutsa sanqa boloqa yəg.

2514 baxïn kolsa bəglər səzin səzləmə
yana əlkə yazma baxïnnï yəmə

2515 kara əlkə yazsa kurïtur baxïn
tili səzdə yazsa uxatur tixin

2516 təlim kərmixim bar təgimsiz kixi
turup əlkə yazdï kəsildi baxï

2517 əküx mə əxittim bu til səzləmix
kənül sïrrï aqlïp ərin baxlamïx

2518 yana aydï bilgə bəgü səzlədi
əzin tutnumaz ər baxïn yər tədi

2519 hajiblarka artuk küdəzgü əzüg
kərürdə kəzüg həm ətükdə səzüg

2520 ədi bolmaqïnqa əzi kirməsə
ayïtmazda axnu ətük bərməsə

C138

2521 nəgü tər əxitgil ukuxluoq tili
ukuxluoq tili aqtï mə'ni yolï

2522 ədi bolsa kərkit məliklərkə yüz
ayïttukta səzlə tilin səzkə səz

2523 kamuoq nənkə wəkt ol ədi bəlgülüg
ədi boldï ərsə kərür iki kəz

2524 bu yanlïoq kərək barqa ərdəm bilik
uluoq hajib ətrü uzatsa əlig

2513 بىۇ ئالىم ھېكىم بەگ ئىشىت قىمەدەر،
بۇ سوزگە ئەمەل قىل، ياخشىلىق كېلەر:

2514 بىشىك خالىساڭ،بەگ سوزىنى دىمە،
جىنايەت قىلىپ ئەلگە باشىڭ يىمە.

2515 ئاۋام ئەلگە قىلسا گۇنا، باش كېتۇر،
خاتالاشسا تىل-سوزدە چىشى سۇنۇر.

2516 تولا كورگىنىم بار لايىقسىز كىشى،
جىنايەت قىلىپ ئەلگە، كەتتى بېشى.

2517 تولا ئاڭلىدىم مەن سوزلەۋېرىپ تىل،
يارا قىلدى ئەرنى ئېچىپ سىرنى، بىل.

2518 ئالىم ۋە ھېكىملار يانا سوزلىدى،
ئۆزىن تۇتمىغان يەر بېشىنى، دىدى.

2519 ھاجىپقا كېرەك بەك كۆزەتمەك ئۆزىن،
سوزلەشتە بەككە ھەم قاراشتا كوزىن.

2520 ۋاقىت كەلمىگۇنچە ئۆزى كىرمىسۇن،
بېگى سورىماي، ئوتۇنۇش قىلمىسۇن.

2521 نىمە دەيدۇ ئاڭلا ئەقىللىق تىلى،
ئەقىللىق تىلى ئاچتى مەنا يولى:

2522 لايىق ۋاقتا كورسەت خاقانلارغا يۈز،
دىگەنگە جاۋاپ بەر، دىگىن سوزگە سوز.

2523 ھەر ئىشنىڭ ئۆزىگە لايىق ۋاقتى بار،
ۋاقىت كەلگەن ئولسا، كورەر ئىككى كوز.

2524 پەزىلەت، بىلىمدە گەر بولسا شۇ خىل،
ئۇنى چوڭ ھاجىپلىققا مۇناسىپ بىل.

* * *

2525 bu ərdi ay ə̦lig өzüm bilmixī
munuķī өtündüm ayītmīx tuxī

Ə̦LIG ȘUALI ӨGDÜLMIXKƏ

2526 ə̦lig aydī uķtum əxittim bu sөz
taķī bir sөz aytur sənin̦din bu өz

2527 man̦a ayoq̧īl əmdi ķapuoq̧ baxlar ər
nəgü təg kərək ay bu ix ixlər ər

* * *

2525 شۇلاردۇر ئەي ئېلىگ مېنىڭ بىلگىنىم،
سورالغان ئۈچۈن مەن بۇلارنى دېدىم.

ئېلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە سوئالى

2526 ئىشىتتىم ۋە ئۇقتۇم سوزۇڭ، دېدى خان،
يانا بىر سوزۇم بار سوراي بۇ زامان:

2527 ماڭا ئېيتقىن ئەمدى ئىشىك ئاغىسى—
بولۇشقا نىچۇك ئەر لايىق كەلگۈسى؟

32

B189

ƟGDÜLMIX Ə̣LIGKƏ ĶAPUƢ BAXLAR ƏR NƏGÜ TƏG KƏRƏKIN AYUR

2528 yanut bə̣rdi ɵgdülmix aydï ə̣lig
əsən inq tirilgil ay ķilķi silig

2529 ķapuƣ baxlar ər kəḍ baƣïrsaķ kərək
təni janï birlə tapuƣsaķ kərək

2530 ķapuƣda yarutsa ķaraņķu tünüg
ķapuƣda patursa yarumïx künüg

2531 tərü ḥəm toķu bilsə ķïlsa tapuƣ
oņay bolsa ķïlķï ķïlïnqï ķamuƣ

2532 tuzï ətməki kə̣ņ aķï bolsa kəḍ
kümüx bə̣rsə altun ər at tə̣rsə kəḍ

C139
2533 kə̣qə bolsa yatƣaķ bu yatsa burun
ayu bə̣rsə təgmə kixikə orun

ئوتتۇز ئىككىنچى باپ

ئىشىك ئاغىسىنىڭ قانداق بولۇشى لازىملىقى ھەققىدە ئۆگدۈلمىشنىڭ ئىلىگكە ئېيتقانلىرى

2528 جاۋاپ بەردى ئۆگدۈلمىش، دېدى: ئەي خان،
ئەي خۇشخۇي، ياشا تېنچ-ئامان كۆپ زامان.

2529 ئىشىك ئاغىسى بەك كويۇمچان كېرەك،
تېنى-جانى بىرلە تىرىشچان كېرەك.

2530 ئىشىكتە يورۇتسۇن قارا تۈننى ئۇ،
ئىشىكتە پاتۇرسۇن يورۇق كۈننى ئۇ.

2531 خىزمەتتە ئۇ بىلسۇن ئۇسۇل ھەم قانۇن،
مۇلايىم بولسۇن ئۆز خۇلقىدا پۈتۈن.

2532 تۈزى، نانى كەڭرى، سېخى بولسۇن ئۇ،
بېرىپ كۈمۈش-ئالتۇن كىشى يىغسۇن ئۇ.

2533 كېچەسى ياتاقتا يېتىشتىن بۇرۇن،
نۆۋەتچىلەرگە ئۇ كورسەتسۇن ئورۇن.

2534 azaḳ yat baz ərsə ayïtƣu kərək
oḍuƣraḳ kim ərsə yaƣutƣu kərək

2535 kөrü bəklətip qïḳsa ḳarxï ḳapuƣ
tükəl boldï ol künki barqa tapuƣ

2536 yana ərtə tursa ḳapuƣ baxlasa
kẹqə taṇda turƣaḳnï təprətməsə

2537 ḳalï yol өḍi bolsa baxlap kirip
kөrünsə hilin barqa yumƣï tẹrip

2538 өzi qïḳsa kөrnüp өküx turmasa
ḳapuƣda kixi ḳoḍsa өzdə basa

2539 ər at kirsə hilqə kөrünsə tөzü
bu kөrsə yaraƣlïƣ yaraƣsïz azu

2540 ḳalï yol kəsilsə ḳapuƣ baxqïsï
yana kirgü bolsa ər at sөzqisi

B190
2541 өtünsə ər at өtki ḳolsa tilək
muṇaḍmïx kixikə bu bolsa yөlək

2542 alu bẹrsə aqïƣ kөr altun kümüx
ḳayuḳa at alsa ḳayuḳa yumux

2543 ẹrig tapnurï kim baƣïrsaḳ səvə
tapïnmaz ḳayusï yorïƣlï yava

2544 yaraƣlïƣ ḳayu ol asïƣlïƣ ḳayu
boluƣlïƣ ḳayu ol tusuluƣ ḳayu

2545 өtünsə bəgiṇə bu təgmə birig
aqa aḍra bẹrsə kөtürsə ərig

2534 تونۇشسىز ۋە ياتلارنى تەكشۇرسۇن ئۇ،
كىم بولسا زىرەك، ئىشىغا سالسۇن ئۇ.

2535 ساراي دەرۋازىسىنى بېكىتسۇن كورۇپ،
سانىلۇر شۇ كۇنكى ئىش پۈتكەن بولۇپ.

2536 يانا ئەرتە قوپۇپ ئىشىن باشلىسۇن،
سەھەر ـ شام نوۋەتچى تەۋرەتمىسۇن.

2537 قوبۇل ۋاقتىدا ئوز قىسمىنى يىغىپ،
كورۇنسۇن ھەممىنى ئۇ باشلاپ كىرىپ.

2538 كورۇنسۇن ـ دە چىقسۇن، ئۇزۇن تۇرمىسۇن،
كىشى قويسۇن ئىشىكتە، خالى قويمىسۇن.

2539 ئەگەر كىرسە خىزمەتچى توپ ـ توپ بولۇپ،
يارامىلىق ـ يارامسىزنى تۇرسۇن كورۇپ.

2540 قوبۇل بىتكەندە، بولسا بىراۋنىڭ سوزى،
ئېلىپ كىرسۇن ئۇنى قايتىدىن ئوزى.

2541 دىسە كىم ئىستىگىن، تىلەسە تىلەك،
ئۇ بولسۇن بۇ مۇھتاج كىشىگە يولەك.

2542 ئېلىپ بەرسۇن ئېھسان، كور، ئالتۇن ـ كۇمۇش،
قايۇسىغا ئۇنىۋان، قايۇسىغا ئىش.

2543 كىم ئىشنى قىلۇر چىن يۇرەكتىن سويۇپ،
كىم ئۇ زايە ئەيلەر ۋاقتىن بوش يۇرۇپ؛

2544 يارامىلىغى كىمدۇر، پايدىلىغى كىم،
بولۇشلۇغى كىمدۇر، قاۋۇلراغى كىم،

2545 بۇلارنى بېگىگە دىسۇن ئۇ تولۇق،
لايىقنى ئوستۇرسۇن، ئىزاھلاپ ئوچۇق.

2546 qïkïp ədgü yarlïoı təgürsə tilin
ər at kənli mundaoı isitsə alïn

A94

2547 kapuoıda ətə tursa oldruoı turuoı
tüzülsə orun kalmasa bir kuruoı

C140

2548 kərü alsa yat baz kəligli kix'g
aoıïr tutsa koldax kïlïnmïx ixig

2549 liv ax tərgi kirsə kərü ïdsa kəz
yaraoısïznï kərsə anï tïdsa əz

2550 xirəni qïkarda kərüp saklasa
anar tooıru yolda əlig təgməsə

2551 kapuoıda qïkarsa liv ax tərgini
kərü tüz ülətsə bəgi kərkini

2552 nəqə ka təgürgü kərək bu axïoı
kuruoı kodmasa bir iqig həm taxïoı

2553 iki nən bədütür bu bəglər qavï
əlində tuoıï kər tərində livi

2554 adïn ma iki nən kapuoı kərki ol
bədütür bəg atïn aqar kutka yol

2555 uluoı hajibï bolsa azad kixi
takï bir yaraoılïoı kapuoı əl baxï

B191

2556 bu iki kixi birlə ətlür kapuoı
uluoıluk bilə atï yadlur kamuoı

2557 ïdïxqï təxəkqi yəmə axqïka
təzü kəz kəmixsə yəmə tuoıqïka

2546 چىقاردا ياخشى يارلىق يەتكۈزسۇن تىلى،
ئىسسىنسۇن شۇ خىلدا خىزمەتكار دىلى.

2547 ئىشىكتە تۇرۇشقا ئورۇن راسلىسۇن،
ھېچ كىمسە ئۇچۇقتا تۇرۇپ قالمىسۇن.

2548 يات كەلسە ئىشىككە، كورۇپ تۇرغۇلۇق،
ھورمەتكە لايىقنى يېقىن تۇتقۇلۇق.

2549 لىگەندە كىرسە ئاش كۈزەتسۇن كوزى،
مۇناسىپ ئەمەسنى توسسۇن ئوزى؛

2550 ئېلىپ چىقسا شىرە، كورۇپ چىقسۇن ئول،
ئاڭا تەگمىسۇن يولدا ھېچ قايسى قول.

2551 يېنىپ چىقسا ئاشلار ئىشىككە ئېشىپ،
ئۇلەشتۇرسۇن ئۇنى بەككە مۇناسىپ.

2552 يېتەر نەچچە جانغا بۇ ئاش چاغلىنسا،
ئىچ ھەم تاشتىكىلەر قۇرۇق قالمىسا.

2553 زورايتۇر ئىككى نەرسە بەگ شانىنى،
ئىشىكتە تۇغى، توردە بۇ داسقىنى.

2554 يانا ئىككى نەرسە ساراي ھوسنى ئول،
بەگ ئاتىن زورايتىپ ئاچۇر قۇتقا يول:

2555 ئۇلۇغ ھاجىبى بولسا ئازات كىشى،
يانا بىرسى يارامىلىق ئىشىك ئاغىسى.

2556 بۇ ئىككى كىشىلە ساراي كۆللىنۇر،
ئۇلۇغلۇق بىلەن نام-ئېتى يېيىلۇر.

2557 كۆزەتسۇن ئۇ دائىم شاراپچى خادىم،
توشەكچى ۋە ئاشپەز، تۇغچىنىمۇ ھەم.

2558 yȩmə ķuxqī kixqi yȩmə ok yaqī
anuķ tutsa kündə ķapuoqda tuqī

2559 turup barsa əvkə hilin ķoldaxīn
ɵzi birlə ȩltsə yȩtürsə axīn

2560 yȩtürsə iqürsə tōḑursa ķarīn
ķuruoq īḑmasa bȩrsə ɵzdə barīn

2561 ɵziņə bir at ton tolum ķilsa tap
aḑinīn üləsə bir az ķoḑsa tap

C141
2562 tapuoqķa kəlir ərsə yat baz kixi
kɵrü alsa ȩtsə otaoqī ixi

2563 tapuoqķa kɵrünginqə kɵrsə anī
axī booqzī ornī atī həm tonī

2564 yȩmə aytu tursa ər at ḩallarīn
aqī həm toķī ya tonīņ oprakīn

2565 munaḑīoqlī barmu əlig tarlīkīn
munīņa yarasa ɵtəsə ḩəkīn

2566 kim ərsə ķapuoqķa birər kəlməsə
ayītsa tiləsə nə bolmīx tȩsə

2567 ķalī iglig ərsə ayītoqu kərək
yavalīķ kīlur ərsə tiḑoqu kərək

2568 bu barqa bəgiņə baoqīrsaķlīķ ol
səvinqin tiləp bu tapuoqsaķlīķ ol

2569 nəgü tȩr əxitgil tapuoq ķilmix ər
tapuoq birlə bəgdə aoqīr bolmīx ər

2558 ئىشكىتە تۇرغۇزسۇن دائىم قوشچىنى،
يانا ئاۋچى بىرلە تەڭ ئوقياچىنى.

2559 ئۆيىگە يانار ۋاقتا، قولداشلىرىن—
ئۆزى بىرلە ئىلتىپ يىگۈزسۇن ئېشىن.

2560 يېگۈزسۇن، ئىچۈرسۇن، تويدۇرسۇن قېرىن،
قۇرۇق قويماي يانا ئۇ بەرسۇن بېرىن.

2561 ئۆزىگە بىر ئات، تون، قورال بولسا بەس،
ئۈلەشتۈرگەچ ئۆزى ئازراق ئالسا بەس.

2562 ئەگەر كەلسە خىزمەتكە يات بىر كىشى،
ياتاق بەرسۇن ئاڭا ھەم قوشسۇن ئەشى.

2563 كورۇنگۈنچە بەككە ئۇ كۆتسۇن ئۇنى،
ئورۇن، ئاش، ئىچتى ھەم كىيەر تونىنى.

2564 سوراپ تۇرسا خادىملىرىن ھالىنى،
ئاچ-توقمۇ، تونىنىڭ ئۈپرىغانىنى.

2565 قولى قىسقىلىقتىن ئۇ ئولسا مۇھتاج،
بېرىپ ھەق، ئەيلىگەي ئاڭا بىر ئىلاج.

2566 كىمكى ئىشىككە كەلمەس نىچە كۈن،
سوراپ ھال ئۇنىڭدىن سەۋەبىنى ئۇقسۇن.

2567 ئۇ بولسا گەر ئاغرىق، كېرەك ھال سوراش،
ئۇ يۇرسە بىكار-بوش لازىمدۇر توساش.

2568 بۇ ئىشلار بېگىگە كويۇمچانلىق ئول،
سويۇنچىن دەپ قىلغان تىرىشچانلىق ئول.

2569 نىمە دەيدۇ ئاڭلا، خىزمەت قىلغان ئەر،
خىزمەت بىرلە بەككە قەدىرلەنگەن ئەر:

2570 tapuƣqï bəgiņə baƣïrsaķ kərək
baƣïrsaķ təgüqi tapuƣsaķ kərək

B192
2571 tapuƣsaķ bir ɵzkəy baƣïrsaķ ķulï
bəkütür yarï kündə bəglik ulï

2572 ɵz asƣï tiləməz baƣïrsaķ bolup
bəg asƣï tilər kündə əḍgü ķolup

2573 asïƣ ķïlsa azƣan anïņ mən ķulï
qə̣qək yaslïƣ ərsə piqər mən ulï

2574 baƣïrsïz tusulmaz oƣulda kɵrü
baƣïrsaķ tapuƣqï tususï ɵrü

2575 asïƣsïz tusulmaz ķadax ərsə ķoḍ
tusulur adax tut asïƣ birlə toḍ

2576 tili birlə yumxaķ süqig tutƣu sɵz
kɵņül tutsa alqaķ yaruķ tutsa yüz

C142
2577 tügük yüz aqïƣ sɵz kixig tomlïtur
tiriglikte kə̣tməz kɵņüldə yatur

2578 muņar məņzər əmdi bu bəytig okï
sɵzi mə'ni birlə uķuluƣay taķï

2579 sɵzüņ sɵksə yalņuķ aqïtsa tilin
sɵņükkə sïzïƣ ol kɵņülkə yalïn

2580 urup bərgə baxï pütər tərk sɵnər
tilin sɵksə pütməz aqïƣï yïlïn

2581 ķalï atlanur bolsa bəglər sükə
ya ķuxķa qɵgənkə ya ə̣l kɵrgükə

2570 خىزمەتچى بېگىگە كويۇمچان كېرەك،
كويۇمچان بولۇشچۇن ئۇ ئىشچان كېرەك.

2571 كويۇمچان ۋە سادىق ئىشچان بىر قۇلى—
قىلۇر چىڭ كۈنۈ-تۈن بۇ بەگلىك ئۇلى.

2572 كويۇمچان بولۇر ئۇ، ئۇز نەپسىن دىمەس،
تىلەر بەككە پايدا ۋە ياخشىلىق، بەس.

2573 گەر ئازغان پايدىلىق، ئۇنىڭ مەن قۇلى،
ئەگەر گۇل زىيانلىق، كېسەرمەن غولى.

2574 كويۇمسىز، نەپىسىز ئوغۇلدىن كورە،
كويۇمچان، نەپىلىك خىزمەتچى ئورە.

2575 قېرىنداش كويۇمسىز بى نەپ ئولسا، قوي،
ئاداش تۇت نەپىلىكنى، نەپى ئىلە توي.

2576 تىلى يۇمشاق ۋە كەمتەر ئولسۇن ئوزى،
تاۋازۇلۇق ئولسۇن، ئوچۇق ھەم يۇزى.

2577 سورۇن يۇز، ئاچچىق سوز كىشىن توڭلىتۇر،
ئومۇر بويى كەتمەي كوڭۇلدە ياتۇر.

2578 ئوقى بۇ بىيىتنى بۇڭا ئوخشىشۇر،
سوزى بىرلە مەناسى ھەم ئۇقۇلۇر:

2579 كىشى سوز ۋە تىلدە بېرەركەن ئازار،
سۇڭەك ئاغرىتىپ دىلگە بىر ئوت ياقار.

2580 ئۇرۇلغان تاياقنىڭ ياراسى پۇتەر،
بۇ تىل سوكسە پۇتمەس، ياراسى تۇرار.

2581 يا چەۋگەن[142]، يا ئوۋ، يا ئەل-يۇرت كورگىلى،
ئاتلانسا ئەگەر بەگ سەپەر قىلغىلى؛

2582 ə̣di sak̡ küd̡əzgü bu yə̣rdə bəgin
yod̡uq̡ təgməsə anda tənsizlikin

2583 k̡alï tuxsa bəglərkə yan̡luk̡ həṭa
tuxar at əzə k̡uxta avda südə

2584 pütünsüz bar ərsə yïratq̡u anï
sə̣ziklig bar ərsə sak̡ïnq̡u anï

A95
2585 pütün qin səvigli baq̡ïrsak̡ kixi
yak̡ïn yortsa bəgkə küd̡əzsü baxï

B193
2586 sü baxqï tüzə tursa yortuq̡ k̡urïn
iriklərni yïq̡sa yətürsə son̡ïn

2587 kiqig k̡ur uluq̡lar ara kirməsə
yïrak̡ tax yorïq̡lï yak̡ïn yortmasa

2588 k̡apuq̡da nətəg ərsə oldruq̡ turuq̡
bu yortuq̡da andaq̡ kərək ay uluq̡

2589 k̡apuq̡ baxlar ərnin̡ baq̡ïrsak̡lïk̡ï
bu yan̡lïq̡ kərək ay azunqï ak̡ï

2590 bu yan̡lïq̡ kərək bu k̡apuq̡ baxlar ər
bəgi ətməki yə̣p ixin ixlər ər

* * *

C143
2591 munuk̡ï mən aydïm əxitti ə̣lig
talu ər tiləsə əd̡ürsü bilik

2582 ئۇ يەردە تولا ساق كۆزەتمەك كېرەك،
يامان ھادىسىلەرنى توسماق كېرەك.

2583 بىرەر ھادىسە بەككە كەلسە ئەگەر،
قۇش ئوۋلاشتا، ئوۋدا، سەپەردە كېلەر.

2584 ئىشەنچسىزلەر بار ئولسا قىلسۇن يىراق،
كېرەكتۇر گۇمانلىقتىن ھۇشيار تۇرماق.

2585 ئىشەنچلىك، سويۇملۇك، كويۇمچان كىشى،
تۇرۇپ خان يېنىدا كۆزەتسۇن بېشى.

2586 قوماندان قورۇغداش تويى قۇرغۇلۇق،
يىغىپ ئالدى-كەينىن رەتكە سالغۇلۇق.

2587 كىچىكلەر ئۇلۇغلار ئارا كىرمىسۇن،
يىراقتا يۇرۇچى يېقىن كەلمىسۇن.

2588 ئىچۇك بولسا سارايدا قويۇش-ئولتۇرۇش،
كېرەكتۇر بۇ يەردە ھەم شۇنداق بولۇش.

2589 ئىشىك ئاغىسىنىڭ كويۇمچانلىغى،
مۇشۇنداق بولسۇن ئەي ھوكۇمدار سېخى.

2590 بۇ ياڭلىغ كېرەك بۇ ئىشىك ساقلار ئەر،
بېگىنىڭ نېنىن يەپ، ئىشىن ئىشلەر ئەر.

* * *

2591 بۇلارنى مەن ئېيتتىم، ئىشتتى ئېلىگ،
تىلەسە يېتۈك ئەر ئىشلەتسۇن بىلىك.

ƏLIG SUALI ƟGDÜLMIXKƏ

2592 əlig aydï uktum munï bəlgülüg
taki bir səzüg ay mana ülgülüg

2593 bilir sən səziksiz azun bəgləri
yalavaq idur əldin əlkə əri

2594 ayu bər mana bir bilik səz uzï
yalavaq idur əldin əlkə əzi

2595 nəgü təg kərək bu yalavaqlïk ər
anar pütsə bəglər karïlatsa yər

ئېلىگنىڭ ئۇگدۇلمىشكە سوئالى

2592 ئېلىگ ئېيتتى: ئۇقتۇم بۇنى مەن ئېنىق،
يەنە بىر سوزۇم بار جاۋاپ بەر ئۇچۇق:

2593 بىلۇرسەن، گۇمانسىز، جاھاندا بەگلەر،
ئەۋەتۇر بىر ئەلدىن ئەلگە ئەلچىلەر.

2594 بۇ ھەقتە بىلىم بەر، ئېيتقىنكى شۇنى،
بىرەر ئەلگە ئەۋەتسە بىرەر ئەلچىنى،

2595 نىچۈك بولماق كېرەك بۇ ئەلچى كىشى،
ئىشەنىپ ئاڭا بەگ تاپشۇرسا ئىشى؟

33

ƟGDÜLMIX Ə̣LIGKƏ YALAVAQ ÏḌɊUĶA NƏGÜ TƏG ƏR KƏRƏKIN AYUR

2596 yanut bə̣rdi ɵgdụlmix aydï ə̣lig
bu ixkə ə̣ḍi kəḍ yətürsü bilik

2597 ķamuɋ ərdə ɵḍrüm yalavaq kərək
biliklig uķuxluɋ talu kəḍ yürək

2598 bayat ķullarïnda əņ ɵḍründüsi
yalavaqlar ərdi kixi əḍgüsi

B194
2599 yalavaqtïn ə̣tlür təlim türlüg ix
yalavaqtïn ɵtrü kəlür kərklüg ix

2600 uķuxluɋ kərək kəḍ yalavaq ɵrüg
biliklig kərək sɵzkə bilsə yɵrüg

2601 yana bilsə sɵznüņ iqi ḥəm taxï
ə̣tilsə anïņ ɵtrü tüzmix ixi

ئوتتۇزىنچى باپ

ئەلچىلىككە ئەۋەتىشكە قانداق كىشى يارايدىغانلىغى توغرىسىدا ئۆگدۈلمىشنىڭ ئېلىگكە ئېيتقانلىرى

2596 جاۋاپ بەردى ئۆگدۈلمىش، ئېيتتى: ئېلىگ،
بۇ ئىشقا ناھايەت ئىشلەتسۇن بىلىك.

2597 بۇ ئەلچى بولۇشقا سەرە ئەر كېرەك،
بىلىملىك، ئەقىللىق، جەسۇر، تاغ يۈرەك.

2598 خۇدا قۇللىرى ئىچرە ئەڭ خىللىرى،
كىشى ياخشىسى ئەردى ئەلچىلىرى.

2599 بۇ ئەلچى بىلەن كوپ ئىشلار قىلىنۇر،
تولا ئوبدان ئىشلار ئەلچىدىن كېلۇر.

2600 ئۇ بولغاي ئەقىللىق، ھەر ئىشتا بېسىق،
بىلىم لازىم بىلىشكە سوز يولىن جىق.

2601 ئۇتۇقلۇق ئورۇنلاي دىسە ئوز ئىشىن،
تۈزۈك ئۇقماق كېرەك سوزنىڭ ئىچ-تېشىن.

2602 nəgü tər əxitgil azunqī bəg ər
bodun baxlaqquqī biliklig yəg ər

C144
2603 ekүxtə talu ər ukuxluqnī bil
bodunda bədüki bilikligni kīl

2604 kayu ixtə axnu axunsa ukux
ol ix baxka bardī sīnadīm eküx

2605 kayu ixkə bilgə yətürdi bilik
anī yətti tuttī təgürdi əlig

2606 ukux ixkə tutsa bilik baxlasa
eküx ixlər ətlür kixi ixləsə

2607 baqirsak kərək həm kezi kenli tok
pütün qīn kīlīkī keni bolsa ok

2608 baqirsak tapuqqī bəg asqīn tilər
bəg asqīn tiləgli bəgin qīn səvər

2609 bəginə asīqqī baqirsaknī bil
baqirsaknī bulsa ezün baqrī kīl

2610 baqirsak tapuqqī baqir sanī təg
baqirda yakīnrak yürək kanī təg

2611 kezi suk kixi ezkə ərksiz bolur
bu suklar yalavaqka tənsiz bolur

2612 kezi tok qīqay ərsə bayka sanur
sərinsə kixi təgmə ixtə unur

2613 suk ər umduqī ol yavuz umduqī
kixi umduqīsī atī koltquqī

2602 ئىشتىكىن، جاھاندار بەگ ئەر نىمە دەر،
بىلىملىك ۋە ئەلگە ئۇزى رەھبەر ئەر:

2603 ئەي ئەقلى تولۇق ئەر، بىلىملىكنى بىل،
بىلىملىك كىشىنى سەن ئەل چوڭى قىل.

2604 ئەقىل ئىشلەتسە ھەر ئىشتا باشتىلا،
ئۇتتۇقلۇق بولۇر ئىش، سىنىندىم تولا.

2605 ئىشلەتسە ھەر ئىشتا بىلىمنى ئالىم،
ئېرىشكەي ئۇ ئىشقا ئۇتتۇقلە دائىم.

2606 ئەقىل ۋە بىلىمنى ئىشلەتسە كىشى،
ئۇتتۇقلۇق چىقار ھەر باشلىغان ئىشى.

2607 بۇ ئەلچى كويۇمچان، كوزى، كوڭلى توق،
ئىشەنچلىك، دۇرۇس ھەم ئۇز خۇلق بولغۇلۇق.

2608 كويۇمچان كىشى بەگ پايدىسىن تىلەر،
تىلەسە پايدىسىن، بېگىنى سويەر.

2609 بېگىڭگە نەپئىلىك كويۇمچاننى بىل،
كويۇمچاننى تاپساڭ، ئۇزۇڭ باغرى قىل.

2610 كويۇمچان خادىم ئول كىشى باغرىدەك،
بېغىردىن يېقىنراق، يۇرەك قاندەك.

2611 كوزى ئاچ كىشىلەر ئۇزىن تۇتالماس،
ئۇ ئەلچى بولۇشقا تېخى يارىماس.

2612 كوزى توق پەقىر بولسا، باي سانىلۇر،
چىداملىق ھەر ئىشتا ئۇتتۇق قازىنۇر.

2613 ھىرىستۇر تاماخور، تاماخور يامان،
تاماخور ئاتالغاي قەلەندەر ھامان.

B195

2614 nəgü tər əxitgil kəzi toķ kixi
kəzi toķ kixi boldī baylar baxī

2615 qīoqay ķīlsa kimni kəzi suķluķī
bayutmaz anī bu aẓun toķluķī

2616 kimi ərsə umdu ķīlur ərsə ķul
anīŋ boxluķī kər əlüm birlə oī

C145

2617 taķī yaķxī aymīx bilik bərgüqi
kəzi suķķa ət sav ərig bərgüqi

2618 tükəl bay bolayīn təsə bəlgülüg
kəŋül baylīķī ķol ay ərsig külüg

2619 nəqə mə ķul ərsə kəzi toķ bəg ol
suķ əz bəglikindin bu ķulluķ yəg ol

2620 ķayu bəg suķ ərsə qīoqay ol qīoqay
ķayu ķul kəzi toķ bəg ol kəŋlī bay

2621 uvutluoq kərək kəḍ amul ḥəm silig
siliglik bilə bilsə türlüg bilik

2622 uvut bolmasa ər otun əl bolur
uvut birlə yalŋuķ pütünlük ķīlur

A96

2623 amul bolsa ətrü atanür tüzün
silig bolsa ķīlķī səvitür əzün

2624 tətiklik bilə bolsa ərkə bilik
təzü ixkə təgrür bu bilki əlig

2625 bu bəytig oķīoqīl nəgü tər əxit
bilik birlə baxlap əzüŋkə ix ət

2614 نېمە دەر ئىشتكىن، كوزى توق كىشى،
كوزى توق كىشى بولدى بايلار بېشى:

2615 پەقىر قىلسا كىمنى بۇ كوز ئاچلىقى،
ئۇنى باي قىلالماس جاھان توقلىقى.

2616 كىمكى تاماغا بولسا ئەسىر — قۇل،
قۇتۇلغاي ئۇنىڭدىن ئولۇم بىرلە ئول.

2617 يەنە ياخشى دەپتۇ بىلىم بەرگۇچى،
كوزى ئاچقا ئوگۇت — ناسات قىلغۇچى:

2618 تولۇق باي بولايىن دىسەڭ ھۇنۇز سەن،
كوڭۇل بايلىقىنى ئىستە، ئەي ئەرەن.

2619 نىچە بولسىمۇ قۇل، كوزى توق — ئۇ، خان،
ھىرىس بەگلىكىدىن قۇل ياخشى ھامان.

2620 قايۇ خان ھىرىستۇر، گادايدۇر — گاداي،
قايۇ قۇل كوزى توق — ئۇ خان، كوڭلى باي.

2621 بۇ ئەلچى ئۇياتچان، سىلىق بولسۇن ئۇ،
ۋە تەمكىن، نىچە خىل بىلىم بىلسۇن ئۇ.

2622 ئۇيات بولمىسا، ئەر جاھىل، پەس بولۇر،
ئۇيات بىرلە ئىنسان دۇرۇس ئىش قىلۇر.

2623 بېسىق بولسا ئىنسان ھېلىم ئاتىلۇر،
سىلىق بولسا خۇلقى ئۇزىن سويدۇرۇر.

2624 چىچەن ھەم بىلىملىك بولغاندا ئادەم،
ئىبرىشكەي ھەر ئىشتا ئۇتۇقلا ھەر دەم.

2625 ئوقى بۇ بېيىتنى، نېمە دەر ئاڭلا،
قىل ھەمرا ئوزۇڭگە، بىلىملە باشلا:

2626 uķux birlə uķ ix bilik birlə bil
künüņ bolsa ķutluoq ķutaḍsunï yïl

2627 tətiklik bilə ər tiləkkə təgir
bilik bil uķux uķ ixiņ ətrü ķïl

2628 tətiklik bilə bilsə türlüg bitik
bitik bilsə ətrü bolur ər tətik

B196

2629 bitisə oķïsa əxitsə səzüg
anïn ətrü bilgə ķïlur ər əzüg

C146

2630 ķamuoq türlüg ərdəm bu bilsə tükəl
bu ərdəm bilə ər məņiz ķïlsa al

2631 kitablar oķïr ḩəm bilir ərsə səz
uķar ərsə xi'r ḩəm ķoxar ərsə əz

2632 nujum bilsə ṭib ḩəm yora bilsə tüx
anïņ yormïxï təg səzi kəlsə tux

2633 bilir ərsə saķïx yəmə ḩəndəsə
'ədəd jəżri ķïlsa misaḩət basa

2634 yana nərd-u xəṭrənj bilir ərsə kəḍ
ḩərifləri andïn ulïr ərsə kəḍ

2635 qəgənkə kəḍ ərsə atar ərsə oķ
yəmə ķuxqï avqï aẓunda ozuķ

2636 ķamuoq til bilir ərsə aqsa tilig
ķamuoq həṭnï bilsə bitisə əlig

2637 bu yaņlïoq kərək barqa ərdəm bilir
bu yaņlïoq yalavaq tiləkkə təgir

2626 ئەقىل بىرلە ئۇق ئىش، بىلىم بىرلە بىل،
كۆڭۈڭ بەخت قۇچسۇن، قۇتاتسۇن ئۇ يىل.

2627 چىچەنلىك بىلەن ئەر تىلەككە يېتەر،
بىلىم بىل، ئەقىل تاپ، كېيىن ئىشنى قىل.

2628 چىچەنلىك بىلەن بىلسە تۈرلۈك بىتىك،
بىتىك بىلسە ئادەم بولۇر ئۇ تېتىك.

2629 يېزىش ھەم ئوقۇش بىلسە، چۈشەنسە سوزىن،
كىشى ئالىم قىلۇر بۇنىڭلە ئوزىن.

2630 ئۇ بىلسۇن پەزىلەت خىلمۇ-خىل تولۇق،
پەزىلەت قىلۇر ئەر يۈزىنى يورۇق.

2631 ئوقۇپ كوپ كىتاپلار، بىلسۇن ھەر سوزى،
چۈشەنسۇن شېىرنى ھەم يازسۇن ئوزى.

2632 نۇجۇم[143] ھەم تىبابەت بىلسۇن چۈش ئورۇش،
ئۇدۇل كەلسۇن يەنە ئۇ ئورۇگەن چۈش.

2633 ئۇ بىلسۇن ھىساپ ھەم گېومېترنى،
كەسىر ھەم يەر ئولچەش ئىلىملىرىنى.

2634 يەنە دامكا-شاخماتنى ئۇ بىلسۇن خوپ،
ئويۇنغا چۈشكۈچىنى ئالسۇن ئۇتۇپ.

2635 ئۇ بىلسۇن چەۋگەننى، ئاتار بولسۇن ئوق،
يەنە قۇشچى ۋە ئوۋدا تەڭدىشى يوق.

2636 پۈتۈن تىلدا سوزلەشنى بىلسۇن تىلى،
پۈتۈن خەتنى ئۇقسۇن، پۈتۈسۇن قولى.

2637 كېرەك ئەلچى ئۇچۇن شۇنداق پەزىلەت،
بۇ خىل ئەلچى تاپار مۇۋەپپەقىيەت.

2638 yalavaq tətik bolsa bilgə oḍuoɿ
bəg asoɿï bolur anda tutnur boḍuoɿ

2639 yalavaq yavuz bolsa ķïvqaķ ķovï
sə̧ziksiz tükər anda bəglər suvï

2640 yalavaq barïr ər ə̧ḍi kəḍ kərək
ķamuoɿ türlüg ixkə bu tutsa yürək

2641 ķayu türlüg ərdəm aŋar satsalar
anï utsa ɵtrü aoɿïr tutsalar

2642 ķayu türlüg ər mə sɵzin sɵzləsə
anï uķsa bilsə yana kizləsə

2643 yalavaq bilir bolsa ərdəm ķamuoɿ
bəḍüyür bəgi atï ə̧ldə uluoɿ

B197
2644 nəgü tə̧r əxitgil bilir kɵk ayuķ
bu sɵz uķmasa ər anïŋ ɵgi yoķ

2645 kimiŋ ərdəmi bolsa atï yorïr
ķalï bolmasa ərdəm atsïz ķarïr

C147
2646 kixi ərdəmi birlə ərdin kəqər
ɵküx bolsa ərdəm ər ɵrləp uqar

2647 əlig sunsa ərdəm bilə ər təgip
uluoɿ taoɿ baxïn yə̧rkə ildrür əgip

2648 sɵz uķoɿan kərək bolsa ḩaẓir jəwab
jəwab ķïlsa bə̧rmix sɵziŋə ṣəwab

2649 bor iqməz kərək kəḍ ɵzin tutoɿuqï
ɵzin tutoɿuqï ər bulur ķut küqi

2638 چىچەن بولسا ئەلچى ئالىم ۋە ھوشيار،
بولۇر بەككە نەپ، ئۇندا قارشى ئىلىنار.

2639 گەر ئەلچى بولسا بوش، تۇراقسىز، يامان،
توكەر بەگ ئابرويىن ئاندا بىگۇمان.

2640 بۇ ئەلچى كىشى بەكمۇ ياخشى كېرەك،
پۈتۈن ئىشتا بولسۇن ئۇ سەزگۈر يۈرەك.

2641 نىچۇك پەزىل-ھۈنەرلەر كورسەتسە ئاڭا،
ئۇنى يەڭسە، ھورمەت قىلدۇرسا يانا.

2642 نىچۇك بىر كىشىكىم، ئوڭا سوزلىسە،
ئۇنى ئۇقسا، بىلسە، يەنە يوشۇرسا.

2643 ئەگەر ئەلچىدە بولسا پەزىلەت تولۇق،
چوڭۇپ بەگ، بولۇر ئاتى ئەلدە ئۇلۇق.

2644 نە دەيدۇ، ئىشىت، ئىش بىلەر كوك ئايۇق[144]،
كىشىكىم بۇ سوزنى ئۇقماس، ئەقلى يوق:

2645 كىشى بولسا پازىل، نام-ئاتى چىقۇر،
ئەگەر بولمىسا پەزلى، نامسىز قېرۇر.

2646 كىشى پەزلى بىرلە كىشىدىن ئۇزار،
ئەقىل، پەزلى بولسا ئەر ئورلەپ ئۇچار.

2647 پەزىلەت بىلەن ئەر قولىن گەر سۇنار،
بۈيۈك تاغ ئېگىپ باشىن يەرگە قويار.

2648 ئۇ بولسۇن چىچەن، سوزگە ھازىر جاۋاپ،
سوئالغا جاۋاپ بەرسۇن ھەم توغرىلاپ.

2649 ھاراق ئىچمەس ئولسا ئوزىن تۇتقۇچى،
ئوزىن تۇتار ئەر تاپار بەخت كۈچى.

2650 biliklig bor iqsə biliksiz bolur
biliksiz əsürsə aḍïn nə ḳalur

2651 bor ol bu bilikkə uḳuxḳa yaoɪï
bor atï ḥəḳiḳət tütüx ol qooɪï

2652 nəqə mə biliklig uḳuxluoɪ kixi
baxïn borḳa soḳsa buzar əz ixi

2653 nəqə mə uvutluoɪ silig ḳïlḳï uz
bor iqsə otunluḳ ḳïlur barqa əz

2654 əsizim uvut ya uḳux əg bilik
arïoɪsïz bu borḳa bərür ay silig

2655 bor iqmə bor iqsə barïr ər ḳutï
bor iqsə bolur təlvə munduz atï

2656 ḳarïnḳa süqig kirsə qïḳrur səzüg
bu qïḳmïx səz ək yandru ərtər əzüg

2657 nəgü tər əxitgil bu bəyt ayoɪuqï
oḳïoɪïl aqïloɪay taxï ḥəm iqi

2658 ḳalï iqtiṇ ərsə əsürgü süqig
kəṇül sïrrï aqtï qïḳardï iqig

B198
2659 biliklig bor iqsə biliksiz bolur
biliksiz bor iqsə bolur kənq kiqig

C148
2660 tili uz kərək ḥəm kəṇüllüg kərək
səzi uz kərək ḥəm kəḍ əglüg kərək

A97
2661 siṇimlig bolur ol tili uz kixi
səzi uz yorïsa yarar ər ixi

2650 هاراق ئىچسە ئالىم ئىلىمسىز بولۇر،
ئىلىمسىز مەس ئولسا نىمەلەر قىلۇر؟

2651 هاراقتۇر بىلىم ۋە ئەقىل دۇشمىنى،
جىدەل ـ غەۋغا هاراقنىڭ ئېيتىدۇر چىنى.

2652 نە ياڭلىغ ئەقىللىق، بىلىملىك كىشى،
بېشىن مەيگە تىقسا، بۇزۇلغاي ئىشى.

2653 نە ياڭلىغ هايالىق، ئۆز خۇلۇق، سىلىق،
مەي ئىچسە قىلۇر ئۇ پەسكەشلىك قىلىق.

2654 كىشى ئاڭ ـ بىلىم، هوش، ئۇياتنى ئېرىغ —
نىجىس بۇ هاراققا بېرۇر ۋا دەرىخ!

2655 مەي ئىچمە، مەي ئىچسە كېتۇر دەۋلىتى،
مەي ئىچسە بولۇر تەلۋە، ئاخماق ئېتى.

2656 قېرىنغا كىرسە مەي، چىقارۇر سوزۇڭ،
بۇ چىققان سوزۇڭدىن كويەرسەن ئوزۇڭ.

2657 نىمە دەر ئىشىتكىن، بۇ بىيت ئېيتقۇچى،
ئوقۇرسەن، ئېچىلغاي تېشى هەم ئىچى:

2658 ئىچەرسەن ئەگەر مەس قىلغۇچى شاراپ،
ئىچىڭدىن سىرىڭ چىقتى تاشقا قاراپ.

2659 بىلىملىك مەي ئىچسە بولۇر بىر قارا،
نادان ئىچسە كىچىكلەپ، بولۇر بىر بالا.

2660 بۇ ئەلچى تىلى ئۆز كوڭۇللۇك كېرەك،
ئوزى سوزگە ئۇستا، ئەقىللىق كېرەك.

2661 سىڭىملىك بولۇر ئول تىلى ئۆز كىشى،
سوزى ئۆز كىشىنىڭ يارار هەر ئىشى.

2662 keņüllüg kərək kəḍ unïtmasa sez
nəgü sez əxitsə ķatïƣ tutsa ez

2663 yüzi kerki kerklüg kərək ḥəm boḍï
yülüg bolsa boḍ sïn kixidə kəḍi

2664 ezi ərsig ərsə bəḍük ḥimməti
bu iki bilə ol kixi ķiyməti

2665 sezi bolsa yumxaķ xəkər təg süqig
süqig sezkə yumxar uluƣ ḥəm kiqig

2666 yalavaq ixi ker nəqə sez bolur
sezi yaķxï bolsa tiləkin bulur

2667 bu yaņlïƣ kixi bulsa ə̣lig ķutï
aņar bə̣rsə bolƣay yalavaq atï

2668 anï ïḍsa bolƣay yalavaqlïķïn
yïraķ ərsə yat baz ez ərsə yaķïn

Ə̣LIG SUALI ΘGDÜLMIXKƏ

2669 ə̣lig aydï uķtum əxittim munï
taķï bir sezüm bar ayu bə̣r anï

2670 səniņdin etəlsün maņa sez taķï
məniņdin etəlsün saņa sez ḫəķï

2671 bitikqi nəgü təg kərək ay tətik
aņar bəg ïnanïp bititsə bitik

2662 زېھنلىك بولۇپ ئۇ، ئۇنۇتمىسا سۆز،
نىچۈك سۆز ئىشىتسە قاتتىق تۇتسا ئۆز.

2663 بويى بولسا كۆركەم، چىرايلىق يۈزى،
كېلىشكەن ساقال-چاچ، تۇرۇقى ئۆزى.

2664 ئۆزى بولسا باتۇر، بۈيۈك ھىممىتى،
بۇ ئىككى بىلەندۇر كىشى قىممىتى.

2665 سۆزى بولسا يۇمشاق، شەكەردەك چۈچۈك،
چۈچۈك سۆزگە يۇمشار ئۇلۇغ ھەم كىچىك.

2666 بۇ ئەلچى ئىشىنىڭ كۆپى سۆز بولۇر،
سۆزى ياخشى بولسا تىلەگىن تاپۇر.

2667 مۇشۇنداق كىشىنى ئەگەر تاپسا خان،
ئاڭا بەرسۇن ئەلچى ئىشىنى ھامان.

2668 ئەۋەتسە بولۇر ئەلچىلىككە ئۇنى،
يىراق يات ۋە ياكى بولسۇن تۇققىنى.

ئېلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە سوئالى

2669 ئېلىگ ئېيتتى: ئۇقتۇم، ئىشىتتىم بۇنى،
يەنە بىر سۆزۈم بار، دىگىن سەن ئۇنى.

2670 سېنىڭدىن كېرەكتۇر سۆز ئېيتماق ماڭا،
ئۆتەي مەن سۆزۈڭنىڭ ھەم ھەققىن ساڭا.

2671 پۈتۈكچى نىچۈك بولغۇلۇق ئەي تىنىك،
ئاڭا بەگ ئىشىنىپ پۈتۈتسە بىتىك؟

34

ƟGDÜLMIX Ə̣LIGKƏ BITIKQI ÏLÏMƢA NƏGÜ TƏG KƏRƏKIN AYUR

B199

2672 yanut bə̣rdi ɵgdülmix aydï ə̣lig
bu ixkə ə̣ḍi kəḍ yətürsü bilik

2673 ɵtük bə̣rdi ɵgdülmix aydï ay bəg
yorayïn bu sɵznï kəŋültə̣ki təg

C149

2674 nəqə mə bilik bilsə bəglər ɵzi
bitikqi kərək ol bitisə sɵzi

2675 bitikqikə ayƣu kərək iq sɵzin
küḍəzsə bitikqi ɵküx ya azïn

2676 bu iq sɵz tutuƣlï pütün qïn kərək
pütünlükkə artuķ pütün din kərək

2677 ķalï tutmasa bu bitikqi sɵzüg
bəgi sïrrï aqlur bu ərtər ɵzüg

ئوتتۇز تۆتىنچى باپ

پۈتۈكچى قانداق بولۇشى لازىملىغى توغرىسىدا

ئۆگدۈلمىشنىڭ ئېلىگكە ئېيتقانلىرى

2672 جاۋاپ بەردى ئوگدۇلمىش، ئېيتتى: ئېلىگ،
بۇ ئىشقا تولا بەك يۇگۇرتسۇن بىلىك.

2673 ئوتۇنچ بىرلە دىدى ئوگدۇلمىش: ئەي بەگ،
يېشەي ئۇشبۇ سوزنى كوڭۇلدىكىدەك.

2674 ئەگەر بولسا خان قانچە ئالىم ئوزى،
كېرەكتۇر پۈتۈكچى يازارغا سوزى.

2675 پۈتۈكچىگە ئېيتماق كېرەك ئىچ سوزىن،
پۈتۈكچى يوشۇرغاي تولا ھەم ئېزىن.

2676 بۇ سىرنى تۇتۇشقا چىن ئىنسان كېرەك،
ئىشەنچلىك بولۇشقا چىڭ ئىمان كېرەك.

2677 ئەگەر سىر تۇتمىسا پۈتۈكچى سوزىن،
ئېچىپ بەگ سىرىنى يوقاتۇر ئوزىن.

2678 nəqə mə bu bəglər sezin kizləsə
bu iki kixikə kərək sezləsə

2679 birisi bitikqi birisi wəzir
bu iki kixikə sez aqmaķ təgir

2680 bu iki kixikə sez aqƣu kərək
sez aqsa avaƣlarï yüḍgü kərək

2681 bu iki kixidə bolur barqa sez
bu sez tutmasa ez ixin buzdï ez

2682 ə̧ḍi yaķxï aymïx etükən bəgi
tilin tutzu bə̧rmix saņa sez yə̧gi

2683 ay bəglər ïnanqï sezüņ kizlə bərk
sezüņ kizləməsə baxïņ barƣa tərk

2684 bu aƣzïņ miŝali üņür sanï təg
sezüņ qïķsa andïn səḩər tanï təg

2685 yazïldï azunķa anï tə̧rgüsüz
əxitti tezü həlķ anï ertgüsüz

2686 aƣïzdïn ara ot ara suv qïķar
birisi ə̧tikli birisi yïķar

2687 keyər ot təg ol bu kərəksiz sezüņ
aƣïzdïn qïķarmaƣu keygəy ezüņ

B200 C150

2688 aķar suv təg ol bu tilin əḍgü sez
ķayuķa bu aķsa qə̧qək endi tüz

2689 aya ər atanmïx biliklig begü
keņül sirrï artuķ ķatïƣ kizləgü

2678 بۇ بەگلەر يوشۇرسا قانچە سوزىنى،
كېرەك بۇ ئىككىسىگە دىمەك سىرىنى:

2679 بىرىدۇر پۇتۇكچى، بىرىدۇر ۋەزىر،
بۇ ئىككى كىشىگە ئاچار بارچە سىر.

2680 بۇ ئىككى كىشىگە سىر ئاچماق كېرەك،
سىر ئاچسا، نازىنى كوتەرمەك كېرەك.

2681 جىمى سىر بۇ ئىككى كىشىدە بولۇر،
ئەگەر سىر ساقلىماس ئوز ئىشىن بۇزۇر.

2682 ئەجەپ ياخشى ئېيتمىش ئوتۇكەن بېگى،
تىلى بىرلە ئاچتى بۇ سوزنىڭ تېگى:

2683 ئەي بەككە ئىشەنچلىك، سوزۇڭ بەك يوشۇر،
ئەگەر سىر يوشۇرماسسەن، بېشىڭ كېتۇر.

2684 بۇ ئاغزىڭ مىسالى بىر ئوڭكۇر ئېرۇر،
سوزۇڭ چىقسا ئۇندىن تاڭ يېلى بولۇر.

2685 جاھانغا تارالسا يىغىپ بولمىغاي،
ئىشتۇر پۇتۇن خەلق، يېپىپ بولمىغاي.

2686 ئېغىزدىن گەھى ئوت، گەھى سۇ چىقار،
تۇزەر بولسا بىرسى، ئۇ بىرسى بۇزار.

2687 كويەر ئوتقا ئوخشار كېرەكسىز سوزۇڭ،
ئېغىزدىن چىقارما، كويەرسەن ئوزۇڭ.

2688 ئاقار سۇدەك ئېرۇر چىقسا ياخشى سوز،
ئۇ ئاقسا قايانغا چىچەك ئۇنەر يۇز.

2689 ئايا ئەي ئاتانغان بىلىملىك ھېكىم،
سىرىڭنى يوشۇر چىڭ، ئۇقمىسۇن ھېچكىم.

2690 nəgü ṭər əxitgil bu bəytig okï
kəņül sïrrï kizlə ay kəņlüm tokï

2691 kəņül sïrrï bərk tut sən ayma tilin
ķalï aydïņ ərsə əkünqï yïlïn

2692 ķïzïl til ķara baxķa yavlaķ yaoqï
bu yavlaķ yaoqïoq bəklə inqin salïn

2693 bitikqi biliklig uķuxluoq kərək
həṭï uz-bəlaoqət taķï əḍgürək

2694 bitikdə həṭ uz bolsa aqlur kəņül
oķïoqu kəlir baķsa avnur kəņül

2695 bəlaoqət bilə həṭ təņəxsə ķalï
ə̣ḍi əḍgü yaņ bu bitik səz tili

2696 nəgü ṭər əxitgil ïla sïr təņi
ə̣ḍi əḍgü yaņ bu bitik səz yaņï

2697 ķamuoq əḍgü səzlər bitikdə bolur
bitinmix üqün səz unïtmaz ķalur

2698 bitimədi ərsə bitigli bitik
nəgü bilgəy ərdiņ bu ḥikmət bilik

A98
2699 bitip ķoḍmasa ərdi bilgə bəgü
biziņdə ozaķïoq kim ərdi tə̣gü

2700 yoķ ərsə bitik bu kixilər ara
tilin səzkə kim pütgəy ərdi kərə

B201 C151
2701 kixi ə̣ldin ə̣lkə səz ïḍoqu bolur
bitik bolmasa səz nəqə səzləyür

2690 نىمە دەيدۇ ئاڭلا، بۇ بېيتنى ئوقى،
يوشۇرغىن سىرىڭنى، ئەي كوڭلۇم توقى:

2691 سىرىڭنى ساقلا چىڭ، دىمە ھېچقاچان،
دىسەڭ گەر چېكەرسەن يىللار پۇشايمان.

2692 قىزىل تىل — قارا باشقا دۇشمەن يامان،
ئۇنىڭدىن ھەزەر قىل، ياشارسەن ئامان.

2693 پۈتۈكچى بىلىملىك بولسۇن ئەقىللىق،
خېتى ئۈز، پالاغەتتە بەك يېقىملىق.

2694 خېتى ئۈز يېزىلسا، كوڭۇل ئېچىلۇر،
ئوقىغانچە ئاندىن كوڭۇل ئاۋۇنۇر.

2695 بالاغەت بىلەن خەت ئەگەر تەڭ يۈرۈر،
بۇ خەتنىڭ تىلى ياخشى بىر تىل بولۇر.

2696 ئىشىتكىن، نىمە دەر ئىلى كاتىبى،
ئەجەپمۇ ياخشىدۇر يېزىش ئۇسلۇبى:

2697 پۈتۈن ياخشى سوزلەر پۈتۈكتە بولۇر،
پۈتۈلگەن ئۈچۈن سوز ئۈنتۇلماي قالۇر.

2698 ئەگەرچە پۈتۈكچى پۈتمىسە بىتىك،
نىچۈك بىلگەي ئەردىڭ بۇ ھېكمەت بىلىك!

2699 پۈتۈپ قويمىغان بولسا ئالىم ھېكىم،
بۇرۇنقىنى بىزدىن ئېيتار ئىدى كىم؟

2700 يازۇ بولمىسا ئەردى ئىنسان ئارا،
دىيىلگەن سوزگە كىم پۈتەتتى، قارا!

2701 كىشى ئەلدىن-ئەلگە ئەۋەتۇر خەۋەر،
يازۇ بولمىسا سوز نىچۈك سوزلىنەر؟

2702 ədi kəḍ kərəklig turur bu bitik
bitik birlə bəglər ətər əl ətik

2703 bu bəglər ixinə tusulur kixi
bu üq türlüg ol kər ay əlqi baxī

2704 birisi biliklig uķuxluoı bəgü
taķī bir bitikqi turur səzləgü

2705 üqünqi kür ərsig ər ol toŋ yürək
yaoıīķa bərikə bu ərsig kərək

2706 uķuxluoı biliklig bu əglüg bəgü
kəŋəxkə tusulur aŋar nə təgü

2707 ķamuoı əl ixin barqa ətgən bitik
bitikin tutar əl kirixin tətik

2708 ķiliq alsa ərsig ərən ixləsə
yaoıī boynī yənqsə əzə igləsə

2709 yumītsa ķayuda bu üq türlüg ər
tiləkin bulur ər tümən arzu yər

2710 bularda naruķī ķalïn bu ķutu
bu üqkə uḍu bardaqī ol botu

2711 ķīlïq birlə tutlur ķalī tutsa əl
ķələm birlə baslur ķalī bassa əl

2712 bilikin uķuxun təgip əl tüzər
bu üq nəŋ bilə ər azunuoı süzər

2713 bilik birlə baxlar bəgi əl tərü
uķux birlə ixlər ķamuoı ix kərü

2702 يازۇ ئۇ ناھايەت كېرەكلىك ئېرۇر،
يازۇ بىرلە بەگ ئەل ئىشىنى قىلۇر.

2703 بۇ بەگلەر ئىشىگە يارامىلىق كىشى —
ئېرۇر ئۇ ئۈچ خىل، ئەي ئەل-يۇرت بېشى:

2704 بىلىملىك، ئەقىللىق، ھېكىمدۇر بىرى،
بىرى خەتچى، بەگنىڭ سۆزلىنەر سۆزى.

2705 ئۈچىنچى، جەسۇر ئەر يىگىت تاغ يۈرەك،
يىغى، بۆرىلەرگە بۇ باتۇر كېرەك.

2706 ھېكىم ۋە بىلىملىك، ئاڭلىق، ئەقىللىق —
كېڭەشمەككە سۆزسىز ئېرۇر پايدىلىق.

2707 پۈتۈن ئەل ئىشىنى تۈزەيدۇ بىتىك،
تۇتار ئەل كىرىمىن خەت بىلەن تىتىك.

2708 جەسۇر ئەر قولىغا قىلىچنى ئېلىپ،
كېسەر ياۋ بويىنىنى دەسسەپ ۋە ئېزىپ.

2709 يىغىلسا قەيەردە بۇ ئۈچ تۈرلۈك ئەر،
كىشى ھەممە ئارزۇ-تىلەككە يېتەر.

2710 بۇلاردىن بولەك كوپ نەسىللەر بىراق،
بۇ ئۈچكە ئەگىشىپ ماڭغان بوتىلاق.

2711 ئەل-يۇرتنى تۇتماغلىق قىلىچلا بولۇر،
بۇ ئەلدە ھوكۇملەر قەلەملە يۈرۈر.

2712 بىلىم ھەم ئەقىل بىرلە ئەر ئەل تۈزەر،
بۇ ئۈچ نەرسە بىرلە جاھاننى سۈزەر.

2713 بىلىم بىرلە باشلار بەگ ئەلدە قانۇن،
ئەقىل بىرلە ئىشلەر ئىشىنى پۈتۈن.

2714 kïlïq əl tutar həm boḍun kazoqanur
kələm əl tüzər həm həzinə urur

2715 kïlïq kan tamuzsa bəgi əl alïr
kələmdə kara tamsa altun kəlir

2716 bu iki turur bu azun tutrukï
oza kəqmix ix həm kəlir utrukï

C152
2717 aya bəg bu iki uluq ərdəm ol
bəgü əlqi bəglər munï tutoqu yol

B202
2718 munar mənzətü kəldi əmdi bu səz
əxitgil munï sən aya əḍgü əz

2719 əḍi əḍgü ərdəm bilik bilsə ər
takï artuk ərdəm kïlïq ursa ər

2720 kïlïq birlə tutlur talu əḍgü əl
kələm birlə ətlür tilək arzu yər

2721 kəzi tok kərək həm əzi umdusuz
baqïrsak kərək qïn əzi koltoqusuz

2722 kəzi tok kixi nənkə suklanmaz ol
kixi nən bilə bolsa arsïkmaz ol

2723 kixi umduqï bolsa boldï bulun
suyurka anï sən ay kərki tolun

2724 nəqə mə bəg ərsə kul ol umduqï
kixidə əli umduqï ol tuqï

2725 suk ərsə bitikqi bilik artatur
bitir umdu birlə bitik artatur

2714 قىلىچ ــ مەملىكەتنى ئېلىپ ئەل تۇتار،
قەلەم ــ مەملىكەتنى تۈزەپ، مال يىغار.

2715 قىلىچ قان تېمىتسا، بېگى ئەل ئالار،
قەلەمدىن سىيا تامسا، ئالتۇن يىغار.

2716 جاھان تۈۋرۈكىدۇر مۇشۇ ئىككىسى،
كى مەيلى ئۆتمۈشتە، مەيلى كېلگۈسى.

2717 ئايا بەگ، بۇ ئىككى ئۇلۇغ پەزىل ئول،
جاھاندار ھېكىم بەگ ئۇنى قىلسا يول.

2718 بۇ سوز كەلدى ئەمدى بۇنىڭغا مىسال،
ئى ياخشى بۇنىڭغا قۇلاغىڭنى سال:

2719 تولا ياخشى پەزىلەت بىلىم بىلسە ئەر،
تېخى ئارتۇق پەزىلەت قىلىچ ئۇرسا ئەر.

2720 تۇتۇلغاي قىلىچلە تولا ياخشى ئەل،
قەلەم بىرلە تۈزەپ، تىلەككە يېتەر.

2721 پۈتۈكچى بى تاما بولسۇن كوزى توق،
كويۈمچان، ساپ كوڭۇل، مۇھتاجلىغى يوق.

2722 كوزى توق كىشى مالغا سالماس كوزىن،
مال ئولسا، ئۇ مالغا ئالداتماس ئوزىن.

2723 تاماگەر كىشىدۇر ئوزى بىر ئەسىر،
تولۇن ئاي يۈزلۈكۈم، سەن ئۇنى كېچىر.

2724 تاماگەر قۇل ئېرۇر، گەر بولسىمۇ خان،
بولۇر پەس تاماگەر كىشى ھەر قاچان.

2725 پۈتۈكچى بولسا ھىرس، بىلىمنى بۇزار،
تاما بىرلە يازار، خېتى بۇزۇلار.

2726 kümüx kərsə altun aṇar arsïķar
iḍisi baxïn yə̣r ya bax alsïķar

2727 baɣïrsaķ tapuɣqï ixik yastanur
tilədüktə tutqï ķapuɣda turur

2728 baɣïrsaķ tapuɣqï bəg asɣïn tilər
təni jaṇï malïn bəgiṇə ular

2729 bor iqməz kərək bolsa ķïlķï arïɣ
yaraɣsïz ķïlïnqïɣ yïratsa arïɣ

2730 bitikqi bor iqsə bilikdin təzər
bilikdin təzikli bitikdin azar

2731 bitikqi kə̣qə taṇda ə̣ldə kərək
nəqədə kərək bolsa anda kərək

C153
2732 kixidə talula bu iki kixig
aṇar ə̣trü bə̣rgil bu iki ixig

B203
2733 birisi bitikqi həṭï bəlgülüg
birisi yalavaq tili ülgülüg

2734 yaķïnda yaɣuķta ya yat baz ara
tuxar ərsə əvkə bulardïn kərə

2735 bu iki kixidin tuxar tuxsa ix
bu iki kixilər ə̣tər ə̣tsə ix

2736 birisi bitikdə yaṇïlsa səzüg
birisi tili birlə ə̣tsə səzüg

2737 bitikqi bu yaṇlïɣ kərək ay ə̣lig
ïnansa aṇar bə̣rsə boloɣay əlig

2726 كۈمۈش-ئالتۇن كورسە ئاڭا قىزىقۇر،
بېگىنىڭ بېشىن يەر، يا بېشىن بېرۇر.

2727 كويۇمچان خىزمەتچى ئىشىكتە ياتۇر،
قاچان بولسا لازىم، ئىشىكتە تۇرۇر.

2728 تىلەر مېھرىۋان خادىم بەگ نەپئىنى،
بېرۇر بەككە مالى، تېنى-جانىنى.

2729 پۈتۈكچى بولۇپ پاك، ئىچمىگەي ھاراق،
يامان خۇلقنى قىلسۇن ئۆزىدىن يىراق.

2730 پۈتۈكچى مەي ئىچسە بىلىم يوق بولار،
بىلىمدىن جۇدا بولسا خېتىدىن ئازار.

2731 پۈتۈكچى ئىشىكتە تۇرسۇن سۇبھى-شام،
كېرەك بولسا نەدە، تېپىلغاي داۋام.

2732 ئەل ئىچرە ئىككى خىل كىشى تاللىۋال،
ئۇلارنى بۇ ئىككى خىل ئىشقا سال:

2733 بىرىدۇر يېزىشنى بىلەر پۈتۈكچى،
ئۇنىڭكىم بىرىدۇر سۇخەندان—ئەلچى.

2734 يېقىن، دوست ۋە ياكى يىراق، يات ئارا،
ئەگەر چىقسا جاڭجال، بۇلاردىن ئارا.

2735 بۇ ئىككى كىشىدىن كېلەر كەلسە ئىش،
تۈزەلسە تۈزەلۇر بۇلار بىرلە ئىش.

2736 خاتا بولسا بىرىنىڭ خېتىدە سوزى،
بىرى تىلدە بۇنى تۈزەتسۇن ئۆزى.

2737 ئەگەر بولسا شۇنداق پۈتۈكچى ئى خان،
ئىشەنسە ۋە بەرسە بولۇر قول ھامان.

2738 bu yaŋliq kixikə inansa bolur
kixilik tiləsə aniŋdin kəlür

* * *

A.
2739 bu ərdi ay əlig məniŋ bilmixim
ətündüm əligkə tükəndi ixim

ƏLIG SUALI ƏGDÜLMIXKƏ

2740 əlig aydi uktum muni ma əgün
taki bir səzüm bar ani ay bu kün

2741 aqiqi nəgü təg kərək ay maŋa
aŋar pütsə bəglər yətürsə nəŋə

2742 aqi kaznaki tutsa altun kümüx
ol ər baxka əltsə bu aymix yumux

2738 مۇشۇنداق كىشىگە ئىشەنسە بولۇر،
ئۇنىڭدىن ئادەملىك خىسلىتى كېلۇر.

* * *

2739 شۇ ئەردى ئى خاقان مېنىڭ بىلمىشىم،
بۇنى خانغا ئېيتتىم، تۇگمەدى ئىشىم.

ئېلىگنىڭ ئۇگدۇلمىشكە سوئالى

2740 ئېلىگ ئېيتتى: ئۇقتۇم، چۈشەندىم بۇنى،
يەنە بىر سوزۇم بار، سەن ئېيتقىن ئۇنى:

2741 غەزىنىچى بولسۇن نىچۈك، ئېيت ماڭا،
ئىشەنچ بىرلە بەرسە بەگ مالنى ئاڭا.

2742 غەزىنىدە ئالتۇن-كۇمۇش ساقلىسا،
بېرىلگەن ئۇ ئىشنى ئوبدان ئىشلىسە.

35

ƏGDÜLMIX ƏLIGKƏ AOIÏQÏ NƏGÜ TƏG ƏR KƏRƏKIN AYUR

2743 yanut bərdi əgdülmix əlig kutï
səvüg nən bu altun kümüx jan otï

2744 ədi qïn pütün kəd kərək ər keni
kənül yaymasa ətrü tutsa muni

2745 nəgü tər əxitgil bu sartlar baxï
azun təzginip nənkə təgmix kixi

B204 C154

2746 səvüg nən bu jan janda yəgrək səvük
kümüx altun ol janda kədrəg səvüg

2747 ətilməz kənülüg ətər bu kümüx
əgilməz kixini əgər bu kümüx

2748 kümüx kərsə yalnuk kənül tutmasa
yaraoqay anï qïn fərixtə təsə

ئوتتۇز بەشىنچى باپ

ئۆگدۈلمىشنىڭ غەزنىدارلىققا قانداق كىشى لازىملىغى توغرىسىدا ئېلىگكە ئېيتقانلىرى

2743 جاۋاپ بەردى ئۆگدۈلمىش، دېدى خانغا:
كۈمۈش-زەر سۆيۈملۈك، داۋا ھەم جانغا.

2744 كېرەك چىن ئىشەنچلىك، دۇرۇس، توغرا ئەر،
كۆڭۈلگە شۈبھىلەر چۈشەرمىسە گەر.

2745 نىمە دەر، ئىشىت، بۇ سودىگەر بېشى،
جاھاننى كېزىپ مالنى يىققان كىشى:

2746 شىرىن جان ۋە لېكىن ئۇنىڭدىن شىرىن—
بۇ ئالتۇن-كۈمۈشتۇركى، جاندىن شىرىن.

2747 ئېچىلماس كۆڭۈلنى ئاچار بۇ كۈمۈش،
ئېگىلمەس كىشىنى ئېگەر بۇ كۈمۈش.

2748 كۈمۈش كۆرسە ئىنسان، دىلى تارتمسا،
يارايدۇ ئۇنى چىن پەرىشتە دېسە.

2749 kür ər kərdi altun əzi yumxadī
irik səzlüg ərniŋ səzi yumxadī

2750 kəzi tok̡ kərək həm k̡īlīnqī pütün
barī arta barsa künīŋə k̡utun

2751 əküx nəŋ kərü todmīx ərsə kəzi
yana k̡ork̡ar ərsə bayatk̡a əzi

2752 ḥəlal həm ḥəram adrar ərsə aqa
yaraqlīqī yaraqsīznī bilsə səqə

2753 kəzi tok̡ kixilər nəŋin ədləməz
pütün qīn kixilər əzin yəgləməz

2754 kiqigdə kərü k̡alsa altun kümüx
anīŋ suk̡luk̡ī bolmaz anqa əküx

2755 əzi k̡ork̡ar ərsə bayatk̡a k̡alī
bu ər tutqa xəksiz kənilik yolī

2756 kənilik mün ol barqa ədgü asīqī
bu asīqī bilə buldī mənü tatīqī

2757 kəni bolsa yalŋuk̡ küni ədgü ol
küni ədgü bolsa k̡utī mənü ol

2758 nəgü tər əxitgil baqīrsak̡ səzi
bu səz ixkə tutqīl ay azun təzi

2759 kəŋül til kəni tut k̡īlīnqīn pütün
saŋa kəlgə dəwlət bu dunya pütün

C155
2760 kəni bolduŋ ərsə k̡utadqay künüŋ
sələmət tirilgil səvinqin k̡utun

2749 كىشى كۆرسە ئالتۇن ئۆزى يۇمشىدى،
يىرىك سۆزلۈك ئەرنىڭ سۆزى يۇمشىدى.

2750 تېپىپ بەخت، كۆپەيسۇن دىسە مال-تاۋار،
كۆزى توق، پەيلى ئۇز بولسۇن غەزنىدار.

2751 تولا مال كۆرۈپ بولسا تويغان كۆزى،
يەنە بولسا قورقار خۇدادىن ئۆزى؛

2752 هالال هەم هارامنى ئىچىپ ئايرىسا،
يارامىلىق، يارامسىزنى خوپ بايقىسا.

2753 كۆزى توق كىشىلەر مېلىڭ كۆزلىمەس،
دۇرۇس چىن كىشىلەر ئۆزىن بۇلغىماس.

2754 كىچىكلىكتە كۆرگەن بولسا كۈمۈش-زەر،
ئۇنىڭدا كۆپ ئولماس ھېرىسلىق مەگەر.

2755 ئۆزى بولسا قورقار خۇدادىن ئەگەر،
تۇتار شۇبھىسىز توغرا يولنى بۇ ئەر.

2756 دۇرۇسلۇق—دەسمايە، نەپىي ياخشىلىق،
بۇنىڭلە تېپىلغاي مەڭگۈ تاتلىقلىق.

2757 دۇرۇس بولسا ئىنسان، كۆنى ئەزگۇدۇر،
كۆنى ياخشى بولسا، قۇتى مەڭگۇدۇر.

2758 كويۇمچان نەدەيدۇ، ئىشىتكىن سۆزى،
بۇ سۆزگە ئەمەل قىل، جاھان يىلتىزى:

2759 كوڭۇل، تىلنى تۈز تۇت، قىلىقنى پۈتۈن،
كېلۇر ساڭا دەۋلەت بۇ دۇنيا پۈتۈن.

2760 ئەگەر توغرا بولساڭ قۇتاتقاي كۈنۈڭ،
سالامەت ياشا سەن سويۇن ھەم قۇتۇن.

2761 baqïrsak kərək həm oduq sak tətik
tətiklik bilə ər kïlur min ətik

2762 uvutluq kərək həm yəmə eg kenül
uvutsuz kixidə yïrak tur tenül

2763 uvut ol tïdïqlï yaraqsïz ixig
uvut ol ətər kïlkï artak kixig

2764 bor iqməz kərək həm ezin tutquqï
ezin tutquqï ər kutuq tapquqï

2765 bor iqsə akïlïk kïlur ol nənin
kixikə ülər nən alumaz tənin

2766 bu ixkə aqïqï saran ədgürək
saranlïk bilə nən küdəzgü kərək

2767 baqïrsak tapuqqï ker ezkəy bolur
bu ezkəy tapuqqï begin bay kïlur

2768 baqïrsak kixi ol kixi edrümi
baqïrsaknï bək tut ay ər kedrümi

2769 aqïqï oduq bolsa ix artamaz
sakïxlïq tutar nən ezin ertəməz

2770 egi bolsa yalnuk unïtmaz bolur
sanu saknu ixlər yanïlmaz bolur

2771 unïtqan bolur kersə egsüz kixi
bu egsüz aqïqï buzar ez ixi

2772 tətiklik kərək kïlsa türlüg sakïx
tətik bolmaqïnqa kalï adrar ix

2761 كويۇمچان، ساق، ئويغاق، كېرەك تېتىكلىك،
تېتىكلىك بىلەن ئەر قىلۇر مىڭ ئىشىك[145].

2762 ئۇياتلىق كېرەك ھەم ئاقىل، كۆڭلى ئاق،
ھاياسىز كىشىدىن يىراق تۇر يىراق.

2763 يامان ئىشتىن تۇسار ئەرنى بۇ ئۇيات،
يامانىنى تۈزەتۇر يانا شۇ ئۇيات.

2764 مەي ئىچمەي بولسۇن ئۇ ئۆزىن تۇتقۇچى،
ئۆزىن تۇتقۇچى ئۇ بەخت تاپقۇچى.

2765 مەي ئىچسە مېلىغا سېخىلىق قىلۇر،
كىشىگە بېرىپ مال ئالالماي قالۇر.

2766 غەزىنە ئىشىغا بېخىل ياخشىراق،
بېخىللىقلە مالنى كېرەك ساقلىماق.

2767 كويۇمچان خىزمەتچى ۋاپالىق بولۇر،
ۋاپالىق خىزمەتچى بېگىنى باي قىلۇر.

2768 كىشىنىڭ خىلى ئۇ كويۇمچان كىشى،
كويۇمچاننى چىڭ تۇت، ئەي ئوبدان كىشى.

2769 ئويغاق غەزىنچى ئىشنى بۇزماي قىلار،
ئۆزىن ئۇرتمەس، مال ھىساپلىق تۇتار.

2770 ئەقىللىق كىشىلەر ئۇنۇتماس بولۇر،
ھىساپلاپ قىلۇر ئىش يېڭىلمەس بولۇر.

2771 ئۇنۇتقاق بولۇرلەر ئەقىلسىز كىشى،
ئەقىلسىز غەزىنچى بۇزار ئۆز ئىشى.

2772 زەكىلىك كېرەكتۇر قىلىشقا ساقىش،
زەكى بولمىسا گەر بۇزۇلۇر كوپ ئىش.

2773 bitikqi kərək uz kamuoq həţ bilir
sakïxïoq bitikin küdəzsə kalïr

C156
2774 bitikqi küdəzgü kirix həm qïkïx
bitikin küdəzgü kamuoq türlüg ix

2775 yïl ay əd bitisə künï bəlgülüg
aqukluoq adïrtlïoq sanï bəlgülüg

B206
2776 sakïx saklïkï qïn bitik birlə ol
bitip kodsa sakïx kapuoq aqtï yol

2777 nəgü tər əxitgil baoqïrsak kixi
sakïx birlə bək tutoqu ixqi ixi

2778 bitiksiz ixig bək tutumaz kənül
kənülkə ïxanma biti ay ooqul

2779 bitisə kalïr səz usansa barïr
usal bolsa ixqi sakïxta ulïr

2780 bilir bolsa təgmə bu türlüg bitik
anïn saklasa ətrü kïlsa ətik

2781 sakïxta usansa kayu ixqilər
sakïx bərdükində ulïr bax qalar

2782 əlig sakïxïn bilsə artuk yətə
pïxursa əgi kənli sakïx tuta

2783 əlig sakïxïnda kəqər ərsə sən
kərək həndəsə sakïxï tutsa sən

2784 kərü barsa yinqkə sakïx həndəsə
munï birlə yər kək bolur ol sasa

2773 ئۇ بولسۇن يېزىش ھەم چىزىش ماھىرى،
ھىساۋات تۇتۇشقا بولسۇن ھۇنىرى.

2774 بىتىكچى كۆزەتسۇن كىرىش ھەم چىقىش،
يېزىپ ھەم كۆزەتسۇن پۈتۈن تۈرلۈك ئىش.

2775 يىل، ئاي، كۈن يېزىلسا ۋاقىت ھەم ئېنىق،
بىلىنگەي رەقەم-سان ئايرىم ۋە ئوچۇق.

2776 ھىساپ ساقلىغى چىن يازۇ بىرلە ئول،
ھىساۋات يېزىلسا، كەڭ ئېچىلۇر يول.

2777 نىمە دەيدۇ، ئاڭلا، كويۇمچان كىشى،
ھىساپ بىرلە خادىم چىلىك تۇتسۇن ئىشى:

2778 پۈتۈلمىسە ئىشنى تۇتالماس كوڭۇل،
كوڭۇلگە ئىشەنمە، پۈتى ئەي ئوغۇل.

2779 پۈتۈلسە، قالۇر سوز، غەپلەتتە كېتەر،
ھىساۋاتتا غاپىل ئازاپلار چېكەر.

2780 غەزىنىچى بىلسۇن ئۇ تۈرلۈك بىتىك،
ئۇنى ساقلىسۇن ھەم ئۇ قىلسۇن ئىتىك.

2781 خىزمەتچى ھىساپتا غاپىل بولسا گەر،
ھىساپ ۋاقتىدا باش ئۇرۇپ ئىگىرەر.

2782 ئىگەللەپ تۇت ئەمەلنى چىلىك، غەزىنىدار،
ھىساپتا كوڭۇلنى تۇتسۇن بەر قارار.

2783 ھىساپتا تۇت ئەمەل ئۇقۇقاچ، كېيىن سەن،
شۇغۇللان يەنە ئۇ ھەندىسە[146] بىلەن.

2784 بۇ ئىلمى ھەندىسە ئىنچىكە ئىشتۇر،
يەر-ئاسمان ھىساۋى شۇ بىلەن بولۇر.

2785 nəgü tə̣r əxitgil ay bilgə bəgü
biliklig səzi bolsa ax təg yə̣gü

2786 ə̣ḍi mə patïɣ ḥəndəsə saḳïxï
anïn təzginür kər ḥəkimlər baxï

2787 əvin təg yarïr bu yə̣ti ḳat kəküg
aḍïrttï səqim təg yə̣r ərsə ḳaxï

2788 biliklig uḳuxluɣ kərək ḳïlḳï tüz
uḳuxluɣ kixilər ixi barqa uz

C157
2789 biliklig kixilər bolur qïn kəni
kəni ḳayda bolsa yaruyur küni

2790 uḳux olmasa ər əzin tutnumaz
bilik bolmasa ər ixin ə̣tnüməz

B207
2791 bolur ḳarxï iqrə aɣïqï ixi
əzin kəḍ kəḍəzgü bu yaṇlïɣ kixi

2792 kəṇül til kəni tutsa ḳïlḳï pütün
aṇar təgməsə ot yalïnï tütün

2793 kəzi kəḍ küḍəzsə tilin bəkləsə
uḳux birlə arzu ḥəwaɣ ərkləsə

2794 kəzün kərsə ətrü kəṇül arzular
kəṇül arzu ḳolsa anï kim yïɣar

2795 kəṇül bəg turur yə̣ti əndam əzə
bəgi baxlasa boḍnï yügrür tüzə

2796 ə̣ḍi yaḳxï aymïx biliklig səzüg
ay ərsig küḍəzgil kəṇülüg kəzüg

2785 نەدەر ئالىم ھېكىم، ئىشتىكىن تولۇق،
بىلىملىك سوزى ئاش كەبى بىر ئوزۇق:

2786 بۇ ئىلمى ھەندەسە ئېرۇر بەك چۇقۇر،
ئۇنىڭدا ھېكىملەر بېشىمۇ قايۇر.

2787 يارار ئۇ يەتتە قات كوكنى داندەك،
چۇقۇر-دوڭنى ئۇششاق قىلىپ ئاجرىتۇر.

2788 كىشى بول بىلىملىك، ئاقىل كوڭلى تۈز،
ئەقىللىق كىشىلەر ئىشى بارچە ئۈز.

2789 بىلىملىك كىشىلەر بولۇر چىن كونى،
دۇرۇس قايدا بولسا يورۇيدۇ كۈنى.

2790 تۇتالماس ئوزنى ئەر ئەقىل بولمىسا،
قىلالماس ئەر ئىشنى بىلىم بولمىسا.

2791 سارايدا بولۇر بۇ غەزىنچى ئىشى،
ئوزىن ساقلىغاي بەك بۇ ياڭلىغ كىشى.

2792 تۈز ئولسۇن كوڭۇل-تىل، قىلىغى پۈتۈن،
دىسە تەگمىسۇن ئوت يالىنى-تۈتۈن.

2793 كوزىنى كۈزەتىپ، تىلىن ساقلىسۇن،
ھەۋەسنى ئەقىل بىرلە تىزگىنلىسۇن.

2794 كوزۇڭ كورسە كوڭلۇڭ ئۇنى ئارزۇلار،
كوڭۇل ئەتسە ئارزۇ ئۇنى كىم توسار؟

2795 كوڭۇل يەتتە ئەزا ئۈزە ھوكۇمران،
يۇگۇرەر ئەل چوقۇم، باشلاپ ماڭسا خان.

2796 ئەجەپ ياخشى دەپتۇ بىلىملىك بۇ سوز،
ئەي باتۇر، كۈزەتكىن كوڭۇل بىرلە كوز:

2797 ət ez yə̣ti əndam keņülkə uḍar
kenül birlə yalņuķ aoqir yük yüḍər

2798 tükəl sir bə̣diz ol keņülsüz kixi
keņülsüz kixi bilgə atin yoḍar

2799 kərək əlgi bərk saķ kərəksiz aķi
saqilmasa etrü aoqi ķaznaķi

2800 aķilik ə̣ḍi kəḍ ani ķoḍmaoqu
kixi nəņi birlə aķi bolmaoqu

2801 satioqqi kərək bilsə türlüg satioq
satioq bilməsə ər ķilumaz asioq

C158
2802 ķamuoq nəņ tavarioq bilikli kərək
aoqirin uquzun uķuoqli kərək

2803 bilir bolsa ķiymət ol arsiķmasa
satioqda tavioqda nəņ alsiķmasa

2804 alimķa bə̣rimkə oņay bolsa ez
uluoqķa kiqigkə süqig tutsa sez

2805 nəgü etnü alsa yana bə̣rsə tərk
aņar bə̣rgələr nəņ ķaqan ķolsa tərk

B208
2806 satioqķa oņay bolsa ķilķi keni
aņar əksüməz nəņ kərəklig küni

2807 ķali bə̣rsə bəglər ər atķa aqioq
təgürsə ani bolmasa yüzdə qioq

2808 aqioq tiḍsa ixqi ər at keņli sir
ər at keņli sinsa alir bəgkə kir

2797 ۋۇجۇت، يەتتە ئەزا كوڭۇلگە باقار،
كوڭۇل بىرلە ئىنسان ئىگىز يۇك ئالار.

2798 تامام بىر سۇرەتتۇر كوڭۇلسىز كىشى،
كوڭۇلسىز كىشى ئىلىم ئاتىن بۇزار.

2799 قولى چىڭ، ساق ئۇلسۇن ئۇ بولماي سېخى،
غەزىنە مېلىنى چاچمىسۇن تېخى.

2800 سېخىلىق بەك ياخشى، تاشلىماس كېرەك،
لېكىن خەلق مېلى بىرلە قىلماس كېرەك.

2801 ئۇ بىلسۇن تىجارەت يولىنى هامان،
ئۇنى گەر بىلەلمەس، تاپالماس هايان.

2802 پۈتۈن مال-تاۋارنى ئۇ بىلمەك كېرەك،
باهالىق، باهاسىزنى ئۇقماق كېرەك.

2803 باهانى ئۇ بىلسۇن ۋە ئالدانمىسۇن،
ئېلىپ مال-ساتاردا زىيان تارتمىسۇن.

2804 ئېلىم هەم بېرىمدە بولسۇن مۇلايىم،
ئۇلۇغ هەم كىچىككە چۈچۈك سوز دائىم.

2805 نىمە ئوتنە ئالسا، ئۇنى بەرسە تېز،
ئۇ سورسا ئوزگىلەر بېرەر شۇبهىسىز.

2806 ئۇ بولسا ئال-ساتتا مۇلايىم كونى،
كېمەيمەس ئۇڭا مال كېرەكلىك كۈنى.

2807 ئەگەر قىلسا ئىنئام ئەسكەرلەرگە خان،
ئوچۇق يۈز بىلەن ئۇ بەرسۇن شۇ زامان.

2808 گەر ئېهسان توسالسا، قوشۇن دىل بۇزار،
قوشۇن كوڭلى سۇنسا، بەككە داغ يۇقار.

2809 nəgü tẹr əxitgil aķïlar baxï
ķeņülkə alïnƣïl ay qïrƣuy kixi

2810 səvərig səvügsüz ķïlayïn tẹsə
tilin ayƣu nəņni tïḍïp bẹrməsə

2811 ayïp bẹrməgü nəņ tilin aymaƣu
tilin aydïņ ərsə anï tïḍmaƣu

2812 sezin ķïysa bəglər umïnq ketrülür
umïnq ķẹtti ərsə nəniņ ķotrulur

2813 oḍuƣ saķ kərək kəḍ kərəksiz azaķ
azaķ bolsa ixqi bolur ix uzaķ

2814 bu bəglərkə tapnur tapuƣqï ķamuƣ
muņaḍïp kəlip tuttï tapƣun ķapuƣ

2815 maņaḍsa tapuƣqï əlig tarlïķïn
bəgi əxtip ïḍsa aqïƣ yarlïƣïn

2816 uzatsa aƣïqï bu nəņ bẹrməsə
muņaḍmïx tapuƣqï teņülgəy basa

C159
2817 kərəkində bulsa kixi ez muņï
yam ərsə yaņanqa bolur ol təņi

2818 nəgü tẹr əxitgil bu kekqin saņa
muņaḍmïx muņïņa yara ay toņa

2819 tiləmixtə bulsa tiləgli nəņin
yanut ķïlsa bolmaz janïnda eņin

2820 kərək eḍtə bir yam yaņanqa bolur
ķamuƣ nəņkə yaņzaƣ munu bu təņin

2809 نىمە دەيدۇ، ئاڭلا، سېخىلەر بېشى،
بۇنى تۇت دىلىڭدە، ئەي يوقسۇل كىشى:

2810 ئەگەر دوستنى دۇشمەن قىلايىن دىسەڭ،
كېپايە، سورالىغان نەرسىنى بەرمىسەڭ.

2811 بېرىلمەس نىمىنى دىمىسۇن تىلىڭ،
خىلاپلىق قىلما سەن نىمىكى دىدىڭ.

2812 ئەگەر بەگ سوزىدە ئۇ تۇرماس بولۇر،
ئىشەنچىسىز بولۇر ئۇ، مالمۇ يوقۇلۇر.

2813 بوشاڭلىق كېرەكمەس، ساق-ئويغاق كېرەك،
بوشاڭ بولسا ئىشچى ئىش ئاقسار، دىمەك.

2814 قىلار بەككە خىزمەتىنى خادىم پۇتۇن،
كېلىپ تۇردى ئىشكىتە ھاجەت ئۇچۇن،

2815 خىزمەتچى ھاجاتمەن بولسا، قىسىلىپ،
ئاڭا بەگ ئېھسان ئەتسە يارلىق قىلىپ،

2816 ئۇنى غەزنىچى گەر بەرمىسە سوزۇپ،
ئۇ مۇھتاج خىزمەتچى كېتەر يۈز ئورۇپ.

2817 كىشىگە تېپىلسا دەل كېرەك نىمە،
بىلىنگەي پىل كەبى ئۇ خەستەك نىمە.

2818 ئىشتىكىن، نىمەدەر ئاق چاچلىق ساڭا،
ھاجەتمەن مۇڭىغا يارا، ئەي توڭا:

2819 تىلەگەنگە تېپىلسا تىلەگى ئەگەر،
جاۋابىغا جانىن ئۇ پىدا ئېتەر.

2820 كېرەك ۋاقتا بىر خەس بولۇر پىلغا تەڭ،
جىمى نەرسىگە بۇ ئوخشىشىپ كېتەر.

B209

2821 bu yaṇlïƣ ḳixi bulsa əmdi ə̣lig
ukuxluƣ biliklig uvutluƣ silig

2822 aṇar bə̣rsə bolƣay aƣï ḳaznaḳï
ïnansa yaraƣay küḍəzsə ḥəḳï

Ə̣LIG SUALI ƟGDÜLMIXKƏ

2823 ə̣lig aydï uḳtum yaruttuṇ mə̣ni
taḳï bir sөzüm bar ayu bə̣r anï

2824 ayaḳ tə̣rgi baxlar bu ax baxqïsï
nəgü təg kərək ayƣïl ax ixqisi

2825 sə̣ziksiz yə̣sə bəg anïṇdïn axïƣ
ïnansa aṇar bəg küḍəzsə baxïƣ

2826 ə̣ḍi tərs turur bu ax iqkü yə̣gü
sə̣ziklig kixidin yə̣sə ay bөgü

2827 munï ma ayu bə̣rgil əmdi maṇa
biləyin uḳayïn ay ərsig toṇa

2821 ئۇياتچان، مۇلايىم، ئاقىل، بىلىملىك —
كىشىنى ئەگەرچە تاپىقاندا ئىلىگ،

2822 بولۇر ئۇڭا تۇتقازسا مال-غەزنىنى،
ئىشەنسە ئاڭا ھەم ئۇتەپ ھەققىنى.

ئىلىگنىڭ ئۇگدۇلمىشكە سوئالى

2823 ئىلىگ ئېيتتى: ئۇقتۇم، يورۇتتۇڭ مۇنى،
يەنە بىر سوزۇم بار، دىگىن سەن ئۇنى.

2824 باش ئاشپەز سارايدا داسقان باشقۇرار،
شۇنى ئېيت، نىچۇك ئەر بۇنىڭغا يارار؟

2825 گۇمانسىز ئۇنىڭدىن يىسە ئاشنى خان،
ئىشەنسە ئاڭا، باش ساقلانسا ئامان.

2826 ئەي دانا، ئىشەنچسىز قولىدىن يىمەك —
يا ئىچمەك تولا تەس بىر ئىشتۇر، دىمەك.

2827 مۇنى بەرگىن ئېيتىپ سەن ئەمدى ماڭا،
بىلەيمەن، ئۇقايمەن، ئەي جەسۇر تونگا.

36

ƟGDÜLMIX Ə̣LIGKƏ AX BAXQ̣Ï HAN SALAR NƏGÜ TƏG KƏRƏKIN AYUR

2828 yanut bə̣rdi ɵgdülmix aydï ə̣lig
bu ixkə pütün ər kərək kəḍ silig

2829 kixidə talusï kɵni qïn kixi
ɵḍürgü aṇar bə̣rgü ax suv ixi

C160

2830 bu ixkə ə̣ḍi qïn pütün ər tilə
baƣïrsaķ tapuƣsaķ uvutï bilə

2831 baƣïrsaķ tapuƣqï pütün qïn kixi
bəgiṇə yuluƣlạr ət ɵz jan baxï

2832 boƣuzdïn bolur barqa bəgkə həṭər
ixin ķïlsa axqï anï kim yətər

2833 ķamuƣ yə̣rdə bəglər küḍəzgü ɵzin
yə̣gü iqgüdə aqƣu saķlïķ kɵzin

ئوتتۇز ئالتىنچى باپ

باش ئاشپەزنىڭ قانداق بولۇشى لازىملىغى توغرىسىدا ئۆگدۈلمىشنىڭ ئېلىگكە ئېيتقانلىرى

2828 جاۋابەن ئۆگدۈلمىش دېدىكى: ئەي خان،
بۇنىڭغا كېرەك بىر كامىل، پاك ئىنسان.

2829 كىشىلەر ئارا چىن، توغرا بىر كىشى —
تېپىلسا، شۇ قىلسۇن بۇ ئاش-سۇ ئىشى.

2830 بۇ ئىشقا تولا چىن، دۇرۇس ئەر تىلە،
كۆيۈمچان ۋە ئىشچان ئۇياتلى بىلە.

2831 كۆيۈمچان خىزمەتچى دۇرۇس چىن، كىشى،
بېگىگە بېغىشلار تەنۇ-جان، بېشى.

2832 كېلەر بەككە كالدىن جىمىكى خەتەر،
ئاش ئەتكەندە ئاشپەزنى كىم كۆزىتەر؟

2833 پۈتۈن يەردە بەگلەر كۆزەتسۇن ئۆزىن،
يىمەكتە، ئىچىشتە ئۇ ئاچسۇن كوزىن.

B210

2834 boḍun baxlar ərkə bolur miŋ yaƣī
yaƣī bolsa kimkə yaḍïƣlïƣ aƣī

2835 pütün qīn pīxïƣ bolmasa bu kixī
həṭərlïƣ bolur axta bəglər ixi

2836 muŋar kə̣qki əski tapuƣqī kərək
aqīnu süqinü axīn bə̣rsə tərk

2837 təlim tapƣī ərsə əküx əmgəki
aŋar pütsə boloƣay aqīnmīx bəgi

2838 nəgü tə̣r əxitgil kixi əḍgüsi
ķalī təŋləmix təg uķux bəlgüsi

2839 ķayu nəŋkə əmgək ķatīlsa əküx
səvüg boldī ol nəŋ ķamuƣda kəsüx

2840 ķayu nəŋkə īḍsa tiriglik kixi
səvüg boldī ol nəŋ səvüg jan tuxī

2841 tiriglik ə̣siz ərməz əmgək ə̣siz
bu əmgəkkə bə̣rməz tiriglik ə̣siz

2842 tiriglik barīr ər aqīmaz tilin
yava bolsa əmgək aqīr kə̣q yīlīn

2843 kəzi toķ kərək kəḍ yə̣mə kəŋli bay
arīƣlīķ kərək hə̣m yüzi kərki ay

2844 saķinuķ kərək din xəri'ə̣t bilir
bu mundaƣ kixidin pütünlük kəlir

C161

2845 arīƣ boldī bəglər tadusī əzi
arīƣ bolmasa ax ķaqan yə̣r ķozī

2834 خەلق باشلار ئەرگە بولۇر مىڭ يېغى،
ھەممىشە قۇرۇقلۇق يېغى تۇزىغى.

2835 بولمىسا پۈتۈن، چىن، پىششىق بۇ كىشى،
خەتەرلىك بولۇر ئاشتا بەگلەر ئىشى.

2836 بۇڭا لازىم كويۇمچان، كونا ئۇستا،
قىلىپ ئاشنى تەملىك بەرسە ۋاقتىدا.

2837 تولا بولسا كورسەتكەن ئىش ـ ئەمگىكى،
ئۇنى تەقدىرلىگەي ئىشەنىپ بېگى.

2838 نىمە دەر، ئىشتىكىن، ئەقىل بەلگىسى،
بۇنىڭغا مۇناسىپ كىشى ياخشىسى:

2839 قوشۇلسا نىمىگە تولا ئىش ـ ئەمگەك،
سويۇملۇك، ئەزىز ھەم بولار تولا بەك.

2840 كىشىكىم نىمەگە سەرپ ئەتسە ئۇمۇر،
ئۇ نەرسە سويۇملۇك، جان كەبى بولۇر.

2841 ئۇمۇرگە نە ئەپسۇس، ئەمگەككە ئىست،
ئەمگەكسىز ئۆتكەن بۇ ئۇمۇرگە ئىست.

2842 ئۇمۇر كەتسە ئەرلەر ئىچىنماس، بىراق،
زايە بولسا ئەمگەك ئىچىنغاي ئۇزاق.

2843 باش ئاشپەز كوزى توق، بولسۇن كوڭلى باي،
ئۆزى پاكىزە ھەم يۈزى كوركى ئاي.

2844 ئۇ بولسۇن تەقۋادار، شەرىئەت بىلەر،
بۇنىڭدەك كىشىدىن دۇرۇسلۇق كېلەر.

2845 بۇ بەگلەر تادۇسى[147] تازا، پاك ئېرۇر،
تازا بولمىسا ئاش، نىچۈك يېيىلۇر؟

2846 arïγ bolsa axqï arïγ ax bərür
arïγ bolsa ax suv səvə kəḍ yəlür

2847 kezi suḳ kixi axḳa sukluḳ ḳïlur
əlig təgrür axḳa axïγ artarur

2848 kezi suḳ kixiniŋ ḳïlïnqï yig ol
ḳïlïnq yigliki ərkə təŋsiz ig ol

B211
2849 nəqə mə pütün qïn ər ərsə keni
anïŋda pütün qïn ezüŋ bil munï

2850 pütün tutγu barqa kixig qïn pïxïγ
ezüg kəḍ saḳïnγu küḍəzgü baxïγ

2851 munar məŋzətü kəldi əmdi bu sez
unïtma bu sezni aya əḍgü ez

2852 ḳamuγnï pütün tut keḍəzgil ezüŋ
ezüŋkə baγïrsaḳ səniŋ ez kezüŋ

2853 ḳamuγda 'əzizrək bu janïŋ 'əziz
'əziz jannï bək tut uzatma sezüŋ

2854 yüzi kerki kerklüg kərək ḳïlḳï uz
yülüg bolsa boḍluγ tili keŋli tüz

2855 bu kerklüg kixi kezkə kernür arïγ
arïγ bolmasa ax boγuzḳa ḳarïγ

2856 arïγlïγnï səvmix turur bir bayat
arïγlïḳ bilə ər bulur əḍgü at

2857 arïγlïγnï barqa kixilər tilər
arïγ bolsa ax suv kixi arzular

2846 تازا بولسا ئاشچى، تازا ئاش بېرۇر،
تازا بولسا ئاش-سۇ، سويۇپ يېيىلۇر.

2847 كوزى ئاچ كىشى ئاشقا ئاچلىق قىلار،
تاماققا تىقىپ قول، تاماقنى بۇزار.

2848 كوزى ئاچ كىشىلەر قىلىقسىز بولۇر،
قىلىقسىزلىق كېسەلدۇر، تېگى يوق ئېرۇر.

2849 ئىشەنچلىك بولسا ئەر قانچە چىن، كونى،
ئۇنىڭدىن ئىشەنچلىك ئۆزۈڭ، بىل مۇنى.

2850 يېتۈك، چىن كىشىگە پۈتۈن ئىشەنچ ئەت،
بولۇپ ھوشيار، ئۆزۈڭنىڭ بېشىنى كۆزەت،

2851 كېلۇر بۇ سوز بولۇپ بۇنىڭ ئوخشىشى،
ئۇنۇتما بۇ سوزنى، ئەي ياخشى كىشى:

2852 ئىشەن ھەممىگە-يۇ، كۆزەتكىن ئۆزۈڭ،
ساڭا مېھرىۋانراق سېنىڭ ئۆز كوزۈڭ.

2853 ئەزىزراق ئېرۇر بۇ ھەممىدىن جېنىڭ،
ئەزىز جاننى بەك تۇت، ئۇزاتما سوزۈڭ.

2854 يۈزى، ھوسنى كوركەم بولسۇن خۇلقى ئۆز،
ساقال-چاچى رەتلىك، تىلى-كوڭلى تۈز.

2855 بۇ كوركەم كىشى كوزگە كورۈنۇر ئېرىغ،
ئېرىغ بولمىسا ئاش بوغۇزغا قېرىغ.

2856 سويەر پاك-ئېرىغلىقنى ئۇ بىر بايات،
ئېرىغلىق بىلەن ئەر تاپۇر ياخشى ئات.

2857 ئېرىغلىقنى ھەممە كىشىلەر تىلەر،
قىلۇر ئارزۇ ئاش-سۇ تازا بولسا گەر.

2858 yïraķ tutoɋu axta arïɋsïz kixi
arïɋsïz kixiniŋ arïɋsïz ixi

2859 kənilik kərək ḥəm pütün qïn ķïlïķ
kəni bolmasa ər tüzüməz yorïķ

C162
2860 ķalï əgri bolsa bu ax baxqïsï
ķamuɋ əgri boldï anïŋ ixqisi

2861 yumïtsa ķalïn yig bu ax oɋrïsï
ķaqan kərki kəlgəy bəgi tẹrgisi

2862 kənilik kərək ərkə əḍgü ķilïnq
anïn bulsa ətrü tiləmix səvinq

2863 nəgü tẹr əxitgil kəni ķïlķlïɋ ər
kəni ķïlķï bolsa aẓun pütrü yẹr

B212
2864 kəni ķayda bolsa ķutaḍur küni
tünərməz küni ər yorïsa kəni

2865 hiyanət ķayu yẹrdə ursa aḍaķ
asïɋ bẹrgü barq̣a ķaqar kəḍ yïraķ

2866 hiyanət kixi ķayda sunsa əlig
təŋiz ərsə suɋlur ķurïtur yẹrig

2867 baɋïrsaķ kərək kəḍ bəgini səvər
uvutluɋ kərək kəḍ əzini yïɋar

2868 uķuxluɋ kərək ḥəm biliklig kərək
əḍi bolsa axķa ẹriglig kərək

2869 tərüqə yorïsa tapuɋ ķïlsa əz
kirürdə qïķarda kəni tutsa kəz

2858 يېقىن كەلمىسۇن ئاشقا ناپاك كىشى،
ئېرىنگىسىز كىشىنىڭ ئېرىنگىسىز ئىشى.

2859 ئۇ بولسۇن توغرا، چىن، قىلىقتا راستگۆي،
دۇرۇس بولمىسا ئەر تۈزەلمەيدۇ خۇي.

2860 ئەگەر ئەگرى بولسا بۇ ئاش باشچىسى،
پۈتۈن ئەگرى بولدى ئۇنىڭ ئىشچىسى.

2861 يىغىلسا تولا بىر توپ ئاش ئوغرىسى،
قاچان داسقىنى بەگنىڭ ئۆز بولغۇسى؟

2862 كىشىگە دۇرۇسلۇق، ئۆز خۇلۇق كېرەك،
كېلۇر بۇ بىلەن ئۇ تىلىگەن تىلەك.

2863 نىمە دەر، ئىشىتكىن، خۇلقى دۇرۇس ئەر،
دۇرۇس بولسا دۇنيا نېمىتىنى يەر:

2864 دۇرۇس قايدا بولسا قۇتاتۇر كۈنى،
قارايماس كۈنى، ئەر گەر بولسا كونى.

2865 خىيانەت قەيەرگە گەر باسسا ئاياق،
قاچار پايدىلىق ئىش ھەممىسى يىراق.

2866 خىيانەتچى نەگە قول سۇنسا ئەگەر،
دېڭىزمۇ سوغىلار، قۇرۇپ كېتەر يەر.

2867 باش ئاشپەز بېگكە بولسۇن كويۇمچان،
يىغىپ نەپسىنى ئۇ بولسۇن ئۇياتچان.

2868 ئەقىللىق كېرەك ھەم بىلىملىك كېرەك،
تاماق ۋاقتى بولسا، تېتىكلىك كېرەك.

2869 نىزاملىق يۈرۈپ ئۇ ئىشلىسۇن ئۆزى،
كىرەردە-چىقاردا تۈز ئولسۇن كۆزى.

2870 uķux ixkə tutsa küḍəzsə ɵzin
bilik ixkə tutsa tīḍusa ķɵzin

2871 wəfa ķīlsa bəgkə tiləp əḍgü at
ol at birlə əḍgü ķalīr məŋü at

2872 uķuxluɋ kixilər at əḍgü ķolur
biliklig kixilər īnanqlīɋ bolur

2873 uķuxluɋ kixidin kixilik kəlür
biliklig kixilər kixisi bolur

2874 nəgü tə̣r əxitgil uķuxluɋ kixi
uķuxluɋ kixi ol kixidə baxī

C163
2875 uķuxluɋ wəfalīɋ kixi tüzüni
yuluɋlar kixikə ķamuɋ ɵzini

2876 arīɋsīz jəfalīɋ ķīlīnqī otun
ķalī aydī ərsə ķīyar sɵzini

* * *

2877 munu aydīm əmdi ay ə̣lig kixi
bu yaŋlīɋ kərək bolsa axqī baxī

B213
2878 kirip ɵtrü tə̣rgi ayaķ baxlasa
anīŋdīn bəgi ax sə̣ziksiz yə̣sə

* * *

2879 bu ərdi ay ə̣lig ɵzüm bilmixin
ayu bə̣rdim əmdi kɵŋül bulmīxīn

2870 ئەقىل بىرلە ئىشلەپ، كۆزەتسۇن ئۆزىن،
بىلىم بىرلە ئىشلەپ، تىيىسۇن كوزىن.

2871 ۋاپا قىلسا بەككە تىلەپ ئەزگۈ ئات،
ئۇ ياخشى ئىتلە قۇيۇر مەڭگۈ ئات.

2872 ئەقىللىق كىشى ياخشى نامنى كۈتەر،
بىلىملىك كىشلەر ئىشەنچلىك كېلەر.

2873 ئەقىللىق كىشدىن كىشىلىك كېلۇر،
بىلىملىك — كىشىنىڭ كىشىسى بولۇر.

2874 ئىشتكىن، نىمە دەر ئەقىللىق كىشى،
ئەقىللىق كىشى ئۇ كىشلەر بېشى:

2875 ئەقىللىق، ۋاپالىق ئەر ئىسىل ئېرۇر،
كىشلەر ئۇچۇن ئۇ جان پىدا قىلۇر.

2876 ئېرىنگسىز، جاپالىق، يامان خۇلۇقلۇق،
ئەگەر ۋەدە قىلسا، سوزىدىن يانۇر.

* * *

2877 دىدىم بۇنى ئەمدى، ئەي ھاكىم كىشى،
مۇشۇ خىلدا بولسۇن ئۇ ئاشچى بېشى.

2878 ئۇ سۇنسا ئاش-ئاياق، سېلىپ داستىخان،
يىسە ئاشنى بەگ ھىچ قىلماستىن گۇمان.

* * *

2879 شۇدۇر ئەي خاقانىم، مېنىڭ بىلگىنىم،
كوڭۇلدە نە كەچسە، مانا مەن دىدىم.

Ə̣LIG SUALI ƟGDÜLMIXKƏ

2880 ə̣lig aydï uķtum əxittim munï
taķï bir sөzüm bar ayu bə̣r anï

2881 maņa ayoqïl əmdi ïḍïxqï baxï
nəgü təg kərək ķïlsa iqgụ ixi

2882 ïnansa aņar bəg nə kөņli pütüp
alïp iqsə iqgü anï qïn tutup

* * *

ئېلىگنىڭ ئوگدۇلمىشكە سوئالى

2880 ئېلىگ ئېيتتى: ئۇقتۇم، ئىشىتتىم. بۇنى،
يەنە بىر سوزۇم بار، دىگىن سەن ئۇنى.

2881 ماڭا ئېيتقىن ئەمدى ئىچىملىك بېشى،
نىچۈك قىلماق كېرەكتۇر ئىچكۇ ئىشى؟

2882 ئىشەنسە ئۇڭا بەگ كوڭۇلدىن پۇتۇپ،
ئېلىپ ئىچسە مەينى، ئۇنى چىن تۇتۇپ.

37

ƟGDÜLMIX Ə̣LIGKƏ ÏḌÏXQÏ BAXÏ NƏGÜ TƏG KƏRƏKIN AYUR

2883 yanut bə̣rḍi ɵgdülmix aydï ə̣lig
muņar ma ə̣ḍi kəḍ yətürsü bilik

2884 ɵz igḍix kərək kəḍ sïnamïx yïlïn
kɵņül basmïx ərsə kɵnitmix yolïn

2885 pütün qïn baƣïrsaķ kɵzi kɵņli toķ
kɵni bolsa ķïlķï məŝəl atƣu oķ

2886 anïn ɵtrü bolsa ïḍïx tutƣuqï
yaraƣay bu ixkə yətilgəy küqi

C164
2887 ķamuƣ türlüg otlar ïḍïxqï tutar
guwarix ya mə'jun ya qurnï ķatar

2888 təlim türlüg otlar anïņda bolur
yə̣gü yalƣaƣu ot ya iqgü ķolur

ئوتتۇز يەتتىنچى باپ

ئىچمىلىك بېشىنىڭ قانداق بولۇشى لازىملىغى توغرىسىدا ئۆگدۈلمىشنىڭ ئېلىككە ئېيتقانلىرى

2883 جاۋابەن ئۇگدۇلمىش دىدى: ئەي ئېلىگ،
بۇڭا ھەم كېرەك كوپ يۇگۇرتمەك بىلىك.

2884 قېرىنداش يا كوپ يىل سىنالغان كېرەك،
يىغىپ نەپسىن، تۇز يولدا ماڭغان كېرەك.

2885 ئىشەنچلىك، كويۇمچان، كوزى-كوڭلى توق،
تۇز ئولسۇن خۇلقى ھەم مسالى بىر ئوق.

2886 ئۇ بولسۇن شۇ ياڭلىغ قەدەھ تۇتقۇچى،
ياساشقا مەينىمۇ يېتىشسە كۇچى.

2887 پۇتۇن دورا-ئوتنى ئىدىشچى[148] تۇتار،
جۇۋارىش، يا مەئجۇن، يا سۇرگە قاتار.

2888 ئۇنىڭدا تېپىلسۇن تولا دورىلار،
يىيىشكە، يالاشقا، ئىچىشكە تەييار.

2889 ķuruoq əl yəmix tut ya iqgü süqig
anīņdīn bolur bu booquzķa kəqik

2890 booquzdīn bolur barqa bəgkə hətər
booquz tatoqī axqī iḑīxqī tutar

B214
2891 bu axqī iḑīxqī pütün bolmasa
əḑi sarp bolur bəgkə iqsə yəsə

2892 nəgü tər əxit ay biliklig bəgü
booquz kəḑ küḑəzgü ax aķru yəgü

2893 booquzuoq küḑəzsə baxīņa asīoq
axīoq az yəsə bu aoqīzķa tatīoq

2894 əküx kərdüm ərni yava ķīldī bax
küḑəzmədi booqzīn ķovī ķīldī yax

2895 booquzdīn kirür ig kixikə kəmi
booquzdīn bolur ħəm aņar ot əmi

2896 uķuxluoq kərək ħəm bilik kəḑ bilir
uķuxluoq kixidin kixilik kəlir

2897 əsizkə ķatīlmaz uķuxluoq kixi
pütün qīn bolur bu biliklig ixi

2898 kəni ərməsə kəygəy ərdi ulun
kəni turmasa kər bolur ər bulun

2899 kəni bol sən ix ķīl ay ərsig bəgim
kənilikta taxtīn yoķ ərmix yəgim

2900 īḑīxqī baxī kəḑ ķoyuoq ər kərək
kəni tutsa ətrü kəņül əg yürək

2889 قۇرۇق-ھول يىمىش يا ئىچىملىك شاراپ،
ئۇنىڭدىن ئالار يول كېلىڭغا قاراپ.

2890 بۇ گالدىن بولۇر بەككە ھەممە خەتەر،
بۇ گال تاتقى ئاشچى، ئىدىشچى تۇتار.

2891 بۇ ئاشچى، ئىدىشچى سادىق بولمىسا،
بولۇر بەك قىيىن بەككە ئىچىبە-يىمە.

2892 نىمە دەر بىلىملىك ھېكىم، دىققەت ئەت،
تاماقنى ئاستا يە، كېلىڭنى كۆزەت:

2893 كېلىڭنى كۆزەتسەڭ، بېشىڭ ساقلىنار،
يىسەڭ ئاشنى ئاز-ئاز، ئېغىزغا تېتار.

2894 تولا كوردۇم ئەرنى زايە قىلدى باش،
كېلىنى كۆزەتمەي ھارام كەتتى ياش.

2895 كېسەل دەردى ئەرگە كېلىدىن كىرۇر،
ئۇنىڭ دورىسى ھەم ئېغىزدىن بولۇر.

2896 ئۇ بولسۇن ئەقىللىق بىلىملىك بىر ئەر،
ئەقىللىق كىشىدىن كىشىلىك كېلەر.

2897 يامانغا قوشۇلماس ئەقىللىق كىشى،
دۇرۇس چىن بولۇر بۇ بىلىملىك ئىشى.

2898 قاياتتى بۇ ئوق تۈز بولمىسا ئەگەر،
دۇرۇس بولمىسا گەر بولۇر تۇتقۇن ئەر.

2899 ئى باتۇر بېگىم سەن دۇرۇس بول تىرىش،
دۇرۇسلۇقتىن بولەك يوق ھېچ ياخشى ئىش.

2900 ئىدىشچى بېشى چاققان ئەر بولغۇلۇق،
يۈرەك ھەم نىيەتنى دۇرۇس تۇتقۇلۇق.

2901 kɵnilik ɵzə ixləsə ix pütün
yaķurmasa ɵzkə yaraƣsïz otun

C165

2902 ɵz əlgi bilə ķatsa iqgü kɵrüp
ɵzi bəkləsə ķoḍsa tamƣa urup

2903 yə̧gü iqgü ķatmïx ķamuƣ otlarïƣ
ɵz əlgi bilə ķatsa tutsa arïƣ

2904 ķuruƣ ɵl yə̧mix ya jüləngbin julab
ɵzi ķatƣu tutƣu bu barqa xərab

2905 aqïnu süqinü baƣïrsaķlïķïn
ïḍïxïn küḍəzsə ɵtəsə ḫəķïn

B215

2906 kirür ɵtrü əmgək bəgi tapƣïņa
ol əmgək tusulur ķulï asƣïņa

2907 ķayu nəņkə kirsə kixi əmgəki
ux ol nəņḍə boldï janïnïņ kɵki

2908 muņar məņzətü sɵzlədi sɵz silig
siliglər sɵzi kɵrsə barqa bilik

2909 ķayu nəņkə kirsə kixi əmgəki
səvüg boldï ol nəņ səvüg jan kɵki

2910 kixi əmgək iḍsa tiriglik iḍïp
anï səvgü yüḍgü yüḍürsə yüki

2911 bu yaņlïƣ bulunsa ïḍïxqï baxï
aņar bə̧rsə boloƣay ïḍïxqï ixi

2912 bu ixkə munï təg silig ər kərək
munïņ tapƣï kɵrki yarutsa yürək

2901 پۈتۈن ئىش دۇرۇسلۇق بىلەن قىلسۇن ئۇ،
يارامسىز، يامانىنى يولاتمىسۇن ئۇ.

2902 كورۇپ مەينى قولىلە ياسىسۇن ئۆزى،
بېسىپ تامغا تۇتسۇن، ساقلىسۇن ئۆزى.

2903 قوشۇپ ئىچمەك-يىمەككە دارى-دەرمەك،
ئۇنى ئۆز قولىلە پاك تۇتماق كېرەك.

2904 قۇرۇق-هول يىمىش، گۇل، هەسەل يا گۇلاپ-
قوشۇپ، قىلغاي ئۆزى، بۇ بارچە شاراپ.

2905 سويۇپ هەم كويۇنۇپ يولۇپ مېهرىۋان،
ئىدىشنى كۆزەتسۇن، ئوتەپ هەق هامان.

2906 شۇنىڭلە بېگكە ئەمگەكى سىڭار،
قۇلغا بۇ ئىش كوپ پايدىلىق بولار.

2907 قايۇ نەرسىگە سىڭسە ئەر ئەمگەكى،
بولۇر شۇ نەرسىدە جېنىنىڭ كوكى.

2908 بۇڭا ئوخشاپ كېلەر ئىسىللەر سوزى،
ئىسىللەر سوزىدۇر بىلىمىنىڭ ئۆزى:

2909 نىمەگە سىڭەر بولسا ئەر ئەمگەكى،
بولۇر ئۇ سويۇملۇك شىرىن جان كوكى.

2910 كىشى ئەمگەك ئەتسە ئۇمۇر سەرپ ئېتىپ،
ئۇنى سويسۇن، كوتەرسۇن ۋە بولسا يۆكى.

2911 تېپىلسا شۇ ياڭلىغ ئىدىشچى بېشى،
ئۇڭا بەرسە بولغاي ئىدىشچى ئىشى.

2912 بۇ ئىشقا بۇنىڭدەك تۈزۈك ئەر كېرەك،
ئۇنىڭ ئىشى، هوسنى يورۇتسۇن يۈرەك.

2913 munïņda basaķï bu boxoqutlarï
sakalsïz kərək barqa kerki yarï

2914 yalïņ yüzlüg oqlan tolun təg yüzi
boḑï tal ķara saq bəḑiz təg ezi

C166

2915 bẹli bolsa yïlmïķ yana yarnï kẹņ
erüņ bolsa ķïrtïx ķïzïl ķïzoqu əņ

2916 yaxïl kek sarïoq al aoqï ton kəḑip
axaoqu ketürsə yaraxur yorïp

2917 saķalsïz kərək bu ïḑïxqï arïoq
küḑəzilsə iqgüdə ķïl tü yamïoq

2918 ïḑïxta tü bolsa yâraoqsïz bolur
tü ax suvķa tüxsə tatïoqsïz bolur

2919 munïn aydï boloqay bilik bẹrgüqi
saķalsïz kərək tẹp ïḑïx tutoquqï

2920 ïḑïxqï arïoq bolsa kerklüg yüzi
anïņdïn sinər iqsə iqgü ķozï

B216

2921 nəgü tutsa kerklüg kixi ķïlķï uz
yaraxur alïr ker bu jan ülki kez

2922 nəgü tẹr əxitgil bu bəyt ayoquqï
əxitgil munï sən aya bilgüqi

2923 yüzi kerki kerklüg kərək ķïlķï uz
nəgü tutsa andïn tamar barqa tüz

2924 ķarïn aqmïx ərkə yüzi kersə ax
usup suvsamïxķa kerüp ķanoqusuz

2913 ئۇنىڭدىن بولەك بارچە ساقىلىرى،
ساقالسىز، گۈزەل ھەم بولسۇن يۈزلىرى.

2914 ئۇ بولسۇن ياش ئوغلان، تولۇنـدەك يۈزى،
بويى تال، قارا چاچ، سۇرەتتەك ئۆزى.

2915 بېلى نازۇك ئولسۇن، ھەم كەڭ يەلكىلىك،
تېنى ئاق، ئۆزى ھەم قىزىل مەڭزىلىك.

2916 يېشىل، كۆك، سېرىق، ھال يىپەك تون كىيىپ،
ياراشۇر يىمەكنى كۆتەرسە مېڭىپ.

2917 دىسە چۈشمىسۇن مەيـگە قىل، تۈك يا خەس،
ئېرىغ ۋە ساقالسىز بولـسۇن ساقى، بەس.

2918 قەدەھتە قىل ئولسا ئېرىغـسىز بولۇر،
تۈك ئاش-سۇغا چۈشسە تېتىقسىز بولۇر.

2919 شۇڭا ئېيتتى بولغاي بىلىم بەرگۈچى،
ساقالسىز بولغاي دەپ قەدەھ تۇتقۇچى.

2920 ئىدىشچى ئېرىغ بولـسا كۆركەم يۈزى،
ئۇنىڭدىن ئىچىلسە، سىڭەر مەي، قوزى.

2921 نىمە تۇتسا كۆركەم، خۇش پېيىل كىشى،
ياراشۇر، ئالۇر كۆز ھەم جان ئۈلۈشى.

2922 ئىشىتكىن، نىمە دەر بۇ بېيت ئېيتقۇچى،
بۇنى ئاڭلىغىن سەن، ئايا بىلگۈچى:

2923 يۈزى كۆركەم ئولسا، خۇلقى ئولسا ئۈز،
نە تۇتسا ئىچەر ئەر زەۋق بىلەن ھۇنۇز.

2924 بولۇر ئاش يۈزىنى كۆرمەك ئاچلارغا،
ئۇسسىغان كىشىگە بولۇر قانغۇسىز.

2925 ïḍïxqï baxï kər ux andaoı kərək
ïḍïx tutoıuqïlar bu mundaoı kərək

2926 ïnansa aŋar ətrü bəglər pütüp
yakïn tutsa boloıay pütün qïn tutup

* * *

2927 ay əlig kaq ixkə ər əḍrüm tilə
baoırsak kəzi tok uvutï bilə

2928 birisi yalavaq bitikqi biri
takï bir ïḍïxqï kər axqï biri

2929 bularïoı əḍi kəḍ talula birin
kalï tuxsa təŋsiz əkünmə yarïn

C167
2930 yalavaq bitikqi kalï bolsa yig
anïŋ yasï əlkə tokïr ay tətik

2931 ïḍïxqï ya axqï yig ərsə kalï
anïŋ yasï jan kər tiriglik ulï

2932 katïoılan ay əlig bu bir kaq kixig
talulayu əḍrü tutuzoıïl ixig

* * *

2933 yana aydï əgdülmix əlig kutï
bəḍük boldï bəglər ixi təg atï

2934 bəḍük ixtə təŋsiz bax aoırïoı bolur
bax aoırïoı kətürməsə bəglik kalur

2925 ئىدىشچى بېشى، كور، مۇشۇنداق كېرەك،
قەدەھ تۇتقۇچىلار ئاشۇنداق كېرەك.

2926 ئىشەنسە ئۇلارغا بەگلەر چىن پۈتۈپ،
يېقىن تۇتسا بولغاي دۇرۇس ئەر تونۇپ.

* * *

2927 ئېلىگ بۇ نەچچە ئىشقا خىل ئەر تىلە،
كويۇمچان، كوزى توق، ئۇياتى بىلە.

2928 بىرى ئەلچىدۇر ھەم پۈتۈكچى بىرى،
بىرىدۇر ئىدىشچى، كور، ئاشچى بىرى.

2929 بۇلارنى بىرىن-بىر ئوبدان تاللىغىن،
نالايىق بولسا، سوڭ پۇشمان يېمىگىن.

2930 ئەگەر ئەلچى، پۈتۈكچى بولمىسا خوپ،
تېگۈر ئەلگە ئۇندىن زەخمەت-زىيان كوپ.

2931 ئىدىشچى ۋە ئاشچى يامان بولسا گەر،
ھايات يولى—جانغا زىيانى تېگەر.

2932 بۇ قانچە كىشىنى خىللاشقا تىرىش،
تولۇق خىللاپ ئاندىن تاپشۇر ئاگا ئىش.

* * *

2933 يەنە ئېيتتى ئوگدۇلمىش: ئېلىگ قۇتى،
ئىشىدەك بۇيۇكتۇر بۇ بەگلەر ئېتى.

2934 بۇيۇك ئىشتا تۇرلۇك باش ئاغرىق بولۇر،
يوقالمىسا بۇ دەرت، بەگلىك يوقىلۇر.

2935 nəgü tə̣r əxitgil kə̣ņəxqi ɵgə
kə̣ņəxtə tɵkər bəgkə yünqü ügə

B217
2936 aya bəg ərəz̧ ķolma əmgək kɵtür
ərəz̧ birlə əmgək aḍaķxu yatur

2937 bəg əmgəp ə̣l ə̣tsə boḍun xük bayur
bayusa boḍun bəg tiləki bolur

2938 səvinmə kəḍ artuķ ərəz̧lig kixi
bolur ahir əmgək ərəz̧kə tuxī

2939 nəqə mə bu axqī īḍīxqī saņa
pütün ərsə artuķ ay ərsig toņa

2940 olarda baƣīrsaķ ɵzüņkə ɵzüņ
aḍīn bolmaƣay sən uzatma sɵzüņ

2941 nəgü tə̣r əxitgil ɵgə buyruķī
unītma munī sən biti ḥəm oķī

C168
2942 səvüg jan ɵzələ əmində əmin
ķolup bolmadīm mən ɵzümdə ɵņin

2943 ķatīƣlan küḍəzgil ķatīƣ tut anī
ķalī bardī ərsə tiləmə əmin

* * *

2944 ayītmīxnī ayḍīm ay ə̣lig ķutī
nəgü təg kərəkin əmi ḥəm otī

2945 bu yaņlīƣ kixi birlə bəglər bəḍür
yaƣī boynī yənqər kü qavīn īḍur

2935 ئىشتىكىن، ئەقىللىق كېڭەشچى نەدەر،
كېڭەشتە بەگ ئالدىغا ئۈنچە توكەر:

2936 ھوزۇر ئىزلىمە بەگ، جاپانى يوق ئەت،
ئەمگەك بىلەن بىللە تۇرار پاراغەت.

2937 چېكىپ رەنج بەگ تۆزسە ئەل، خەلقى بېيۇر،
باي ئولسا خەلقى بەگ تىلەگىن تاپۇر.

2938 راھەتلىك كىشى بەك كەتمە سويۇنۇپ،
كېلۇر راھەتكە ئاخىر جاپا قوشۇلۇپ.

2939 بۇ ئاشچى، ئىدىشچى ھەر قانچە ساڭا —
ئىشەنچلىك بولسىمۇ، ئەي زىرەك توڭا،

2940 كويۇمچان ئۇلاردىن ئۆزۈڭگە-ئۆزۈڭ —
ئېرۇر سەن، باشقا يوق، ئۇزاتما سوزۇڭ.

2941 نە دەر خاس كېڭەشچى دانا، ئاڭلىغىن،
ئۇنۇتماي، ئۇقۇپ ھەم يېزىپ ساقلىغىن:

2942 سويۇملۇك جان ئۇزرە ئىمىندىن ئىمىن،
ئوزۇمدىن ئىمىنراق تاپمىدىم بىرىن.

2943 تىرىش ھەم كۆزەت، چىڭ تۇتقىن سەن ئۇنى،
ئەگەر ئۇ يوقالسا تىلەمە ئىمىن.

* * *

2944 دىدىم دەيدىغاننى، ئەي ساھىپقىران،
نىچۇك قىلماق ئىلاجىن ئەيلەپ بايان.

2945 مۇشۇنداق كىشى بىرلە بەگ چوڭ بولۇر،
ئوزۇپ ياۋ بوينىنى شوھرەت قازىنۇر.

2946 munu səzlədim mən saņa bəlgülüg
taķï bir səzüm bar aḍïn ülgülüg

* * *

2947 ə̣lig tïņlar ərsə anï səzləyin
yoķ ərsə bu səzni əzüm kizləyin

Ə̣LIG SUALÏ ƟGDÜLMIXKƏ

2948 yanut bə̣rdi ə̣lig ayur ay bəgü
nəgü ol maņa ay səzüņ səzləgü

2949 səniņdin əxitgü kərək barqa səz
bilikkə təņiz sən uķuxķa əgüz

ƟGDÜLMIX JƏWABÏ Ə̣LIGKƏ

2950 yanut bə̣rdi əgdülmix aydï ə̣lig
ə̣ligdin təgir ə̣lkə türlüg bilik

B218
2951 ə̣ligkə ətündüm tapuɣqï yolï
nəgü təg tapïnɣu bəgiņə ķulï

2952 yə̣mə bilgü bəglər tapuɣqï ķulïn
nəgü təg aqïnɣu tapïnsa yïlïn

2953 nəqə bəg ḥəķï ərsə ķullar əzə
yə̣mə ķul ḥəķï yoķmu bəglər əzə

2954 ķalï bəg ḥəķïn kərsə ķullar turup
kərək ķul ḥəķïn kərsə tapɣïn kərüp

2946 مۇنى سوزلىدىم مەن ساڭا بەلگۈلۈك—
بولەك بىر سوزۈم بار بۇڭا ئۇلگۈلۈك.

* * *

2947 ئىلىگ تىڭشىسا گەر، ئۇنى ئېيتايىن،
يوق ئەرسە بۇ سوزنى ئوزۇم دىمەيىن.

ئىلىگنىڭ ئوگدۇلمىشكە سوئالى

2948 ئىلىگ ئېيتتى جاۋابەن، دىدى: ئەي ئاقىل،
نىمەدۇر سوزۈڭ ئۇ، بايان ئەيلىگىل.

2949 سېنىڭدىن ئىشىتمەك كېرەك بارچە سوز،
بىلىمدە دېڭىزسەن، ئەقىلدە ئوگۈز[149].

ئوگدۇلمىشنىڭ ئىلىككە جاۋابى

2950 جاۋابەن ئوگدۇلمىش دىدى: ئەي ئىلىگ،
ئىلىگدىن تېگەر ئەلگە تۇرلۇك بىلىك.

2951 دىدىم بەككە خىزمەتچىلەرنىڭ يولى،
نىچۈك خىزمەت ئەتسۇن بېگىگە قۇلى.

2952 خىزمەتچى قۇلنى بەگمۇ بىلگۈلۈك،
نىچۈك خەير-ئېھسان ئاڭا قىلغۇلۇق.

2953 نىچۈك بولسا خان ھەققى قۇللەر ئۇزە،
يەنە قۇل ھەققى يوقمۇ بەگلەر ئۇزە؟

2954 بەگ ھەققىن ئوتەركەن قۇل ئىشتا تۇرۇپ،
كېرەك قۇل ھەققىنى ئوتەش ئىش كورۇپ.

2955 tapuoɋqï tapuoɋ ķïlsa dunya üqün
ķalï bulmasa dunya əmgər küqün

ẹLIG SUALI ӨGDÜLMIXKƏ

2956 ẹlig aydï kəldür maņa ay aqa
nəgü ol tapuoɋqï ḥəķï ay səqə

2955 قىلغۇر خادىم ئىشنى بۇ دۇنــيانى دەپ،
ئەگەر بولمىسا ئۇ قالۇر بوش كۆچەپ.

ئىلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشــكە سوئالى

2956 ئىلىگ ئېيتتى: بۇنى سەن ماڭا ئېيت ئېچىپ،
تەدۇر خىزمەتچى ھەققى، بىر-بىر يېشىپ.

یکدل	[-del]	(形) 同心协力的	(س) يەكدىل
یکدل و جان	[-del-o-ja:n]	(形) 全心全意的	(ر) جان-دىل بىلەن
یکدل و یک زبان	[-del-o-yek-zaba:n]	(形，副) 心口如一的	(س) دىلى بىلەن تىلى بىر بولغان
یک دم	[-dam]	(副) 一瞬间	(ر) بىردەم
یک دنده	[-dande]	(形) 固执的	(س) جاھىل، تەرسا
یکدنیا	[-donya:]	(形) 大的，很多的	(س) يوغان، زور؛ نۇرغۇن
یکدیگر	[-deegar]	(代) 彼此，互相	(ئا) ئۆزئارا
یک راست	[-ra:st]	(副) 开门见山地	(ر) بىۋاسىتە، تۈزلا
یک رنگ	[-rang]	(形) 一色的	(س) بىر خىل رەڭدىكى
یک رنگی	[-rangee]	(名) 真诚	(ئى) رەڭداشلىق؛ سەمىمىيەت
یک ریز	[-reez]	(副) 不停的	(ر) توختىماي
یک زبان	[-zaba:n]	(形，副) 一致的	(س، ر) بىردەك، بىر ئېغىزدىن
یکسان	[-sa:n]	(形) 一样的	(س) بىر خىل، ئوخشاش
یکسر	[-sar]	(副) 全部	(ر) پۈتۈنلەي، ھەممىسى
یکسره	[-sare]	(副，形) 直接的(地)	(ر، س) بىۋاسىتە، دەرھال، تاق مۇساپىلىك
یکسو	[-soo]	(副) 在一边	(ر) بىر تەرەپتە، بىر چەتتە
یکطرفه	[-tarafe]	(形) 单方面的	(س) بىر تەرەپلىمىلىك
یکمرتبه	[-martebe]	(副) 突然	(ر) تۇساتتىن
یک نواخت	[-navakht]	(形) 单调的	(س) بىرلا خىل، ئاددىي؛ تېتىقسىز
یکه تاز	[yekke-ta:z]	(名) 勇士，骑士	(ئى) چەۋەنداز؛ پالۋان
یکی	[yekee]	(代) 一个	(ئى) مەلۇم بىر، بىرى
یگانگی	[yega:negee]	(名) 统一	(ئى) بىرلىك، يېگانىلىك
یگانه	[yega:ne]	(形) 独一无二的	(س) يېگانە، تەڭداشسىز
یله	[yale]	(形) 被释放的	(س) قويۇپ بېرىلگەن، ئازاد
یمن	[yaman]	(名) 也门	(ئى) يەمەن
یمن	[yoman]	(名) 幸运	(ئى) ئامەت، تالەي
یواش	[yava:sh]	(形) 慢慢的	(س) ئاستا، بوش
یورش	[yooresh]	(名) 进攻	(ئى) ھۇجۇم، يۈرۈش
یوم	[yowm]	(名) 白天，日子	(ئى) كۈن، كۈندۈز
یونان	[yona:n]	(名) 希腊	(ئى) يۇنان، گرېتسىيە

ئوتتۇز سەككىزىنچى باپ

خىزمەتچىلەرنىڭ بەگلەر ئۈستىدە قانداق ھەقلىرى بارلىغى ھەققىدە ئۆگدۈلمىشنىڭ ئېلىگكە ئېيتقانلىرى

2957 دېدى ئۆگدۈلمىش: بۇ بەگلەر ئۆزە،
خادىم ھەققى باردۇر ئىشلەشتىن ئۆزا.

2958 ئەڭ ئاۋۋال يېمەك ـ ئىچمەك بەرمەك كېرەك،
ئىشلەشكە قورالлар يەتكۈزمەك كېرەك.

2959 بۇ خىزمەت مۇشەققەت، قاتتىق ئىش ئېرۇر،
مۇنى بىلسە بەگ، ئىشچى غەيرەتلىنۇر.

2960 تەنۇ ـ جان پىدالاپ ئىشلەيدۇ خادەم،
تىلەپ بەگ سويۇنچىن، قىلۇر قۇللۇق ھەم.

2961 سوغۇق ـ ئىسسىق، ئاچ ـ توق، ياياق ھەم يېلىڭ،
قىلىچ، پالتا، ئوق يەر، ئەي خاقان بىلىڭ.

2962 گاھ ئالغا، ئارقىغا، گاھ ئوڭغا، سولغا ـــ
يۈرەر ـ دە، يەتكۈزەر بەگنى ھوزۇرغا.

2963 yaqïka bu endün bolur bək tolum
tiriglik tilər bəgkə ezkə elüm

B219
2964 bu yanlïq bəginin səvinqin tiləp
ezin əmgətür tünni künkə ulap

2965 bu tapqï üqün bəg etəgü ḥəkïn
anï əḏgü tutqu baqïrsaklïkïn

2966 nəgü tər əxitgil uq ordu hanï
boḏunda talusï kixidə qïnï

2967 aya bəg boluqlï boḏunka uluq
bəḏüt əḏgü tutqïl tapuqqï kuluq

2968 tapuqqï bilə bəglər əlgi uzar
tapuqqï bilə ərklig əl kənd tüzər

2969 nəqə bəg uluq bolsa əslï bəḏük
tapuqqï bilə boldï atï bəḏük

2970 ay əlig kixilik mürüwwət bolur
mürüwwət kixikə tərikət bolur

2971 mürüwwət tərikət bu ol bəlgülüg
kixi əmgəki bilsə kïlsa ülüg

C170
2972 tapuqqï kapuqda umïnqka turur
umïnq bərməsə bəg mürüwwət barur

2973 kerü barqu bəglər tapuqqï nəqə
tusulur nəqə ol tusulmaz nəqə

2974 tusular təninqə aqïnqu kərək
tapïnmïx təni ḥək təgürgü kərək

2963 يېغىغا قارشى سەپتە بىر قورال بولار،
تىلەپ بەگ ھاياتىن، ئۇلۇغقە ماگار.

2964 شۇ خىلدا بەگلەرنىڭ سويۇنچىن تىلەپ،
ئۆزىن ئەمگەتۇر كۆڭنى تۇنگە ئۇلاپ.

2965 شۇ خىزمەت ئۇچۇن بەگ ھەققىن بەرگۈلۈك،
بولۇپ مېھرىۋان ھەم ئوبدان كورگۈلۈك،

2966 نىمە دەيدۇ، ئاڭلا، ئۇچ ئوردا خېنى،
ئەل ئىچرە تاللانغان، كىشىلەر چىنى:

2967 ئەي ئەلنىڭ ئۇلۇغى، ئەي بەگ، دىققەت ئەت،
ياخشى كور خىزمەتچى قۇلۇڭنى يۆكسەلت.

2968 خادىملەر بىلەن بەگ قولى ئۇزۇرار،
خادىملەر بىلەن خان ئەل-يۇرتنى تۈزەر.

2969 ئۇلۇغ بولسا قانچە بەگ ئەسلى ھەم زور،
خىزمەتچى بىلەن بەگ ئېتى زورىيۇر.

2970 ئەي ئېلىگ، كىشىلىك مۇرۇۋۋەت ئېرۇر،
مۇرۇۋۋەت كىشىگە تەرىققەت ئېرۇر.

2971 مۇرۇۋۋەت، تەرىققەت شۇدۇر، شۇبھىسىز،
كىشى ئەمگىگىن بىلسە، قىلسا ئەزىز.

2972 خىزمەتچى ئىشكتە ئۇمىتتە تۇرۇر،
ئۇمىت بەرمىسە بەگ، مۇرۇۋۋەت كېتۇر.

2973 كورۇپ تۇرسا بۇ بەگ خىزمەتچى نىچە،
يارامىلىغى قانچە، يارامسىز نىچە.

2974 يارامىلىقلىغىچە ئېھسانلار كېرەك،
بىجىرگەن ئىشكە تەڭ ھەق بەرمەك كېرەك.

2975 kixi yïlķïda ïnoƣa ərməz ay bəg
muni təŋləsə ix bolur ülgü təg

2976 boƣuz toḍrur axnu kixi yïlķïnïŋ
basa asƣï kɵtrür bu yalŋuķ anïŋ

2977 aqïƣ bə̣rsə bəglər tilin əḍgü sɵz
tapuƣqï yuluƣlar bəgiŋə ət ɵz

2978 isinür tapuƣqï baƣïrsaķ bolur
ɵzin əmgətür bəg səvinqin ķolur

B220
2979 muŋar məŋzətü sɵzləmix sɵz tətik
bilik birlə yalŋuķ uzatur əlig

2980 kixi əḍgülügkə səvüg jan bə̣rür
bir əḍgü yanutï on əḍgü ķïlur

2981 asïƣ bolsa yalŋuķ ɵzin ķul ķïlur
aŋar ķul bolur ɵzkə əmgək urur

2982 tapuƣķa kɵrü bə̣rgü əḍgü aqïƣ
yalïŋnï pütürgü toḍuruƣu aqïƣ

2983 nəgü bəg bolur ol ay ə̣lig ķutï
ķə̣tərməsə ķuldïn qïƣaylïķ atï

2984 nəgü tə̣r əxitgil avuqƣa sɵzi
avuqƣa sɵzi ol yigitlər kɵzi

2985 kixi əmgə̣k ïḍsa kixi yurnïŋa
yanutï kixilik ķïlur ornïŋa

C171
2986 kixi əmgəki bilməgüqi kixi
kixi tə̣p atamaƣu yïlķï tuxï

2975 ئەي بەگ، پەس ئەمەستۇر كىشى يىلقىدىن،
ئېتىلسە قىياس، ئىش تاپۇر ئولـچەمىن.

2976 كىشى ئەۋۋەلا تويغۇزار يىلقىنى،
ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ كۇتەر پايدىنى.

2977 بەگ ئېھسان قىلسا، ئېيتسا ياخـشى سوزىن،
پىدا ئەيلەر بەككە خىزمەتـچى ئوزىن.

2978 سويۇپ خادىم ئۇنى، جاندىن باغلىـنۇر،
تىلەپ بەگ سويۇنـچىن ئوزى ئەمگىنۇر.

2979 بىر ئالىم بۇ ھەقتە ئېيتمىش بىر سوزىن:
بىلىم بىرلە ئىنسان ئۇزارتۇر قولىن.

2980 كىشى ياخشىلىقـقا شىرىن جان بېرۇر،
بىر ياخشى ئۇچۇن ئون ياخشىلىق قىلۇر.

2981 *كىشى پايدا تاپسا، ئوزىن قۇل قىلۇر،
بولۇپ قۇل ئوزگىچۇن زەخمەتلەر چېكۇر.

2982 شۇڭا، ئىشقا كورە ئېھسان قىلغۇلۇق،
يېلىڭغا كىيىم، ئاچنى تويـغۇزغۇلۇق.

2983 نىچۇك بەگ بولۇر ئۇ، ئەي ئېلىگ قۇتى،
قۇلدىن كەتمىسە گادايـلىق ئېتى!

2984 نە دەيدۇ، ئىشتكىن قېرىلار سوزى،
قېرىلار سوزىدۇر يىگىتلەر كوزى:

2985 كىشىگە قىلسا گەر، ئەجرىنى كىشى،
جاۋابەن كىشىلىك قىلماقتۇر ئىشى.

2986 كىشى ئەمگىكىن بىلمىگۇچى كىشى،
دېيىلمەس كىشى، ئۇ يىلقا ئوخشىشى.

2987 iki türlüg ol bu tapuǫ ķïlǫuqï
biri box biri ķul umïnq tutǫuqï

2988 bu ķul kəndü ərksiz tapuǫqï bolur
tapuǫ ķïlmasa̧ bəgdə bərgə bulur

2989 boxuǫ kər bu tapnur ɵzin ķul ķïlïp
munïņ əmgəkin yulǫu tapǫïn bilip

2990 box azad kixi barqa əḑgü ķulï
bularķa aqa bərgü əḑgü yolï

2991 boxuǫ ķul bilə tutsa bolmaz bu tüz
boxuǫ box təņi tut ķuluǫ ķulqa üz

2992 bu bəglər ķapuǫï ərəz̧ ķapǫï ol
ərəz̧ ķapǫï tutmaķ ɵzüņ asǫï ol

2993 tapuǫqï bayusa bəg atï bolur
bu atï du'a birlə məņü ķalur

B221
2994 ay ȩlig tapuǫqï bilə bəg məŝəl
satïǫqï osuǫluǫ bolur qïn tükəl

2995 satïǫqï bȩrür nəņ aņar mün sanï
alïǫlï alïr ȩldə əvrər anï

2996 yïl ay kün tükəsə asïǫ yumdarur
yüz utru ulaxur ɵz asǫï alur

2997 muņar məņzər əmdi tapuǫqï kixi
bəgi birlə ortuķ saķïxlïǫ ixi

2998 bəgi nəņ bȩrür ķulķa əḑgü sɵzün
tapuǫqï ət ɵz birlə tapnur ɵzün

2987 ئىككى خىل ئىرۇر بۇ خىزمەت قىلغۇچى،
بىرى قۇل، بىرى هور، ئۇمىت كۈتكۈچى.

2988 بۇ قۇل ئۆزى ئەركىسىز خىزمەتچىدۇر، گەر —
ئۇ خىزمەت قىلمىسا بەگىدىن تاياق يەر.

2989 هور خادىم ئىشلەيدۇ ئۆزىنى قۇل قىلىپ،
قەدىرلەش كېرەك ئۇنى ئەجرىنى بىلىپ.

2990 ئازات ـ هور كىشىلەر ياخشىلىق قۇلى،
بۇلارغا ئىچىپ بەر ياخشىلىق يولى.

2991 ئازات ـ هور كىشىنى قىلما قۇلغا تەڭ،
ئازاتنى ئازات، قۇلنى قۇل تۇت ئۆزەڭ.

2992 بۇ بەگلەر ئىشىگى راھەت قاپقىسى،
راھەت ئىشىگىن تاپماق ئۆزۈڭ پايدىسى.

2993 خىزمەتچى باي ئولسا، بېگى نام تاپۇر،
بۇ نامى دۇئا بىرلە مەڭگۈ قالۇر.

2994 بەگ بىرلە خىزمەتچى مىسالى هامان —
ساتۇچى — ئالۇچى كەبىدۇر، ئەي خان.

2995 ساتۇچى بېرۇر مال دەسمايە قىلىپ،
يۇرىتۇر ئەلدىن ـ ئەل ئالۇچى ئېلىپ.

2996 يىل، ئاي، كۈن ئۆتكەندە پايدا توپلىنۇر،
يەنە يۈز كورۇشۇپ پايدا بولۇشۇر.

2997 شۇڭا ئوخشار ئەمدى خىزمەتچى كىشى،
بېگى بىرلە ئورتاق هساپلىق ئىشى.

2998 بېگى مال بېرۇر قۇلغا، ئېيتار ياخشى سوز،
خىزمەتچى قىلۇر ئىش پىدا ئەيلەپ ئوز.

2999 urur jan yuluoqlap tapuoqqï ḳïlïq
anïṇ asoqï ə̣l kənd uluxlar ərinq

3000 yaoqï boynï yənqər həzinə urur
tilək arzu ni'mət ulaxu kəlür

C172
3001 bu barqa asïoq saṇï boldï təgim
asïoq ḳïloquqïoq əḍgü tutoqu bəgim

3002 nəgü tə̣r əxitgil bu sartlar baxï
əz asoqïn tiləp ḍunya kəzgən kixi

3003 asïoqlïoq ḳul ərsə ooqulda yaḳïn
asïoqsïz ooqulnï yaoqï bil saḳïn

3004 ḳamuoq təprənigli asïoqḳa yorïr
asïoq bolmasa avqï əvdə ḳarïr

3005 ər at boldï bəglər ḳanatï yügi
ḳaṇatsïz ḳux uqmaz ay bəglər bəgi

3006 ər at birlə bəglər küqin bəlgürər
ər at birlə bəglər tügünlər yərər

3007 yumïtsa ḳayu bəgkə ərsig ərən
aẓunḳa bu bəg boldï ṣaḥib ḳïran

3008 ḳayu bəgdə ərdəm yumïtsa tükəl
aṇar yioqlur arzu nə ḳolsa tükəl

B222
3009 aẓunqïḳa ərdəm kərək miṇ tümən
bu ərdəm bilə yə̣r aẓunqï jəḥan

3010 uquz tutma ərdəmni əgrən ooqul
bu ərdəm yorïḳï ərüṇ ḳux təg ol

2999 خىزمەتچى قىلىپ جان پىدا، تىنىغ ئۈزار،
ئۇنىڭ پايدىسى شەكسىز ئەل-يۇرت بولار.

3000 يىغار ئۇ غەزىنە، ياۋ بوينىن ئۈزەر،
تىلەك، نېمەت، ئارزۇ تۇتىشىپ كېلەر.

3001 بۇ بارچە گويا بىر پايدا ۋە كىرىم،
ساڭا نەپ بەرگەننى ياخشى كور، بېگىم.

3002 نىمە دەيدۇ ئاڭلا، سودىگەر بېشى،
تىلەپ پايدىنى، دۇنيا كەزگەن كىشى:

3003 گەر پايدا بەرسە قۇل، ئوغۇلدىن يېقىن،
پايدىسىز ئوغۇل — ياۋ، سەن قاچ ئۇنىڭدىن.

3004 مىدىرلىغان ھەممە پايدا دەپ يۈرۈر،
نەپ بولمىسا ئۇۋچى ئۆيىدە قېرۇر.

3005 قوشۇندۇر بۇ بەگلەر قاناتى-تۈكى،
قاناتسىز قۇش ئۇچماس، ئەي بەگلەر بېگى.

3006 قوشۇن بىرلە بەگلەر كۆچى بىلىنەر،
قوشۇن بىرلە بەگلەر تۈگۈنلەر يېشەر.

3007 يىغىلسا قايۇ بەككە كوپ قەھرىمان،
جاھانغا ئۇ بەگ بولدى ساھىپقىران.

3008 پەزىلەت يىغىلسا قايۇ بەككە گەر،
يىغىلغاي ئۇ ئارزۇ قىلغان ئۈمىتلەر.

3009 كېرەكتۇر جاھاندارغا پەزىل مىڭ تۈمەن،
بۇ پەزلى بىلەن ئۇ ئالادۇر جاھان.

3010 پەزىلەتنى ئوغلان كەم كورمە، ئۆگەن،
ئاققۇشقا ئوخشار ئۇ، مىجەزى بىلەن.

3011 ərün̡ k̡ux k̡utï təg bu ərdəm k̡utï
yorï k̡ux ataqïl sən ərdəm atï

3012 nəgü tər əxitgil ərün̡ baxlïq ər
azunuq k̡arïtmïx uzun yaxlïq ər

3013 bilik ərdəm ɵgrən aqïr tut anï
aqïr k̡ïlqay ahir ol ərdəm səni

3014 bilik bil uk̡ux uk̡ yorïma yava
ədi kəlsə ədgü bərür ol küni

ƏLIG JƏWABÏ ƟGDÜLMIXKƏ

3015 bu sɵzlər əxitti səvindi əlig
ayur ay uk̡uxluq uruqï silig

C175

3016 ədi yak̡xï urdun̡ kixilik ulï
bu ol qïn wəfalïq kixilər yolï

3017 bodun ərki boldï mənin̡ bu ɵzüm
uzun boldï əlgim yorïk̡ til sɵzüm

3018 küvənməz mən əmdi bu bəglik bulup
ɵz inqlik tiləp mə tiriglik bulup

3019 tiləkim bu ol kim man̡a kəlgüqi
bayusa mənin̡din bədüsə küqi

3020 bu bəglər səvinqi yarïnk̡ï asïq
du'a tap man̡a ədgü atïn yanïq

3021 bu barï həzinə bu altun kümüx
ər atk̡a üləgükə tərdim ɵküx

3011 پەزىلەت بەختى ئاققۇش قۇتىدەك ئېرۇر،
پەزىلەتنى قۇش دەپ ئاتاشتۇر زورۇر.

3012 نىمە دەر، ئىشىتكىن، بىر ئاق باشلىق ئەر،
جاھاننى قېرىتقان ئۇزۇن ياشلىق ئەر:

3013 بىلىم، پەزىل ئۇگەن، قىممەت بىل ئۇنى،
قىلۇر قىممەت ئاخىر پەزىلەت سېنى.

3014 بىلىم بىل، زىرەك بول، بىكار يۈرمىگىن،
بېرۇر ياخشىلىق ئۇ ساڭا بىر كۈنى.

ئېلىگنىڭ ئۇگدۇلمىشكە جاۋابى

3015 بۇ سوزلەرنى ئاڭلاپ، سويۇندى ئۇ خان،
دىدى: ئەي ئەقىللىق، ئۇرۇغى پاك جان.

3016 تولا ياخشى قۇردۇڭ كىشىلىك ئۇلى،
بۇ ئۇل چىن ۋاپالىق كىشىلەر يولى.

3017 خەلق ئۇزرە ھاكىم بولدۇم مەن ئوزۇم،
قولۇم بولدى ئۇزۇن، ئوتەر تىل-سوزۇم.

3018 بۇ بەگ بولغۇنۇمغا گۇۋەنمەسمەن مەن،
بۇ تېچلىق ھاياتقا بېرىلمەسمەن مەن.

3019 ئۇمىدىم شۇدۇركىم، ماڭا كەلگۇچى،
باي ئولسا مېنىڭلە، زورايسا كۇچى.

3020 بۇ بەگلەر خوشلۇغى تاڭنا نەپىسدۇر،
دۇئا، ياخشى نامىم ماڭا بەس ئېرۇر.

3021 بۇ ئالتۇن-كۇمۇشنى ھەم بۇ غەزىنىنى،
قوشۇنغا بەرمەككە يىغدىم مەن ئۇنى.

3022 kixikə bə̣rür mən tiləp əḍgü at
du'a artsu atïm yorïtsu bayat

3023 tiləkim bu ol kim maṇa tapoɋuqï
bayup ḳalsa mə̣ndə kə̣ḍin ḳaloɋuqï

B223
3024 ɵzüm kɵqsə barsa ḳalïr bu boḍun
du'a birlə tapsa maṇa ol ɵḍün

ƟGDÜLMIX JƏWABÏ Ə̣LIGKƏ

3025 yanut bə̣rdi ɵgdülmix aydï ə̣lig
yətürdi bu ixkə tükəl ɵg bilik

3026 ɵlügli kixikə nəgü bar aḍïn
məgər əḍgü atï yorïsa kə̣ḍin

3027 bu dunya tiləsə üləgü kümüx
ḳalï 'uḳbi ḳolsa bu ol ḥəm yulux

3028 bu altun kümüxüg ülə ay ə̣lig
ḳayu ə̣l tiləsə yətilgəy əlig

3029 nəgü tə̣r əxitgil bɵgü bəg tili
bu bəglik ixiṇə ol urmïx ulï

C174
3030 üləgü nəṇ ər tutoɋu bəglər ḳalïn
ḳaqan ḳolsa tutoɋay yaoɋisï ə̣lin

3031 həzinə nərək kɵp ər at qoḳ kərək
bəgi bay kərəksiz boḍun toḳ kərək

3032 ər at bolsa bəglər ə̣li əksüməz
ər at bolmasa bəg ə̣lin kə̣q yə̣məz

3022 كىشىگە بېرۇرمەن تىلەپ ياخشى ئات،
دۇئا ئارتسۇن، ئېتىمنى يايسۇن بايات.

3023 تىلەك شۇدۇر، ماڭا خىزمەت قىلغۇچى —
بېيىپ قالسا مەندىن كېيىن قالغۇچى.

3024 قالۇر خەلق، مەن ئاخىر كوچۇپ كېتەرمەن،
دۇئا بىرلە ياد ئەتسە دەپ كۈتەرمەن.

ئۇگدۇلمىشنىڭ ئېلىگكە جاۋابى

3025 جاۋابەن ئۇگدۇلمىش دېدى: ئەي ئېلىگ —
بۇ ئىشقا بېرىپتۇ تولۇق ئاڭ، بىلىك.

3026 ئۆلۈچى كىشىگە نىمە بار بولەك،
مەگەر ياخشى نامى بولسا قالغۇدەك؟

3027 بۇ دۇنيا تىلىسە تاراتقاي كۈمۈش،
ئۇ دۇنيا ئۈچۈن ھەم شۇدۇر قۇتۇلۇش.

3028 ئۈلەشتۈر بۇ ئالتۇن-كۈمۈشنى ئېلىگ،
دىسە قايسى ئەلگە يېتىشكەي ئىلىگ.

3029 نىمە دەر، ئىشىتكىن، ئاقىل بەگ تىلى،
ئۇنىڭلە قۇرۇلمىش بۇ بەگلىك ئۇلى:

3030 كېرەك بەككە كوپ ئەر ۋە ھەم مال بېرىش،
بۇ بەككە مۇيەسسەر بولۇر ياۋ ئېلىش.

3031 غەزىنە نە لازىم، قوشۇن كوپ كېرەك،
باي ئولمىسمۇ بەگ، خەلقى توق كېرەك.

3032 قوشۇن بولسا بەككە ئەل-يۇرت كەم ئەمەس،
قوشۇنسىز بەگ ئۇزاق ھاكىم بولالماس.

3033 ər at bolsa bəgdin səvinqlig yaruķ
ķayu ə̣l tiləsə bulur bəg anuķ

3034 aķī bolsa əlgi azun bəgləri
iķigü azunnuņ bu buldī təri

3035. nəgü tə̣r əxitgil biliklig tilin
saranlīķ bilə bəg yə̣yüməz ə̣lin

3036 iki nəņ ķarīxtī yaķīxmaz ķaqar
saranķa yaoqumaz aķïoq bərk ķuqar

B224
3037 sarandīn ķaqar barqa ərdəmlig ər
aķīķa yumītur tilək arzu yə̣r

3038 saranlīķ bilə boldī bəglik yaoqī
saranķa ķopar təgmə yə̣rdə qooqī

3039 aḍīn iki nəņ ol bu ə̣l tutruķī
birisi sav altun ķilīq bir taķī

3040 aķīlīķ bilə bəkləgü ol ə̣lig
aķīlīķ bilə bəg bəḍür ay ə̣lig

3041 kür alp ər kətürsə yaxīn təg təmür
azïoqlïoq ərənlərdə təxlür tamur

3042 sav altun bilə bərtsə bəglər əlig
ķilīqsīz tili birlə əvrər ə̣lig

3043 bu iki bilə ə̣tgü ux bu ə̣lig
bu iki bilə ər bəḍür ay ə̣lig

3044 sav altun yazar ol tügülmix kixig
sav altun ə̣tər ol buzulmīx ixig

3033 قوشۇن ئۇز بېگىدىن خوش بولسا ئەگەر،
تىلەگەن ئەلنى بەگ قولغا كىرگۈزەر.

3034 جاھان بەگلىرى بولسا ئۇچۇق قول—سېخى،
بولۇر ئىككى دۇنيادا توردە تېخى.

3035 نىمە دەر ئىشتكىن، بىلىملىك سوزىن،
بېخىللىق بىلە بەگ سورالماس ئېلىن:

3036 ئىككى نەرسە زىت، بىر-بىرىدىن قاچار،
بېخىلغا باقماس ئەر، سېخىنى قۇچار.

3037 بېخىلدىن قاچارلەر پەزىلەتلىك ئەر،
سېخىگە بولۇپ جەم، تىلەككە يېتەر.

3038 بېخىللىق بۇ بەگلىككە دۈشمەن ئېرۇر،
بېخىللەرگە ھەر جايدا ئىسيان قوپۇر.

3039 ئىككى نەرسە دولەت تۇتۇش يولىدۇر،
بىرىدۇر ساپ ئالتۇن، بىرى تىغ ئېرۇر.

3040 بۇ بەگلىك سېخىلىق بىلە ساقلىنۇر،
ئەي ئېلىگ، سېخىلىقلە بەگ چوڭ بولۇر.

3041 باتۇر ئەر كوتەرسە چېقىندەك تومۇر،
غەيۇر جەڭچىلەردە ئۇزۇلۇر تومۇر.

3042 ساپ ئالتۇن بىلەن بەگ سۇنسا قولىنى،
قىلىچسىز، سوزىلە سورار ئېلىنى.

3043 بۇ ئىككى بىلەن ئەل تۈزىلۇر ھامان،
بۇ ئىككى بىلەن ئەر چوڭىيۇر، ئەي خان.

3044 تۇرۇلگەن قاۋاقنى ساپ ئالتۇن ئاچار،
ئەگەر ئىش بۇزۇلسا ساپ ئالتۇن تۈزەر.

C175
3045 ķïlïq ķayda ərsə kümüx anḍa ol
ķümüx ķayda ərsə ķïlïq tuttï yol

3046 aya bəg kümüx saq tirilsü kəḍ ər
kümüx yïɣsa saqlur ķïlïqlïɣ ķur ər

3047 ķïlïqlïɣ kür ər kər kümüxkə tutuɣ
yumïtmïx sav altuņ ķïlïqķa yuluɣ

3048 saran bəg tə̦rər nəņ həzinə urur
aķï bəg ķïlïq birlə artlap alur

3049 bu yaņlïɣ turur bu aẓun өņdisi
saranķa sөküxi aķï өgdisi

* * *

3050 sөzin kəsti өgdülmix өpti yə̦rig
ə̦ligkə du'a ķïldï өgdi birig

Ə̦LIG JƏWABÏ ӨGDÜLMIXKƏ

3051 bu sөzlər əxitti səvindi ə̦lig
du'a ķïldï rəbķa kөtürdi əlig

B225
3052 ayur ay baɣïrsaķ inanɣu iḍim
ķatïɣlïķ yə̦rində sïɣïnɣu iḍim

3053 səniņdə aḍïn yoķ yөləkim maņa
küvənqïm sən өk sən umïnqïm saņa

3054 ķayu əḍgü ķaldï maņa ķïlmadïņ
nəgü arzu ķaldï maņa bə̦rmədiņ

3045 قىلىچ نەدە بولسا، كۆمۈش شۇندا ئول،
كۆمۈش نەدە بولسا قىلىچ تۇتتى يول.

3046 كۆمۈش چاچساڭ ئەي بەگ، يىگىت توپلىنۇر،
ئۇزۇڭ يىغساڭ ئەگەر، ئەرلەر تارىلۇر.

3047 قىلىچلىق باتۇرلار كۆمۈشكە تۇتقۇن،
قىلىچقا پىدا قىل، يىغىلسا ئالتۇن.

3048 بېخىل بەگ تېرىپ مال، غەزىنە يىغار،
سېخى بەگ قىلىچ بىرلە تارتىپ ئالار.

3049 بۇ دۇنيا نىزامى شۇ ياڭلىغ ئېرۇر،
بېخىللار سوكۇلۇپ، سېخى ماختىلۇر.

* * *

3050 سوزىن كەستى ئوگدۇلمىش يەرنى ئوپۇپ،
ئېلىككە دۇئا قىلدى، ھەقنى ئوگۇپ[150].

ئېلىگنىڭ ئوگدۇلمىشكە جاۋابى

3051 ئېلىگ ئاڭلاپ بۇنى خوشال بولدى ئول،
خۇداغا دۇئاچۇن ھەم كوتەردى قول.

3052 دېدى: ئەي رەھىملىك، ئىشەنچىم ئىگەم،
كۈن چۇشسە بېشىمغا، سىغىنچىم ئىگەم.

3053 سېنىڭدىن بولەك يوق يولەنچۈك ماڭا،
يولەنچىم بىرلا سەن، ئۇمىدىم ساڭا.

3054 نىمە ياخشىلىق بار ماڭا قىلمىدىڭ،
نىمە ئارزۇ قالدى ماڭا بەرمىدىڭ.

3055 nətəg tapnuqay mən bu ol qïn sezüm
aya mənü munsuz bu munluq ezüm

3056 səniņdin kolur mən basut küq bilə
keni yol ezə tut məni sən yelə

3057 kamuq ədgülüktə takï artukï
bu egdülmix ol əmdi kenlüm tokï

3058 munï bərdiņ əmdi maņa sən 'əṭa
kïlur mən munïņ xükri yüz miņ kata

3059 ət ez jan yuluqlar məniņ iximə
du'a arturur bu kəqər yaxïma

C176

3060 maņa küq bər əmdi etəyin ḥəkïn
səvinsü maņa bolsu kenli yakïn

* * *

3061 yana aydï əlig ay egdülmixə
ukuxluq biliklig səni egmixə

3062 ukuxluq tiləsə ukux sən tükəl
biliklig tiləsə bilik sən kəmal

3063 ïnanqlïq baqïrsak pütün sən silig
kenilik bilə sən ketürdüņ əlig

3064 tapïndïņ aqïqda axundï tapuq
tapuq kalmadï sən yətürdüņ kamuq

3065 məniņdin kərək əmdi ədgü yanut
saņa ḥək etəyin tiriglik anut

3055 نىچۇك قۇللۇق ئەيلەي، بۇدۇر چىن سوزۇم،
ئايا مەڭگۇ مۇڭسىز، بۇ مۇڭلۇق ئوزۇم.

3056 سېنىڭدىن كۆچ-قۇۋۋەت، مەدەت تىلەيمەن،
دۇرۇس يولغا باشلا مېنى يولەپ سەن.

3057 پۈتۈن ياخشىلىقتىن تېخى ئارتۇغى،
ئۇگدۇلمىش ئېرۇر ئەمدى كوڭلۇم توقى.

3058 مۇنى قىلدىڭ ئەمدى ماڭا سەن ئاتا،
قىلۇرمەن بۇڭا شۇكرە يۈزمىڭ قاتا.

3059 ئىشىمغا تېنى ھەم جېنىنى بېرۇر،
تۇگەر ئومرۇم ئۇچۇن دۇئا ئارتتۇرۇر.

3060 ماڭا كۈچ بەر ئەمدى ئۇتەي مەن ھەققىن،
سويۇنسۇن ماڭا كوڭلى بولسۇن يېقىن.

* * *

3061 ئايا ئۇگدۇلمىشىم دىدى بۇ ئېلىگ،
سېنى ماختار ئەقىللىق ھەم ئىلىملىك.

3062 ئەقىللىقنى دىسە، سەن ئەقىلدە تولۇق،
ئىلىملىكنى دىسە، سەن ئىلىمدە ئۇلۇق.

3063 ئوزۇڭسەن ئىشەنچلىك، كويۇمچان سىلىق،
ھەر ئىشتا نامايەن دۇرۇس، ئۇز قىلىق.

3064 ئوشۇق بولدى ئېھسانىمدىن خىزمىتىڭ،
نە خىزمەت قالدى سەن ئۇنى قىلمىدىڭ.

3065 كېرەك قىلماغىم ساڭا ياخشى جاۋاپ،
ساڭا ھەق ئۇتەي، ئوت چىرايلىق ياشاپ.

3066 nөtөg kim səvindi səniꞑdin kөꞑül
bayat bȩrsü andaƣ səvinq ay oƣul

* * *

B226
3067 sөzüg kəsti ȩlig sərindi turu
yȩr өpti tapuƣqïsï ⱪoptï өrü

3068 turup qiⱪtï andïn səvinqlig bolup
atïn mindi kəldi əviꞑə turup

3069 ⱪïyïⱪsïz kȩqə taꞑda ⱪïldï tapuƣ
yaradï tapuƣ aqtï dəwlət ⱪapuƣ

3070 tirildi өgi ⱨəm ⱪoyuldï bilik
bolu bȩrdi əvrən uzadï əlig

3071 nөgü tȩr əxitgil ⱪutï bəlgülüg
ⱪatï birlə ȩldə qavïⱪmïx külüg

3072 kimiꞑ birlə dəwlət yaraxsa kəlip
baxïn kөkkə təgrür yoⱪaru ⱪïlïp

3073 kəlü bȩrsə dəwlət yumïtsa bu nəꞑ
kixi kөꞑli tirlür bolur ⱪïzƣu əꞑ
C177
3074 muꞑar mənⱬətü aydï kөkqin saꞑa
bu sөz yaⱪxï tïꞑla ay ərsig toꞑa

3075 kimiꞑ bolsa dəwlət uzadï əlig
ⱪamuƣ tətrüsi oꞑ sөzi өg bilik

3076 aⱬun fəyləśufï nəꞑi bolmasa
nəqə tïldam ərsə kixədi tilig

3066 نىچۇككىم سويۇندى سىنىڭدىن كوڭۇل،
خۇدا بەرسۇن ئانداغ سويۇنچ ئەي ئوغۇل.

* * *

3067 سوزنى كەستى خان، تۇردى خىيال سۇرە،
ئوپۇپ يەرنى خىزمەتچى قوپتى ئورە.

3068 يىنىپ چىقتى ئۇندىن سويۇنچلۇك بولۇپ،
مىنىپ ئېتىنى كەلدى ئويگە يۇرۇپ.

3069 ئىغىشماي كېچە-كۈندۇز قىلدى خىزمەت،
ياراپ ئىش، ئىشىك ئاچتى بەختۇ-دەۋلەت.

3070 ئېشىپ ئەقلى، ئىلمى چوڭقۇرلاپ ھامان،
ئۇزاردى قولى، يار بولغاچقا زامان.

3071 ئىشتىكىن، نەدەر بەختى تولغان كىشى،
بەخت بىرلە ئەلدە ئاتانغان كىشى:

3072 بۇ دەۋلەت، ئۇ، كىملە ياراشسا كېلىپ،
بىشىن كوككە كوتەرۇر يۇقۇرى قىلىپ.

3073 كېلىۋەرسە دەۋلەت، يىغىلسا مېلى،
قىزارۇر ئوڭى ھەم ئاچىلۇر دىلى.

3074 مۇڭا ئوخشىتىپ ئېيتتى بىر ئاقساقال،
ئەي باتۇر يىگىت سەن ياخشى ئاڭلىۋال:

3075 بۇ بەخت كىمدە بولسا ئۇزارۇر قولى،
بولۇر تەتۇرى ئوڭ، بىلىنم، ئاڭ، تىلى.

3076 جاھان پەيلاسوپى بولمىسا مېلى،
نىچە بولسا سوزمەن، كىكەچتۇر تىلى.

3077 bu yaṇlïqı turur bu azun eṇdüsi
yayïqı dunya dəwlət qavïkar küsi

3078 yavuzka yüz ursa yüzi suvlanur
kiqigkə kez aqsa bəḍüklük bulur

3079 təgir ərsə kimkə bu dəwlət kəlip
tüzər iq taxïnï bu barqa ətip

3080 kalï kəlsə kəldrür kamuqı arzular
azunda qavïkar atï bəlgürər

3081 kalï barsa əltür bu kəldürmixin
yaqïz yərkə ildrür ketürmix baxïn

B227
3082 aya eg keṇüllüg ukuxluqı oḍuqı
ayï səvmə dunya tokïqay yoḍuqı

3083 nərək bu karaṇku tünərig orun
süzüg məṇü əlkə axunqïl burun

3084 tünək ol bu dunya ketürgil keṇül
əḍiz ordu əl kol sən amrul amul

3085 nəgü tər əxitgil ay keṇli süzüg
kamuqı ix iqində ay keṇli tüzüg

3086 ay himmət iḍisi azun kol talu
talu koldaqï ər kutï top tolu

3087 kəqər dunya koḍqïl tilə 'ukbini
koḍu bərməsə dunya koḍqay səni

3088 jəfaqï bu dunya jəfa kïl aṇar
jəfa kïlsa etrü yaraxur saṇar

3077 جاھان قانۇنكىم شۇ ياڭلىغ ئېرۇر،
ۋاپاسىز جاھان، دەۋلەت ئاتى شۇدۇر.

3078 يامانغا يۇزلەنسە، ئۇ يۇزلۇك بولۇر،
كىچىككە كوز ئاچسا بۇيۇكلۇك تاپۇر.

3079 بۇ دەۋلەت كېلىپ كىمگە قونسا ئەگەر،
بىزەپ ئىچ-تېشىن ھەر ئىشىنى تۈزەر.

3080 ئۇ كەلسە جىمىكى تىلەكلەر كېلۇر،
ئاتانىپ جاھاندا ئاتى يېيىلۇر.

3081 ئۇ كەتسە، جىمىكى بەرگىنىن ئالۇر،
قارا يەرگە ئۇستۇن بېشىڭنى تىقۇر.

3082 ئەي ئاقىل، كوڭۇللۇك، ئويغاق، ئاڭلىق ئەر،
بۇ دۇنيانى سويمە، بالاسى تېگەر.

3083 نە لازىم قاراڭغۇ بۇ زۇلمەت ئورۇن،
يورۇق مەڭگۇ يۇرتقا ھازىرلان بۇرۇن.

3084 بۇ دۇنيا بىر زىندان، كوڭۇل قويما ھىچ،
ئېگىز ئوردا، يۇرت تاپ، سەن بولغىن تىنچ.

3085 نىمە دەر ئىشىتكىن ئۇ كوڭلى سۇزۇك،
پۇتۇن ئىش ئىچىدە ئۇ كوڭلى تۇزۇك:

3086 ئەي ھىممەت ئىگەسى ئىستە ئۇز جاھان،
گوزەللىك ئىستەۋچى بەختلىك ھامان.

3087 تىلە ئاخىرەتنى قوي بۇ پانىنى،[151]
ئەگەر قويمىساڭ سەن، ئۇ قويغاي سېنى.

3088 بۇ دۇنيا جاپاكار، جاپا قىل ئاڭا،
جاپا قانچە قىلساڭ باقار ئۇ ساڭا.

3089 aya yolda azmīx baxī təzginük
ayī səvmə dunyaqı tüpi ol üyük

C178
3090 üyükkə kirigli üyüldi ķoḑī
ərü kəlmədi ol səvinq bulmadī

3091 ərü tartqīl əzni üyüktin ķutul
əzüŋ ķullukīn sən tapuqı birlə yul

3092 yana yanqīl əmdi tilək bərgə əz
tiliŋ əvrə yandur turu ķaldī səż

* * *

3093 kəŋül tüzdi əlig kər anda naru
boḑunķa bərü turdī əḑgü tərü

3094 boḑun inqkə təgdi turuķ səmridi
səvəri bəḑüdi yaqī yavrīdī

3095 kəqürdi küvənqin səvinqin küni
azunķa yaḑīldī atī qav üni

3096 tirildi bir anqa yorīdī bu yaŋ
bəri toķlī birlə ķozī boldī təŋ

ƏLIG SUALI ƏGDÜLMIXKƏ

B228
3097 əlig bir kün oldrup kər əgdülmixig
oķīdī ayīttī kəqər kün ixig

3089 ئايا يولدىن ئازغان، بېشى ئاينىغان،
ئۇنى سويمە، ئاستى پاتقاقلىق يامان.

3090 پاتقاققا كىرگەنچە، تۇۋىگە پاتار،
چىقالماس ئۇنىڭدىن، نە خوشلۇق تاپار؟

3091 ئۇزۇڭنى تارت ئاندىن—پاتقاقتىن قۇتۇل،
ئىبادەت بىرلە قۇللۇق قىلغۇچى بول.

3092 يەنە تۇۋبە بىرلە ھەققە يونەلت يۈز،
تىلىڭنى بۇرا سەن، تۈگەپ قالدى سوز.

* * *

3093 تۈزەپ كوڭلىن ئىلىگ شۇنىڭدىن بۇيان،
يۇرۇتتى ئەلگە ياخشى قانۇن ھامان.

3094 خەلق تاپتى راھەت، ئورۇق سەمرىدى،
بېيىپ دوستى، دۇشمەن كۈچى كەملىدى.

3095 سويۇنچ ھەم قۇۋانچ ئىچرە ئوتتى كۈنى،
جاھانغا يېيىلدى ئىتى ھەم ئۈنى.

3096 ياشادى ئۇ بىر چاغ شۇ خىلدا يۈرۈپ،
قوزا-توقلى بىرلە بورى تەڭ بولۇپ.

ئېلىگنىڭ ئوگدۇلمىشكە سوئالى

3097 قىچقارتىپ ئوگدۇلمىشنى ئىلىگ بىر كۈنى،
سورادى كەچۈرمىش كۈنۈ-ئىشنى.

3098 nəgü təg kəqər kün ay ɵgdülmix ay
qïɋaymu təlim boldï ə̦ldə ya bay

3099 ə̦l iqrə nəgü bar yaraɋsïz yavuz
boḍun ḥali aqɋïl maṇa ɵrtmə sɵz

3100 boḍun tillərində nəgü sɵz yorïr
sɵküxmü təlimrək ya ɵgdi kəlir

3101 münümmü ɵküxrək azu ərdəmim
ayu bə̦r maṇa sən ḳïlayïn əmim

ƟGDÜLMIX JƏWABÏ Ə̦LIGKƏ

3102 yaṇut bə̦rdi ɵgdülmix aydï ə̦lig
tilək kəldi tuttï təgürdi əlig

3103 ə̦lig dəwlətində ə̦tildi aẕun
saḳïnq ḳïsɋa boldï səvinqlər uzun

C179
3104 bayudï boḍun inqkə təgdi yatur
ulux kənd bəzəndi kɵṇül yə̦lkütür

3105 ərəẕ birlə ərtər boḍun künləri
səvinqin kəqər kɵr pütün tünləri

3106 tilin sɵzlədi barqa əḍgü ŝəna
du'a birlə tïnmaz tïnïɋlï tïna

3107 tɵrü suv təg ol küq kɵr ot təg yoḍuɋ
süzüg suv aḳïttïṇ uḍïttï otuɋ

3098 ئىچۈكرەك كېچەر ئەي ئوگدۇلمىش كۈن-ئاي،
بۇ يۇرتتا پەقىر كوپمۇ ۋە ياكى باي؟

3099 ئەل ئىچرە يامانلىق، يارامسىز نە بار؟
خەلق ھالىنى ئېيت، يوشۇرما زىنھار!

3100 خەلقنىڭ تىلىدە نىمە سوز يۇرۇر،
سوكۇش كوپمۇ ياكى ماختاش كوپ ئېرۇر؟

3101 قۇسۇرۇم تولامۇ، يا پەزلىم مېنىڭ،
دىگىن چارەسىنى، قىلايمەن ئۇنىڭ.

ئوگدۇلمىشنىڭ ئېلىككە جاۋابى

3102 جاۋابەن ئوگدۇلمىش دىدىكى: ئەي خان،
تىلەككە ئېرىشتى ئەل-يۇرت بۇ زامان.

3103 ئېلىگ سايىسىدا تۈزەلدى ئاجۇن،
غەم-ئەندىش قىسقاردى، خوشاللىق ئۇزۇن.

3104 بېيىپ ئەل، ئاسايىش بىلە تېچ ياتۇر،
شەھەر-كەنت بىزەندى كوكۇل شاتلىنۇر.

3105 ھوزۇردا ئوتەر بۇ خەلق كۈنلىرى،
سويۈنچتە كېچەر، كور، پۈتۈن تۈنلىرى.

3106 جىمىكى تىلى بار ئوقۇيدۇ سانا،
تىنارلىق ئالار تىن دۇئالە ساڭا.

3107 قانۇن—سۇ كەبىدۇر، زۇلۇم—ئوت، بەلا،
ئېقىتتىڭ سۇزۇك سۇ، ئوچتى ئوت مانا.

B229

3108 tərü tüz yorïttïņ ə̧tildi az̧un
kim ərsə küqək ə̧ldə kərməz kezün

3109 ay ə̧lig üq ixtin təgir küq basïnq
biri bəg usal bolsa təgsə ə̧rinq

3110 ikinqi basïnqak̡ boḍun bə̧xlar ər
üqünqi suk̡ ərsə boḍun baqïrï yə̧r

3111 səniņdə yok̡ əmdi bu üqtə biri
k̡ayudïn təgir ə̧lkə küqkəy əri

3112 ay əḍgü tərülüg arïqï bəg silig
bayat bə̧rdi ərdəm saņa eg bilik

3113 ezüņ buldï təwfik̡ k̡amuqï əḍgükə
boḍun toḍtï pütti yə̧gü kəḍgükə

3114 xükür k̡ïl bayatk̡a tapuqï k̡ïl səvin
ərəz̧ k̡ïl bir anqa sən inqin avïn

3115 taxïrtïn nəgü tuxsa yaņluk̡ yazuk̡
munu mən yügürdəqi k̡ul mən anuk̡

* * *

3116 xükür kïldï artuk̡ səvindi ə̧lig
ŝəna k̡ïldï rəbk̡a ketürdi əlig

3117 ayur ay baqïrsak̡ iḍim sən uluqï
aqïr k̡ïldïņ ə̧ldə bu yunqïqï k̡uluqï

3118 təgürdüņ maņa sən k̡amuqï əḍgülük
munïņ xükri boynum ezə boldï yük

3108 ھەق قانۇن يۈرگۈزدۈڭ، تۈزەلدى جاھان،
زۇلۇم كورمەس ئەلدە ھېچكىم بۇ زامان.

3109 ئىلىك، ئۈچ ئىش بىلەن زۇلۇم تۇغۇلار:
بىرى، بەگ غاپىل ئولسا ئاپەت ياغار.

3110 ئىككىنچى، بوش ئولسا ئەلنى باشلار ئەر،
ئۈچىنچى، ئاچكوزلۇك، خەلق باغرىن يەر.

3111 سېنىڭدە يوق ئولغاچ بۇنىڭ ھېچبىرى،
تېگۈر نەدىن ئەلگە زورلۇق ئەرلىرى.

3112 ئەي ئادىل، ئىرىغ-پاك، مۇلايىم بېگىم،
ساڭا ھەق بەردى ئاڭ، پەزىلەت بىلىم.

3113 سەن تەۋپىق تېپىپ بۇ ياخشىلىق ئۈچۈن،
ئەل قارنى تويۇپ، بولدى ئىگنى پۈتۈن.

3114 شۈكۈر قىل خۇداغا، تېۋىن ھەم سويۇن،
ھوزۇر قىل بىر ئاز سەن، راھەتتە ئاۋۇن.

3115 ئىچۈك ئەيىپ-خاتالىق كورۇلسە سىرتتا،
مانا مەن خىزمەتچى قۇلۇڭ بار شۇندا.

* * *

3116 شۈكۈر قىلدى ئىلىك تولا سويۇنۇپ،
خۇداغا سانا ئېيتتى قول كوتۈرۈپ.

3117 دېدى: ئەي رەھىملىك، ئۇلۇغ بىر ئىگەم،
بۇ ئاجىز قۇلۇڭنى قىلىپ مۇھتەرەم،

3118 نەسىپ قىلدىڭ ماڭا پۈتۈن ئەزگۈلۈك،
بۇنىڭ شۈكرى بويىنۇم ئۈزە بولدى يۈك.

C180
3119 bu xükruɣ k̡aqan k̡ilɣa ezüm yətə
munin̡ xükri mə̡ndin san̡a sən etə

Ə̡LIG SUALI EGDÜLMIXKƏ

3120 yana aydī ə̡lig ay egdülmixim
bayat fəẓlī ərdi sə̡ni bulmīxīm

B230
3121 səbəb sən sən əmdi k̡amuɣ əḍgükə
küqüg tīḍɣuk̡a h̡əm terü bə̡rgükə

3122 bayat bə̡rdi əmdi k̡amuɣ əḍgülük
sə̡ni bə̡rdi artuk̡ aḍin on ülük

3123 nəqə bəg k̡atīɣlansa yaln̡uz ezün
bolu bə̡rməsə k̡ul ə̡tüməz uzun

3124 bəg iqtin bolur kergü taxtīn kezi
baɣīrsak̡ k̡ulī ol kezi h̡əm sezi

3125 kezüm sən tilim sən ə̡lim sən man̡a
anīn əḍgü boldī atīm ay ton̡a

3126 nəgü tə̡r əxit əmdi hak̡an tili
aẓun baxlamix pütrü basmix ə̡li

3127 baɣīrsak̡ k̡uluɣ bolsa bəglər tiləp
anī tutɣu altun kümüxkə k̡alap

3128 keni qīn kixi bulsa bəglər pütün
ezi inqkə təgdi tirildi k̡utun

3129 tapuɣqī talusī baɣīrsak̡ bolur
baɣīrsak̡ tapuɣqīɣ tiləp kim bulur

3119 قاچانمۇ ئۆتەرمەن بۇ شۈكرىڭ سىنىڭ،
مېنىڭ شۈكرىمنى سەن ئۆتەرسەن ئۈزۈك.

ئېلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە سوئالى

3120 يەنە ئېيتتى ئېلىگ: ئەي ئۆگدۈلمىشىم،
خۇدا پەزلى ئەردي سېنى تاپمىشىم.

3121 سەۋەپ بولدۇڭ پۈتۈن بۇ ياخشىلىققا،
زۇلۇمنى تۈگەتىپ، قانۇن قۇرۇشقا.

3122 خۇدا بەردى كوپ ياخشىلىقلار ماڭا،
سېنى بەردى ئۇن ھەسسە ئارتۇق يانا.

3123 ھەرقانچە تىرىشسۇن بەگ يالغۇز، بىراق،
قۇل ياردەم بەرمىسە، ياشالماس ئۇزاق.

3124 بەگ ئىچتىن كۈزەتۇر، سىرتتىكى كوزى—
كويۇمچان قۇلىدۇر، كوزى ھەم سوزى.

3125 كوزۇم سەن، تىلىم سەن، قولۇم سەن ماڭا،
ئىتىم ياخشى بولدى، ئەي باتۇر شۇڭا.

3126 ئىشتىكىن، نىمە دەيدۇ ئەمدى خاقان،
ئېلىپ ئەل قولىغا، جاھان سورىغان:

3127 بېگى تاپسا سادىق قۇلىنى تىلەپ،
ئۇنى تۈتسۇن ئالتۇن-كۈمۈشكە كومەپ.

3128 ئىشەنچلىك، دۇرۇس، چىن كىشى تاپسا خان،
ھوزۇر-بەخت ئىچىدە ياشار ئۇ ھامان.

3129 خىل ئۇلسا خىزمەتچى كويۇمچان بولۇر،
كويۇمچان خىزمەتچى كىشىن كىم تاپۇر؟

3130 baƣīrsaⱪ yoⱪ ərsə aⱬunda talu
kixilik ⱪaqan turƣay ərdi tolu

3131 əsirkər mən əmdi ay ɵgdülmixə
bir ɵk sən ataņdīn maņa ⱪalmīxa

3132 taⱪī bir bar ərsə sə̣ni təg aḍīn
uḍa bə̣rgəy ərḍi kɵr ɵņdün kə̣ḍin

3133 bir ɵk sən maņa kɵr ay ⱪīlⱪī kɵni
sə̣ni ɵz yitürsə aḍīn bir ⱪanī

C181
3134 bu yalņuzluⱪuņⱪa ɵzüm əymənür
taⱪī bir ə̣x ərsə saņa ay unur

3135 saņa təgməgəy ərdi əmgək ɵküx
maņa ma du‘a təggəy ərdi ülüx

B231
3136 tilə barmu kɵrgil ⱪadaxlar ara
saņa uḍƣu təg bir ayītƣīl kɵrə

ƟGDÜLMIX JƏWABĪ Ə̣LIGKƏ

3137 yanut bə̣rdi ɵgdülmix aydī ə̣lig
əsən bolsu ixkə yətilgəy ə̣lig

3138 ərəⱬlənsü ə̣lig tuqī inqrünü
tilək arzu kəlsü ɵzi tīnqrunu

3139 məniņ əmgərimkə ə̣lig altunī
aƣīr ⱪīlmasu kɵņli tutsu kɵni

3140 maņa təgsə əmgək ərəⱬ mə təgir
ərəⱬ birlə əmgək yanaxu yorīr

3130 جاھاندا يوق ئەرسە بۇ خىل كويۇمچان،
كامالغا ئېرىشكەي كىشىلىك قاچان؟

3131 ئۇگدۇلمىش، مەن ئەمدى تەئەسسۇپتە مەن،
قىلىپ سەن ئاتاڭدىن ماڭا بىرلا سەن.

3132 يەنە بولسا ئەردى سېنىڭدىن بىرى،
بۇ يولدىن ماڭاردى كېيىن-ئىلگىرى.

3133 ئەي خۇلقى ئۇز، ئاران تاپقانتىم سېنى،
يۇتۇرسەم سېنى مەن ئۇزگىسى قېنى؟

3134 مېنى ئەنسىرەتتى بۇ يالغۇزلىغىڭ،
يەنە بولسا كاشكى، بولەك ھەمرىيىڭ.

3135 تولا بولماس ئەردى جاپالىق ساڭا،
دۇئادىن تېگۇردى ئۇلۇش ھەم ماڭا.

3136 كور، بارمۇ، سەن ئىستە قېرىنداش ئارا،
يولۇڭدىن ماڭارلىق مۇناسىپ ساڭا؟

ئۇگدۇلمىشنىڭ ئېلىككە جاۋابى

3137 جاۋاپ بەردى ئۇگدۇلمىش، ئېيتتى: ئېلىك،
ئىسەن بولسا يەتكەي بۇ ئىشقا ئىلىك.

3138 ھەمىشە يار ئولسۇن ھوزۇر ئېلىككە،
ئاسايىش ئىچىدە يېتىپ تىلەككە.

3139 مېنىڭ ئەمگىكىمنى خان ئاللىرى—
قەدىرلىمىسۇن، بولسۇن تىنىچ دىللىرى.

3140 ماڭا يەتسە زەخمەت، ھوزۇرمۇ تېگۇر،
ھوزۇر بىرلە زەخمەتكى، يانداش يۇرۇر.

3141 ḳalï ə̣l ixiṇə tusulƣu kixi
tilər ərsə ə̣lig boḍun ə̣l baxï

3142 nəgü tə̣r əxitgil ay ə̣lqi bəgü
bəgüləp ḳïlur ə̣lqi kündə ẹgü

3143 ẹküx bolsa ə̣lkə basutqï tilə
ə̣l ə̣tlür bəḍük bəg yatïp yə̣r külə

3144 təlim bolsa ə̣ldə tusulur tətik
bəgig inqkə təgrür ḳïlur bu ə̣tik

3145 yoḳ ərməs ḳadaxlar ara bar məniṇ
bu yaṇlïƣ kixi bilki artuḳ anïṇ

3146 ḳamuƣ ərdəmi bar saḳïnuḳ oḍuƣ
ḳayu ixkə təgsə boḍur tü boḍuƣ

3147 ḳïlïnqï kẹni atï oḍƣurmïx ol
ḳamuƣ əḍgülükkə əlig urmïx ol

3148 wəlikin əvürdi bu dunyada yüz
turup taƣḳa kirdi kẹṇül ḳïldï tüz

B232 C182

3149 bayat tapƣï birlə ẹzin əmgətür
tapuƣ birlə yazuḳ igin əmlətür

3150 məniṇdə yüz üstəṇ anïṇ ərdəmi
boḍunda talusï kixi kẹḍrümi

3151 mə̣ni birlə bolsa məniṇ ol ḳadax
ḳamuƣ ixkə boloƣay anïṇ bilki bax

3152 ə̣lig altunï tïnƣa kẹṇli pütüp
səvinqin tirilgəy aẓunuƣ tutup

3141 تىلەسە ئېلىنگ بىر يارامىلىق كىشى،
كىشىكىم، ئەل ئىچرە خەلقىنىڭ بېشى.

3142 نىمە دەر، ئىشىتكىن، بىر دانا كىشى،
كۇنىدە ئەقىل ـ ئاڭ بېرىشتۇر ئىشى:

3143 ياردەمچى كوپ ئولسا، تىلە كوپ دىمەي،
بۇيۇك بەگ تۇزەپ ئەل، ياتار غەم يىمەي.

3144 يارامىلىق تىتىكلەر كوپ ئولسا ئەلدە،
تاپۇر بەگ ئاسايىش ئىشلار ئەمەلدە.

3145 يوق ئەرمەس قېرىنداش ئارا مۇنداق ئەر،
ئىلىمدە مېنىڭدىن ئوشۇقتۇر مەگەر.

3146 ئوزى تەقۋا ۋە ئويغاق، خىسلىتى كوپ،
نىچۇك ئىشنى قىلسا، كۇل كەلتۇرەر خوپ.

3147 ئودغۇرمىش ئېتىدۇر، دۇرۇستۇر خۇيى،
پۇتۇن ياخشىلىققا بېرىلمىش قولى.

3148 ۋە لېكىن ئورۇپ ئۇ بۇ دۇنيادىن يۈز،
چىقىپ ئالدى تاققا، كوڭۇل قىلدى تۈز[152].

3149 ئىبادەت بىلەن ئۇ ئوزىن ئەمگىتۇر،
تائەتتە گۇنا ـ كېسىلىن ئەملىتۇر.

3150 ئۇنىڭ پەزلى مەندىن يۇز ھەسسە ئوشۇق،
كىشىلەر خىلىدۇر، گويا مىسلى يوق.

3151 مېنىڭلە بىر ئولسا ئاشۇ قېرىنداش،
پۇتۇن ئىشقا ئىلمى بولار ئىدى باش.

3152 خان ھەزرەتلىرى كوڭلى تىنغاي پۇتۇپ،
سويۇنچتە ياشاغاي جاھاننى تۇتۇپ.

Ə̣LIG SUALI ƟGDÜLMIXKƏ

3153 ə̣lig aydï arzum tiləkim bu ol
anï bulsa ɵtrü tayanoɋay kɵṇül

3154 nəgü təg ḳïlur sən bu ixkə ə̣tik
maṇa yaḳru bə̣r sən anï ay tətik

3155 nəgü təg oḳïlïm anï ay bərü
kimi ïḍsa boloɋay oḳïtqï naru

3156 bitikmü kərək ya sɵz ïḍsa tilin
yaraoɋï nəgü təg sən andaɋ ḳïlïn

ƟGDÜLMIX JƏWABÏ Ə̣LIGKƏ

3157 yanut bə̣rdi ɵgdülmix aydï bu sɵz
ayïtmïxḳa ə̣lig jəwab ḳïldï ɵz

3158 ḳadaxïm barïnï ɵtündi ɵzüm
kəlirmü ya kəlməz aqïlmaz sɵzüm

3159 ḳalï kəlsə əḍgü aoɋïrladï sɵz
apaṇ kəlməsə boloɋa yarlïoɋ uquz

3160 sïrïloɋaymu ərki ə̣lig altunï
iləngəymü ərki maṇa ol kɵni

ئېلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە سوئالى

3153 ئېلىگ ئېيتتى: ئارزۇ-تىلەك ئىدى شول،
ئۇنى تاپسام ئەردى تايانسا كوڭۈل.

3154 نە چارە قىلۇرسەن، بۇ ئىشقا دىگىل،
ئۇنى ئەپكېلىشكە چوقۇم، ئەي دىبىل.

3155 ئۇ زاتنى نىمە يول بىلەن چاقىراي،
بۇ دەۋەتكە كىمنى ئاڭا ماگدۇراي؟

3156 سوز ئېيتماق كېرەكمۇ، يا نامە يازماق؟
مۇناسىپ قايسىسى، سەن ئىشلە شۇنداق.

ئۆگدۈلمىشنىڭ ئېلىككە جاۋابى

3157 ئۆگدۈلمىش جاۋابى بۇدۇركى سوزى:
ئېلىگ ئېيتتى سوئالغا جاۋاپنى ئۆزى.

3158 قېرىنداش بارلىغىن مەن ئېيتتىم ئۆزۈم،
كېلەرمۇ يا كەلمەس، بۇڭا يوق سوزۇم.

3159 ئەگەر كەلسە ياخشى، بېرىپ ئېتىۋار،
ئەگەر كەلمىسە، يارلىق ئولغاي ئۇ خار.

3160 قالارمۇ چېكىپ خان جاپاپ رەنجىنى،
ئەيىپلەپ قويارمۇ، ئۇ تۈز ئەر مېنى؟

Ə̣LIG JƏWABÏ ӨGDÜLMIXKƏ

3161 ə̣lig aydï mən səz ayïttïm saņa
sən өz bilmixiņ sөzni aydïņ maņa

B233

3162 oķï kəlsə kəlgəy ķalï kəlməsə
nəgükə iləngü sөzüm tutmasa

3163 sən өgdüņ anïņ türlüg ərdəmlərin
ol ərdəm üqün mən tilər mən ərin

3164 biliklig uķuxluoq ṭədüküņ üqün
anï arzuladïm ḥəwaķa өqün

C183

3165 biliklig uķuxluoq kixi ol kixi
anïņda naru barqa yïlķï tuxï

3166 biliklig uķuxluoq bilir bilsə ix
biliklig uķuxluoq ķïlur ķïlsa ix

3167 muņar məņzər əmdi bu sөz bəlgülüg
əxitgil munï sən ay ərsig külüg

3168 bilik birlə yazlur ķamuoq tərs tügün
bilik bil uķux uķ tirilgil өgün

3169 bilik ixkə tutoqïl taķï til kөni
taķï өgrənü tur usanma bu kün

3170 maņa yalņuz ərməz anïņdïn asïoq
saņa ma ķadaxtïn asïoq həm tatïoq

3171 ķadaxlïoq bolur sən kərək bu ķadax
ķadax bolmasa tutoqu ərkə adax

ئېلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

3161 ئېلىگ ئېيتتى: سوزنى قىلدىم مەن ساڭا،
ئۆزەڭ بىلگىنىڭنى دىدىڭ سەن ماڭا.

3162 قىچار، كەلسە كېلۈر، ئەگەر كەلمىسە—
نىمە ئەيىپ سېنىڭدە، ئۇ ئىشتىمىسە؟

3163 تولا ماختىدىڭ سەن ئۆنىڭ پەزلىنى،
شۇ پەزلى ئۈچۈن قىچقىرۇرمەن ئۇنى.

3164 بىلىملىك، ئەقىللىق، ھەۋەس دۈشمىنى—
دىگەچ سەن، تىلەدىم ئارزۇلاپ ئۇنى.

3165 بىلىملىك، ئەقىللىق كىشىدۇر كىشى،
ئۇنىڭدىن بولەكلەر يىلقا تەڭتۇشى.

3166 ئىش بىلسە بىلىملىك، ئەقىللىق بىلۈر،
ئىش قىلسا، بىلىملىك، ئەقىللىق قىلۇر.

3167 بىر سوز بەلگۈلۈككىم، بۇڭا ئوخشىشار،
بۇنى سەن ئىشىتكىن ئايا نامدار:

3168 بىلىملە يېشىلگەي پۈتۈن تەس تۈگۈن،
بىلىم بىل، ئەقىل ئۇق، ئاڭلىق ياشىغىن.

3169 بىلىم بىرلە ئىش قىل، تىلىڭ توغرا تۇت،
ئۆگەن سەن، بىكارغا ئۆتمىسۇن بۇ كۈن.

3170 ئۇنىڭ نەپسى يالغۇز ئەمەستۇر ماڭا،
قاياشتىن نەپ_لەززەت تېگەر ھەم ساڭا.

3171 قاياشلىق بولۇشقا كېرەكتۇر قاياش،
قاياش بولمىسا گەر تۇتقۇلۇق ئاداش.

3172 ə̣ḍi yaḳxī aymīx kɵr ə̣lqi baxī
ḳamuǫda küqi bək ḳadaxlīǫ kixi

3173 ḳadaxlīǫ kixi küsi qavī bəḍük
adaxlīǫ kixi atī savī bəḍük

3174 ḳadaxīṇ yoḳ ərsə yorī tut adax
adax əḍgü bolsa bu boldī ḳadax

ƟGDÜLMIX JƏWABĪ Ə̣LIGKƏ

B234
3175 yanut bə̣rdi ɵgdülmix ə̣lig ḳutī
anī qīn tiləsə ə̣təyin otī

3176 ə̣lig yarlīḳasa barayīn ɵzüm
oḳīyīn anī mən aqayīn sɵzüm

3177 tilin sɵzləyin mən tükəḷ türlügün
bilikdin uḳuxtīn sɵz ɵḍrüp ɵgün

3178 ə̣lig mə bitisü ɵz əlgin bitik
oḳisu ə̣lig yarlīǫīn ol tətik

C184
3179 maṇa pütsü mə̣ndin tə̣yü bilməsü
yə̣mə yarlīǫ əxtip kə̣tə turmasu

3180 nəǫə mə ɵzüm sɵzləsə sɵz tilin
ə̣lig yarlīǫī bu bitik sɵz aḍīn

3181 nəgü tə̣r əxitgil ay ə̣ṣlī aǫī
ḳara kɵṇlin avlar bəgi yarlīǫī

3182 taḳī yaḳxī aymīx biliklig ɵzi
tügülmix kɵṇülni yazar bəg sɵzi

3172 تولا ياخشى دەپتۇ بۇ ئەللەر بېشى،
بولۇر ھەممىدىن زور قاياشلىق كىشى:

3173 قاياشلىق كىشىنىڭ شان-شوھرىتى چوڭ،
ئاداشلىق كىشىنىڭ سوزى، ئېتى چوڭ.

3174 قاياشىڭ يوق ئولسا، بېرىپ تۇت ئاداش،
ئاداش ياخشى بولسا، بولۇر ئۇ قاياش.

ئۇگدۇلمىشنىڭ ئېلىككە جاۋابى

3175 جاۋاپ بەردى ئۇگدۇلمىش، ئېيتتى: ئەي خان،
قىلاي چارەسىن چىن ئىستىسەڭ بۇئان.

3176 ئېلىگ قىلسا يارلىق بارايمەن ئوزۇم،
ئۇنى دەۋەت بىلەن ئاچايىن سوزۇم.

3177 تىلىم بىرلە تۇرلۇك-تۇمەن سوز قىلاي،
بىلىملە ئەقلىنى مەن ئىشقا سالاي.

3178 ئېلىگ ئوز قولىلە ھەم نامە يازسۇن،
ئېلىگ يارلىغىنى ئۇ زات ئوقسۇن.

3179 ئىشەنسۇن ماڭا ھەم مەندىن كورمسۇن،
يەنە يارلىق ئاڭلاپ، كېتىپ قالمسۇن.

3180 ئوزەمغۇ قىلۇرمەن سوزۇم ھەر نىچە،
ئېلىگ يارلىغى—خەت بولۇر ئوزگىچە.

3181 نىمە دەر ئىشىتكىن، تىگى پاك ئاغى[153]:
ئاۋام كوڭلىن ئاۋلار بېگى يارلىغى.

3182 ئەجەپ ياخشى دەپتۇ بىلىملىك ئوزى:
چىگىلگەن كوڭۇلنى ئاچار بەگ سوزى.

3183 isig sezləsə kulka bəglər tilin
unītmaz anī kul tirilsə yīlīn

3184 kalī bəg tili yumxak ərsə süqig
anī səvdi bodnī uluoı tut kiqig

ƏLIG JƏWABĪ ƏGDÜLMIXKƏ

3185 əlig aydī əmdi bu ərsə yaraoı
bitiyin bitikim anar bolsu aoı

3186 sana baroıu ərsə ətingil ətik
munu mən ezümdin bitiyin bitik

3183 ئىسسىق سوز قىلسا قۇلغا بەگنىڭ تىلى،
ئۇنۇتماس ئۇنى قۇل ئۆز ئومرى بويى.

3184 ئەگەر بەگ تىلى بولسا يۇمشاق، چۈچۈك،
سويەر ئۇنى خەلقى ئۇلۇغ ھەم كىچىك.

ئېلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

3185 ئېلىگ ئېيتتى: تەدبىر گەر ئۇلسا شۇنداق،
يازاي مەكتۇپ ئاڭا بۇ ئولسۇن تۇزاق.

3186 بېرىش لازىم ئولسا، سەن راسلان ئاڭا،
ئۇزۇممۇ يازاي مەن بىر مەكتۇپ يانا.

39

KÜN TOƢDÏ Ə̣LIG OḌƢURMÏXⱩA BITIK BITIP ÏḌMÏXÏN AYUR

B235

3187 dəwat ⱪoldï kaƣïd bitildi bitik
bitik birlə ə̣tti ixiņə ə̣tik

3188 bayat atï birlə sezüg baxladï
terütgən igiḍgən kəqürgən tə̣di

3189 ayur mən bitidim bayatïm atï
bu at ol ⱪamuƣ türlüg igkə otï

3190 eküx egdi artuⱪ təlim miņ ŝəna
ⱪïlur mən bayatⱪa aņar yoⱪ fəna

3191 tilədi terütti ⱪamuƣ təprərig
tirilgü bə̣rür yə̣m tutar ol tirig

3192 oƣan ol keni qïn terü bə̣rgüqi
terümix ⱪamuƣ həlⱪⱪa yətrür küqi

ئوتتۇز تۇققۇزىنچى باپ

كۈنتۇغدى ئېلىگنىڭ ئودغۇرمىشقا خەت يېزىپ ئۈندەتكەنلىگى بايانىدا

3187 دۇۋەت ـ قەغەز ئېلىپ پۈتىدى بىتىك،
بىتىك بىرلە ئەتتى ئىشكە ئىتىك.

3188 خۇدا ئاتى بىرلە سوزىن باشلىدى،
ياراتقان، ئۇستۇرگەن، كوچۇرگەن دىدى.

3189 دىدى: مەن پۈتىدىم خۇدايىم ئېتى،
بۇ ئات ھەممە دەرتنىڭ داۋاسى ـ ئوتى[154].

3190 تولا كوپ، مىڭ ئارتۇق مەدھىيە ـ سانا ـــ
ئوقۇرمەن خۇداغا، ئاڭا يوق پەنا.

3191 ياراتتى ئۇ خالاپ جىمى جانى بار،
بېرىپ رىزق، ئۇلارنى ھەم تىرىك قىلار.

3192 ئۇ قادىر ھەق ـ ئادىل قانۇن تۈزگۈچى،
ياراتقان پۈتۈن خەلققە يەتكەي كۈچى.

3193 yaxīl kөk yarattī yaruttī kün ay
ḳara tün yaruḳ kün saḳīxlīq yīl ay

3194 tөrütti bu əvrən tuqī əvrülür
bayat ḥukmi təḳdir bilə təzginür

3195 tөrütməzdə axnu yorītti ḳəẓa
ḳəẓaḳa tapī bol boyun əg uḍa

C185
3196 nəgü ḳolsa ḳīldī nə ḳolsa ḳilur
nəgü aysa boldī nə aysa bolur

3197 ə̇ligdin sələm kөṇül aytu bitik
bitidim əsənlik өzə ay tətik

3198 əsən barmu ərki ət өz inqlikin
nəgü təg yüḍər ərki өḍlək yükin

3199 əxittim səniṇ əḍgü ḳīlḳīṇ yaṇīṇ
bu өḍtə yoḳ ol təp saṇa tux təṇiṇ

3200 bayat ḳīlmīx əmdi saṇa əḍgülük
bilik bərmix ərdəm uḳux og ülük

3201 bu yaṇlīq ḳīlīnqīṇ əxitti өzüm
səni arzuladī ay kөrklüg yüzüm

B236
3202 ḳadaxīṇnī īḍtīm bu өgdülmixig
sөzümni təgürgəy uḳup bilmixig

3203 yaḳīn ḳa ḳadaxtīn yitürmix sən өz
ulux kənd boḍundīn əvürmix sən yüz

3204 turup taqḳa kirmix өzüṇ yalṇuzun
tapuq ḳīlquḳa bu tapuq kəḍ uzun

3193 يېشىل كوك ياراتتى، يورۇتتى كۈن، ئاي،
قارا تۈن، يورۇق كۈن، ساناقلىق يىل، ئاي.

3194 ياراتتى پەلەكنى، تۇرماي چۆرگۈلۈر،
خۇدا ھۆكمى تەقدىرىلە تەۋرىنۇر.

3195 ياراتماستىن ئاۋال يۇرۇتتى قازا،
قازاغا بويۇن ئەگ، ئاگا بول رىزا.

3196 نىمەنى تىلەركەن، ئۇ قىلدى، قىلۇر،
نىمەنى دىسە ئۇ، ئۇ بولدى، بولۇر.

3197 ئېلىگدىن سالام، ھال سوراش بۇ بىتىك
پۈتۈدۈم، ئىسەنلىك تىلەي ئەي تىتىك.

3198 تېنىڭ ساق ـ سالامەت، ئىسەندۇرمىكىن،
نىچۈكرەك يۈدۈرسەن زامانە يۈكىن؟

3199 ئىشىتتىم سېنىڭ ئۆز خۇلق ـ ھەركىتىڭ،
يوق ئەرمىش بۇ كۈندە سېنىڭ تۇش ـ تېڭىڭ.

3200 خۇدا قىلمىش ئەمدى ساڭا ئەزگۈلۈك،
بېرىپتۇر پەزىلەت، ئەقىل ـ پەم، بىلىك.

3201 ئىشىتكەچ بۇ ياڭلىغ سۈپەتىڭ ئۆزۈم،
سېنى ئارزۇلاپ ئەي گۈزەل يۈزلۈكۈم.

3202 ئەۋەتتىم قاياشىڭ بۇ ئۆگدۈلمىشىن،
سوزۈمنى دىسۇن ھەم ئۇقۇپ بىلگىنىن.

3203 يېقىن قەۋم ـ قېرىنداشتىن قېچىپ سەن ئۆزۈڭ،
يۈرۈپسەن يۇرت ـ ئەلدىن ئورۇپ سەن يۈزۈڭ.

3204 چىقىپ تاققا يالغۇز تائەتكە ئۆزۈڭ،
ئىبادەت قىلىپسەن ئۈزۈندىن ـ ئۈزۈن.

3205 nəgü ķildi ərdi ķadaxlar saņa
nəlük yüz əvürdüņ aqa ay maņa

3206 ķalï təgdi ərsə saņa küq basïnq
bərü kəl maņa ay bu ķaḍƣu saķïnq

3207 saņa mən bə̣rəyin tərü küq bilə
bu yə̣rdə tirilgil səvinqin külə

3208 ķadaxtïn ķadaxķa asïƣlar bolur
asïƣ birlə yalņuķ tatïƣlar bulur

3209 barïxƣu kərək ķa ķadaxlar bilə
ķatïlƣu kərək ə̣x adaxlar biļə

3210 ķayuda yaraxïķlïķ ərsə yaķïn
ol ixtə bolur asƣï kəņlün baķïn

3211 nəgü tə̣r əxitgil bu xi'r ayƣuqï
iķigü yaraxsa asïƣ yə̣r tuqï

C186
3212 yaƣïz yə̣r yaxïl su yaraxtï bilə
ara miņ qə̣qəklər yazïldï külə

3213 yaraxïķ yorïsa ķadax ya adax
olardïn bolur ķa ķadaxķa bilə

3214 ķalï bardïņ ərsə tapuƣ ķïlƣalï
tapuƣ kəndtə ķïlƣïl bu ol din yolï

3215 ulux kəndtə ṭa'ət təlim bar ïḍuķ
ux ul yə̣rdə yətrü kərü barsa yoķ

3216 bilik əgrən axnu tapuƣķa əküx
biliksiz tapuƣ asƣï bolmaz ülüx

3205 نىمە قىلغان ئەردى قېرىنداش ساڭا؟
نىمشقا يۈز ئۆردۈڭ؟ ئېچىپ ئېيت ماڭا.

3206 زۇلۇم كورگەن ئەرسەڭ بىر زورلۇق يېتىپ،
بۇ قايغۇ-ئەلەمنى ماڭا ئېيت كېلىپ.

3207 ساڭا مەن ئادالەت بېرەي كۈچ بىلە،
بۇ يەردە ياشا سەن سويۇنچتە كۈلە.

3208 قاياشتىن-قاياشقا نەپ-پايدا تېگۈر،
بۇنىڭ بىرلە ئىنسان لەززەتلەر ئالۇر.

3209 بېرىشماق كېرەكتۇر قاياشلار بىلەن،
قېتىلماق كېرەكتۇر ئاداشلار بىلەن.

3210 قەيەردە يېقىنلىق، ئىناقلىق بولۇر،
نەزەرسال، شۇ ئىشتىن كوپ پايدا كېلۇر.

3211 نىمە دەر ئىشتكىن، شېىر ئېيتقان ئەر،
ياراشسا ئىككى شەخس، هامان نەپ تېگەر:

3212 قوتۇر يەر، يېشىل سۇ ياراشماق بىلە،
ئارا مىڭ چېچەكلەر ئېچىلدى كۈلە.

3213 ئاداش يا قاياشلار يۇرسە ياراشىپ،
ئۇلاردىن قېرىنداش ئاداشلار كېلە.

3214 ئەگەر بارغان ئۇلساڭ تائەت قىلغىلى،
تائەتنى قىل كەنتتە[155]، شۇدۇر دىن يولى.

3215 مۇقەددەس ئىبادەت شەهەر-كەنتتە كوپ،
نەزەر سال، ئۇ يەردە بولماس مۇنچە خوپ.

3216 ئىبادەتكە ئاۋال بىلىم كوپ ئۈگەن،
ئىلىمسىز ئىبادەت بىپايدا، چۈشەن.

B237

3217 kixi iki türlüg kixi atanur
biri ɵgrətigli biri ɵgrənür

3218 ikidə naru barqa yïlķï sanï
tiləsə munï tut tiləsə anï

ƏLIG PƏNDI OḌƢURMÏXĶA

3219 sən əmdi ķayu sən maŋa ay aqa
ikidə biri bol üqünqtə ķaqa

3220 bilik bildiŋ ərsə tükəl ɵgrənip
anï ixlət əmdi kər əmgək ïḍïp

3221 ķalï bilmədiŋ ərsə ɵgrən bilik
tapuƣlarķa ɵtrü təgürgil əlig

3222 nəgü tə̣r əxitgil bilik bə̣rgüqi
bilik birlə ṭa'ət tapuƣ ķïlƣuqï

3223 bilik birlə yaķƣïl bayat tapƣïŋa
bilik tamƣa bolur tamu ķapƣïŋa

3224 bilik birlə ṭa'ət muyanï tümən
biliksiz tapuƣ ķïlsa bulmaz muyan

3225 biliksiz tapuƣ ķïlmïxïnda kərü
biliklig uḍïmïx muyanï ərü

3226 ulux kənd iqində tapuƣ bar təlim
ux ol yə̣rdə ķïlsa bulumaz yarïm

3227 səniŋ anda tapƣuŋ nəmaz ol biri
taķï biri ruzə tutar sən urï

3217 بۇ ئىككى خىل ئىنسان كىشى ئاتىلۇر:
بىرى ئۆرگىتۈچى، بىرى ئۆرگىنۈر.

3218 ئىككىدىن بولەكنى سەن يىلقى سانا،
يا ئۇ بول، يا بۇ بول، تاللاپ ئال مانا.

ئۆلگىنىڭ ئۇدغۇرمىشقا نەسىھتى

3219 بۇنىڭ قايىسى سەن، ماڭا سوزۇڭ ئاچ،
ئىككىنىڭ بىرى بول، ئۈچىنچىدىن قاچ.

3220 بىلىم بىلگەن ئۇلساڭ تولۇق ئۇكۇنۇپ،
ئۇنى ئىشلەت ئەمدى ئەمگەك سىڭدۇرۇپ.

3221 ئەگەر بىلمىگەن بولساڭ، ئۆگەن بىلىك،
ئىبادەتكە ئاندىن كىيىن قوي ئىلىك.

3222 نىمە دەر ئىشىتكىن، بىلىم بەرگۈچى،
بىلىملە ئىبادەت ـ تائەت قىلغۇچى:

3223 تائەتكە بىلىملە سەن بارغىن يېقىن،
بىلىم تامغىلايدۇ دوزاق ئىشكىن.

3224 بىلىپ قىلسا تائەت ساۋابى تۇمەن،
ساۋاپ كۈتمە بىلىمسىز ئىبادەت بىلەن.

3225 بىلىمسىز قىلىنغان تائەتتىن كورە،
گەر ئۇخلار بىلىملىك ساۋابى ئۇرە.

3226 شەھەر ـ كەنت ئىچىندە ئىبادەت تالاي،
ئۇ يەردە يېرىمىن قىلىپ بولمىغاي.

3227 كى ئۇندا بىرىدۇر ناماز تائىتىڭ،
بىرى روزا تۇتماق، ئەي ئوغلان سىنىڭ.

C187

3228 munuņda aḍïn anda ṭa'ət ḳayu
mana kərkitü bər tilin səzləyü

3229 atandï əzüņ əmdi zahid atï
bu atïņ saņa bolur ṭa'ət yutï

B238

3230 muņar arsïḳar ərsə əmdi əzüņ
bu ṭa'ət yava boldï kəsgil səzüņ

3231 tapuγ ḳïlγu həlḳtïn anï kizləgü
əküx ṭa'ət ərsə anï azlaγu

3232 kixi əḍgüsi ḳïlsa ṭa'ət tapuγ
anï həlḳta kizlər yarar bu ḳapuγ

3233 nəgü tər əxit əmdi mə'ni bu səz
bu səz ixkə tutγïl aya əḍgü əz

3234 ərən ər ḳatïnda əzin kizlədi
tapuγ ḳïldï yüz yïl anï azladï

3235 tapuγ kizləgü ḳïl kixi kərməsü
bu səz sïrrïm ərdi əzüm səzlədi

3236 bərü kəl ulux kənḍtə ḳïlγïl tapuγ
ḳamuγ əḍgülükkə aqïlsu ḳapuγ

3237 boḍunḳa tusulγïl muņïņa yara
ḳadaxḳa baγïr bər yaḳïnlïḳ ula

3238 təlim əgsüzüg kər ya tul tulsaḳïγ
ya kəzsüz ya oldrum yəmə aḳsaḳïγ

3239 jəma'ət bilə ḳïl fəriẓə nəmaz
qïγaylar ḥəjï ḳïl ażinə nəmaz

3228 يەنە ئۆزگە ئۇندا نە تائىتلىك بار؟
ماڭا ئۇنى كورسەت، سەن ئەيلە ئىزھار.

3229 ئۆزۈك ئالدىلىك ئەمدى زاھىت ئېتىنى،
بەلا ئىچرە سالدى بۇ تائەت سېنى.

3230 بۇڭا ئالدىنىپ گەر قالۇرسەن ئۆزۈك،
ئىبادەت كېتەر بوش، قوي، بەس قىل سوزۈك.

3231 ئىبادەت قىل، يوشۇر خەلقتىن لېكىن—
ئۇ قانچە كوپ ئەرسە، يەنە ئاز دىگىن.

3232 كىشى ياخشىسىكىم ئىبادەت قىلار،
خەلقتىن يوشۇرۇپ ئىشكىنى ياپار.

3233 بۇ سوز مەنىسىنى ئىشىتكىن، نە دەر،
ئۇنىڭغا ئەمەل قىل، ئايا ياخشى ئەر:

3234 كىشى ئالدىدا مەرت ئۆزىن يوشۇرۇر،
قىلىپ يۈز يىل ئىبادەت، ئۇنى ئاز كورۇر.

3235 تائەت قىل، كىشىدىن تۇت مەخپى ئۇنى،
بۇ سوز بىر سىر ئەردى،مەن ئاچتىم ئۇنى.

3236 تائەت قىل شەھەر-كەنت ئارا، بېرى كەل،
ئىشىك ئاچسۇن ساڭا ياخشىلىق تۈگەل.

3237 خەلققە بېرىپ نەپ، مۇڭغا يارا،
قېرىنداش دىلىن ئاچ، يېقىنلاش ئاڭا.

3238 تۇل-ئاجىز يېتىملەر بۇ جايدا تولا،
كوزى كور، يا پالەچ، يا ئاقساق-توكا.

3239 جامائەت بىلەن قىل پەرىز ۋە ناماز،
پەقىرلەر ھەجىدۇر بۇ جۇمە ناماز.

3240 ḥəlal dunya ķazƣan qïƣayķa ülə
kixi əlgi tutƣïl yanut ķïl yələ

3241 bu samïx tapuƣ barqa ṭa'ət turur
bu ṭa'ət bilə barqa raḥət turur

3242 munï barqa ķoḍtï ezüņ yalņuzun
nəmaz ruzə tuttï ay ķïlķï tüzün

3243 nəmaz ruzə barqa ez asƣïņ turur
ez asƣïn tiləgli baƣïrsïz bolur

C188
3244 əḍi yaķxï aymïx kixi eḍrümi
kixikə baƣïrsaķ kixi keḍrümi

B239
3245 kixi əḍgüsi bu ez asƣïn ķoḍup
kixi asƣï ķolsa ker əmgək yüḍüp

3246 baƣïrsaķ kərək ər nə baƣrï süqip
terü bərsə əḍgü əsizkə aqïp

3247 tirig yalņuķ oƣlï tusulƣan kərək
tusulmaz kixi toƣsa elgən kərək

3248 kixikə tusulur kixi əḍgüsi
bu əḍgü kixi ol boḍun toḍƣusï

3249 tapuƣķa ïnanïp ķayu ərsə ķul
bulumadï təņri səvinqiņə yol

3250 bayatïm səvinqi tiləsə ezüņ
musulman səvinqi tilə kəs sezüņ

3251 səniņ tapƣïņa munluƣ ərməz bayat
ezüņ ķulluķï ķïl tilə əḍgü at

3240 هالالدىن تېپىپ مال پەقىرلەرگە بەر،
تۇتۇپ ئەل قولىن، بول ئۇلارنى يولەر.

3241 سانالغان بۇ ھەممە بىر تائەت ئېرۇر،
بۇ تائەت بىلە بارچە راھەت كورۇر.

3242 قىلىپ تەرك بۇلارنى، سەن ئەي خۇلقى ساز،
تۇتۇپ روزى، يالغۇز ئوقۇرسەن ناماز.

3243 بۇ روزى-نامازلار ئۆز پايداڭ ئېرۇر،
ئۆز نەپسىن دىگەنلەر بەك خۇدبىن بولۇر.

3244 ئەجەپ ياخشى دەپتۇ كىشىلەر خىلى،
ئۇ ئەركىم، كىشىگە كويۇمچان دىلى:

3245 كىشى ياخشىسى ئۇ ئۆز نەپسىن قويۇر،
بولەكلەر نەپسىچۇن مۇشەققەت يۇدۇر.

3246 گۈزەل ھەم كويۇمچان بولسۇن ئەر دىلى،
يامانغا ئېچىپ بەرسۇن ياخشىلىق يولى.

3247 تىرىك ئادەم ئوغلى نەپ بەرمەك كېرەك،
ئەگەر پايدىسىز بولسا، ئولمەك كېرەك.

3248 كىشى ياخشىسى ئەلگە پايدا بېرۇر،
بۇ ياڭلىغ كىشىلەر خەلققە زورۇر.

3249 تائەتكە ئىشەنىپ يۇرەر بولسا قۇل،
تاپالماس خۇدانىڭ سويۇنچىگە يول.

3250 خۇدانىڭ سويۇنچىن تىلەسەڭ ئوزۇڭ،
مۇسۇلمان سويۇنچىن تىلە، كەس سوزۇڭ.

3251 ئەمەس تائىتىڭگە ھاجەتمەن خۇدا،
تىلەپ ياخشى نام، ئەيلە قۇللۇق ئادا.

3252 kimiꞑ atï ⱪul bolsa ⱪïlⱪï tapuƣ
tapuƣsuz ⱪul atï məjaz ol ⱪamuƣ

3253 tapuƣ ⱪïl tapuƣ tïnma ⱪulluⱪ bu ol
tapuƣⱪa baⱪa kɵr mə bəklə bu yol

3254 ə̣ḍi yaⱪxï aymïx bɵgü bilki kə̣ꞑ
munï ixkə tutƣïl aya əlgi kə̣ꞑ

3255 tapuƣ ṭa'ətim tə̣p küvənmə ɵküx
tapuƣ ⱪïl bayatⱪa tapuƣluƣ kɵsüx

3256 tapuƣ ⱪïl bayatⱪa bu ol ⱪulluⱪuꞑ
tapïndïm tə̣yü sən unïtma uⱪux

3257 ay oḍƣurmïx əmdi oⱪïr mən sə̣ni
ɵz asƣï tilər tə̣p saⱪïnma mə̣ni

C189
3258 ⱪalï kəlsə asƣï tususï saꞑa
yə̣mə kəlməsə sən yasï yoⱪ maꞑa

3259 oⱪïr mən sə̣ni həlⱪⱪa əḍgü üqün
bu əḍgü boḍun asƣï buzma küqün

B240
3260 baⱪa kɵr mən aymïx bu sɵzlər tapa
qïn ərsə bərü kəlgil andïn ⱪopa

3261 mə̣ni birlə turƣïl maꞑa ⱪïl basut
qïƣayïƣ yɵləgil nəꞑin əḍgü tut

3262 ɵzüꞑkə muyan ol maꞑa əḍgü at
ikigü aⱬun bə̣rgə ərklig bayat

3263 mə̣ni əḍgükə yə̣t ɵzüꞑ əḍgü bol
kixi əḍgü ərdïn tüzər əḍgü yol

3252 ئېتى بەندە بولسا، ئۇ تائەت قىلۇر،
تائەتسىز بەندە ئاتى بىر ماجاز[156] بولۇر.

3253 تائەت قىل تائەت، تىنما، قۇللۇغۇڭ شول،
كوڭۇل بول ئىبادەتكە، ساقلا بۇ يول.

3254 نە ياخشى دېمىشتۇر ئەقىل-ئىلمى كەڭ،
بۇنىڭغا ئەمەل قىل، ئايا قولى كەڭ:

3255 تائەتتە بولدۇم دەپ گۇۋەنمە تولا،
تائەتلىك ئەزىز، ھەققە قىل تائەت يانا.

3256 تائەت قىل خۇداغا بۇدۇر قۇللۇغۇڭ،
تېۋىندىم دىبان سەن ئۇنۇتما ئۇزۇڭ.

3257 ئەي ئۇدغۇرمىش ئەمدى چاقىردىم سېنى،
ئۇز نەپسىن ئىستەركەن دەپ قالما مېنى.

3258 كېلۇرسەن ئەگەر پايدىنىسىدۇر ساڭا،
مەگەر كەلمىسەڭ، يوق زەرەرى ماڭا.

3259 خەلققە ياخشىلىقچۇن، قىچاردىم سېنى،
بۇ—خەلق نەپئى، زورلاپ سەن بۇزما ئۇنى.

3260 قاراپ كور مەن ئېيتقان بۇ سوزلەر تامان،
دۇرۇس بولسا كەلگىن، قوپۇپ سەن بۇيان.

3261 كومەكلەش ماڭا، بول مېنىڭ بىرلە سەن،
پەقىرلەرنى يولە مېلىڭ بىرلە سەن.

3262 ساڭا بۇ ساۋاپتۇر، ماڭا ياخشى ئات،
بېرۇر ئىككى دۇنيانى قادىر بايات.

3263 مېنى ياخشىلىققا باشلا، ياخشى بول،
كىشى ياخشى ئەردىن تاپار ياخشى يول.

3264 səbəb boloqil əmdi maŋa əḑgükə
bayat bərgə əḑgü saŋa ay bəkə

3265 nəgü tər əxitgil təẓik bilgəsi
təẓik bilgələri qavīkar küsi

3266 bəgi bolsa əḑgü boḑunka pütün
anïŋ asoqï barqa boḑun yər kutun

3267 əzüŋ əḑgü kolma bəgiŋ əḑgü kol
bəgi əḑgü bolsa boḑun asoqï ol

3268 kara əḑgü bolsa bir əzkə bolur
bəgi əḑgü bolsa boḑun kün kərür

3269 kixi təp ayurlar kayu ol kixi
kixikə asïoq kïlsa ətsə ixi

3270 təzü yalŋuk oqlï səvər əḑgüni
bu əḑgü kayu ol əgəyin anï

3271 bu əḑgü ol ol kïlsa həlkka asïoq
bu asoqï bilə bulsa boḑnï tatïoq

3272 baoqïrsak bolur həlkka əḑgü kixi
baoqïrsak bolun boldun əḑgü kixi

* * *

3273 munu səzlədim səz bitikin ulam
tükəttim səzümni kurïttïm kələm

3274 takï ma nəgü ərdi ərsə səzüm
kadaxïŋ təgürgəy tilin ay yüzüm

3264 سەۋەپ بول ياخشىلىق ئۈچۈن سەن ماڭا،
بىرۇر ھەق، ئەي مەردان، ياخشىلىق ساڭا.

3265 نىمە دەر ئىشىتكىن، تاجىك ئالىمى،
ئۇنىڭكىم ئىرۇر زور شوھرەتتە نامى:

3266 بېگى بولسا خەلققە ياخشى ۋە ئادىل،
ئۇنىڭ نەپئىدىن ئەل تاپۇر بەخت، بىل.

3267 ئوزۇڭدىن كورە بەككە تىلە ياخشىلىق،
بەگ ياخشى ئولسا، بۇ، ئەلگە پايدىلىق.

3268 خەلق ياخشى بولسا، ئوزىگە بولۇر،
بېگى ياخشى بولسا، خەلق كۈن كورۇر.

3269 كىشى دەپ ئاتاشۇر، كىمدۇر ئول كىشى،
كىشىگە بېرىپ نەپ، بېجىرسە ئىشى.

3270 پۈتۈن ئادەم ئوغلى سويەر ياخشىنى،
بۇ ياخشى نىمە ئۇ، مەن ماختاي ئۇنى.

3271 خەلققە بېرىش نەپئى-ياخشىلىق ئىرۇر،
بۇ نەپئى بىلە خەلقى تاپقاي ھوزۇر.

3272 كويۇمچان بولۇر خەلققە ياخشى كىشى،
كويۇمچان بول، بولۇرسەن ياخشى كىشى.

* * *

3273 ئۇلاپ سوز بۇ خەتنى يازدىم ئوزۇم،
تۈرۈتتۇم قەلەمنى، تۈگەتتىم سوزۇم.

3274 يەنە بولسا قانداق مېنىڭكى سوزۇم،
قاياشىڭ يەتكۈزەر ئەي ئاي يۈزلۈگۈم.

* * *

B241 C190

3275 bitik türdi badï ezə tamƣalap
sunup bə̧rdi egdülmix aldï ulap

* * *

3276 ə̧lig aydï barƣïl taķï ma nəgü
yaraƣlïƣ sez ərsə təgür ay begü

3277 ķatïƣlan anï kəldür əmdi maņa
ķuruƣ kəlmə ansïz maņa ay toņa

3278 biliklig nəgü tə̧r əxitgil ezüņ
yalavaq tətik ïḍ tutuz ma sezüņ

3279 nəgü tutzayïn mən saņa əmdi sez
ķamuƣ sez sənində aya keņli tüz

3280 nəgü sezləgü ərsə sezlə tilin
yaraƣï nə ərsə sən andaƣ ķïlïn

* * *

3281 iləl tə̧p turup qïķtï egdülmixə
ol ə̧ḍgü ķïlïnq birlə igḍilmixə

3282 atïn mindi əvkə yüz urdï turup
kəlip tüxti kirdi yaķa ķur yerüp

3283 yaxïķ yandï yə̧rkə yaķurdï baxïn
yaruķ dunya mənzi ķïzardï ixïn

* * *

3275 تۇرۇپ خەتنى باغلاپ مۇھۇرلەپ ئۇ خان،
سۇنۇپ بەردى، ئۆگدۈلمىش ئالدى شۇئان.

* * *

3276 ئېلىگ ئېيتتى: نىچۈك بولسا بار ئۆزۈڭ،
دىگىن ئەي ئاقىل ھەم كېرەكلىك سۆزۈڭ.

3277 تىرىشقىن، ئۇنى ئەمدى كەلتۈر ماڭا،
ئۇنىڭسىز قۇرۇق كەلمە، باتۇر، ماڭا.

3278 زېرەك ئەلچى ئەۋەت ھەم تاپشۇر سۆزۈڭ، —
دىگەنتى بىلىملىك، ئىشتكىن ئۆزۈڭ.

3279 ساڭا تاپشۇراي مەن ئەمدى نىمە سۆز،
پۈتۈن سۆز سېنىڭدە، ئايا كۆڭلى تۈز.

3280 نە ئېيتماق كېرەكسە، شۇ بولسۇن سۆزۈڭ،
نە قىلماق كېرەكسە، ئۇنى قىل ئۆزۈڭ.

* * *

3281 گۈزەل تەربىيىلىك، يەنە خوش ئەدەپ،
بۇ ئۆگدۈلمىش چىقتى "باش ئۇستىگە" دەپ.

3282 يۈنەلدى ئۆي تامان مىنىپ ئۇ ئېتىن،
كىرىپ سالدى تونىنى، يېشىپ بەلۋىغىن.

3283 قۇياش ياندى يەرگە ھەم قويدى بېشىن،
يورۇق دۇنيا مەڭزى قىزارتتى تۈسىن.

3284 ķodï ïdtï kəsmə yaruķ yüz tudï
səvüg zülfi toldï yuķaru ķodï

3285 turup yandï ķïldï bu yatqu nəmaz
təxək ķoldï yattï udïp bardï az

3286 bəlinlər odundï kətürdi baxïn
ķara zəngi ķïlmïx yüzini ïxïn

3287 turup yundï ķïldï yana tan nəmaz
du'a ķïldï təsbih yəmə küdti az

3288 tuma torķu ķalķan kətürdi uxun
yaruķ yüz külər təg yarudï azun

3284 يېيىپ ساچىن ساما، ياپتى نۇر يۈزىن،
گۈزەل زۇلپى قاپلاپ كەتتى يەر يۈزىن.

3285 تاھارەت ئېلىپ قىلدى خۇپتەن ناماز،
توشەك سالدى، ياتتى، ئۇخلىدى بىر ئاز.

3286 چوچۇپ ئويغاندى، باش كوتەردى شۇئان،
قارا زەڭگى[167] قىلمىش يۈزىنى تۇمان.

3287 تاھارەت ئېلىپ قىلدى بامدات ناماز،
دۇئا تەسبىھ قىلىپ، تۇردى ئۇ بىر ئاز.

3288 يېپەك قالقان بېشىن چىقارغان ھامان،
يورۇق يۈز كۆلەردەك يورىدى جاھان.

40

ƟGDÜLMIX OḌƢURMÏX TAPA BARMÏXÏN AYUR

3289 əḍərlədi tərkin atïnï tutup
ķadaxï tapa bardï əvdin turup

B242
3290 yaķïn təgdi ərsə ķadaxķa barïp
atïndïn ķoḍï tüxti təgdi yorïp

3291 təgip aķru əlgin toķïdï ķapuƣ
turup qïķtï oḍƣurmïx iḍtï tapuƣ

C191
3292 ķapuƣ aqtï qïķtï ķadaxïn kərüp
ķuquxtï əsənləxti yüz kɵz ɵpüp

3293 əlig aldï əvkə kigürdi pata
orun bərdi oldurdï əlgin tuta

3294 əḍi ɵk səvindi ķadaxïn kərüp
bayatķa xükür ķïldï artuķ ɵgüp

3295 nə kərklüg səvinq ol kixi aḍrïlïp
səlamət ķavuxsa tiləyü kəlip

قىرقىنچى باپ

ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىش قېشىغا بارغانلىقى بايانىدا

3289 ئىگەرلىدى تېزدىن ئېتىنى تۇتۇپ،
قېرىنداش سارى كەتتى ئۆيدىن تۇرۇپ.

3290 قېرىنداش ماكانىغا بارغان ھامان،
ئېتىدىن چۈشۈپ ماڭدى پىيادە راۋان.

3291 ئىشىك قاقتى ئاستا قولىن تەككۈزۈپ،
توختاتتى ئودغۇرمىش تائەتنى، قوپۇپ.

3292 قوۋۇق ئاچتى، چىقتى، قاياشىن كورۇپ—
قۇچاغلاپ ئىسەنلەشتى، يۈز-كوز سويۇپ.

3293 قولىن تۇتتى، ئويگە باشلىدى شۇئان،
بېرىپ جاي ئولتۇردى، قولىن تۇتۇبان.

3294 ناھايەت سويۇندى قاياشىن كورۇپ،
خۇداغا شۇكۇر قىلدى كوپ مەدھى ئوقۇپ.

3295 نە خۇش بىر سويۇنچتۇر كىشى ئايرىلىپ،
سالامەت قوۋۇشسا، گەر ئىستەپ كېلىپ.

3296 nə əḍgü bolur ol ķadaxtin yirap
barïp təgsə tuxsa yaoqukluķ ulap

3297 nə kərklüg bolur kər baoqïrsaķ ķadax
ķadaxķa yaoqukluķ ulasa adax

3298 nə kərklüg bolur kər baoqïrsaķlïķïn
ķadaxķa ķadax kəņli bolsa yaķïn

3299 nəgü tər əxitgil baoqïrsaķ ķadax
yaķïnlïķ ulaoqlï kəņüldəx adax

3300 ķamuoq oqəyib əzlər kərüxsə kəzün
saķïnq boldï ķïsoqa səvinqi uzun

3301 nə kərklüg bolur kər kixi aḍrïlïp
səlamət ķavuxsa iki əz əzün

OḌOQURMÏX SUALI ƏGDÜLMIXKƏ

3302 ayïttï ķadaxlarïn oḍoqurmïxa
əsən təp həbər bərdi əgdülmixə

3303 yana aydï oḍoqurmïx ayoqïl maņa
ķalï kəldiņ əmdi nə boldï saņa

3304 əxittim səni mən əlig birlə təp
boḍunķa tusulur bilik birlə təp

B243
3305 nəlük kəldiņ ərki olarnï ķoḍup
boḍun yüklərin sən boyunķa yüḍüp

ƏGDÜLMIX JƏWABÏ OḌOQURMÏXĶA

3296 نه ياخشى بولۇركىم، قاياشتىن يىراق—
بولۇپ، سوڭ كورۇشمەك، يانا قوۋۇشماق.

3297 نه كورگەم بولۇر، كور، كويۇمچان قاياش،
قاياشقا يېقىنلىق كورسەتسه ئاداش.

3298 نه كورگەم بولۇر، كور، كويۇمچانلىقتىن،
قاياشقا قاياش كوڭلى بولسا يېقىن.

3299 نىمه دەر، ئىشىتكىن، كويۇمچان قاياش،
كوڭۇلدىن يېقىنلىق ئۇلىغان ئاداش:

3300 جۇدالىق سوڭىندا كورۇشسه ئادەم،
سويۇنچى ئۇزىرار هەم قىسقىرار غەم.

3301 نه كورگەم بولۇر، كور، كىشى ئايرىلىپ،
سالامەت قوۋۇشسا گەر ئىككى هەمدەم.

ئۇدغۇرمىشنىڭ ئوگدۇلمىشكه سوئالى

3302 سورادى ئۇدغۇرمىش قېرىنداشلىرىن،
يەتكۇزدى ئوگدۇلمىش ساقلىق خەۋىرىن.

3303 يەنه ئېيتتى ئۇدغۇرمىش: ئېيتقىن ماڭا،
نىچۇن كەلدىڭ ئەمدى، نه بولدى ساڭا؟

3304 ئىشىتتىم سېنى مەن ئېلىگ بىرله دەپ،
خالايىققا نەپلىك بىلىك بىرله دەپ.

3305 نىچۇن كەلدىڭ بۇگۇن بۇلارنى قويۇپ،
خەلق يۇكلىرىنى بويۇنغا يۇدۇپ؟

ئوگدۇلمىشنىڭ ئۇدغۇرمىشقا جاۋابى

3306 vanut bə̣rdi ɵgdülmix aydī ɵzüm
sə̣ni arzuladī ay ⱪɵrklüg yüzüm

3307 turup kəldim əmdi kɵrəyin tə̣yü
saⱪīnq ⱪaḍƣu baƣīn yɵrəyin tə̣yü

C192
3308 küsər ərdim artuⱪ sə̣ni kɵrgükə
bu kün buldum inqlik saņa kəlgükə

3309 pütə kəqti ɵḍlək sə̣ni kɵrmədim
tilər ərdim arzun ɵḍi bulmadīm

3310 ɵḍi əmdi ərmix munuⱪī ɵzüm
saņa tuxtī xükrin ⱪīlur til sɵzüm

3311 əsən bolsa ərmix bu yalņuⱪ ɵzi
tiləkkə təgir ay baƣīrsaⱪ ⱪozī

3312 nəgü tə̣r əxitgil küsəmix kixi
kəqər ɵḍləkig kəḍ sīnamīx kixi

3313 tirig bolsa yalņuⱪ tiləkin bulur
tilək buluƣuⱪa mün tiriglik bolur

3314 tirig bolsa yalņuⱪ tiləp tapxur oⱪ
əsən bolsa barmīx yana ⱪavxur oⱪ

3315 tiriglik tiləgil tiləmə tilək
tilək buluƣuka bu tiriglik yɵlək

3316 bayat bə̣rdi ahir tiləkim maņa
əsənlik bilə mən ⱪavuxtum saņa

3317 aḍīn ma sɵzüm bar bu sɵzdə basa
anī ma ayayīn ɵzüņ tīņlasa

3306 جاۋاپ بەردى ئۆگدۈلمىش، ئېيتتى: ئۆزۈم—
سېنى دەپ كەلدىم، ئەي گۈزەل يۈزلۈكۈم.

3307 تۇرۇپ كەلدىم سېنى كۆرەيمەن دېبان،
ئەلەم-قايغۇ باغىن يېشەيمەن دېبان.

3308 قىلاتتىم ئۈمىت كۆپ سېنى كۆرگىلى،
ۋاقىت تاپتىم بۈگۈن ساڭا كەلگىلى.

3309 ئۆزۈڭدىن بۇيان مەن سېنى كۆرمىدىم،
تىلەيتتىم كۆرۈشنى، ۋاقىت تاپمىدىم.

3310 بۈگۈن ۋاقتى كەپتۇ مانا، مەن ئۆزۈم—
ساڭا كەلدىم، شۈكرى قىلۇر تىل-سۆزۈم.

3311 كىشى گەر ئىسەن-ساق، بولۇركەن ئۆزى،
تىلەككە يېتەر، ئەي كۆيۈمچان قوزى.

3312 نىمە دەر، ئىشىتكىن، ئارزۇ قوچقان ئەر،
ئۆتكۈنچى زاماننى سىناپ كۆرگەن ئەر:

3313 تىرىك بولسا ئىنسان تىلەگىن تاپۇر،
تىلەككە تىرىكلىك سەرمايە ئېرۇر.

3314 تىرىك بولسا ئىنسان تېپىشۇر يەنە،
ئىسەن بولسا، كەتكەن قوۋۇشۇر يەنە.

3315 تىرىكلىك تىلە سەن، تىلىمە تىلەك،
تىرىكلىك تىلەككە يېتىشكە يۆلەك.

3316 خۇدا بەردى ئاخىر تىلەگىم ماڭا،
ئىسەنلىك بىلەن مەن قوۋۇشتۇم ساڭا.

3317 يەنە بىر سۆزۈم بار بۇ سۆزدىن كېيىن،
ئىشىتكىن ئۇنى سەن، ساڭا ئېيتايىن.

41

B244

OḌƢURMÏX ӨGDÜLMIX BIRLӘ MUNAẐӘRӘ ĶÏLMÏXÏN AYUR

3318 yanut bẹrdï ѳgdülmix aydï sѳzüņ
әxittim sѳzümni әxitgil ѳzüņ

3319 yakïnlïķ ulamïx üqün bir bayat
muyan bẹrsü min miņ tümәn әḍgü at

3320 taki bir sѳzüg ay nә әrki aḍïn
anï ma maņa sѳzlә ķoḍma kẹḍin

ӨGDÜLMIX JӘWABÏ OḌƢURMÏXĶA

C193

3321 jәwab ķildï ѳgdülmix aydï bu sѳz
sẹni kѳrdi әrsә yaruķ boldï kѳz

3322 kixi ѳz tilәkin yorïsa yoluƣ
aņar tәgmәz әmgәk ay bilki uluƣ

3323 nәgü tẹr әxitgil sïnamïx sѳzi
anïņ mә'nisi uķ ay kѳņli yazï

قىرق بەشىنچى باپ

ئودغۇرمىشنىڭ ئۆگدۈلمىش بىلەن مۇنازىرە قىلغانلىقى بايانىدا

3318 جاۋاپ بەردى ئودغۇرمش، ئېيتتى: سوزۇڭ —
ئشىتتم، سوزۇمنى ئشتكن ئوزۇڭ.

3319 بۇ قىلمش يېقىنلىق ئۇچۇن بىر بايات،
ئەجرىڭگە تۇمەن مىڭ بەرسۇن ياخشى ئات.

3320 سېنىڭ ئۇ يەنە بىر سوزۇڭ نىمەكىن،
ئۇنى هەم ماڭا ئېيت، قالدۇرما كېيىن.

ئوگدۇلمشنىڭ ئودغۇرمشقا جاۋابى

3321 ئوگدۇلمىش دېدىكىم، شۇدۇركى سوزۇم،
سېنى كورمەك بىلەن يورۇشتى كوزۇم.

3322 كىشى ئوز تىلەگى بىلە يۇرسە يول،
ئەي ئىلمى ئۇلۇغ ئەر، جاپا چەكمەس ئول.

3323 نىمەدەر كوپ ئىشنى كورگەن بىر ئەرەن،
ئەي كوڭلى كەڭ، ئۇنىڭ مەناسىن چۇشەن:

3324 ķayu ixkə arzu yorïsa tilək
aḑaķ ursa buldï ol arzu yelək

3325 tilək birlə maņsa yïraķ yər yaķïn
ķaqan kersə yüzin bulur jan ilək

3326 yana aydï əgdülmix ux bu əzüm
saņa ķaḑoıura tildə kəsməz səzüm

3327 ulux kəndni ķoḑtuņ yaķïn ķa ķadax
kixidə yïrədiņ bilix yoķ adax

3328 aoıïr yük yüḑüp bu əzüņ yalņuzun
yaliņ aq yorïr sən nə yunqïoı əzün

3329 ķadax kəņli barqa saņa ķaḑoıurar
kerü iḑsa bulmaz kəņül yəlgürər

3330 apa ooılanï barqa yalņuz umaz
əzüņ munda yalņuz ķalï igləməz

3331 bu ķaḑoıu məni əvdə yatoıurmadï
saķïnq ķaḑoıu birlə əzüm umadï

3332 saņa oķ terütmədi təņri tamuoı
saņa aymadï bu 'əżabïoı ķamuoı

B245
3333 nəgü ol nəlük munqa əmgər əzüņ
maņa bəlgülüg ay biləyin səzüņ

OḐOIURMÏX JƏWABÏ ƏGDÜLMIXKƏ

3334 yanut bərdi oḑoıurmïx aydï bu səz
əxittim əxitgil jəwab bərsü əz

3324 كىشىكىم، نە ئىشتا بولۇر ئارزۇۋار،
قەدەمدە ئۇ ئارزۇ بولۇر ئاڭا يار.

3325 تىلەك بىرلە ماڭسا، يىراق يەر يېقىن،
يۈزىنى كورۇپ جان ئىگەسىن تاپار.

3326 يەنە ئېيتتىكى بۇ ئوگدۇلمىش: ئوزۇم—
ساڭا قايغۇرۇپ، ھىچ ئۈزۈلمەس سوزۇم.

3327 شەھەر-كەنت، قېرىنداش، تۇققاننى قويۇپ،
بېزىپ ئەلدىن يىراق، دوست-يارسىز بولۇپ،

3328 ئوزۇڭ يالغۇز ئېغىر يۈك، زەخمەت يۈدۈپ،
يۈرەرسەن يېلىڭ-ئاچ دەرماندىن كېتىپ.

3329 سېنىڭچۇن قاياشلار تولا قايغۇرۇر،
كورەي دىسە سەن يوق، دىلى ئورتىنۇر.

3330 ئادەم ئوغلى ئوتمەس يالغۇز-يەككە تەن،
ئوزۇڭ مۇندا يالغۇز، ئاغرىماسمۇسەن؟

3331 بۇ قايغۇ مېنى ئويدە ياتقۇزمىدى،
بۇ قايغۇ-ئەندىشە تىنىچ قويمىدى.

3332 دەۋزەخنى ساڭلا ياراتمىدى ھەق،
ئازاپنى ساڭلا ھەم بەرمىدى ھەق.

3333 نىچۇن ھەم نىمانچە قىينىماق ئوزۇڭ؟
ماڭا ئەيلە مەلۇم، بىلەيمەن سوزۇڭ.

ئودغۇرمىشنىڭ ئوگدۇلمىشكە جاۋابى

3334 دىدىكىم ئودغۇرمىش، ئىشىتتىم سوزۇڭ،
بېرەي مەن جاۋابىن، ئىشىتكىن ئوزۇڭ.

C194

3335 bu sez kim sən aydīn baoīrsaklīk ol
kadax bəlgüsi həm yaouk yaklīk ol

3336 kadax kadoularīn kadax yəməsə
adīn yat kaqan yər kadax bolmasa

3337 ezüm ka kadaxtīn nəqə adrīlīp
nəlük turoay ərdim bu yərkə kəlip

3338 baka kerdüm əmdi dinim yəgliki
bu yərdə keründi ezüm yəgliki

3339 anīn kəldim əmdi bu yərkə turup
bayat tapoī kīlsa mən yalnuz bolup

3340 bu dunya ixinə katīlmīx kixi
kīlumaz tapuo birlə 'ukbi ixi

3341 bu həlkka tezü yapmaoīnqa kapuo
terütügli rəbka kīlumaz tapuo

3342 həwa nəfs boyunīn sīou kəd katīo
ezün etrü bulsa tapuoda tatīo

3343 nəgü tər əxitgil sakīnuk kixi
həwa birlə bolmaz pütün din ixi

3344 həwa nəfs bilə ker yaoī ol uluo
bu iki azītur tapuoqī kuluo

3345 həwaka bolu bərsə tutoun bolur
ət ez arzu bulsa məni kul kīlur

B246

3346 həwaka basīkma ukux birlə kəs
ət ez bax ketürsə bilik birlə bas

3335 نىمكىم، سەن ئېيتتىڭ كويۈمچانلىقىڭ،
يېقىنلىق نىشانى، قېرىنداشلىقىڭ.

3336 قاياشنىڭ غېمىنى قاياش يېمىسە،
بولەك يات قاچان يەر، قاياش بولمىسا؟

3337 جىمكى قاياشتىن ئۇزۇن ئايرىلىپ،
نېچۈن مۇئىچە تۇردۇم بۇ يەرگە كېلىپ؟

3338 كى كوردۇم بۇ يەردە دىنىم خوپلۇغى،
بۇ يەردە كورۇندى ئۇزۇم خوپلۇغى.

3339 شۇڭا كەلدىم ئەمدى بۇ يەرگە يۈرۈپ،
قىلاي ھەققە تائەت دەپ يالغۇز بولۇپ.

3340 بۇ دۇنيا ئىشىگە چېتىلغان كىشى،
قىلالماس تائەتلە ئۇ دۇنيا ئىشى.

3341 پۈتۈن بۇ خەلققە ياپماستىن قوۋۇق،
ياراتقان خۇداغا تائەت قىلماق يوق.

3342 ھاۋا ـ نەپس بوينىنى سىققاندا قاتتىق،
شۇ چاغدا تاپارسەن تائەتتىن تاتىق.

3343 نىمە دەر ئىشىتكىن، تەقۋادار كىشى،
ھاۋا بىرلە بولماس پۈتۈن دىن ئىشى:

3344 ھاۋا، نەپس ـ بۇ، دىنىڭ بۈيۈك دۈشمىنى،
تائەتتىن ئازدۇرار ئۇلار بەندىنى.

3345 ھاۋاغا بېرىلسە، ئەر تۇتقۇن بولۇر،
دىسەم تەن ئارزۇسىن، مېنى قۇل قىلۇر.

3346 ھاۋاغا بېرىلمە، ئەقىل بىرلە كەس،
تېنىڭ باش كوتەرسە، بىلىم بىرلە باس.

3347 bu yaŋlïɣ üqün mən ulux kənd ḳoḍup
bu yẹrkə sïɣïndïm aɣïr yük yüḍüp

3348 kixidə eŋin boldum ərsə ḳalï
ḳuruɣ sezləməz mən nə ‘əybət tili

3349 bu yalŋuz turur sən tẹdiŋ ay ḳadax
bayat yadï ẹx tap maŋa ay adax

3350 yaḳiŋ ḳa ḳadaxtïn yïraḳ bolduḳum
olarḳa toḍurmadïm aqïm toḳum

3351 boḍun keŋli yuvḳa küḍəzməki sarp
keŋül sïnsa həşmï bayat ‘ədli tap

C195
3352 nəqə bolmasa həlḳḳa mẹndin asïɣ
yẹmə kerməgəylər məniŋdin yasïɣ

3353 asïɣ yas nə əḍgü nə ẹsiz barï
bayattïŋ turur ker anïŋ təḳdiri

3354 bu ‘ərxta ḳoḍï ker ŝəraḳa təgi
təzü barqa bir təg bayatḳa muŋï

3355 nəgü bar kixilər ara ay külüg
asïɣ tut ya ḳor yas saŋa bəlgülüg

3356 nəgü asɣï bar tẹp ayur sən tapuɣ
tapuɣ ḳulluḳ ol ḳulḳa aqtï ḳapuɣ

3357 ḳul atï anïn boldï ḳulḳa ataɣ
tapuɣ ḳilsa tün kün ulanulsa taɣ

3358 yaratsa yaratmasa ərklig bayat
tapuɣ atï tildə atamasa at

3347 ئاشۇنداق سەۋەپتىن شەھەرنى قويۇپ،
بۇ يەرگە كېلىپمەن ئېغىر يۈك يۈدۈپ.

3348 يۈرۈپمەن كىشىدىن ئەگەر ئايرىلىپ،
قۇرۇق سۆزلىمەسمەن، نە غەيۋەت قىلىپ.

3349 كى يالغۇز تۇرۇرسەن دىدىلىڭ ئەي قاياش،
خۇدا يادى ھەمرا، ماڭا بەس، ئاداش.

3350 قېرىنداش-يېقىندىن گەر ئۇلدۇم يىراق،
تۇيدۇرماي ئۆتەرمەن ئاچ-توقۇم بىراق.

3351 خەلق كۆڭلى نازۇك، ئالماق ئۇنى تەس،
كۆڭۈل سۇنغانغا قارشى، خۇدا ئەدلى بەس.

3352 خەلق گەرچە مەندىن نەپ-پايدا كۆرمەس،
ئۇلارغا مېنىڭدىن زىيانمۇ يەتمەس.

3353 زىيان-نەپ، نە ياخشى-يامانلىق، بارى،
خۇدادىن كېلۇر بۇ، ئۇنىڭ تەقدىرى.

3354 بۇ ئەرشتىن تۇۋەن يەر ئاستىغىچە تا،
ئېرۇر ھەممە بىردەك مۇھتاج خۇداغا.

3355 زىيانمۇ، يا پايدا، كىشىلەر ئارا—
نىمە بار، ئەي مەشھۇر، بۇ مەلۇم ساڭا.

3356 سورايسەن نە پايدا تائەتتىن دىبان،
بۇدۇر قۇللۇق، ئىشىك ئاچار قۇل سايان.

3357 قۇل ئاتى نام ئۇلدى قۇلغا شۇنىڭچۇن،
بېرىپ تاققا قىلسۇن تائەت كۈنۈ-تۈن.

3358 قوبۇل قىلسۇن خۇدا ۋە يا قىلمىسۇن،
بۇ تائەت زىكرى ھىچ تىلدىن چۈشمىسۇن.

3359 bu yalnuzlukumdin mana yasi yok
ət ez din əsənin munin buldum ok

3360 nəgü tər əxitgil bu bəyt ayoquqi
taxi kermə mə'ni baka ker iqi

3361 yori yalnuz əxsiz ay yalnuk uzi
tuti kildi yalnuz tili ker sezi

3362 tapuoqqi tapinsa bu yalnuz ezün
nəgü kor kilur künkə yalnuz ezi

B247

3363 kixikə katilmakni egdün kadax
nəgü təg katiloqu ya bolsa adax

3364 mana kəlmixində bərü mən bu kün
tapuoqdin kəsildim baka ker egün

3365 tək ek bir sana ez katilmix üqün
yasi munqa ərsə küqəmə küqün

3366 ezüm kirsə əmdi kixilər ara
kaqan təggə əlgim tapuoqka kerə

ƏGDÜLMIX JƏWABI ODOQURMIXKA

C196

3367 yanut bərdi egdülmix aydi sezün
əxittim əxit sən əvürmə yüzün

3368 sən aymix bu sez barqa andaoq turur
həkikət kerü barsa tildaoq turur

3369 kixikə tusuloqu kərək bu tirig
tirig tutsa atin kopursa ərig

3359 بۇ يالغۇزلۇغۇمدىن ماڭا يوق زىيان،
بۇنىڭلە بولۇندى تەنۇ-دىن ئامان.

3360 نە ياخشى دىر ئاڭلا، بۇ بىيت ئېيتقۇچى،
تېشىغا باقما، كور مەناسىن-ئىچى.

3361 ئەي ماھىر كىشى سەن يۇر تەنها بولۇپ،
توتى سوز ئۇگەندى ئۇ يالغۇز يۇرۇپ.

3362 تائەتچى تائەت قىلسا يالغۇز ئەگەر،
بولۇر نە زىيانى ئۇ يالغۇز تۇرۇپ؟

3363 كىشى سوھبىتىنى ماختارسەن قاياش،
نىچۇكمۇ قىتىلماق ئۇلارغا ئاداش؟

3364 ماڭا كەلگىنىڭدىن بىرى مەن بۇ كۇن،
تائەتتىن قىلىپمەن، بۇنى كور، چۇشۇن.

3365 قوشۇلغانلىغىمدىن ئۇزۇم بىر ساڭا،
زىيان شۇنچە بولسا، كۇچەنمە بۇڭا.

3366 ئۇزۇم كىرسەم ئەمدى كىشىلەر ئارا،
نىچۇك تەككەي قولۇم تائەتكە، قارا.

ئۇگدۇلمىشنىڭ ئودغۇرمىشقا جاۋابى

3367 ئۇگدۇلمىش دىدىكىم: ئىشىتتىم سوزۇڭ،
مەن ئېيتاي، ئىشىت سەن، ئۇرىمەي يۇزۇڭ.

3368 سەن ئېيتقان بۇ سوزلەر ھەقىقەت ئىرۇر،
قاراپ كورسە بىراق، بىر باھانەدۇر.

3369 ئىتىم مەڭگۇ تىرىك بولسۇن دىسە ئەر،
تىرىك چاغدا كىشىگە نەپ يەتكۇزەر.

3370 tiriglik nixanï nə ol bəlgüsi
kixi kərməsə̧ bir anïņ əḑgüsi

3371 kixi aloɑu tooɑsa ooɑul ķïz əküx
ooɑulsuz tə̧sə ərkə kərksüz səküx

3372 nəgü tə̧r əxitgil kixi əḑrümi
uruoɑ kəsməgükə kisi ol əmi

3373 ooɑulsuz əlürdə əkündi tilin
aya kin kəligli ooɑul ķïz ķïlïn

3374 kimiņ ooɑlï ķalsa atada kə̧ḑin
atama anï sən tirigdə aḑïn

3375 ooɑulsuz kixi əlsə kəsti uruoɑ
aẕunda atï yitti ornï ķuruoɑ

OḐOɑURMÏX JƏWABÏ ƏGDÜLMIXKƏ

B248

3376 yanut bə̧rdi oḑoɑurmïx aydï bu qïn
muninḑa aḑïnsïoɑ yə̧mə bar aḑïn

3377 ķalï əḑgü bolsa ooɑul ķïz silig
anï təg bolur kim yorïttïņ tilig

3378 ķalï bolsa ə̧siz ulïtoɑay sə̧ni
əzüņ əlsə tərkin unïtoɑay sə̧ni

3379 ə̧siz ķïloɑa atïņ əzə ķaroɑïxïn
sə̧ni səkgə yat baz uluoɑlar baxïn

3380 ooɑul ķïz yaoɑï ol yaoɑï nə kərək
yaoɑïsïz tiriglik taķï əḑgürək

3370 يوق ئەرسە ئىرىكلىك نىشان بەلگۈسى،
ئۇنىڭ ياخشىلىغىن ئەدىن بىلگۈسى؟

3371 خوتۇن ئال، ئۇ تۇغسۇن ئوغۇل-قىز قەۋەت،
دىسە ئەۋلادى يوق، ئەرەن ئۇچۇن سەت.

3372 نىمە دەر، ئىشىتگىن، كىشىلەر خىلى:
خوتۇندۇر نەسلنى ئۈزمەسلىك يولى.

3373 ئوغۇل-قىزسىز ئوتكەن پۇشايمان يىدى:
كېيىن كەلگۈچى قىل ئوغۇل-قىز، دىدى.

3374 ئۆزۈندىن بىر ئەۋلات قالدۇرسا كېيىن،
ئۇنى ئولدى دىمەي، تىرىكتۇر دىگىن.

3375 نەسلسىز ئولسە ئەر، تۇگەيدۇ ئۇرۇق،
جاھاندا ئات، ئورنى قالۇر بوش-قۇرۇق.

ئودغۇرمىشنىڭ ئوگدۇلمىشكە جاۋابى

3376 جاۋاپ بەردى ئودغۇرمىش: بۇ ھەقىقەت،
بۇنىڭدا يەنە بار بولەكچە ھالەت:

3377 ئەگەر ياخشى بولسا ئوغۇل-قىز زىرەك،
سىنىڭ ئىيتقىنىڭدەك بولۇر ئۇ، دىمەك.

3378 يامان بولسا لىكىن، يىغلاتقاي سىنى،
سەن ئولگەندە، تىزلا ئۇنۇتقاي سىنى.

3379 يامانلاپ ئىتىڭنى، قاغىش ياغدۇرار،
بولۇپ چوڭلارمۇ باش، ياتلار تىللىشار.

3380 ئوغۇل-قىز يىغىندۇر، يىغى نە كىرەك؟
يىغىسىز تىرىكلىك تىخى ئەزگۈرەك.

3381 yaqïdïṇ nəgü təg yaruḳluḳ bolur
yaqï atï yasḳa taṇuḳluḳ bərür

3382 nə ədgü bilik bərdi bilki ḳoyuq
oqul ḳïz atï ərkə kətməz oyuq

C197
3383 muṇar meṇzər əmdi biliklig sezi
keni sezləmix kersə keṇli yazï

3384 ezüṇ sïzqurur sən oqul ḳïz təyü
bu əmgəḳ bilikli oqul ḳïz ḳayu

3385 tərər sən ḥəramïq barïr sən ḳalïr
sən inqïk yəyü bar ol arzu yəyü

3386 kəmə mindi saḳin kisi alquqï
teṇiz otra kirdi kəmə mingüqi

3387 oqul ḳïz terüsə kəməsi sïnur
kəmə sïnsa suvda tirig kim ḳalur

3388 oqul ḳïz atasïn suyurḳaqu ol
oqul ḳïz atasï yəmi aqu ol

B249
3389 oqul ḳïz əsizi atada kədin
atamaz atasïn anasïn adïn

3390 bu yaṇlïq 'iyaldïn ḳaqar bar wəfa
ḳïliḳi yavuz ol ḳïlïnqï jəfa

3391 oqul ḳïz atasï tü əmgək kerər
bəla miḥnət ərsə yaṇan təg yüdər

3392 adax ḳoldax ərdəx tutunqu tədiṇ
bu ədgü ədi tərs yüki yüdməkiṇ

3381 يېغدىن ئىچۇكمۇ راھەتلەر كېلۇر؟
يېغى ئاتى زىيانغا گۇۋالىق بېرۇر.

3382 نە ياخشى بىلىم بەردى ئىلمى چوڭقۇر:
ئوغۇل-قىز ئېتى ئوچمەس كولەڭگە ئېرۇر.

3383 بۇڭا ئوخشۇشۇر بىر بىلىملىك سوزى،
سوزى توغرا، كوڭلى تولا تۇز ئوزى:

3384 ئوغۇل قىزنى دەپ سەن، دىلىڭ سىرىلۇر،
قەيەردە ئوغۇل-قىز بۇ دەرتنى بىلۇر؟

3385 يىغارسەن ھارامنى كېتەرسەن، قالۇر،
سەن يىغلاپ كېتەرسەن، ئۇ ھوزۇر كورۇر.

3386 كېمگە چۇشكۇچى—خوتۇن ئالغۇچى،
دېگىز ئىچرە كىرەر ئاڭا چۇشكۇچى.

3387 تۇغۇلسا ئوغۇل-قىز، كېمىسى سۇنۇر،
كېمە سۇنسا سۇدا تىرىك كىم قالۇر؟

3388 ئوغۇل-قىزغا ئاتا بولغاننى كەچۇر،
ئۇنىڭكىم، يىگەنى بىر زەھەر ئېرۇر.

3389 ئوغۇل-قىز يامانى ئاتادىن كېيىن،
ئاتىماس ئاتاسى، ئاناسى ئېتىن.

3390 بۇ ياڭلىغ ئوغۇل-قىز قىلۇرمۇ ۋاپا؟
ياماندۇر پەيلى ھەم قىلىغى جاپا.

3391 ئوغۇل-قىز ئاتاسى كوپ ئەمگەك چېكەر،
بەلا بىرلە مېھنەتنى يىلدەك يۇدەر.

3392 ئاداش، دوست، قېرىنداش تېپىپ تۇت دىدىلىك،
بۇ ياخشى، ئۇ بىر يۇك، تەستۇر يۇدمىگىلىك.

3393 yəmə yakxi aymix bəgü bilki yarp
kixi kənli yuvka küdəzməki sarp

3394 sirinqoqa sakixi turur bu kənül
ədi kəd küdəz sinmasu ay ooqul

3395 kənül ooqlaoqu ol sinaoqi munar
isigkə ərir tərk sooqukka tonar

3396 adax kənli sinsa bolur kir yaoqi
yaoqi kayda bolsa bolur min qooqi

3397 yaoqidin tiriglik tatioqsiz bolur
yaoqi kayda ərsə yaraoqsiz bolur

3398 nəqə mə kiqig ərsə duxman sana
ani sən uluoq tut ay ərsig tona

C198
3399 qibun boldi duxman yanankа bədük
isirsa yananioq suqitur kəd ək

3400 nəgü tər əxitgil yaoqilioq kixi
yaoqi birlə urxu tükəmix yaxi

3401 kiqig duxmanim təp usanma əzün
nəlük korkayin təp küvənmə səzün

3402 yaoqin boldi ərsə usal bolmaoqil
yaoqika yaoqi bol tüzünkə tüzün

ƏGDÜLMIX JƏWABI ODOIURMIXKA

B250
3403 yanut bərdi əgdülmix aqti tilin
ayur səz əxitgil kənülkə alin

3393 مۇنەۋۋەر، بىلىملىك، ھېكىم نە دېمىش:
كىشى كوڭلى نازۇك، كۆزەتمەك تەس ئىش.

3394 گوياكى بىر شىشە ئېرۇر بۇ كوڭۇل،
سۇنۇپ كەتمىسۇن ئۇ، ئاۋايلا ئوغۇل.

3395 كوڭۇل نازۇك نىمە، تەجرىبە شۇدۇر،
ئىسسىقتا ئېرىپ تېز، سوغۇقتا توڭۇر.

3396 ئاداش كوڭلى سۇنسا، بولۇر زور يېغى،
يېغى بىرلە بولماس ھوزۇر ھېچ چېغى.

3397 يېغى بولسا، تۇرمۇش تېتىقسىز بولۇر،
يېغى قايدا بولسا، زىيانى تېگۇر.

3398 نىچەكىم، كىچىكتۇر ئۇ دۈشمەن ساڭا،
ھىساپلا ئۇنى زور، ئەي باتۇر توڭا.

3399 چىۋىن بولدى پىلنىڭ يوغان دۈشمىنى،
چېقىۋەرسە، ئاخىر سەكرىتۇر ئۇنى.

3400 نەدەر، ئاڭلا، دۈشمەنلىك ئولغان كىشى،
ئۇرۇشۇپ يېغىلە توڭگەن يېشى:

3401 غاپىل ئولما، دۈشمەن كىچىك دەپ ئوزۇڭ،
نىچۈن قورقايىن دەپ، چوڭ ئېيتما سوزۇڭ.

3402 ئەگەر بولسا دۈشمەن، غاپىل بولمىغىن،
يېغىغا يېغى بول، دوستقا ئاچ يۈزۈڭ.

ئوگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىشقا جاۋابى

3403 جاۋاپ بەردى ئوگدۈلمىش ئاغزىن ئېچىپ،
دېدى: ئاڭلا سوزۇم، كوڭۇلنى بېرىپ.

3404 tərütti bayat bu azunuoı bilip
yəgü iqgü idti həlaldin kilip

3405 katilsa karilsa tutup ədgü əx
əxi ədgü bolsa kilur ədgü ix

3406 kixi asoıi bolsa kixikə katil
kixikə tusulmak kixi asoıi bil

3407 bu yalnuz yoriəqli kixi kivqaki
kixikə tusulmaz bolur ay aki

3408 kixikə tusulmaz kixi ol əlüg
tusuloıil əlüg bolma ərsig külüg

3409 təlim bolsa ərkə adax koldaxi
yadildi ati əlkə ətti ixi

3410 bu dunya iqində bulur bu tilək
kali 'ukbi kolsa bu ol həm yələk

3411 sakinq kadoıu bolsa yuluoılar əzüg
səvinq bolsa səvnür yarutur kəzüg

3412 yadar ərdəmin barqa həlkka ayur
münin kərsə kizlər til aqmaz tuyur

3413 yaoıi ol ərig yatsa odoıuroıuqi
münin ərdəmin əlkə bildürgüqi

C199
3414 yaoıi bolmaoıinqa ər ərsigliki
kaqan bəlgürər əldə ati kəki

B251
3415 əküx bolsa əmdi bu ərdəm kimin
əküx boldi tənsiz yaoıisi anin

3404 ياراتتى خۇدا بۇ جاھاننى بىلىپ،
يېمەك بەردى ئىچمەك ھالالدىن قىلىپ.

3405 كىشىكىم، قوشۇلسا تېپىپ ياخشى ئەش،
ئەشى ياخشى بولسا، قىلۇر ياخشى ئىش.

3406 كىشى نەپئى بولسا، كىشىگە قېتىل،
كىشىگە بېرىش نەپ ھەر كىم نەپئى، بىل.

3407 بۇ يالغۇز يۈزۈچى ياۋايى ئېرۇر،
ئۇنىڭدىن كىشىگە نىمە نەپ يۇقۇر؟

3408 كىشىگە نېپى يوق كىشىدۇر ئۆلۈك،
يېگىت بولسا، ئەلگە نەپئى بەرگۈلۈك.

3409 تولا بولسا ئەرنىڭ ئاداش-قولدىشى،
ئېتى تارقاپ ئەلگە، يۈرىشۈر ئىشى.

3410 بۇ دۇنيا ئىچىندە تاپار ئۇ تىلەك،
ئۇ دۇنيا تىلەسە بولۇر ھەم يۆلەك.

3411 ئېغىر كۈندە دوستلار پىدالار ئۆزىن،
سۆيۈنچتە سويۇنۇپ، يورۇتۇر كوزىن.

3412 خەلقلەرگە ئېيتىپ يايار پەزلىنى،
قۇسۇر كورسە ئېيتماي، يىغار تىلىنى.

3413 يېگىتنى غەپلەتتىن دۈشمەن ئويغىتار،
پەزىلەت-قۇسۇرىن دۈشمەن تارقىتار.

3414 يېغى بولمىغۇنچە، كىشى ھەرتىلىكى—
قاچانمۇ بىلىنگەي ئېتى ھەم تېگى؟

3415 پەزىلەت كىمنىڭكى بولۇركەن تولا،
تەڭداشسىز بولۇر كوپ دۈشمەنىمۇ ئاڭا.

3416 kimiŋ ərdəmi bolsa əşlī aoqī
yətiz əl kixisi ol ərkə yaoqī

3417 kəd̦ ərkə bolur ker yaoqī bəlgülüg
yavuzka yaoqī yok yavuz ər elüg

3418 kayu ərkə duxman yumītsa kalīn
ol ər ərdəmi ərdə artuk bilin

3419 yaoqī birlə təgxip ər atī bəd̦ür
yaoqīsīz kixi atī kopmaz yatur

4320 nəgü tər əxitgil ker ərdəmlig ər
bu ərdəm bilə ər tilək arzu yər

3421 nəgü ər bolur ker miŋ ər duxmanī
miŋər sezləməsə küniŋə anī

3422 berimü bolur kergil ītta kayar
ud̦ula əxitsə miŋ ītlar üni

3423 kixig soŋdamaz mən tədiŋ yalŋuzun
kuruoq sezləməz mən tədiŋ til sezüŋ

3424 kimi sezləgəy sən kixi bolmasa
kixilər arala ezüŋ turmasa

3425 ər ol ər turur ker kixilər ara
yorīp til küd̦əzsə bu bulsa terə

3426 irik sezke yumxak yanut kīlsa ez
aqīoq sezləsələr süqig tutsa sez

3427 kixi yüki yüd̦sə yüd̦ürməsə yük
jəfa kīlsalar bu wəfa kīlsa xük

3416 كىم ئاسىل بولۇركەن پەزىل-نەسەپتە،
بولۇر كوپ دۈشمىنى تەرەپ-تەرەپتە.

3417 بولۇر ياخشى ئەرگە يېغى بەلگۈلۈك،
يامانغا يېغى يوق، ئۇ چۈنكى ئۆلۈك.

3418 قايۇ ئەرگە دۈشمەن يېغىلسا تولۇپ،
بىلىڭكىم، ئۇ ئەرنىڭ پەزىلىتى كوپ.

3419 دۈشمەنلە كۆرەشكەن ئەر شوھرەت تاپۇر،
دۈشمەنسىز ئەر ئاتى قوپالماي ياتۇر.

3420 نە دەيدۇ ئىشىتكىن، پەزىلەتلىك ئەر،
پەزىلەت بىلەن ئەر تىلەككە يېتەر:

3421 ئىچۈك ئەر سانالۇر مىڭەر دۈشمىنى—
مىڭ غەيۇەت قىلمىسا ئۇنى ھەر كۈنى.

3422 كور، ئىتتىن قاچقان ئۇ بورى بولۇرمۇ،
ئاڭلانسا كەينىدىن مىڭ ئىتنىڭ ئۈنى.

3423 دىدىمىڭ يالغۇز ئۇتسەم، ئارلاشماي ئۆزۈم،
تىلىمدىن چىقارماسمەن قۇرۇق سوزۇم.

3424 قېشىڭدا كىشى يوق كىم ئاڭلار سوزۇڭ،
كىشىلەر ئاراسەن تۇرمىساڭ ئۆزۈڭ؟

3425 يىگىت شول ئېرۇكى، ئەل ئىچرە ياشار،
كۆزەتىپ تىلىنى ھەم تورگە چىقار.

3426 يىرىك سوزگە يۇمشاق جاۋاپ بېرەر ئۇ،
ئاچچىق سوز ئېيتقانغا شىرىن سوزلەر ئۇ.

3427 يۇدەر ئەل يۈكىنى، يۇدكۆزمەس ئۇ يۈك،
جاپاغا قىلار ئۇ ۋاپا، يورۇپ شۇك.

3428 keŋüldə kəţərsə kər əq kəklərin
tilində yorītsa keŋildə barīn

3429 nəgü tər əxitgil kixi əḍgüsi
bu əḍgü bilə yaḍmīx atī küsi

C200
3430 irik sezləməgil kixikə tilin
irik sezkə aoŗrīr keŋül kəq yīlīn

B252
3431 səni kim sekər ərsə egkil anī
otuŋ ol bolur sən tüzünlər sanī

3432 jəfa kīloɋuqiķa ķīlu tur wəfa
wəfa ər ķīlur ol əsizlər jəfa

3433 kəsiłsə səninḍin yaķīn ķa ķadax
yaķīnliķ ula sən aŋa ay adax

3434 saŋa küq ķīlur ərsə küqkəy ķalī
kəqürgil anī sən bu ol dīn yolī

3435 yazuķ ķīlsa ķul küŋ kəqür ol yazuķ
bu yazuķ kəqürmix muyan ķīl azuķ

3436 bu ol ərlik anīn ərən yük yüḍüp
yorīr səbrī birlə elümüg küḍüp

3437 bu kün sən bir əvkə kirip yalŋuzun
nə əḍgü bulur sən ay ķīlķī tüzün

3438 ərəz arzu ni'mət kezin kermədiŋ
kümüx gəwhər altun baķīr bulmadīŋ

3439 saray ķarxī yər suv səni birlə yoķ
at üstəm ķīz oɋlan ķanī birlə yoķ

3428 كوڭۈلدىن چىقارغۇز ئۇچ ـ كەك كىرىنى،
تىلدا ئېيتار ئۇ دىلدا بېرىنى.

3429 كىشى ياخشىسى ئۇ، ئىشت نىمە دەر،
قىلىپ ياخشىلىقنى، ئېتى چىققان ئەر:

3430 كىشىگە يىرىك سوز دىمىگۈچى بول،
يىرىك سوزدىن ئاغرار كوپ يىللار كوڭۈل.

3431 سېنى سوكسە كىم، گەر، سەن ماختا ئۇنى،
بولۇر ئۇ نادان، دەر ئەقىللىق سېنى.

3432 جاپا قىلغۇچىغا قىلىپ تۇر ۋاپا،
ۋاپانى قىلۇر مەرت، يامانلار جاپا.

3433 يىراقلاشسا سەندىن يېقىن ۋە قاياش،
ئۇلارغا يېقىنلاش ئوزەڭ، ئەي ئاداش.

3434 ئەگەر قىلسا زالىم ساڭا زۇلمىنى،
ئېرۇر دىن يولى بۇ: كەچۇرگىن ئۇنى.

3435 خاتا قىلسا دىدەك، قۇل، ئۇنى كەچۇر،
كەچۇرۇپ ساۋاپ ئال، بۇ ئوزۇق بولۇر.

3436 مەردانىلىق شۇ بولغاچ، يىگىت يۇك يۇدۇپ،
يۇرەر سەۋىر بىرلە ئۇلۇمىنى كۇتۇپ.

3437 بۇگۇن بىر ئۆي ئىچرە سەن يالغۇز تۇرۇپ،
نە پايدا تاپارسەن، سەن ئەي خۇلقى خوپ؟

3438 يا راھەت، يا ئارزۇ، نېمەت كورمىدىڭ،
كۇمۇش ـ زەر، يا گوھەر ۋە مىس تاپمىدىڭ.

3439 ساراي ـ قەسىر، يەر ـ سۇ نە سەندە بولسا،
ئات ـ ئۇستەم[158]، قىز ـ ئوغلان نە بىللە بولسا؛

3440 kixilər ezə yoķ saŋa ərk əlig
ezüŋ yïɣsa sən bolsa atïŋ silig

3441 ķayu nəŋ bulup ķoḍtuŋ əmdi anï
ķayu tẹlvə zaḥid atadï sẹni

3442 eküxüg ķoḍup ər azïɣ taplasa
bu ər etrü zaḥid bolur ķur basa

3443 ṭiləp bulmasa barqȧ zaḥid bolur
ṣəbirda aḍïn ḥilə bulmaz turur

3444 ər ol ər bolur kər miŋ arzu bulup
aŋar yüz əvürsə ərən təg bolup

3445 yẹtürsə iqürsə qïɣayķa üləp
bayatķa tapuɣ ķïlsa keŋlin ulap

B253 C201

3446 kəlir bolsa dunya keŋül bamasa
barïr ərsə aɣrïp ķaxïn tügməsə

3447 ķalï üstəsə əlgi arzu ezə
ezini tutunsa keŋül til tüzə

3448 bu sezkə yaķar kersə mə'ni bu sez
əxit ixkə tutɣïl aya ķïlķï tüz

3449 ərəndə əri ol ķamuɣ nəŋkə ərk
bulup ķïlɣu yẹrdə ezin tutsa bərk

3450 taķï ərdə yẹgrək ərən ol turur
miŋ arzu bulup bu ezin tïḍsa tərk

3440 قولۇڭ خەلقلەر ئۈزرە يا ئۈستۈن ئەمەس،
تۇتۇپ ئۇزنى، ئالساڭ ئاتاق ياخشى، بەس.

3441 نىمە يىغدىلڭ ئەمدى قويۇرسەن ئۇنى،
قايۇ تەلۋە ئاتار زاھىت دەپ سېنى؟

3442 يېتىپ كوپكە كۈچى، ئازنى خالسا،
بولۇر شۇنداق ئەرنى زاھىت ئاتسا.

3443 تىلەككە يەتمىگەنلەر زاھىت بولۇر،
بولەك ھىلىسى يوق، ئۇ سەۋر قىلۇر.

3444 يىگىت شۇ ئېرۇركى، ملڭ ئارزۇ تېپىپ،
ئۇنىڭدىن يۈز ئۇرسە، مەردانە بولۇپ.

3445 يىدۇرسە، ئىچۇرسە پەقىرگە بېرىپ،
تائەت قىلسا ھەققە دىلى باغلىنىپ.

3446 كېلۇر بولسا دۇنيا، كوڭۇل بەرمىسە،
كېتەر بولسا ئاغرىپ، يۈزىن پۇرمىسە.

3447 ئەگەر ئارزۇ ئۈزرە يېتىشسە قولى،
تۇتۇپ ئۇزنى، تۈزەلسە كوڭلى-دىلى.

3448 كېلەر مەنا ئۈزە ئۈيغۇن ئۇشبۇ سوز،
ئىشىت سەن، ئەمەل قىل، ئايا خۇلقى تۈز:

3449 ئەر شۇكى، جىمىگە قۇدرەتلىك تۇرۇپ،
قىلالسا ئىشنى ئۇزىن چىلڭ تۇتۇپ.

3450 ئۇندىنمۇ مەردانراق يىگىت شول ئېرۇر،
ملڭ ئارزۇ ئۈزە ئالسا نەپسىن توسۇپ.

OḌƢURMÏX JƏWABÏ ƟGDÜLMIXKƏ

3451 yanut bə̣rdi oḍƣurmïx aydï qïn ay
nəgü ol tiləkiꞑ aya kərki ay

3452 nəgü sezləsə mən sezümni yirip
jəwabïn ķïlur sən ezümni sərip

3453 aquķluƣ maꞑa ay tiləkiꞑ nə ol
nəgü ķoloƣu ərsə aqa sezlə ķol

ƟGDÜLMIX JƏWABÏ OḌƢURMÏXĶA

3454 yanut bə̣rdi egḍülmix aydï ezüm
tilək birlə kəldi aqayïn sezüm

3455 bu kün toƣḍï ə̣lig əxitti sə̣ni
ezinə kərəkləp kər ïḍtï mə̣ni

3456 ķatïƣ arzuladï sə̣ni kergükə
mə̣ni sezqi ïḍtï okïp ə̣ltgükə

B254
3457 nəqə mə aƣïr kəlsə baroƣu kərək
ə̣ligkə təgip bir kerüngü kərək

3458 ə̣lig mə ə̣ḍi əḍgü sulṭan turur
boḍunķa baƣïrsaķ səvüg jan turur

3459 kim ə̣lig yüzin kersə ķutluƣ bolur
ikigün azunda tükəl ķut bulur

C202
3460 nəgü tə̣r əxitgil bu ə̣l kənd bəgi
azun baxlap ə̣lkə yətilmix egi

ئودغۇرمىشنىڭ ئوگدۇلمىشكە جاۋابى

3451 جاۋابەن ئودغۇرمىش دىدى: ئېيت چىنىڭ،
نەدۇر ئاي يۈزلۈگۈم، تىلەگىڭ سىنىڭ؟

3452 نىمە سوزلىسەم مەن، سوزۇمنى يىرىپ،
جاۋاپنى قىلۇرسەن مىنى رەنجىتىپ.

3453 ئوچۇقراق ماڭا ئېيت، تىلىگىڭ نىمە؟
نىمە كۈتسەڭ ئۇنى ئېچىپ سوزلەۋە.

ئوگدۇلمىشنىڭ ئودغۇرمىشقا جاۋابى

3454 جاۋاپ بەردى ئوگدۇلمىش، ئېيتتى: ئوزۇم،
تىلەك بىرلە كەلدىم، ئاچايمەن سوزۇم.

3455 بۇ كۈنتۇغدى ئېلىگ ئىشتتى سىنى،
ئوزىگە كېرەك دەپ، ئەۋەتتى مىنى.

3456 تولا ئارزۇ قىلىپ كورۇشكە سىنى،
دەۋەتچى قىلىبان ئەۋەتتى مىنى.

3457 ئېغىر كەلسە قانچە، بىر بارماق كېرەك،
بېرىپ ئۇ ئېلىككە كورۇنمەك كېرەك.

3458 ئېلىگ بەكمۇ ياخشى بىر سۇلتان ئېرۇر،
خەلقپەرۋەر، ئوزى كويۇمچان ئېرۇر.

2459 كىم ئېلىگ يۈزىن كورسە قۇتلۇق بولۇر،
ھەر ئىككى جاھاندا تولۇق بەخت تاپۇر.

3460 نىمەدەر، ئىشتىكىن، بۇ ئەل-كەنت بېگى،
جاھاننى تۇتۇپ كەلگەن يېتىلمىش ئوگى:

3461 tərülüg keni bəg ķut ol bəlgülüg
ķutī birlə təgrür tezükə ülüg

3462 ķayuda qavīķsa keni bəg atī
aŋar barƣu andīn bulur ər ķutī

3463 bu kek tirgüki ol kenilik terü
terü artasa kek turumaz erü

3464 tərülüg bu bəglər yoķ ərsə tirig
bayat buzƣay ərdi yə̣ti ķat yə̣rig

3465 keni bəg yüzi kersə ķutluƣ bolur
muyanķa təgir ḥəm yazuķī yulur

3466 bilir sən bu kün mən kixi bolduķum
səbəb ə̣lig ərdi yeləkim toķum

3467 bayat bə̣rdi ərdi uķux eg bilik
tezü ədgülükkə təgürdüm əlig

3468 bayat bə̣rdi təwfiķ kamuƣ ədgükə
bodun asƣĳŋa ḥəm yüki yüdgükə

3469 sə̣ni mə tilər əmdi ə̣lig bu kün
əlig bir ķilīp yazsa bəglik tügün

3470 oķītqī mə̣ni iḍtī əmdi saŋa
mə̣ni yalŋuz īḍma ay ərsig toŋa

3471 bitik iḍtī ə̣lig ez əlgin bitip
nəgü sezlədi ərsə kergil oķīp

* * *

3461 قانۇنلۇق ئادىل بەگ چىندىن بەخت ئېرۇر،
ئۇ بەختتىن ھەممىگە نەسىبە تېگۇر.

3462 ئادىل بەگ ئېتى قايدا بولسا مەشھۇر،
ئاڭا بارغۇلۇق، بەخت ئۇنىڭدىن تېگۇر.

3463 ئادىل قانۇن كوككە بىر تۈۋرۈك ئېرۇر،
بۇزۇلسا ئۇ قانۇن ئاسمان يىقىلۇر.

3464 يوق ئەرسە قانۇنلۇق بەگلەر مۇبادا،
يەتتە قات زىمىننى بۇزاتتى خۇدا.

3465 ئادىل بەگ يۈزىن كورسە، قۇتلۇق بولۇر،
ساۋابىن تاپۇر ھەم گۇنا يوقۇلۇر.

3466 ئادەم بولغۇنۇمغا، بىلسەڭ، بۇ زامان—
سەۋەپچى، يولەكچى ماڭا بولدى خان.

3467 خۇدا بەرگەچ ماڭا ئەقىل-ئاڭ، بىلىم،
پۈتۈن ياخشىلىققا يېتىشتى قولۇم.

3468 بىرىپ تەۋپىق خۇدا ياخشىلىق ئۇچۇن،
خەلق نەپئىنى دەپ كوتەردىم يۈكىن.

3469 سېنى ھەم تىلەر ئەمدى خاقان بۇ كۈن،
تۇتۇپ قولغا-قول يەشسە خانلىق تۈگۈن.

3470 قىلىپ دەۋەتچى مېنى ئەۋەتتى ساڭا،
مەن يالغۇز كەتمەيىن، ئەي باتۇر توڭا.

3471 ئەۋەتتى ئۇ خەت ئۇز قولىلە پۈتۈپ،
نىمە سوزلىگەن بولسا، كورگىن ئوقۇپ.

* * *

B255
3472 qïḳardï bitik bərdi əlgin sunup
bitik aldï oḑoɑurmïx aqtï tunup

OḐOɑURMÏX SUALI ƟGDÜLMIXKƏ

3473 oḳïdï bitik kəq saḳïndï uzun
ayur kəḑ bilik bərmix əlig sezün

A99
3474 oḳïmïx əlig əmdi kəlgil təyü
ḳamuɑı əḑgülükni atamïx sayu

3475 bəḑük ix turur ḳer bu ixlər maņa
nətəg ḳïloɑu ayoɑïl kəņəx bər muņa

ƟGDÜLMIX JƏWABÏ OḐOɑURMÏXḲA

C203
3476 yanut bərdi ɵgdülmix aydï əlig
səni sezləyü xük ḳurïtmaz tilig

3477 tili təprəsə sezdə atïņ qïḳar
səni kergükə ol kez aqtï baḳar

3478 kimi səvsə ərmix keņül arzulap
tilin sezdə atï yorïr sez ulap

3479 səvitmix nəgü tər bu bəytig oḳï
səvüglüg yüzi ol keņül toḳluḳï

3480 keņül kimni səvsə kerür kezdə ol
kezün ḳanqa baḳsa uqar yüzdə ol

3481 keņüldə nəgü ərsə arzu tilək
aɑïz aqsa barqa tilin sezdə ol

3472 چىقاردى ئۇ خەتنى ھەم بەردى سۇنۇپ،
ئۇدغۇرمىش ئالدى، ئاچتى، بىر ئاز ئويلۇنۇپ.

ئۇدغۇرمىشنىڭ ئۆگدۈلمىشكە سوئالى

3473 ئوقۇپ خەتنى ئاستا، ئۇزۇن ئويلىدى،
بېرىپتۇ ئېلىگ خەتتە كوپ بىلىم، دېدى.

3474 مېنى كەلگىن دېبان قىچقىرىپتۇ خان،
پۈتۈن ياخشىلىقلارنى ئەيلەپ بايان.

3475 بۈيۈك ئىش ئېرۇر، كور، بۇ ئىشلار ماڭا،
نىمە قىلغۇلۇق، ئېيت، كېڭەش بەر ماڭا.

ئۆگدۈلمىشنىڭ ئۇدغۇرمىشقا جاۋابى

3476 جاۋاپ بەردى ئۆگدۈلمىش، ئېيتتى: خاقان —
تىلى شۇك تۇرماس سېنى سوزلەپ ھامان.

3477 تەۋرەتسە تىلنى، ئېتىڭنى ئېيتار،
سېنى بىر كورەي دەپ توت كوزلە باقار.

3478 كوڭۈل كىمنى سويسە تولا ئارزۇلاپ،
يۈرەر تىل ھەر سوزدە ئېتىنى ئاتاپ.

3479 سويىدۇرگەن نىمە دەر، بۇ بېيتنى ئوقى،
سويۈملۈك يۈزىدۇر كوڭۈل توقلۇغى:

3480 كوڭۈل كىمنى سويسە، كوز ئالدىدا شۇ،
كوزى نەگە باقسا، نىگاھىدا شۇ.

3481 كوڭۈلدە نە ئولسا ئارزۇ ۋە تىلەك،
ئېغىز ئاچقان ھامان بولۇر تىلدا شۇ.

OḌOƢURMÏX JƏWABÏ ƟGDÜLMIXKƏ

3482 yanut bə̣rdi oḍoƣurmïx aydï maņa
kə̣ņəx bə̣r yaraoƣï nə ol ay toņa

3483 baoƣïrsaķ ķadaxïm sən ɵk sən yaķïn
kə̣ņəx bə̣r ɵtəgil ķadaxlïķ ḥəķïn

3484 səninḍin ķolur mən bu ixkə kə̣ņəx
bilik birlə sən bu kə̣ņəxkə təņəx

B256
3485 ķadax sən tiləsə yə̣mə tut adax
adaxlï ķadaxlï ikigün tudax

3486 baoƣïrsaķ sən ɵk sən bu kün qïn mana
nəgü ķïloƣu ayoƣïl pütər mən saņa

ƟGDÜLMIX JƏWABÏ OḌOƢURMÏXĶA

3487 yanut bə̣rdi ɵgdülmix aydï bu sɵz
ayïtma maņa sən aya ķutluoƣ ɵz

3488 mə̣ni ïḍtï ə̣lig oķïtqï saņa
nəgü təg kə̣ņəxü sən əmdi maņa

3489 baralïm tə̣məktə aḍïn yoķ sɵzüm
nətəg ayoƣa barma tə̣yü bu ɵzüm

3490 sə̣ni birlə bolsa kər asoƣï ɵküx
ɵz asoƣïn tilərkə kə̣ņəxməz uķux

C204
3491 nəgü tə̣r əxitgil biliklik qigil
biliksiz əxitgil boyun bə̣r əgil

ئۇدغۇرمىشنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

3482 جاۋابەن ئۇدغۇرمىش دېدى: ئەي توڭا،
ئىلاجى نىمەدۇر، كېڭەش بەر ماڭا.

3483 كويۇمچان قاياشىم ئۆزۈڭسەن يېقىن،
كېڭەش بەر، ئادا قىل قاياشلىق ھەققىن.

3484 بۇ ئىشتا قىلۇرمەن كېڭەشنى ساڭا،
بىلىملە مۇناسىپ كېڭەش بەر ماڭا.

3485 مېنى سەن قاياش بىل ۋە ياكى ئاداش،
ئاداشلىق، قاياشلىق ئىككىسى ئوخشاش.

3486 بۇگۈن چىن كويۇمچان ئېرۇرسەن ماڭا،
نىمە قىلغۇلۇق، ئېيت، پۈتەرمەن ساڭا.

ئۆگدۈلمىشنىڭ ئۇدغۇرمىشقا جاۋابى

3487 ئۆگدۈلمىش بۇ ياڭلىغ قايتۇردى جاۋاپ:
تۇرما ئەي قۇتلۇق ئەر، مېنىڭدىن سوراپ.

3488 مېنى خان دەۋەتكە ئەۋەتتى ساڭا،
سالۇرسەن كېڭەشنى نېچۈك سەن ماڭا؟

3489 بارايلى دېمەكتىن بولەك يوق سوزۈم،
نېچۈك بارما دەيمەن ساڭا مەن ئۆزۈم؟

3490 سېنىڭ بىرلە بولسام، تولا پايدا، بىل،
ئۆز نەپسىن دېگەندە، كېڭەشمەس ئەقىل.

3491 نىمە دەيدۇ ئاڭلا، بىلىملىك چىگىل[159]،
بىلىمسىز ئىشتىكىن، بېرىپ بوي ئېگىل:

3492 θz asoqī tilərkə kəŋəxməgü səz
sana asoqī bolmaz aya ķutluoq θz

3493 kəŋəx ol kixikə kəŋəx ay ķadax
ol ər ķolmaz ərsə θz asoqīn aḑax

3494 θz asoqīn tiləgil θz ülgi üqün
yaraoqlīoqnī təŋsiz turur tər küqün

3495 nəqə ix kixikə kəŋəxkü kərək
kθŋül taplamīx ixni ķīloqu kərək

3496 θzüŋkə baoqīrsaķ səniŋ ol θzüŋ
kixikə īnanma kəsildi sθzüŋ

3497 sən θķ bil nəgü ķīloqu ərsə kəŋəx
tiləmə məniŋdin bu ixkə kəŋəx

B257
3498 səni aloqalī kəldim andīn turup
kəŋəx bu yorī baroqīl əmdi ķopup

3499 kixilər araķī muyan əḑgülük
bu yərdə bulunmaz munu bəlgülük

3500 ulux kənd iqindəki əḑgü nəqə
saŋa sθzlədim əmdi aḑra səqə

A100
3501 bilir sən bu sθzlər kθni sθzlədim
saŋa əḑgü ķoldum bilir bir iḑim

3502 kixidin ķaqar sən nə ķīldī kixi
kixikə ķatīl ət kixilər ixi

3503 musulman ixin ət muŋīŋa yara
bayat bərgə uqmaķ kθr ornuŋ tθrə

3492 ئوز نەپسىن دىگەنگە سالما مەسلىھەت،
ئەي قۇتلۇق، ئۇنىڭدىن تەگمەس مەنپەئەت.

3493 شۇ ياڭلىغ كىشىگە كېڭەش سال قاياش،
ئول ئەركىم ئوز نەپسىن كوزلىمەس، ئاداش.

3494 ئوز نەپسىن دىگەنلەر ئوز نەپسىنى دەپ،
يارامىلىقنى يارامسىز دەيدۇ كۈچەپ.

3495 ۋە بەزى ئىشلاردا كېڭەشمەك كېرەك،
لېكىن دىلغا ياققاننى قىلماق كېرەك.

3496 ئوزۇڭگە كويۇمچان سېنىڭ ئوز-ئوزۇڭ،
كىشىگە ئىشەنمە، تۇگەت، بەس سوزۇڭ.

3497 ئوزۇڭ بىل، بۇ ئىشقا نىچۇكتۇر كېڭەش،
بۇ ئىش ئۇززە مەندىن ھېچ يوقتۇر كېڭەش.

3498 سېنى ئالغىلى كەلدىم ئاندىن يۇرۇپ،
كېڭەش شۇكى بارغىن، سەن ئەمدى قوپۇپ.

3499 ئەل ئىچرە تاپارسەن ساۋاپ، ياخشىلىق،
بۇ يەردە تېپىلماس، ساڭا بۇ ئېنىق.

3500 شەھەر-كەنتتە نەچچە ياخشىلىقلار بار،
ساڭا ئېيتتىم ئوچۇق-تەكرار ۋە تەكرار.

3501 ساڭا خوپلۇق تىلەپ، ئېيتقان بۇ سوزۇم—
بىلەرسەن، ئېرۇر راست، تەڭرىمگە مەلۇم.

3502 كىشىدىن قاچارسەن، نە قىلدى كىشى،
كىشىگە قوشۇل، قىل كىشىلەر ئىشى.

3503 مۇسۇلمان ئىشىن قىل، چىقار ھاجىتىن،
بولۇر توردە جاي، ھەق بېرىپ جەننەتىن.

3504 keņül til keni tut ķilīnqīņ pütün
ķayuda tiləsə tirilgil ķutun

3505 kixisiz tirilmə kixilər ara
kixi 'əybī kermə ezüņni kerə

3506 muņar məņəzər əmdi bu bəyt ay begü
okīoıu munī etrü ixkə baoıu

C205
3507 ķayuda tiləsə yorī ədgü bol
tüpi əşlī ķolma ezüņ ədgü ķol

3508 kixi ədgüsi kər unītmaz ezin
ķayuda yorīsa tilər ədgü yol

3509 ər ədgü kərək tutsa ədgü ķilīnq
ķayuda tiləsə bulur miņ səvinq

3510 bu ədgü ķamuoı yərdə ədgü bolur
ol ədgü yanutī həm ədgü bulur

3511 səņ ədgü ķilīnq tut əsiz bolmaoıīl
ķayuda tiləsə yorī ķorķmaoıīl

3504 كوڭۇل، تىلنى رۇس تۇت، خۇلقۇڭنى بەلەن،
ياشا قايدا بولساڭ سائادەت بىلەن.

3505 كىشىسىز يۈرمە، تۇر كىشىلەر ئارا،
كىشى ئەيىبى كورمە، ئۇزۇڭگە قارا.

3506 مۇنۇ بىر بېيىتكىم، كېلەر ماس بۇڭا،
ئۇقى ئەي ھېكىم ھەم ئەمەل قىل ئاڭا:

3507 قەيەردە يۈرسەڭ يۈر، لېكىن ياخشى بول،
نەسەپكە ئەمەس، بول ياخشىغا كوڭۇل.

3508 ئۇنۇتماس ئۇزىنى كىشى ياخشىسى،
قەيەردە يۈرسە ئۇ تىلەر ياخشى يول.

3509 كىشىكىم، ئۇز خۇلقنى مەگەر قىلار يار،
قەيەردە تىلەسە، مىڭ خوپلۇق تاپار.

3510 كى ياخشى جىمىكى يەردە ياخشىدۇر،
بۇ ياخشى جاۋابىمۇ ياخشى بولۇر.

3511 خۇلقۇڭنى ياخشى قىل، يامان بولمىغىن،
قەيەر بولسا شۇندا يۈرى، قورقمىغىن.

42

B258

OḌƍIURMÏX ƟGDÜLMIXKƏ DUNYANÏŅ 'ƏYÏBLARÏN AYUR

3512 yanut bẹrdi ɵgdülmix aydï ɵzüm
sɵzüņni əxitti əxitgil sɵzüm

3513 bu dunya ɵzin kəḍ səvitmix saņa
ķamuƍı 'əybï ərdəm kɵrünmix saņa

3514 taņ ərməz səniņdin məŝəldə kəlir
ķayu nəņ səvüg bolsa 'əybï barïr

3515 səvitmix üqün dunya 'əybï ķamuƍı
saņa bolmïx ərdəm ay ẹldə uluƍı

3516 nəgü tẹr əxitgil bu səvmix kixi
səvügkə səvüg 'əybï ərdəm baḳï

3517 səvüglüg nixanï bu ol bəlgülüg
səvüg 'əybï ərdəm bolur ay külüg

قىرىق ئىككىنچى باپ
ئودغۇرمىشنىڭ ئۆگدۈلمىشكە دۇنيانىڭ ئەيىبلىرىنى
ئېيتقانلىغى بايانىدا

3512 جاۋابەن ئودغۇرمىش دىدى: مەن ئوزۇم—
ئىشتتىم سوزۇڭنى—ئىشتتكىن سوزۇم.

3513 بۇ دۇنيا ئوزىن بەك سويدۇرمىش ساڭا،
پۈتۈن ئەيىبى ئەردەم كورۇنمىش ساڭا.

3514 تاڭ ئەرمەس سىڭدىن، مەسەلدە كېلۇر:
سويۇلسە نىمىكى، ئەيبى يوق بولۇر.

3515 سەن سويكەچ جاھاننى، ئەي ئەلدە ئۇلۇق،
بار ئەيبى كورۇندى، پەزىلەت تولۇق.

3516 ئىشتىكىن، نىمە دەر بۇ سويكەن ئادەم:
ئاشىق ئۈچۈن مەشۇق ئەيىبى زور ئەردەم.

3517 بۇ سويگۈ نىشانى شۇدۇر، ئەي شەۋكەت،
ھەر مەشۇق قۇسۇرى بولۇر پەزىلەت.

3518 ɵzüɳ dunya səvmix nixanï bu ol
ķamuɋ ‘əybïn ərdəmkə tutmïx kəɳül

3519 nəgü təg ɵgər sən bu dunya maɳa
anïɳ ‘əybïnï mən ayayïn saɳa

3520 apa yazdï ərsə bayaţ ķïnadï
bu dunya tünək ķïldï ərklig iḍi

C206
3521 tünəktə nə arzu tïlər sən tilək
tilək uqmaķ iqrə bolur ķut yɵlək

3522 apa uqmaķ iqrə yəḍi kɵr əvin
arïnoɋu ķïlïndï bu dunya əvin

3523 bayat yəṛmixi ol bu yək səvmixi
taķï artuķï ol səvüp salmïxï

3524 ɵḍürsə bayaţ bir tiləmix ķulïn
aɳar dunya bəṛməz arïtur yolïn

3525 ayï əḍgü ərməz bu dunya ķutï
bayattïn yïratur bu ol din yutï

B259
3526 bayat mən təgüqi kixidə həxï
aẓun ķoldï bardï ol ït saķïxï

3527 bayusa bolur ol boḍun kɵtkisi
qïoɋaylïķ bilə ol kɵɳül ķoḍķïsï

3528 yalïɳ tooɋmïx ər kɵr yalïɳ baroɋu ol
nəlük dunya təṛmək yana ķoḍoɋu ol

3529 nəlük ạrsïķar sən aya ɵldəqi
ɵzüɳ iki künlük ķonuķ boldaqï

3518 سويۇپسەن جاھاننى، نىشانىسى شول—
كى، بار ئەيىبىن پەزىلەت دەپتۇ كوڭۇل.

3519 جاھاننى نىچۈكمۇ ماختارسەن ماڭا،
ئۇنىڭ ئەيىبىنى مەن ئېيتايىن ساڭا.

3520 كۈنا قىلىغاچ ئادەم[160] تەڭرى قىينىدى،
قىلىپ دۇنيانى زىندان، ئۇنى قامىدى.

3521 بۇ زىنداندا قانىداق تىلەرسەن تىلەك؟
بولۇر جەننەت ئىچرە تىسلەك، بەخت، يۆلەك.

3522 ئادەم بولدى جەننەتتە بۇغدايىنى يەر،
بۇ دۇنيا قىلىندى ئېرىغلانىغۇ يەر.

3523 ھەق لەنەت قىلغاننى سۆيىدۇ شەيتان،
ھەق قوغلاپ ئەتكەننى ئۇندىنمۇ چەندان.

3524 خۇدا تالىسا خالىغان قۇلىنى،
ئاڭا دۇنيا بەرمەي، پاكلار يولىنى.

3525 جاھان بەختى ياخشى بىر نەرسە ئەمەس،
قىلۇر ھەقتىن يىراق، دىنغا بەلا، بەس.

3526 "خۇدا مەن" دېگۈچى ئۇ تەلۋە كىشى،
بۇ دۇنيانى دەپ كەتتى، ئىت ئوخشىشى.

3527 كىشىكىم باي ئولسا، كىبىرلىك قىلۇر،
پەقىرلىق بىلەن ئۇ مۇلايىم بولۇر.

3528 يالاڭغاچ تۇغۇلدى، ئەر يىلىڭ كېتۇر،
نىمەگە كېرەك مال، ئۇ ھامان قالۇر.

3529 نىچۈن ئالدىنارسەن ئايا ئۆلگۈچى،
ئۆزۈڭ ئىككى كۈنلۈك قونۇق بولغۇچى.

3530 bilir sən tiriglik elümkə turur
anundī elüm ux eḍiņə küḍür

3531 ķapuƣ aqtī dunya taķī bir ķapuƣ
elüm ķapoƣī aqlur kirür həlķ ķamuƣ

3532 ezüņ iki künlük arīnoƣu üqün
kerürdə keyürmə ezüņni küqün

3533 yayïƣ dunya ə̣rsəl ķutī əvrülür
nəgü bə̣rdi ərsə yana tərk alur

3534 aḍīrmaz kixisin ķuluƣ ya bəgig
eḍürməz talusīn yavuz ma yə̣gig

3535 birig bəglənür ker taķī bir bəgin
oķiyu turur təgmə kündə eņin

A101
3536 kerü barsa dunya kelikə sanī
əḍərsə ķaqar ķaqsa əḍrər sə̣ni

3537 muņar məņzər əmdi kerü bar bu sez
munīņ mə'nisi uķ aya keņli tüz

3538 bu dunya ķaqar kim əḍərsə anī
ķalī ķaqsa andīn əḍərür sə̣ni

C207
3539 yana dinķa eqlüg bu dunya nəņi
yə̣sə dunya din yə̣r baķa ker munī

3540 bəzənip bu dunya ezin kerkitür
ə̣tinmix kəlin təg keņül yə̣lkitür

3541 keņül bə̣rsə ķurtoƣa bolur bir turī
yaķa yə̣ņ tutar kündə kəsməz urī

3530 بىلۇرسەن، تىرىكلىك ئۆلۈمگە ئېرۇر،
بۇ تۇرغان ئۆلۈم بىر ۋاقتىنى كوتۇر.

3531 ئىشىك ئاچتى دۇنيا، يەنە بىر ئىشىك ـ
ئۆلۈم ئىشىگى ئېچىلۇر، كىرۇر چوڭ ـ كىچىك.

3532 ئۆزۈڭ ئىككى كۇنلۇك ئاۋۇنچاقنى دەپ،
كويەر ئوتقا سالما ئۆزەڭنى كۆچەپ.

3533 بۇ دۇنيا ۋاپاسىز، بەخت بى قارار،
نىمە بەرگەن ئولسا، يانا تېز ئالار.

3534 دىمەس ئۇ كىشىنى قۇل ۋە ياكى خان،
نە ياخشى، ياماننى پەرق ئەتمەس هامان.

3535 بىرىنى قىلىپ بەگ، يانا بىرىنى —
ئۆزىگە قىچقىرىپ تۇرار هەر كۇنى.

3536 كولەڭگە كەبىدۇر دۇنيا، قارساڭ،
قاچار ئۇ ئىزلىسەڭ، ئۇ ئىزلەر قاچساڭ.

3537 مۇڭا ئوخشار ئەمدى قارالسا بۇ سىز،
بۇنىڭ مەنىسىن ئۇق، ئايا كوڭلى تۇز:

3538 بۇ دۇنيا قاچاركىم ئىزلەركەن ئۇنى،
ئەگەر قاچساڭ ئۇندىن، ئۇ ئىزلەر سېنى.

3539 بۇ دۇنيا مېلى دىنغا ئوچتۇر يانا،
مېلىڭ يەيدۇ دىننى، سەن كوركىن مانا.

3540 بىزەكلەپ بۇ دۇنيا ئوزىن كورستۇر،
ياسانغان كېلىندەك دىلىنى ئوينتۇر.

3541 كوڭۇل بەرسەڭ بولۇر، هاياسىز قېرى،
تۇتۇپ يەڭ ـ ياقاڭدىن، بىتمەس كەپلىرى.